ئەلى ئىززەتبىگوۋىچ

# شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا

# ئىسلام

ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ دەۋرىمىز يېتىشتۈرگەن نادىر مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان سېلىشتۇرمىلىرىدا نامايان قىلغان ئىقتىدارىنىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدىمۇ يېڭى ۋە روشەن ئۇپۇقلارنى ئېچىپ بەرگۈدەك سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن بوسنىيە - گېرتسىگوۋىنادا ھەممىمىز شاھىت بولغان تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ ئۇرۇشتا چوڭقۇر ئەخلاقىي ۋە مەنىۋى يىلتىزلاردىن ئۈزۈۋېلىنىپ كېلىۋاتقان زىيالىيلىرىمىزنىڭ بارلىق ئىنسانىي ۋە ئۇلۇغ قىممەت - قاراشلارنىڭ ئىنكار قىلىنىشىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە دۇنيا يەنە بىر قېتىم شاھىت بولدى. بۇ كۈرەش باشتىن ئاخىر ئېستىتىك ۋە ئەخلاقىي سىزىمىدىن ئايرىلىپ قالمىدى. ھېمايىسىز باللار ۋە ياشانغان كىشىلەر چېپىلىۋاتقان، قىزلار ۋە ئاياللار باسقۇنچىلىقلارغا ئۇچراۋاتقان، ماددىي مەۋجۇدىيىتى، تارىخىي ۋە مەدەنىي كىملىكلىرى بىلەن قەتلىئامدىن ئۆتكۈزۈلگەن بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ رەھبىرى ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ، تېخى پۈتۈنلەي ھايۋانلىشىپ كەتمىگەن دۇنيانىڭ دۇنيانىڭ ۋىجدانىنى، ئەخلاقىي سىزىمچانلىقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى تاللىدى. ئۇ ھەر زامان بىر يۈزى خرىستىيان، يەنە بىرى يۈزى پانىيەتچىل (دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ياقلايدىغان) ياۋروپا قىتئەسىنىڭ كىندىكىدە ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان مۇسۇلمان بوسنىيلىكلەرنىڭ زەخمىلەنگەن غۇرۇرلىرىنىڭ، يارىلانغان ۋىجدانلىرىنىڭ ئازابلىق ساداسىنى بايان قىلدى. نېمىشقىكىن، 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) تا ئۈچ مىليون مۇسۇلماننى قەتلىئام قىلغان ياۋروپا، 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە بوسنىيەنى ئىككىنچى بىر ئەندەلۇسقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولغان ئىدى.

«شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا ئىسلام» ناملىق بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزى ئۈچۈن بىر نەرسىلەرنى يازغاندا، بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇرى خەزىنىسىگە قوشقان يېڭى ۋە مەنىۋى مىراسلىرى توغرىسىدا توختىلىش كېرەك بولاتتى. مەن بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. نېمىشقىكىن، تارىختا ‹يېگانە ئۆلگە› ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان مودېرن كۈلتۈرنىڭ يېنىدا - ياق، دەل ئوتتۇرىسىدا - ئىنسانىيەت ۋە تارىخ بويىچە ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن بارلىق قىممەت - قاراشلار قۇربان قىلىنىۋاتقاندا ، باشقا نەرسىلەرنى يازغىلى بولمايتتى.

قانۇنغا مەجبۇرى شەكىلدە ئىتائەت قىلغان ۋە باتىل قانۇنلارنى قەتئىي قوبۇل قىلمىغان ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئاتېئىست ۋە ماتېرىيالىست بىر سىياسەت زومىگەرلىكى چىرىتىۋەتكەن تۇپراقلاردا «ئۆلۈمدىن كېيىن ئاللاھنىڭ يەر يۈزىنى تىرىلدۈرۈشى» گە ئوخشاش پىكىرلىرى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرنى ‹تىرىلدۈرگەن›، ئۇنى كۆزەتكەن ۋە ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ جاراھەتلەنگەن روھلىرىنى مەسىھنىڭ مۇقەددەس نەپىسىگە ئوخشاش سىيپاپ ئۆتكەن.

بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندى يېرىم قىتئەسىدە مۇھەممەد ئىقبال شەرق ئىسلامىنىڭ چوڭقۇر ۋە شېئىرى بىر نەپەسى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوخشاش ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەلى ئىززەتبېگوۋىچمۇ غەرب ئىسلامىنىڭ مەسىھاسى بولۇشقا نامزات دانىشمەن بىر شەخستۇر.

ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ

**شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا ئىسلام**

تەرجىمە قىلغۇچى:

ئادىلجان ئەرئۇيغۇر

مۇھەررىرى:

ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

2014 - يىل 9 - ئاي | ئىستانبۇل

1 - نەشرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئاپتور ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ توغرىسىدا.......................... 9

كىرىش سۆز توغرىسىدا.......................................... 13

مۇقەددىمە ........................................................ 15

زىددىيەتلەر جەدۋىلى.............................................. 29


## بىرىنچى قىسىم

## غەرب ئىدىيەسىنىڭ ئاساسلىرى


بىرىنچى باب: تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە يارىتىش........................ 37

دارۋىن ۋە مايكىل ئېنگېلو........................................ 37

ئارگىنال ئىدېئالىزم................................................ 44

جانلىقلار دۇنياسىنىڭ دۇئالىزمى................................. 59

گۇمانىزمنىڭ مەنىسى.............................................. 74

ئىككىنچى باب: كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت.................................. 84

قورال ۋە ئېتىقاد .................................................. 84

ھاياتنىڭ ئىككى مەنبەچىلىك رېفلېكسى............................ 85

تېخنىكا مائارىپى ۋە كىلاسسىك مائارىپ.......................... 93

ئاۋام كۇلتۇرى.................................................... 97

يېزا ۋە شەھەر .......... 102
ئىشچىلار سىنىپى.......... 104
دىن ۋە ئىنقىلاب.......... 106
ئىنسانغا قارشى تەرەققىياتلار .......... 108
تىياتىرنىڭ ئۆمىدسىزلىكى.......... 118
نىھىلىزم.......... 122
**ئۈچىنچى باب : سەنئەت ھادىسىسى .......... 125**
سەنئەت ۋە بىلىم.......... 125
سەنئەت ۋە دىن .......... 132
سەنئەت ۋە ئاتېئىزم .......... 141
سەنئەتنىڭ كونكرېت دۇنياسى .......... 145
سەنئەتكار ۋە سەنئەت ئەسىرى.......... 152
ئۇسلۇب ۋە ئۇنۇم.......... 157
سەنئەت ۋە تەنقىد .......... 158
**تۆتىنچى باب: ئەخلاق.......... 161**
مەسئۇلىيەت ۋە مەنپەئەت.......... 161
نىيەت ۋە ئەمەل .......... 164
چېنىقتۇرۇش ۋە تەربىيە.......... 168
ئەخلاق ۋە ئىنسان ئەقلى.......... 171
پەن ۋە پەن ئەھلى ياكى كانتنىڭ ئىككى تەنقىدى.......... 177
ئەخلاق ۋە دىن.......... 180
«ئاممىۋى مەنپەئەت» ۋە ئەخلاق.......... 186
ئىلاھسىز ئەخلاق.......... 196
**بەشىنچى باب: كۇلتۇر ۋە تارىخ .......... 206**
ئىپتىدائىي گۇمانىزم .......... 206

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەنئەت ۋە تارىخ.................................................. 212
ئەخلاق ۋە تارىخ.................................................. 217
سەنئەتكار ۋە تەجرىبە.................................................. 220
**ئالتىنچى باب : دىراما ۋە ئۇتوپىيە.................................................. 223**
غايىۋى جەمئىيەت .................................................. 223
ئۇتوپىيە ۋە ئەخلاق.................................................. 229
ئىتائەت قىلغۇچىلار ۋە ئىسيانكارلار .................................................. 233
جەمئىيەت ۋە جامائەت.................................................. 234
كىشىلىك خاراكتېر ۋە «ئىجتىمائىي شەخس».................................................. 237
ئۇتوپىيە ۋە ئائىلە.................................................. 241

## ئىككىنچى قىسىم

## ئىسلام - قوش قۇتۇبلۇق بىرلىك

**يەتتىنچى باب : مۇسا - ئىسا - مۇھەممەد .................................................. 253**
نوقۇل دىن.................................................. 256
ھەزرىتى ئىسانى قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش.................................................. 260
**سەككىزىنچى باب: ئىسلام ۋە دىن .................................................. 270**
تەبىئەتكە مايىل دىن.................................................. 282
ئىسلام ۋە ھايات.................................................. 292
**توققۇزىنچى باب: قانۇننىڭ ئىسلامىي ماھىيىتى .................................................. 301**
قانۇننىڭ ئىككى ئامىلى.................................................. 301
جازا ۋە ئىجتىمائىي ھىمايە .................................................. 311
**ئونىنچى باب: نوقۇل دىن ۋە نوقۇل ماتېرىيالىزم مەۋجۇت ئەمەس .................................................. 320**

پىكىرلەر ۋە ھەقىقەت.......................................................................... 320
ھەزرىتى ئىسا ۋە خىرىستىيانلىق.................................................... 322
ماركس ۋە ماركسىزم ......................................................................... 325
نىكاھ........................................................................................................... 333
ئىككى خىل خۇراپاتلىق...................................................................... 337
**ئون بىرىنچى باب: ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى «ئۈچىنچى يول»** ................................ 342
ئانگىلو - ساكسون دۇنياسى ............................................................. 342
تارىخىي يارىشىش ۋە ئىجتىمائىي دېموكراتىيە ........................................ 353
تەسلىمىيەت.......................................................................................... 360

# ئاپتور ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ توغرىسىدا

ئالىجا ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ، 1925 - يىلى بوسنىيەدە دۇنياغا كەلگەن. سارايېۋودا باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، 1944 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن. قانۇن، سەنئەت ۋە تەبىئىي پەنلەر بويىچە تەلىم - تەربىيە كۆرگەن. دوكلاتلارنى بېرىش، ئەسەر يېزىش ئارقىلىق ئىسلامىي ھەرىكەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئۆزىگە ئوخشاش ياش دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى تېما قىلغان بەس - مۇنازىرىلەرگە، سۆھبەتلەرگە ئىشتىراك قىلغان. ئىسلامىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئەلھىدايە» تەشكىلاتىنىڭ ياشلار تارمىقى بولغان «ياش مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى» سېپىدە كۆرسەتكەن پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن 1949 - يىلى ھاكىممۇتلەقچىلىق تۈزۈمىدىكى يۇگوسلاۋىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يېڭىدىن سارايېۋو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىزمەتلىرىگە قايتقان ئىززەتبېگوۋىچ، تىرىشچانلىق تېمىسىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشىنى تاماملىغان. ئارقىدىن قانۇن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە 1956 - يىلىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1963 - يىلى ئادۋوكاتلىق ئىمتىھانىغا قاتناشقان.

يىگىرمە بەش يىل بويىچە قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن پېنسىيەگە چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن ۋاقتى ۋە كۈچىنى پەلسەپە ۋە ئىسلامىي تېمىلاردا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئاتىغان. ئۇ يۇگوسلاۋىيەدە ئېلان قىلىنىدىغان ھەر خىل گېزىتلار ۋە ئىسلام ئەللىرىدىن چىقىدىغان ھەر خىل نەشر - ئەپكارلاردا ئىزچىل شەكىلدە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇرۇپ تۇرغان. ماقالىلىرىنىڭ بىر قىسمى سارايېۋودىكى بەزى ئىسلامىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلىدىغان ئەسەرلەر

قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. 1970 - يىلى مەشھۇر «ئىسلام خىتابنامىسى»نى قەلەمگە ئالغان. خىتابنامە، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئەللەردە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان بىر چاقىرىق ماھىيىتىدە ئىدى.ئۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئويغىنىش ۋە قايتىدىن تىرىلىشنىڭ باشلامچىلىرى بولۇش نۇقتىسىدا ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن تارىخىي روللىرىنى ئادا قىلىشلىرى ئۈچۈن قىلىنغان بىر چاقىرىق ئىدى.

ئىززەتبېگوۋىچ، پۈتۈن دۇنيادا قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىغان مۇھىم ئەسىرى «شەرق - غەرب ئارىلىقىدا ئىسلام»نى 1980 - يىلى يېزىپ تاماملىدى. ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن يەنى 1983 - يىلى ئاۋغۇستتا 12 نەپەر مۇسۇلمان زىيالىي بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنىپ، سارايېۋو رايونلۇق سوت مەھكىمىسىدە سوتلاندى ۋە 14 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

1989 - يىلى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمى نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كەچۈرۈم قىلىنىپ، تۈرمىدىن چىقتى.

شۇ يىلى كۈز ئايلىرىدا دوستلىرى مۇھەممەد چەنگىچ، جەمالۇددىن لاتىچ، ئۆمەر بەھمەن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ‹دېموكراتىك ھەرىكەت پارتىيەسى ›نى قۇرۇپ چىقتى.

مۇسۇلمانلارنى مەركەز قىلغان ھالدا جۇمھۇرىيەتتىكى بارلىق ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى قوينىغا ئالىدىغان شەكىلدە قۇرۇلغان دېموكراتىك ھەرىكەت پارتىيەسى قىسقا مۇددەت ئىچىدە 700 مىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ئەزاسى بىر پارتىيەگە ئايلاندى.

1990 - يىلى ئىيۇن ئېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك كۆپ پارتىيەلىك سايلامدا دېموكراتىك ھەرىكەت پارتىيەسى بىرىنچى پارتىيە بولۇش ئىمتىيازىغا ئىگە بولدى. خورۋاتلار ۋە سېرىپلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن بىر بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىلدى .

ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ دۆلەت رەئىسلىكىگە سايلانغىنىدا تولۇق مەنىدە بىر خەلق قەھرىمانىغا ئايلانغان ئىدى.ئۇنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ رايوندىن چېكىنىپ چىقىشىدىن كېيىن باشلانغان ۋە زامانىمىزغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن قەتلىئام، سۈرگۈن، بېسىم ۋە قېيىن - قىستاقلار دەۋرىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قەتئىي ھالدا ھىمايە قىلىشى، خەلقنىڭ ئۇنى ‹ئالىجا، ئالىجا› دېگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياڭراق سادالىرى بىلەن باغرىغا بېسىشىغا نائىل قىلغان ئىدى.

خەلقنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن بۇ رەھبەر، زىيالىيلار تەرىپىدىنمۇ «بىلگە (دانىشمەن) رەھبەر» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىناتتى.

1992 - يىلى 29 - فېۋرال ۋە 1 - مارت كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلگەن «يۇگوسلاۋىيەدىن مۇستەقىل بولۇش» شوئارى بىلەن خەلقنىڭ كۆپ قىسمى ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن ئاۋاز بېرىشى بىلەن، ئاپرېل ئېيىنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا سېربىيلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى.

# كىرىش سۆز توغرىسىدا

## غەرب ئىسلامنىڭ دانىشمەن مۇتەپەككۇرى

ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ دەۋرىمىز يېتىشتۈرگەن نادىر مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان سېلىشتۇرمىلىرىدا نامايان قىلغان ئىقتىدارىنىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسىدىمۇ يېڭى ۋە روشەن ئۇپۇقلارنى ئېچىپ بەرگۈدەك سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن بوسنىيە – گېرتسېگوۋىنادا ھەممىمىز شاھىت بولغان تىراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ ئۇرۇشتا چوڭقۇر ئەخلاقىي ۋە مەنىۋى يىلتىزلاردىن ئۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان زىيالىيلىرىمىزنىڭ بارلىق ئىنسانىي ۋە ئۇلۇغ قىممەت – قاراشلارنىڭ ئىنكار قىلىنىشىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە دۇنيا يەنە بىر قېتىم شاھىت بولدى. بۇ كۈرەش باشتىن ئاخىر ئېستېتىك ۋە ئەخلاقىي سىزىمىدىن ئايرىلىپ قالمىدى. ھېمايىسىز بالىلار ۋە ياشانغان كىشىلەر چېپىلىۋاتقان، قىزلار ۋە ئاياللار باسقۇنچىلىقلارغا ئۇچراۋاتقان، ماددىي مەۋجۇدىيىتى، تارىخىي ۋە مەدەنىي كىملىكلىرى بىلەن قەتلىئامدىن ئۆتكۈزۈلگەن بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ رەھبىرى ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ، تېخى پۈتۈنلەي ھايۋانلىشىپ كەتمىگەن دۇنيانىڭ دۇنيانىڭ ۋىجدانىنى، ئەخلاقىي سىزىمچانلىقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى تاللىدى. ئۇ ھەر زامان بىر يۈزى خىرىستىيان، يەنە بىرى يۈزى پانىيەتچىل (دىنىدىن تاشقىرى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ياقلايدىغان) ياۋروپا قىتئەسىنىڭ كىندىكىدە ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان

www.uyghurkitap.com



مۇسۇلمان بوسنىيىلىكلەرنىڭ زەخمىلەنگەن غۇرۇرلىرىنىڭ، يارىلانغان ۋىجدانلىرىنىڭ ئازابلىق ساداسىنى بايان قىلدى. نېمىشقىكىن، 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) تا ئۈچ مىليون مۇسۇلماننى قەتلىئام قىلغان ياۋروپا، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە بوسنىيەنى ئىككىنچى بىر ئەندەلۇسقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولغان ئىدى.

«شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا ئىسلام» ناملىق بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزى ئۈچۈن بىر نەرسىلەرنى يازغاندا، بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇرى خەزىنىسىگە قوشقان يېڭى ۋە مەنىلىك مىراسلىرى توغرىسىدا توختىلىش كېرەك بولاتتى. مەن بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. نېمىشقىكىن، تارىختا ‹يېگانە ئۆلگە› ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان مودېرن كۈلتۈرنىڭ يېنىدا – ياق، دەل ئوتتۇرىسىدا – ئىنسانىيەت ۋە تارىخ بويىچە ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن بارلىق قىممەت – قاراشلار قۇربان قىلىنىۋاتقاندا ، باشقا نەرسىلەرنى يازغىلى بولمايتتى.

قانۇنغا مەجبۇرى شەكىلدە ئىتائەت قىلغان ۋە باتىل قانۇنلارنى قەتئىي قوبۇل قىلمىغان ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئاتېئىست ۋە ماتېرىيالىست بىر سىياسەت زومىگەرلىكى چىرىتىۋەتكەن تۇپراقلاردا «ئۆلۈمدىن كېيىن ئاللاھنىڭ يەر يۈزىنى تىرىلدۈرۈشى» گە ئوخشاش پىكىرلىرى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرنى ‹تىرىلدۈرگەن›، ئۇنى كۆزەتكەن ۋە ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ جاراھەتلەنگەن روھلىرىنى مەسىھنىڭ مۇقەددەس نەپىسىگە ئوخشاش سىيپاپ ئۆتكەن.

بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندى يېرىم قىتئەسىدە مۇھەممەد ئىقبال شەرق ئىسلامىنىڭ چوڭقۇر ۋە شېئىرى بىر نەپەسى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوخشاش ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەلى ئىززەتبېگوۋىچمۇ غەرب ئىسلامىنىڭ مەسىھاسى بولۇشقا نامزات دانىشمەن بىر شەخستۇر.

- ئەلى بۇلاچ

# مۇقەددىمە

1 - ئۇزۇن ۋاقىتتىن بويان داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە ئايىغى چىقمىغان مۇرەككەپ بىر ئىدېئولوگىيەلىك توقۇنۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن بۇ زامانىۋى دۇنيادا ، ھەممىمىز ئاكتىپ ياكى پاسسىپ شەكىلدە بۇ توقۇنۇشنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىلگەن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ غايەت زور رىقابەتتە ئىسلامنىڭ ئورنى زادى قەيەردە؟ بۈگۈنكى دۇنيانى شەكىللەندۈرۈشتە ئىسلامنىڭ مۇئەييەن بىر رولى بارمۇ؟ بۇ كىتاب مانا بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىدۇ.

بىز دۇنيا قاراشلارنى دىن، ماتېرىيالىزم ۋە ئىسلامدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلىيالىشىمىز مۇمكىن. بۇلار، بىز ھېس – تۇيغۇ، تەبىئەت ۋە ئىنسان دەپ ئاتاپ ئادەتلىنىپ قالغان تونۇشنىڭ مۇمكىنچىلىككە توغرا كېلىدۇ ياكى ئۈچ ئۇقۇم ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن ھازىرغا قەدەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بارلىق ئىدېئولوگىيە ، پەلسەپە ۋە تەپەككۇر سىستېمىلىرى بۇ ئۈچ خىل دۇنيا قاراشنىڭ بىرىنى چىقىش قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسىگە كۆرە، يېگانە ياكى ئاساسلىق مەۋجۇتلۇق روھ بولسا، ئىككىنچىسىگە كۆرە ماددىدۇر. ئۈچىنچىسىگە كەلسەك، ئۇ روھ ۋە ماددىنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇشىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلىدۇ.

2 - ‹دىن› سۆزى بۇ كىتابتا ياۋروپادىكى مەنىسىدە، يەنى ‹Religion› مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىن بىلەن ئىسلام ئايرىم – ئايرىم مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ئېتىبارغا ئېلىنغىنىدا ،ھېچقانداق باراۋەرلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى ‹دىن› غا قارىغاندا تېخىمۇ ئەتراپلىق مەنىگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىز، ئەسەردە بايان قىلىنغان ‹دىن Religion › ئۇقۇمىنى بەزى جايلاردا ‹دىن›، بەزى جايلاردا ‹روھانىيلىق› دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. چۈنكى دىن ئۇقۇمى بۇ يەردە ‹ماتېرىيالىزم› غا زىت مەنىدە ئىستېمال قىلىنماقتا.

ئەگەر ئىنسان پەقەت ماددىلا بولغان بولسا ئىدى، ماتېرىيالىزم بىردىن بىر ئەھمىيەتلىك پەلسەپەگە ئايلىنىپ، روھىيەت پۈتۈنلەي مەنىسىز بىر نەرسە بولۇپ قالاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر روھ مەۋجۇت بولسا، ئۇ ھالدا ئىنسانمۇ باردۇر، مەنىۋىيلىك ۋە ئەخلاق بولمىغان ئىنسان ھاياتى مەنىسىز بولىدۇ. ئىنساندىكى روھ ۋە ماددا بىرلىكى پىرىنسىپىنىڭ نامى ئىسلامدۇر. ئىنساني چۈشەنچىنىڭ روياپقا چىقىشىدا مەۋجۇت بولۇشنىڭ بارلىق زوئولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى كۈچلەندۈرۈلگەن ئەھۋالدا ئىنسان ھاياتى قېلىپقا كىرگەن بولىدۇ. بىيولوگىيەلىك ھايات دىن تەرىپىدىن رەت قىلىنغان ياكى ئىنسان ماتېرىيالىزم تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان ئەھۋالدا ئىنساننىڭ نۇقسانلىرى ۋە ئەيىبلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

بەزىلەر تەبىئەتنى كۆزىتىش جەريانىدا، تەبىئەتنىڭ ئىنتىزامچانلىقى ۋە جەلپكارلىقىغا مەپتۇن بولۇپ قېلىپ تەبىئەتنىڭ يېگانە ھەقىقەت ئىكەنلىكى ھەققىدە جار سالىدۇ. بەزىلەر بولسا نوقۇل ئىنساننى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىنسان روھىنىلا ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۈچىنچى گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلغان بىزلەر بولساق، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى تەڭداشسىز مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. روھ ئەبەدىيلىككە ئىگە، ئىنسان بولسا زامان بىلەن چەكلەنگەن. بۇ چەكلىك زامان ئىچىدە ئىنساننىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىنتايىن ئېغىر مەسئۇلىيىتى بار. (قۇرئان، 28/77)

بۇرۇنقىلار ئىككى جەۋھەر يەنى ماددا ۋە روھنى تەكىتلەيتتى. بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارقىلىق ئىككى پەرقلىق مەنبە، پەرقلىق ماھىيەت، بىر - بىرىنى يەكلەيدىغان پەرقلىق ئىككى دۇنيا، ئوخشىمىغان ئىككى پىرىنسىپنى ئىپادە قىلاتتى. دۇنيانىڭ ئەڭ ئەقىللىك ۋە ئارىپ زاتلىرىمۇ بۇ ئىككى ئۇقۇمنى كاتېگورىيەگە ئايرىپ تەھلىل قىلغان. بىراق، بىز بۇ ئىككى دۇنيانى زامان نۇقتىسىدىن ئايرىم، بىر - بىرىنىڭ داۋامى ياكى ماھىيىتى ۋە مەنىسى جەھەتتىن پەرقلىق، بىر يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋە بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان نەرسە سۈپىتىدە كۆرىمىز.

دۇئالىزم ئىنساننىڭ ئەڭ قەدىمىي چۈشەنچىلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ يۈكسەك پەلسەپىسى ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل بۈيۈك پەلسەپە ئىدىيەلىرى

يەكچىلىك (بىرلا تەرەپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش) خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئىنسانلار هايات ۋە دۇنيانى دۇئالىستىك مەنتىقە بويىچە ئىدراك قىلسىمۇ، هەر قانداق پەلسەپە ۋە چۈشەنچىنىڭ ماهىيىتىدە يەنىلا يەكچىلىك ئىدىيەسى ياتىدۇ. پەلسەپە دۇئالىزمغا ئىجابىي قارىيالمايدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ، بۇ ھەقىقەت ئەمەلىي ھاياتتا كۆپ گەۋدىلەنمەيدۇ. چۈنكى، چۈشەنچە ھاياتقا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، ھايات چۈشەنچىدىن بىر بالداق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئىككى ھەقىقەت دائىرىسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىمىز. بىز بۇنى ئىنكار قىلىشىمىز مۇمكىن، بىراق ئۇلارنىڭ سىرتىغا چىقالمايمىز. چۈنكى، ھايات ئۇنى قانچىلىك چۈشىنىشىمىزگە باغلىق ئەمەس.

بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا ئىككى ھاياتنى ياشاش ياكى ياشىماسلىق بولماستىن، بۇ ئىككى ھاياتنى ئىرادىمىز بىلەن تاللاپ مەنىسىنى چۈشەنگەن ئاساستا ياشاش ياكى ياشىماسلىقتا مۇناسىۋەتلىك. ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مەنىسى دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئايان بولىدۇ. ھەر ھايات ئىككى ياقلىملىقتا ئىگە بولۇپ، يەككە ھايات ئىنسانغا نىسبەتەن «تېخنىكا» نۇقتىسىدىن ماس كەلمەيدۇ. بۇ قانۇنىيەت ئىنسان «دۇنيانىڭ ئىچىگە» (زېمىنغا) ياكى «ئىجتىمائىي ھەقىقەتنىڭ ئىچىگە» تاشلانغاندىن بۇيان مۇشۇ پېتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئىنسان بىرلا ھاياتقا ئىشىنىشى مۇمكىن، بىراق ياشاش جەريانىدا ئىككى ھاياتنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ ھاياتىمىزدىن باشقا ئايرىم بىر ھاياتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ھەققىدە ئەقلىي دەلىللىرىمىز يوق. بىراق، ئىنسان ھاياتىنىڭ نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالدىن ئىبارەت ئەمەسلىكىنى ھەر دائىم ھېس قىلىمىز. ھەقىقەتنى تېپىپ چىقىش بىلەن بەند بولغان بىر ئىلىم ئەھلى ياكى پەيلاسوپ، پەقەت تەپەككۇر قىلىش بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى بولغان يەنە بىر ھاياتنى تاپالمايدۇ. بىراق، ھەقىقەتنى تېپىش يولىدا ماددىي تەرەپكە سەل قاراپ ئۆتكەن ھايات ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس، خالاس. باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش، ھەقىقەت، ئادالەت ۋە ياخشىلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھاياتنىڭ چەكلىك ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەللە ئىكەنلىكىنى رەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەخلاق پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىپ ھايات، ئەركىنلىك ۋە راھەت - پاراغەتلىرىنى پىدا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ پىداكارلىقى، بۇ پىرىنسىپلار قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەبەدىيلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك بولغان يەنە بىر مەنىسىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



زادى قەيەرگە تەۋە ئىكەنلىكىمىزگە دائىر سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىمىزمۇ ھەقىقىي پوزىتسىيەمىزنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ياراتقان دۇنيا ئەندىزىلىرى بار. بۇ دۇنيا ئەندىزىلىرى ئومۇمەن دېگۈدەك زىتلىققا ۋە غەيرىلىككە ئىگە بولۇپ، تەنقىدچىسىز تەبىئىتىمىزنىڭ تۈرتكىسىدە پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ، خالاس. بىز ئۇلارغا مەنىۋىيەت ياكى ئاتېئىزم نامى بەرگەن بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ ناملار بىلەن تۈزۈك مۇناسىۋىتى يوق. دىنلىرىنى ئىلىم ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدىغان ئىنسانلار بىلەن ئۇلۇغۋار غايە يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغانلار ياكى مايكىل ئېنگېلونىڭ رەسىملىرىگە، دىنىنىڭ ھەيكەللىرىگە ھەيران قالىدىغانلار بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. ناۋادا نۇرغۇن كىشى ئۆزىنىڭ ياشاۋاتقان دۇنياسىنى ياخشى چۈشەنگەن بولسا ئىدى، ئىنتايىن تەڭقىسلىقتا قالغان بولاتتى. ماتېرىيالىزمغا ئوخشاش نوقۇل دىنىنىڭمۇ نۇرغۇن كىشىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى، ئەمەلىيەتتە كۆپ قىسىم ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بۇلارنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمەسلىكىدىن بولغان.

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەزەلدىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى ئىدىيەنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇنچىۋالا تەسكە توختىمايدۇ. بۇلار بىر - بىرىگە پاراللېل ۋە ماس قەدەملىك بولۇپ، ھازىرغىچە ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگەرمەي كەلگەن. ھەتتا، بۇ ئەھۋال قەدىمىي گرېتسىيەدە بولسا ئارىستوتېل ۋە ئەپلاتون قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيەلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر پۈتۈن سىستېمىدىمۇ ناھايىتى روشەن ھالەتتە ئەكس ئەتكەن. يەنە، ئارىستوتېلنىڭ «زوق بىلەن تىراگېدىيە ئىنسان ھاياتىنىڭ قوزغاتقۇچ كۈچى» دېگەن مەشھۇر سۆزىدە (ئارىدىن 20 ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ھول باچ ئارىستوتېلنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزىنى يەنە تەكرارلايدۇ) ئىپادىلەنگەن بولسا، ئەپلاتوننىڭ «راستچىل بولمىغان ئادەم خۇشال بولالمايدۇ، ئەگەر جازالاندۇرۇلمىسا چوقۇم ۋىجدانى ئازابقا مۇپتىلا بولىدۇ» دېگەن سۆزىدە روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئەلمىساقتىن بېرى كەسكىن جېدەل دەرىجىسىگە ھەتتا بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بۇ ئىككى خىل ئىدىيە دەۋرىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئېپىكۇرىزىم[1] ئىدىيەلىرىنى لوكرىز، بېكون، ھوببوس، گاسسېندى،

(1) ئېپىكۇرىزىم: گرېك پەيلاسوپى ئېپىكۇروسنىڭ ئىدىيەسى بولۇپ، ياشاشنى ئاساسلىق تۇرمۇش پەلسەپىسى سۈپىتىدە قارايدۇ. زوق، خۇشاللىق ۋە كەيپ قاتارلىقلار ھاياتنىڭ نىشانى بولۇشى كېرەك، دېگەن ئىدىيە تەكىتلىنىدۇ. ئېپىكۇروس نوقۇل زوق ۋە كەيپنىلا ئەمەس، خۇشاللىق ۋە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان، ئازاب - ئوقۇبەتتىن خالىي روھىي چوڭقۇرلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە،

ھېلۋېتىيۇس، ھول باچ، سپېنسېر، ماركس ۋە دەۋرىمىزدىكى رۇسسېل قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرىتىمىز. شۇنداقلا، ئوخشاش شەكىلدە ئەپلاتۇننىڭ ئىدىيەلىرىگە خىرىستىيان مۇتەپەككۇرلىرى ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. ھەتتا، ئەپلاتۇننىڭ ئىدىيەلىرىنى غەززالى، مالېبرانىنچ، لېيبنىز، فىتچ، گۇۋۋرس، شېللىڭ، گېگېل، كانت، بېرگسون ۋە ۋايتخېد قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇلارنى سىستېمىلىق ھالدا قايتىدىن كۆرۈپ چىقماقچى بولساق، چىقىدىغان خۇلاسىگە ھەيران قالماي تۇرالمايمىز. ھەتتا، بەزىلىرى كۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

ئەمەلىيەت ۋە ئىنسانىي غايىلەر ساھەسىدە بۇ ئىككى خىل ئىدىيە تەرەققىيات ۋە گۇمانىزم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن، دىن تەرەققىياتقا، بىلىم گۇمانىزمغا ئېلىپ بارالمايدۇ. بۇلار پەقەت ئۇلارنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بولالاشى مۇمكىن، خالاس. چۈنكى، رېئاللىقتا نە ساپ دىننى نە ساپ بىلىمنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ھېچقانداق بىر دىن بىلىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ، ئەكسىچە، بىلىممۇ دىننىڭ مۇئەييەن تەسىرىگە ئۇچراپ، دىننىڭ بەزى غايىلىرىگە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇرەككەپ بىر ھادىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ھەققىي مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. ئەتراپىمىزدا، بۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز.

بىر - بىرىگە زىت بولغان بۇ ئىككى ئىدىيەنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنى كاتېگورىيەگە ئايرىپ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغانلىقىنى، ھەتتا مەلۇم نۇقتىلاردا بىر - بىرىنى تولۇقلاش ۋە قوللاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ئىككى ئىدىيە بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەلىللەر، ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىنى تولۇقلاش ماھىيىتىگە ئىگىدۇر. مەسىلەن، ماتېرىيالىزم، ئوبيېكتىپ كۈچ ۋە ھادىسىلەر ئىنساندىن مۇستەقىل ۋە خالىي ھالدا تارىخى ۋەقەلەرنىڭ قوزغاتقۇچى كۈچى، دەپ قارايدۇ. لېكىن ماتېرىيالىزمنىڭ قارشىنى ئىدىيالىزم تامامەن رەت قىلىپ، تارىخنى قەھرىمانلارنىڭ ياراتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەزكۇر قاراشتا، تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى داڭلىق شەخسلەر،

ئېپىكۇرسو ھازىر مەنىسىدە ئىپتىلغاندەك ئېپىكۇروسچى ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قەھرىمانلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە كۈچى بىلەن ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە «تارىخ مېڭە بىلەن بولمايدۇ» (ماركس). باشقىلار بولسا ماركستىن تامامەن پەرقلىق ھالدا تارىخنىڭ داھىيلار، قەھرىمانلار تەرىپىدىن يارىتىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ (كارىيلى). بۇ مىسالدىكىگە ئوخشاش، تارىخىي ماتېرىيالىزمغا قارشى سەپتە خىرىستىيان كىشىلىكى ئورۇن ئالغان بولسا، ئوخشاش لوگىكىغا ئاساسەن، ھۆكۈمرانلىققا قارشى ئىجادچانلىق، مەنپەئەتكە قارشى غايە، مۇستەملىكىگە قارشى ئەركىنلىك، جەمئىيەتكە قارشى شەخس بار، دېيىشكە بولىدۇ. دىندىكى«نەپسى ئارزۇيۇڭلارنى يوق قىلىڭلار» دېگەن تەلەپكە قارشى، مەدەنىيەتنىڭ«توختىماي يېڭى - يېڭى نەپسى ئارزۇيۇڭلارنى غىدىقلاپ قوزغىتىپ تۇرۇڭلار» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. كىتابىمىزنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنىڭ ئاخىرىدا، پىكىر ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مىساللارغا ئاساسەن كاتېگورىيەگە ئايرىلغان قىسمىغا ئورۇن بەردۇق. كاتېگورىيەگە ئايرىشىمىز مۇجمەل ۋە نۇقسان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىر - بىرىگە تامامەن زىت بولغان روھىيەتچىلىك بىلەن ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئىككى دۇنيا قارشى، «بىر - بىرى ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىگەن ئىككى دېڭىز...» (قۇرئان، 55/19 - 20) مىسالىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى دۇنيا قارىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۈچۈن توغرا نۇقتىئىنەزەر بولۇشى كېرەك.

بۇ ئىككى دۇنيا قاراشتىن قايسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بېكىتىش مەقسىتىدە ئەقلىي دەلىللەر ئىزدەشكە ئورۇنغانلار بىھۇدە ئاۋارە بولغان بولىدۇ. بۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر لوگىكىلىق سىستېمىدۇر. لېكىن ھايات پىرىنسىپ ۋە تەتبىق نۇقتىسىدىن ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ياشاش، قىسقىسى توغرا يول ۋە ئۇسۇلدا ياشاش سوتسىيالىزمدىن ھەر زامان غالىب ئورۇندا تۇرىدۇ. خىرىستىيانلىق نىجادلىقنى ۋەدە قىلىدۇ. لېكىن، نوقۇل روھىي جەھەتتىكى نىجادلىقنىلا تەرغىب قىلىدۇ. يەنى ئىچكى دۇنيارىمىزنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىشىنى ۋەدە قىلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ۋەدىسى بولسا تاشقى دۇنيارىمىزدۇر. ئىككى قاراش ئارىسىدا تېگىرقاپ قالغان ئىنسان بىر - بىرىگە پاراللېل ھالدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى ئالەم ئالدىدا، ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ ۋە تاللىغان تەرەپكە بەكرەك ئېغىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىككى دۇنيا قارىشى ھايات ۋە ئىنساننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلەرنى ئۆز - ئارا بۆلۈشىدۇ.

رېئاللىقتا شۇنداق ھەقىقەتلەر باركى، ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ رەسمىي پەلسەپىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇ رېئاللىققا مۇرەسسە قىلىپ ئىش تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بۇلارنى قوبۇل قىلغاندا ئۇچۇقسىزلىقلىرىدىن ساۋاق ئالغان ئاساستا قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتلەرنى (ئائىلە، ماددىي بىخەتەرلىك، خۇشاللىققا ئېرىشىش، ئادالەت ۋە ھەقىقەتكە بولغان ئىنتىلىش، سالامەتلىك، تەربىيە، ئىش، ئەركىنلىك يولىدا كۈرەش قىلىش، مەنپەئەت، كۈچ، مەغلۇبىيەت) بىر - بىرىگە سېلىشتۇرساق، ئوخشاش ئوق ئەتراپىدا مەلۇم ئارىلىقنى ساقلىغان ئاساستا گۇرۇپپىلاشقانلىقلىرىنى، كۆرۈنۈشتە بىر - بىرىدىن پەرقلىق ۋە ئوخشىمىغان ھالەتتە بولسىمۇ، بىراق ئىنتايىن ئەمەلىي ۋە ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر سىستېما بەرپا قىلغانلىقلىرىنى كۆرىمىز. بۇ بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ كېلىنىۋاتقان ئىدىيەلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئاساسىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇ نەزەرىيە جەھەتتىن مۇشۇنداق. رېئال تۇرمۇشتا ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىختىلاپلار بولسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ مەۋجۇتلۇقنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. تېخى تۈنۈگۈنگىچە بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشكەن قارشى پىكىرلەر بىردىنلا ئىدىيە سىستېمىسىدىن ئورۇن ئېلىپ نورمال ھالەتكە كېلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەممە تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىپ ياخشى كۆرۈلگەن ئىدىيە ۋە قاراشلار نەزەرىيەنىڭ پەقەت زىنىنىتىگىلا ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.

مەسىلەن، ماركسىزم ئائىلە ۋە دۆلەتنى رەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە بۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ھەر قانداق بىر دىنى خاھىش، دۇنياغا بېرىلىشنى ئەيىبلەيدۇ، لېكىن رېئاللىقنى ياقلايدىغانلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدېئولوگىيەسى ئىجتىمائىي ئادالەت رېتسېپلىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ تېخىمۇ ياخشى شارائىت بەرپا قىلىش ئۈچۈن بىر كۈرەش ئامىلىغا ئايلىنىدۇ. ماركسىزم مەلۇم دەرىجىگىچە ئەركىنلىكنى قوبۇل قىلىشقا، دىن بولسا ئۆز پەلسەپىسىگە زىت ھالدا زورلۇقنىڭ پايدىلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى، رېئاللىقتا ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا ھەرىكەت قىلىش ۋە ئوخشاش ۋاقىتتا لوگىكىلىق بىر پەلسەپىگە ئىشتىياق باغلاش ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خىرىستىيانلىق ۋە ماتېرىيالىزمنىڭ ھاياتلىققا ئۆلچەم بولالماسلىقى ياكى ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كەلمەسلىكى سەۋەبىدىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا چىقىش يولى تېپىش ياكى تاپماسلىق مۇھىم ئەمەس. بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى، بۇلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويمىغان ۋە دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتمىگەن ئاساستا چىقىش يولى تېپىش ياكى تاپماسلىقتۇر. كۆپىنچە ھاللاردا بۇ چىقىش يولى نامۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن قارشى تەرەپتىن ئۆتنە ئېلىپ تۇرۇش ئارقىلىق تەمىنلىنىپ كەلمەكتە. دەرۋەقە، چېركاۋغا ئايلىنىپ قۇرۇلمىلاشقان خىرىستىيانلىق ئىش، سودا، مۈلۈك، دەرىجە تۈزۈمى، ئىلىم، مائارىپ، نىكاھ، قانۇن ۋە ئىجتىمائىي ئادالەت قاتارلىق خۇسۇسلارغا مەركەزلەشكەن بولسا، سىياسىي تۈزۈمگە ئايلانغان سوتسىيالىزم ياكى ماتېرىيالىزم ئۆزى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان تەربىيە، گۇمانىزم، ئەخلاق، سەنئەت، ئىجادىيەت، ئادالەت، مەسئۇلىيەت قاتارلىق مەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ كاتېگورىيەلىرىگە مەركەزلىشىدۇ. ساپ ئىدىيەلەرنىڭ ئورنىغا بۇلارنىڭ ئىزاھاتلىرى ۋە ماتېرىيالىزم دىن سۈپىتىدە «ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە» خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ. بۇلار ھەققىدىكى ئىزاھاتلار ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگەرمىگەن ئەسلىدىكى ئىدىيەلەردىن تامامەن پەرقلىقتۇر. ئەسلىدىكى دىن ۋە ماتېرىيالىزمنىڭ مۇشۇ شەكىلدە بۇرمىلىنىپ ئۆزگەرتىلىشى ئەمەلىيەتتە قانۇنىي زېمىندا ئېلىپ بېرىلىدۇ. دەرۋەقە، ھەر ئىككىلى ئىدىيە ئوخشاش ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، ھاياتنىڭ پەقەت بىر تەرىپىنىڭلا ئىپادىسى ھېسابلىنىدىغان بىر خۇسۇسقا، ھاياتنىڭ پۈتكۈل ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان خۇسۇس سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش ۋە مۇشۇ پېتى ئەمەلىيەلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش. نەزەرىيە جەھەتتىن قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئىنسان مەيلى ماتېرىيالىست ياكى خىرىستىيان، مەيلى رادىكال ياكى مۆتىدىل بولسۇن، ئىدىيەلەرنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاش جەريانىدا، ئىدىيەلەرنىڭ نۇرغۇن جەۋھەرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەي قالىدۇ. رېئاللىقتا ھەقىقىي مەنىدىكى ماتېرىيالىست ياكى خىرىستىيان تېپىش ھەقىقەتەن تەس.

خىتاي، چاۋشيەن ۋە ۋيېتنام قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۆزلىرىنى ماركسىزمنىڭ ھەقىقىي ئۆلگىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلغان ئۇتوپىيەلەر، ئەمەلىيەتتە زىتلىق ۋە خىيالپەرەستلىكنىڭ روشەن ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دۆلەتلەردە ئەخلاقىي تۈزۈم

بەرپا قىلىشنىڭ ئورنىغا جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولغان قانائەتچانلىق(1) ۋە چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق كۆپلىگەن مەنىۋى قىممەت قاراشلىرى دۆلەت مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ سىستېمىلارنىڭ ئاساسىدىن رادىكال ماركسىزمنىڭ پرىنسىپلىرىدىن سىرت، مەۋجۇت دىنلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىمۇ ئورۇن ئالغان. سىستېمىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بۇ ھەقىقەتلەردىن ئامال بار ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ كەلگەن بولۇپ ھەقىقەتلەر، ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ياكى قىلماسلىقىغا باغلىق ئەمەس ئىدى. ئۇلار مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. بەزى سوتسىيالىست دۆلەتلەردە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىغا ماددىي بۇيۇمنىڭ ئورنىغا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.رىغبەتلەندۈرۈش ئەمەلىيەتتە مەنىۋى بىر ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال چوقۇم ئىزاھلىنىشى كېرەك. ئەجەبا بۇ ئەھۋال ماتېرىيالىزمدىن كەلگەنمۇ ياكى ئۆزگە يات بىر ئىدىيەدىن ئۆتنە ئېلىنغانمۇ؟ شۇ نۇقتا ئىنتايىن روشەنكى، مەنىۋى ئۇنسۇرلارنى لوگىكىلىق تۈسى كۈچلۈك بولغان ماتېرىيالىزم (يەنى ئەسلىدىكى ماتېرىيالىزم) نۇقتىسىدىن ئىزاھلاش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. گۇمانىزم، ئادالەت، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، ئىنسان ۋە پۇقرالىق ھەق - ھوقۇقلىرىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارغا قارايدىغان بولساق، ئوخشاش ئەھۋالنى ئۇچرىتىمىز. بۇلارنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى نوقۇل دىندۇر. ياشاش ھەممە ئادەمنىڭ ھەققى، لېكىن دۇنيانى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن دۇنيانى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئىدارە قىلىدىغان پىكىر ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسىنى بىلىش تولىمۇ زۆرۈر. ھاياتتىكى ھەر خىل «ئاشكارا نەرسىلەر» ۋە ئومۇمىي نەرسە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەر مەزكۇر تېما ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن خەتەرلىك ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. كىت بىز ئويلىغاندەك بېلىق ھېسابلانمايدۇ. ماتېرىيالىزم بىلەن ئەركىنلىك بىر يەردە شۇنچە كۆپ قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، ئىككىسى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلالايدىغان ئۇقۇملار ئەمەس. ئىدىيە بىلەن ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۆپىيىپ بارسىمۇ، «نەرسىلەر» ئوخشاش قالىدۇ، لېكىن ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەر دۇنياسىدا ۋاقىتلىق ۋە زاھىرى نەرسىلەرنىڭ ئەمەس، ھەقىقىي ۋە ماھىيەتلىك ئامىللارنىڭ تەسىرى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن بىز چۈشەنگەن مەنىدىكى ئىسلامنىڭ ئىزاھاتىنى تولۇق تەرىپلەپ

(1) قانائەتچانلىق تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەن بولغانلارغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش بولسا ھاكىمىيەتكە ھۆرمەت قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن.

بەرگىلى بولىدۇ. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولغان بۇ دۇئالىزمنى (ئىككى مەنبەچىلىك) دەسلەپ توغرا چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىش، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئىنتايىن مۇھىم.

بۇ يەردە ئىسلام تەبىرى ئىسلام سۈپىتىدە تەرىپلەنگەن سىستېما مۇئەسسەسىلەر ۋە ئاساسلىق ئىدىيەلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە يەنە ئاساسلىق ئىدىيە، پىرىنسىپ ۋە ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىچكى ماسلىششقا ئاساسەن ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بولغان بىر سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى مەۋجۇت. ئىسلام ئىستېمالىدا تەييار ھەل قىلىش ئۇسۇلىدىن بەكرەك مىتود تەكىتلەنگەن بولۇپ، مەزكۇر تېرمىن بىر - بىرىگە زىت بولغان ئىدىيەلەرنىڭ بىر پۈتۈن ۋە بىرلەشمە پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى، تەبىئەتنىكى ھايات ۋە ھاياتلىق شەكىللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ يەردە مۇنداق بىر ھادىسە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، پاكىزلىق بىلەن ئىبادەتنى بىرلەشتۈرگەن ۋە ناماز بىلەن ئىنسانلارنى جەم قىلغان ئامىللارنىڭ ئاساسىدا، ھاياتتىكى مەنىۋى ئەركىنلىك بىلەن تەبىئەت قارارچىلىقنى بىرلەشتۈرگەندىكى ئىلھام مەۋجۇت. كۈچلۈك سېزىم قابىلىيىتى ئارقىلىق پەقەتلا نامازنى كۆزىتىش بىلەن پۈتكۈل ئىسلامنى، ئىسلام ئارقىلىق بولسا دۇنيانىڭ ئومۇمىي دۇئالىزمنى قايتىدىن بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.[1]

ياۋروپانىڭ ھېچقاچان ئوتتۇرھال ياكى مۆتىدىل بىر يولنى تۇتۇش ئەمەلىيىتى بولۇپ باقمىدى. لېكىن ئەنگلىيەنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا تۇتۇش كېرەك. ئىسلامنى ياۋروپالىقلارنىڭ دىنى نۇقتىئىنەزەرىدىن تەرىپلەش مۇمكىن ئەمەس. ناماز، زاكات، خەلىپە، جامائەت، تاھارەت قاتارلىق ئىسلامىي تېرمىنلار دۇئا، باج، ھۆكۈمدار، جەمئىيەت، يۇيۇنۇش قاتارلىق تېرمىنلار بىلەن ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئىسلامنىڭ دىن بىلەن ماتېرىيالىزمنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ۋە خىرىستىيانلىق بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ مەركىزى نۇقتىسىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن قاراش ۋە ئىزاھاتلار بار بولۇپ، بۇلار ناھايىتى تومتاق ۋە يۈزەكى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇلارنى مەلۇم شەرت ئاساسىدا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بۇلار ھەقىقەتنىڭ بىر تەرىپىگە مەلۇم نىسبەتتە بولسىمۇ ماس كېلىدۇ. ئىسلام ھەرگىزمۇ

(1) ئىسلامنى پىرىنسىپ جەھەتتىن ئىزاھلاش، ئىسلام كېلەچىكى ئۈچۈن زور پايدىسى بار. ئىسلام ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ تارىختا رادىكاللاشقانلىقىغا ۋە بېكىنمە ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىغا نۇرغۇن قېتىم شاھىت بولدۇق. بۇ ئەھۋال ئىسلامنىڭ تاماملانغان ۋە پۈتكۈل زامانلارغا ماس كېلىدىغان بىر ئىدىيە سۈپىتىدە تەرىپلىنىشگە باغلىق.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئىككى ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىي ئارىغىمېتىكىلىق مەركەز نۇقتىسى ئەمەس. دەرۋەقە، ناماز، زاكات، تاھارەت قاتارلىقلار پارچىلاشقا بولمايدىغان ئۇقۇملار بولۇپ، ئۇلارنى ئىپادە قىلىش ئۇچۇن بىرلا سۆز، بىرلا تەسۋىر يېتىدۇ، لېكىن بۇ ئۇقۇملار بىر ئىشنىڭ ئىككى تەرىپىنى يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى تەرىپىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ ئىنسان-بىلەن بولغان پاراللېللىقى ئىنتايىن روشەن بولۇپ، ئىنسان بۇلارنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئىزاھاتى ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئانى كەرىمنىڭ ئادەتتىكى بىر ئوقۇرمەن ياكى تەھلىل قىلغۇچىغا نىسبەتەن سىستېمىسىز بىلىنىدىغانلىقى ۋە بىر - بىرىگە زىت ئاملىلاردىن تەشكىل تاپقاندەك تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. قۇرئانى كەرىم ئەدەبىيات بولماستىن، ھاياتنىڭ دەل ئۆزى. قۇرئانى كەرىمگە ئىدىيە ئەندىزىسىگە ئوخشاش ئەمەس، ياشاش ئۇسۇلىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغاندا، مەسىلە ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ ۋە قۇرئان ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىلەر قىممىتىنى يوقىتىدۇ. قۇرئاننىڭ يېگانە تەپسىرى ھاياتنىڭ دەل ئۆزى بولۇشى مۇمكىن. ھەممىگە مەلۇمكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى دەل مۇشۇنداق ئىدى. ئىسلامنىڭ ئىدىيەسىنى قۇرئاننىڭ يېزىق شەكلىدىن چۈشىنىش تەسرەك بولۇپ، زىددىيەتلىكتەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. بىراق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىدا سۆيگۈ بىلەن كۈچ، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت، ئىلاھى بىلەن ئىنسانىي قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ بىر - بىرىگە ناھايىتى ماس ھالدا نامايان بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. دىن بىلەن سىياسەت بىرلىكتە ۋۇجۇدقا چىقارغان بۇ «پارتلاتقۇچ بىرلىك» خەلقنىڭ ھاياتىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان. بۇ نۇقتىدا، ئىسلام ئەندىزىسى بىلەن ھايات ئەندىزىسىنىڭ بىرلىك ئىچىدە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلىش ئۇنچىۋالا تەس بولمىسا كېرەك.

ئىسلامنىڭ ئوتتۇرھال ۋە مۆتىدىللىقى ئىسلامغا ئوخشىمىغان ئىككى زىت قۇتۇپتىن كەلگەن ھۇجۇملارغا قارشى ئۆزىنى قوغداشتا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئىسلام ساپ دىن تەرىپىدىن ھەددىن زىيادە تەبىئىي، ماددىي ۋە دۇنياۋى بولۇش بىلەن ئەيىبلىنىپ كېلىنىۋاتقان بولسا، بىلىم تەرىپىدىن دىنى، بىلىمدىن خالىيلىق، مىستىك بولۇش بىلەن ئەيىبلەنمەكتە. ئەمما، ئىسلام يېگانە بولۇپ، ئىنسانغا ئوخشاش ھەم روھ ھەمدە جىسىمدىن تەشكىل تاپقان. ماتېرىيالىستلار ئىسلامغا ھەر ۋاقىت نوقۇل دىن ۋە مىستىك نەرسە سۈپىتىدە قاراپ كەلگەن بولسا، خىرىستىيانلار ئىجتىمائىي ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىياسىي ھەرىكەت سۈپىتىدىلا كۆرۈپ كەلدى.

ئوخشاش دۇئالىزم (ئىككىلىك) لىق ھادىسە ئىچكى قىسمىمىز (ئىسلام دۇنياسى) دىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئاساسلىق ئىسلامىي مۇئەسسەسەلەردىن ھېچقاندىقى نە ساپ دىن نە ساپ ئىلىم (سىياسەت، ئىقتىساد، تاشقى دۇنيا)غا تەئەللۇق ئەمەس. تەسەۋۋۇپچىلار دائىم ئىسلامنىڭ مەنىۋى تەرىپىنى تەكىتلەپ كەلگەن بولسا، ئەقلىيەتچىلەر دۇنياۋى تەرىپىنى تەكىتلەپ كەلدى. شۇڭلاشقا، ھەر ئىككى تەرەپ ئىسلامنىڭ نوقۇل بىر تەرىپىنىلا ئىزاھلاپ يەنە بىر تەرىپىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقتىن نۇرغۇن پىرىنسىپاللىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. مەسلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، نە مىستىكچىلار نە ئەقلىيەتچىلەر ئىسلامنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان ئەمەس. مەسىلەن، تاھارەت ئۈستىدە توختىلايلى: تەسەۋۋۇپچىلار ئۇنى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە تازىلىق سۈپىتىدە چۈشەندۈرگەن بولسا، ئەقلىيەتچىلەر ئۇنى سالامەتلىك ۋە پاكىزلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈردى. شۇنداقتىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قاراشلىرىنىڭ مۇئەييەن ئاساسى بار. سوپىلارنىڭ قارىشىدا نۇقسان بار بولۇپ، تاھارەتنى نوقۇل سىمۋوللۇق ھەرىكەت سۈپىتىدە كۆرىدۇ. ئۇلار باشقا مەسىلىلەرنى ئىسلامىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرگەندىمۇ ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلامنىڭ ماددىي ، فىترى ۋە ئىجتىمائىي ئامىللىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئىسلامنى نوقۇل دىن (ساپ دىن) سەۋىيەسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەقلىيەتچىلەر بولسا تەسەۋۋۇپچىلارغا تامامەن زىت ھالدا دىننى نەزەردىن ساقىت قىلىپ ياكى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىسلامغا ئىنسانلارنى بىر يەرگە جەم قىلالايدىغان سىياسىي بىر ئىدىيە سۈپىتىدىلا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار ئىسلامغا مىللەتچىلىك بەرپا قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرى سۈپىتىدە قارايدۇ. بۇ ئەھۋال بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيىتى، ئەخلاقىي ياكى دىنى تىرىشچانلىقلىرى، دۇنياۋى ھەقىقەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن تامامەن مەھرۇم بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ، پەقەت ئۆزگە ئىجتىمائىي توپلۇقلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر توپلۇققا تەئەللۇق قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام نوقۇل مىللەت بولۇشنى تەرغىب قىلمايدۇ (قۇرئانى كەرىم، 3/190, 22/41)، مەنىۋى بىر ۋەزىپىسى بولغان «ئۈممەت»نى تەرغىب قىلىدۇ. بىز بىرسىدە ئىسلامنىڭ سىياسىي تەرىپىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، مىستىسىزمغىلا بېرىلىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز ۋە مۇئەييەن بىسىم ئاستىدا ياشاشقا ۋە قۇل بولۇشقا «لەببەي» دەيمىز. يەنە

بىرسىدە، ئىسلامنىڭ مەنىۋى تەرىپىنى ساقىت قىلىپ، دۇنياۋى كۈلتۈر ساھەسىدە مەنىۋى جەھەتتىن بىرەر كۈچ بولۇشتىن مەھرۇم قالىمىز.

ئىسلام ئىستىقبال ۋە ئەمەلىي تىرىشچانلىق نۇقتىسىدىن، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن بىردەك بولغان ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە قانۇنلىرى ۋە ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇئەسسەسىلىرى مەزكۇر بىرلىكنى قوغدىيالايدىغان شەكىلدە بەرپا قىلىنغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان چاقىرىقتۇر. ئىسلام ئىزچىل ئىچكى ۋە تاشقى مۇۋازىنەتنىڭ بىرلىكىنى ئىزدەيدۇ. بۇ ئىسلامغا نىسبەتەن ئەقەللىي تەلەپ ۋە نىشان ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى دەل مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

مەزكۇر كىتابىمىز ئانالىز ئېلىپ بېرىلغان ۋە جاۋاب بەرمەكچى بولغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ھازىر ۋە ئۆتمۈشنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىدۇ. دۇنيانىڭ بىر - بىرىگە زىت بولغان ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغان ھالەتتە بولۇشى بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇنىڭ تېگىدە ئىدېئولوگىيەلىك توقۇنۇش ياتىدۇ. ئىدىيە ۋە پىكىرلەر توقۇنۇشى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كەسكىن تۈس ئېلىپ، مۇئەييەن ئەندىزىگە كىرىش بىلەن بىرگە ئەنئەنىگە ئايلاندى. نۇرغۇن جايدا بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. قۇتۇپلىشىش تېز سۈرئەتتە داۋاملاشماقتا. ھازىر ئىدىيە، ھېس - تۇيغۇ ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن بىر - بىرىدىن پەرقلىق تامامەن ئىككى دۇنيا مەۋجۇت. ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ دۇئالىزمى (ئىككى مەنبەلىكى) غا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەر قايتىدىن تەكرارلانماقتا. ئەھۋالنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىغا ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ بىر قىسمى بۇ قۇتۇپلىشىشتىن ئۇزاقتا ياشاۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىسلام مەملىكەتلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. مۇسۇلمانلار شۇنى ھېس قىلدىكى، مەۋجۇت ئىدېئولوگىيەلىك توقۇنۇشلاردا ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق نەرسە يوق.

.....

ئىسلام غايىۋىلىك بىلەن ماددىلىقنىڭ توغرا ۋە ئەمەلىي تەرەپلىرىنى ئېتىراپ قىلىپلا قالماستىن، كۈچەپ تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، غايىۋىلىك پۈتۈنلەي يالغان بولسا، ئۇنداقتا ئىسلاممۇ تولۇق مەنىدىكى ھەقىقەت ھېسابلانمايدۇ. ئىسلامنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش غايىۋىلىك ۋە ماتېرىيالىزمنىڭ توغرىلىقىنى ۋە ھەقىقەتلىرىنىڭ نۇقسانلىرىنىمۇ ئىسپاتلاش دېگەنلىكتۇر. ھازىرقىدەك ھالقىلىق پەيتتە، ئىسلامنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەمەلىي ئەھۋالى مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى دۇنيادىن بىرىنى رەت قىلىش ھەرگىزمۇ ئىسلامغا پۇرسەت بېرىش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئىسلام ئۆلارنىڭ ھەقىقەت ۋە ئەمەلىي تەرەپلىرىنى ئېتىراپ قىلالايدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە. دۇنيادىكى زىددىيەتلەر(1) پەقەت بۇ ئىككى دۇنيانىڭ ئادالەت ئۆلۈشلىرىنى تاپشۇرۇلايدىغان ئۈچىنچى بىر دۇنيانىڭ بەرپا بولۇشى بىلەن ھەل بولۇشى مۇمكىن.بىز بىر - بىرى بىلەن زىددىيەتلىك ئىدېئولوگىيەلەرنى بېسىم بىلەن قوبۇل قىلدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا شاھىت بولدۇق. مۆتىدىل ۋە ئوتتۇرھال يول تۇتۇش دەۋرنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئىسلام، بۇ تەبىئىي تەرەققىياتقا تېزلا جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇپ، دەل مۇشۇنداق پىكىر ۋە ئىدىيەلەرنى تەرغىب قىلىدۇ ۋە تەدرىجىي بىز تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئىككى دۇنيانىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىپادىسى بولالايدۇ.

شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئۆتمۈشتە كۆپ قېتىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئىسلام ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىدراك قىلىدۇ. ئۆتمۈشتە قەدىمكى مەدەنىيەتلەر بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئىسلام ھازىرقىدەك پارچىلانغان ۋە قالايمىقان ۋەزىيەتتە تۇرغان بىر دۇنيادا، ۋاستىلىك روللىنى قايتىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئۈچىنچى يول يەنى ئىسلامىي يولنىڭ مەنىسى دەل مۇشۇدۇر.

ئاخىرىدا مەزكۇر ئەسەر ھەققىدە بەزى نەرسىلەر ئۈستىدە توختالماقچىمەن. كىتاب ئىككى قىسمىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسمىدا دىن ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئىككىنچى قىسمى ئىسلامغا ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، ئىسلامنىڭ بىر تەرىپىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى قۇتۇپلۇق ئالاھىدىلىككە ئاجرىتىلغان.

مەزكۇر كىتاب تېئولوگىيە(2) كىتابى ئەمەس، مۇئەللىپمۇ تېئولوگ ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇ نۇقتىدىن مەزكۇر كىتاب ئارقىلىق ئىسلامنى دەۋرىمىزدىكى كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان تىلغا «تەرجىمە» قىلىش مەقسەت قىلىندى. بۇ ئەمگىكىمىز بەزى خاتالىق ۋە نۇقسانلاردىن خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى «نۇقسانسىز تەرجىمە» قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس.

- ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ

---

(1) تارىخىي ئىپادىسى مەۋجۇت بولغان قۇتۇپلارنى كۆرسىتىدۇ
(2) ئىلاھىيەتشۇناسلىق.

# زىددىيەتلەر جەدۋىلى

ئىزاھات: بۇ جەدۋەلدىكى ئۈچ رەت دىنى (R)، ئىسلامىي (I) ۋە ماتېرىيالىست (M) دۇنيا قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ ھەرىكەت نۇقتىسى روھ، ئىككىنچىسىنىڭ ئىنسان، ئۈچىنچىسىنىڭ ماددىدۇر. بىر رەت ئىچىدىكى پۈتۈن ئۇقۇملار، پىكىر ۋە ئىدىيەلەر ۋە ئىپادىلەر ئارىسىدا ئۆز - ئارا مۇناسىۋەتلەر ياكى ئىچكى باغلىنىش مەۋجۇت(تىك سىزىق). شۇنداقلا، ھەر نۇقتىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى رەتتە مەنىلىرى يېزىلغان (يانتۇ سىزىق)ھەمدە ھەربىر مەسلەكنىڭ دۇنيا قاراشلىرى بىر پۈتۈن ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان. مەسلەن، دۇنيانىڭ ئاساسىنى ماددىنىڭ تەشكىل قىلغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ماتېرىيالىزمدا ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر قاتار پىكىر - ئىدىيەلەر، قانائەت ۋە ئىشەنچ ئورۇن ئالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، بىر ماتېرىيالىست پىرىنسىپ جەھەتتىن جەمئىيەتنىڭ شەخستىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دارۋىن، ئائىلىۋى تەربىيە ۋە گۇمانىزمنىڭ ئورنىغا تەدرىجىي تەرەققىياتنى ياقىلاپ، تارىخى ھادىسىلەرنىڭ ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە مەقسەتلىرىدىن خالىي ھالدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ ئورنىغا ئىجتىمائىي ھەق - ھوقۇقلىرى ۋە بىخەتەرلىكىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئانالىزىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتسەك، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەلىرى ئارقىلىق ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ رەت قىلىنىشى ياكى ئاتېئىزم بىلەن ستالىننىڭ چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى مۇناسىۋەت بارلىقىنى بايقايمىز. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىچكى مۇناسىۋەتلەر دىنى دۇنيا قارىشىغا تەۋە قۇردا، كۆرۈنۈشتە بىر - بىرىدىن ئۇزاق ۋە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ مەۋجۇت.

بۇ جەدۋەل ئىنتايىن يۈزەكى ۋە مۇجمەل بولۇش بىرگە، پەۋقۇلئاددە رادىكالدۇر. لېكىن بۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىنمۇ.

| روھانىيەت | ئىسلام | ماددا (ماتېرىيالىزم) |
|---|---|---|
| روھ | ئىنسان | ماددا |
| ئاڭ | | مەۋجۇتلۇق |
| جان | | ۋۇجۇد |
| سۇبيېكتىپ | | ئوبيېكتىپ |
| ھەر نەرسە ئۆزدە | | ۋەقە - ھادىسە |
| ئورگانىك | | مېخانىك |
| پويىسىس (ئارىستوتېل) | | مىمېسىس (ئارىستوتېل) |
| ئېنىقلىق،كونكرېت (دىن ئۆلىمالىرىغا خاس) | | ئابستراكت - ئومۇمىي |
| سىمۋوللار | | كاتېگورىيەلەر - سانلار |
| ماھىيەت | | سان |
| دىن - سەنئەت | | بىلىم - تېخنىكا |
| ئىبادەت | ناماز | ئىشلەپچىقىرىش |

| ئىبادەت | زاكات | گىگىنا |
|---|---|---|
| سەدىقە | | باج |
| قىممەت ئۆلچەملىرى - ئەخلاق | | مەنتىقلىق ھۆكۈملەر - ماتېماتىكا |
| ئەمەلىي ئەقىلنىڭ تەنقىدى | | يۈزەكى ئەقىلنىڭ تەنقىدى |
| ۋىجدان - غايە - چۈشەنچە - گۇناھ | | ئېھتىياج - مەنپەئەت - رېئاللىق - زىيان |
| مېدىتاتسىيە - ئىلھام - سەزگۈ | | كۆزىتىش - ئەقىل - تەجرىبە |
| مۇقەددەس سىر | | مەسىلە |
| دىراما - ئەخلاقىي مەسىلىلەر - مېتافىزىكا | | سىياسىي ئىقتىساد - ئىجتىمائىي مەسىلىلەر - فىزىكا |
| موناستىر - ئىبادەتخانا - سەنئەت كۆزنىكى | جامە - مەكتەپ | مەكتەپ - تەجرىبىخانا - زاۋۇت |
| ئەخلاق | قانۇن - شەرىئەت | كۈچ - قۇۋۋەت |
| ئاشىق رەزىللىككە سەۋر | ئادالەت - جىھاد | سىنىپىي كۈرەش |
| راھىب - ئەزىز | شېھىت | چەۋەنداز - سىياسىي جەڭچى - قەھرىمان |
| ئۇسلۇب | | فۇنكسىيە |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| ئېستېتىك شەكىل بېرىش | | تېخنىكا ئىجاد قىلىش |
| يارىتىش | | تەدرىجىي تەرەققىيات |
| ئىنساننى ئاللاھ ياراتقان | | ئىنسان تەبىئەتنىڭ مەھسۇلىدۇر |
| ئىنساننىڭ ئىنسانلاشتۇرۇلۇشى | | جانلىق ماددا - هايۋان - ئىنسان - ئىنسان ئۈستى |
| مايكىل ئېنجېلو | | دارۋىن |
| ئەخلاق درامىسى - ئىجادلىق ئۈچۈن كۈرەش | | هايات كۈرىشى - تەبىئىي شاللىنىش - ماددىي هاياتنىڭ تەكرار يېڭىلىنىشى |
| روھ تەلىماتى - ئىندىۋىدۇئاللىق | | رېئالىزم - كۆپ خىللىق |
| خىرىستىيان ئىندىۋىدۇئالىزمى | | تارىخىي ماتېرىيالىزم |
| تارىخنى قەھرىمانلار بىلەن ئىزاھلاش | | ماتېرىيالىزم تارىخىي ئىدىيە |
| تارىخنى داهىيلار يارىتىدۇ | | تارىخنى قەھرىمانلار ياراتمايدۇ |
| مۇتلەق روھنىڭ پەيدىنپەي تەرەققىياتى | | ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدا تەرەققىيات |
| ئەركىنلىك قارىشىنىڭ زەپىرى | | سىنىپسىز جەمئىيەت |

| | | |
|---|---|---|
| دەھشەتلىك مەھكىمە(ئاخىرەت) | | ئېنتىروپى |
| ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان پىكىرلەر(ئىدېئالىزم)دۇر | | ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئېھتىياجلار (مەنپەئەتلەر)دۇر |
| دەرۋىش - تەربىيە | | تەلىم - مائارىپ |
| ئەنئەنىۋى مائارىپ | | ئەمەلىي مائارىپ |
| ئۆز ئۆزىگە ھۆكۈمران بولۇش | | رېئاللىق ۋە ئەمەلىيەتكە ھۆكۈمران بولۇش |
| ئارزۇ - ھەۋەسلەرنى يوق قىل | | ئىجاد قىل، ياسا!! |
| ئەمەللەر نىيەتلەرگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ | مۇھاپىزەت خاراكتېرلىك جازا | ئەمەللەر نەتىجىلەرگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ |
| جىنايەت پىرىنسىپى - جازا | | ئىجتىمائىي قوغداش پىرىنسىپى - تەدبىر - شاللاش |
| كۇلتۇر | | مەدەنىيەت |
| گۇمانىزم | | تەرەققىيات |
| كۇلتۇر - ئىجما - شەخسىيلەشتۈرۈش | | ئاممىباب كۇلتۇر - مونوپولىيە - يەككىلىك |
| دىراما | | ئۇتوپىيە |
| شەخسىيەت | ئىنسان | ئىجتىمائىي مۇتلەقىيەتچىلىك |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| مەنىۋى تۇپلۇق | جامائەت | ئىجتىمائىي سىنىپ |
|---|---|---|
| ئەركىنلىك - باراۋەرلىك - قېرىنداشلىق | | سىنىپ بىرلىكى |
| ئىنسان ئابرۇيى - ئىنسان ھەقلىرى | | ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك - ئىجتىمائىي ھەق - ھوقۇقلار |
| كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى (ئامېرىكا) | | سوۋېت «ئەمگەكچىلىرى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى |
| بويۇن ئەگدۈرۈلگەنلەر (دوستويېۋسكى) | | ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار(ماركس) |
| ئەسلىدىكى گۇناھ - ئىپپەت - بويتاقلىق | نىكاھ - تۇرمۇش | «جىنسىيەت ئىنقىلابى» |
| نىكاھ(مۇقەددەس سىر سۈپىتىدە) | | نىكاھ (كېلىشىم بويىچە) |
| دانىشمەنلىك | | بىيولوگىيەلىك كۈچ |
| ئائىلە - ئانا - ئائىلىۋى تەربىيە - ئۆچ ئەۋلاد تەربىيە | | باللارنىڭ ئۆيى - بالا باققۇچى - ئىجتىمائىي تەربىيە - ساناتورىيە |
| ئىسا | مۇھەممەد | مۇسا |
| خىرىستىيانلىق | ئىسلام | ماتېرىيالىزم |

# بىرىنچى قىسىم

# غەرب ئىدىيەسىنىڭ ئاساسلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب: تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە يارىتىش

## دارۋىن ۋە مايكىل ئېنگېلو[1]

ئىنسان مەنبەسىگە دائىر قاراشلار پۈتكۈل دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىنساننىڭ قانداق ياشىشى كېرەكلىكىگە دائىر قاراشلار ۋە تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسى، بىزنىڭ ئىنساننىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىگە دائىر سوئالنى سورىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. بىراق، بىلىم بىلەن دىنىنىڭ بۇ سوئالغا بەرگەن جاۋابى تامامەن بىر - بىرىگە زىت.

بىلىم ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: زوئولوگىيەلىك ۋە ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئېنىق پاسىل ياكى روشەن پەرق مەۋجۇت ئەمەس. ئىنسان ئاددىي ھايات شەكىللىرىدىن باشلاپ تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ھازىرقىدەك مۇرەككەپ ھايات شەكىللىرى بىلەن ياشايدىغان ھالەتكە كەلگەن. ئۆرە مېڭىش، سايمان ياساش ياكى ئىشلىتىش، ئوچۇق ۋە راۋان سۆزلەش قاتارلىق خۇسۇسلار ئىنسان ھاياتىدا قانداق رول ئوينىشىدىن قەتئىينەزەر، بىلىمگە نىسبەتەن تاشقى ۋە ماددىي ئامىلدىن ئىبارەت، خالاس. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، ئىنسان تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بىر جانلىقتۇر.

دىن ۋە سەنئەتنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى قارىشى بۇنىڭغا تامامەن زىت بولۇپ،دىن

(1) مايكىل ئېنگېلو (1476 - 1564)، مەرىپەت ئويغىنىش دەۋرىدە ئىتالىيەلىك مەشھۇر ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ئىتالىيەلىك رەسسام، ھەيكەلتىراش، بىكار ئۇستىسى ۋە شائىردۇر. تولۇق ئىسمى: elangelo di Lodovico Buonarroti Simoni

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىنساننىڭ قۇدرەتلىك بىر كۈچ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى، تەڭرى ئىھساننىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاساسەن دىگۇدەك پۈتكۈل دىنلاردا ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ئوخشىمىغان تەسۋىرلەر بىلەن بايان قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان ماددىغا يەنى تەبىئەتكە باغلىۋېتىلگەنلىكتىن، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇشى مۇقەررەر، ئىنسان ئۆزىگە يات ۋە دۈشمەن بولغان بۇ دۇنيادا ياشاشقا مەجبۇر.

ئىنساننىڭ تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىمۇ ياكى بۇ يارىتىلىشنىڭمۇ دېگەن مەسىلە، ئىنساننىڭ كىم ئىكەنلىكى، دۇنيانىڭ بىر قىسمىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن پەرقلىقمۇ دېگەن مەسىلىگە ئايلانغان.

ماتېرىيالىستلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان «مۇكەممەل ھايۋان»دۇر. (بىيولوگىيەلىك ماشىنا)... ئىنسان بىلەن ھايۋان سۈپەت جەھەتتىن ئەمەس، دەرىجىدە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ماتېرىيالىستلارنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى قارىشىدا ئىنسانىيلىققا تەۋە بىرمۇ سۆز يوق[1]. پەقەت «تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئىنسان ئۇقۇمى» مەۋجۇت. «تەبىئەتتە يېگانە مەۋجۇت بولغان كونكرېت نەرسە ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تارىختۇر» (ۋېنگىرىيەلىك ماتېرىيالىست يازغۇچىلاردىن گيور گاي لۇكاكسىنىڭ «مەۋجۇتلۇق بىلەن ماركسىزم »ناملىق ئەسىرى). «باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش ئىنسانمۇ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى.» (ئۇۋان پاۋلوۋ.) ئىنساننىڭ تاكامۇللۇقىدا تاشقى ۋە ئوبيېكتىپ بىر ئامىل بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئەمگەك. «ئىنسان تاشقى مۇھىت ۋە ئۆز ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر» (ئېنگلىس). ئىنساننىڭ تاكامۇللۇقى ۋە تەرەققىياتى ماددىي ئامىللار بەلگىلىگەن تاشقى ۋە بىيولوگىيەلىك جەريان سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. «قول روھىي ھاياتنى قوزغىتىپ تەرەققىياتنى تېزلاشتۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ قولنى ئىشلىتىشكە ۋە سۆزلەشنى ئۆگىنىشكە باشلىشى قاتارلىق ھادىسىلەر زوئولوگىيەلىك تارىخنىڭ ئاخىرلاشقىنى ۋە ئىنسان تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قارماققا ناھايىتى روشەن ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان بۇ قاراشلارنىڭ تەسىرى ھەممىگە ئايان. لېكىن بۇ قاراشلاردا مەۋھۇم ۋە يېپىق بولغان بىر نۇقتا بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئىنساننىڭ پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنىشى. ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسىدە ئىنسان كىچىك پارچىلارغا ئايرىلىدۇ، لېكىن ئاخىرىدا ئىنسان پۈتۈنلەي يوقاپ

(1) No dividing line between man and brute. (john Watson), philological Review, No. 20,1913, 158.

كېتىدۇ. ئىجتىمائىي ئىنسان ئۇستىدە ئېنگلىس تۇنجى بولۇپ تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئىنساننى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ياكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر مەھسۇلاتى سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئىنسان ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق رولى بولمىغان، ھېچ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغان مەخلۇق سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئىنسان مەۋجۇت رېئاللىقلارنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت، خالاس. ئۆز ماھىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلانغان، پەقەت بىيولوگىيەلىك ھەقىقەت سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ئىنسان ئۈستىدە دارۋىنمۇ ئەتراپلىق توختىلىدۇ. دارۋىن، گەپ قىلالايدىغان، تىك ماڭالايدىغان ۋە سايمان ياسىيالايدىغان بۇ مەخلۇق تەبىئىي شاللىنىش ۋە ھاياتتا قېلىش كۈرىشى نەتىجىسىدە ھازىرقى ھالەتكە كەلگەنلىكىنى ئىلمىي نەزەرىيە ۋە پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ...دارۋىن جانلىقلار دۇنياسىنىڭ پۈتۈن شەكىللىرىنىڭ تۇنجى شەكىللەرگە، بۇلارنىڭ ئاخىرقى لىنىيەدە فىزىكا - خىمىيە ، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، مولېكۇلالىق كۆچلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھايات، ئاڭ ۋە ئىنسان روھى ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئاجىز كۆچلەرنىڭ ئۆز - ئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان غەلىتە نەرسىلەردىن ئىبارەت. ھەقىقىي ئىنسان جەۋھىرى مەۋجۇت ئەمەس.

ئەمدى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئىنسان تەسۋىرىدىن كېيىن، شىستىنە چېركاۋى (sistine chapel) تەرىپىدىن سۈرەتلەپ بېرىلگەن ئىنسان تەسۋىرلىرىنى، «جەننەتتىن قوغلىنىش» تىن، ئادەمنىڭ يارىتىلىشىدىن «دەھشەتلىك مەھكىمە» گىچە بولغان پۈتكۈل جەرياننى كۆز ئالدىمىزدا سۈرەتلەپ بەرگەن بۇ تەسۋىرلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، بىلىپ - بىلمەي دۇنيا تارىخىنىڭ ئەڭ نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرى بولغان بۇ رەسىملەرنىڭ مەنىسىنى سورىماي تۇرالمايمىز. بۇ رەسىملەر يۇقىرىدىكى زور ۋەقەلەر ھەققىدە بىرەر ھەقىقەتتىن بېشارەت بېرەمدۇ؟ ئەگەر بېشارەت بەرسە بۇ ھەقىقەت زادى نېمە؟ تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، بۇ رەسىملەر ھەقىقەتنى قانچىلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟

يۇنان تىراگېدىيەلىرى، دانتىنىڭ جەننەت ۋە دوزاخ تەسۋىرلىرى، ئافرىقا روھانىلىرى، شېكسپىرنىڭ دىراملىرى، فائوسىنىڭ «جەننەت »مۇھاكىمىسى، مېلانېزىيا نىقاپلىرى، ياپون تام رەسىملىرى ياكى دەۋرىمىزدىكى داڭلىق رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرى قاتارلىقلار دارۋىن كۆزدە تۇتقان ئىنسان بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. «ئىجادلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىنى» ئۇقۇمىنىڭ كەيندە دۇنيانىڭ قانداق بىر ھەقىقەتنى يوشۇرۇنغان؟ دىراماتىك ماھىيەتكە ئىگە بولغان بۇ ئىسىم نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟

بىر جانلىق بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ماددىغا ئۆزگەرتىلگەن مەۋجۇدىيەتكە نىسبەتەن دىراما قانداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ دانتىنىڭ دوزاخ ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ رەسىم سىزىپ چىققان ئېرنېت نېيىزۋېستنىڭ رەسىملىرىدە قانداق تەسەۋۋۇرلار ۋە تەخمىنلەر مەۋجۇت؟ پۈتكۈل مەخلۇقاتلاردىكى قورقۇش تۇيغۇسى قەيەردىن كەلگەن؟ ھايات ۋە ئىنسان «تەبىئەت ئانا»سىدا پەيدا بولغانمۇ؟ بۇ سوئاللار بىلىم سۈرەتلەپ بەرگەن رەسىمنىڭ تېخى تاماملانمىغانلىقىنى ۋە يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ، پەن دۇنيانىڭ ھەقىقىي رەسىمىنى ئەمەس، ھەقىقەتكە ماس كېلىدىغان رەسىملەرنىلا سۈرەتلەپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ رەسىملەرنىڭ ھەقىقەتەن بىر تەرىپى كەم.

بۇ كەملىك سەۋەبىدىن پەننىڭ ھايات ۋە ئىنساننىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتى ھەققىدە توغرا ۋە ئەتراپلىق ئىزاھات بېرىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئەھۋال پەننىڭ پۈتكۈل ئېپادىلىرىدە كۆرۈلىدۇ. پەننىڭ رادىكال ئانالىزى نەتىجىسىدە ھايات جانسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئىنسان ئىنسانىيلىقتىن مەھرۇم بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. سەنئەت، بىلىم تەرىپىدىن تاشقى دۇنيانىڭ بىر قىسمى ۋە مەھسۇلاتى سۈپىتىدە كۆرۈلگەن ئىنساننى تەبىئەتتىن تامامەن پەرقلىق ۋە تەبىئەتكە يات بىر نەرسە سۈپىتىدە كۆرىدۇ.

سەنئەت بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن، ئىنساننىڭ تەبىئەتكە ياتلىقىنىڭ تارىخىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەن بىلەن سەنئەت ئىنساننىڭ مەنبەسى ۋە تەبىئەت ھەققىدە توقۇنۇش ۋە زىددىيەت ئىچىدە بولىدۇ. پەن سان - ساناقسىز ۋەقە - ھادىسە ۋە مەلۇماتلارغا، ئىنساننىڭ ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىگە ئىلمىي ئاساس بولغان تاش قاتمىلارغا مەركەزلىشىدۇ. سەنئەت بولسا ئىنساننىڭ غايىبتىن كەلگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنسان قەلبى رەت قىلالمايدىغان شاھىتلارغا مەركەزلىشىدۇ. پەن دارۋىن ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر بىرلەشمە ئىدىيەسىنى، سەنئەت مايكىل ئېنگېلو ۋە ئۇنىڭ شىستىنە چېركاۋىدىكى نەپىس ئەسىرىنى كۆككە كۆتۈرىدۇ.[1]

(1) ئەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ھەر دائىم ئاتېئىزمغا باغلىنىشلىق بولۇپ كەلدى. تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە يوق بولۇشى ھەققىدىكى

شۇڭلاشقا، دارۋىن بىلەن مايكىل ئېنگېلونىڭ ئىنسان ھەققىدىكى بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق قارىشى، ئىنساننىڭ مەنبەسى ھەققىدە بىر - بىرىگە زىت ۋە بىر - بىرى ئۈستىدىن مەڭگۈ غالىب كېلەلمەيدىغان ئىككى ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇلاردىن بىرسى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان سان - ساناقسىز پاكىتقا تايانغان بولسا، يەنە بىرى پۈتكۈل ئىنساننىڭ قەلبىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇيەردە ئىنسان ھەققىدە بىر بىرىگە زىت ئىككى ھەقىقەت تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسان ھەققىدىكى زىت قاراش، ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن ئىدىيە سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئىنسان بەدىنىنىڭ (يەنى بىيولوگىيەلىك جانلىق نۇقتىسىدىن ئىنسان) ھايۋانىي ماھىيىتى، ھەتتا ھايۋانىي مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلار، دارۋىن ۋە لاماركتىن ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلەر ئىلگىرى دىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دىن پەندىن ئىلگىرى ئىنساننىڭ ئىچىدە ھايۋان بارلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يەردىكى پەرق پەقەت بۇ قاراشنىڭ تەسىر قىلىش دائىرىسىدە گەۋدىلىنىدۇ. پەنگە نىسبەتەن ئىنسان ئەقىللىك بىر ھايۋاندۇر، دىنغا نىسبەتەن ئىنسان ئىززەت - ئابرۇيلۇق ۋە شەرەپلىك بىر ھايۋاندۇر. ئىنسان پەن ئەھلىلىرى ئېيتقىنىدەك، كونكرېت ۋە ماددىي ئىنسان بولۇشتىن كۆپ يىراق. ئۇلار ھەر قايسى پەنلەردىكى مېتود بويىچە كۆرستىلگەن رەسىملەردىن تەشكىل تاپقان سىخېمىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئىنسان ئوخشاش ۋاقىتتا ھەم ئاناتومىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئېيتقىنىدەك ئۆلۈك بولايدۇ، ھەم پسىخولوگلار تەتقىقات قىلىۋاتقان پسىخولوگىيەدىكى مەنۋىيەت بولالايدۇ. ھەر ئىنسان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا كىشىلىك خاراكتېرى ۋە ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە. ئىنسان بەدەندىكى توقۇلمىلاردىن تەشكىل تاپقان خىمىيەۋى ماددا ۋە ئورگانىك قانۇنىيەتلىرى فىزىئولوگلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان ئورتاق جانلىق بولۇش بىلەن بىرگە، سەھىيە مۇتەخەسسىسلىرى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تەرەققىياتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقارماقچى بولغان توقۇلما بىلەن ئىدراكتىن ئىبارەت بولغان نەرسىدۇر. ئىنسان، قۇلى بولغان نەرسىلەرنىڭ داۋاملىششى ئۈچۈن ئىستېمال بۇيۇملىرىنى توختىماي ئىستېمال قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىقتىسادى ھايۋان. بىراق، ئىنسان يەنە شائىر، قەھرىمان ۋە ئەۋلىيا بولالايدۇ. ئىنسان پەن ئىزاھلىغاندەك بولماستىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىرادە، تەپەككۇر ۋە تىرىشچانلىقلىرىنىڭ

تۈنجى قاراشلارنى رىم يازغۇچىسى ۋە شائىرى لۇكرېز ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لۇكرېز ئاتېئىزملىق ۋە ھىندۇئىست قاراشلىرى بىلەن تونۇلغان.

مۇجەسسەملەنگەن مىسالى.» (ئالېكسىس كاررېل).

«ئىنسان» ئۇقۇمى ئادەمنىڭ كاللىسىدا بىر - بىرىگە زىت ئىككى مەنا پەيدا قىلىدۇ. «ئادەم تۇرساق» دېگەنلىك، بىز گۇناھ ئۆتكۈزىمىز، ئاجىز، نەپسىمىز بار دېگەنلىكتۇر. «ئادەم بولايلى» دېگەنلىك، بىزنىڭ ئېزىز ۋە شەرەپلىك ئىكەنلىكىمىزگە، بەزى ۋەزىپىلىرىمىز ۋە نىشانلىرىمىزنىڭ بارلىقىغا، شەخسىيەتچى بولماسلىقىمىزغا، ئادەمدەك ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان چاقىرىقتۇر. ئىسا ئەلەيھىسسالام «سەن ئىنسانىي تەرىپىڭنىلا ئويلايسەن» دەپ پېترۇسقا كايىپ، ئىنسانىي خۇسۇسلارنىڭ ئورنىغا ئىلاھىي خۇسۇسلارنى تەكىتلەيتتى. گۇمانىزم(humanisim)،[1] ئىنسان سۆزىدىن تۆرەلگەن بولۇپ، ئەخلاقىي خۇسۇسلارغا ئىشارەت قىلىدۇ. «ئىنسان»غا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئىككى خىل مەنىسى، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ دۇئالىزملىق خۇسۇسىيەتكە (ئىككى تەرەپلىككە) ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دۇئالىزمنىڭ بىر تەرىپى «دۇنيالىق» بولسا، يەنە بىر تەرىپى «ئاخىرەتلىك» تۇر.

ماتېرىيالىستلار ئىنساننىڭ روھىنى ئىنكار قىلىپ ماددىي تەرىپىگە يەنى تاشقى تەرىپىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەسىلىلەرگە مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنى مۇشۇنىڭ ئاساسىغا قۇرىدۇ. ئۇلارچە قول نوقۇل ئەمگەك ئۈچۈن بىر ئورگان بولماستىن، يەنە ئۇنىڭ مەھسۇلاتى. ئىنسان ئەمگەك قىلىش ئارقىلىقلا يېڭى ئىشلارغا كۆنىدۇ. ئىنسان مۇسكۇللىرى ۋە سۆڭەكلىرىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىرسىيلىققا ئىگە بولىدۇ. يېڭى ۋە مۇرەككەپ ئىشلارنى قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ئىنسان قولى، رافائىلنىڭ رەسىملىرى، تورۋالدسېننىڭ ھەيكەللىرى ۋە پاگانىننىڭ مۇزىكىسىنى

(1) فىرانسۇزچە: Humanisme، ئىنسان مەركەزلىك دېگەن مەنىگە كېلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇرچىدە ئىرچىل خاتا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. يۇنان سوفىزمچىلىرى، يېڭى ھۇمانىزمچىلار ۋە مەۋجۇدىيەتچىلەر ئىنسانىنى مەۋجۇتلۇق ئالىمدە يەككە يېگانە ئارال سۈپىتىدە كۆرۈشىدۇ. مەۋجۇدىيەتچىلەر ۋە كامۇس تەلىماتلىرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، تەڭرى ۋە غايىب دۇنيا رەت قىلىنىدۇ. مەركۇر ئىدىيە لوكرېكىي ئىدىيەسىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئىدىيەدە تەڭرى، تەڭرىلەر ۋە مېتافىزىكا ئىدىيەسى بار، لېكىن بۇلارنىڭ تەقدىرىمىزگە نىسبەتەن ھېچقانداق رولى يوقلۇقى تەكىتلىنىدۇ. بىز ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ياشايمىز، شۇڭا مۇستەقىل ھالدا ئۆز تۇرمۇشىمىز ۋە ھاياتىمىزدىنلا مەسئۇل بولىمىز. لوكرېكىي يەنە مۇنداق دەيدۇ: تەڭرىلەر مەۋجۇت، بىراق مەشۇقلىرى، نەپرەتلىرى، ئىنتىقاملىرى ۋە ئۇرۇشلىرى بىلەن بەند بولىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئىشىغا پەقەتلا چات كىرىۋالمايدۇ. بۇ دۇنيا قارىشىمۇ شىرىك قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ مەۋجۇتلۇقنى ئاساس قىلىدىغان دۇئالىزم بولۇپ تەڭرىگە، كىتابلارغا ئىشىنىدۇ. ئالەمدە ئاڭ ۋە نىشانىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىشىدۇ. بىراق ئالەم بىر - بىرى بىلەن چېتىشلىقى بولمىغان بىر قاتار زىتلىق ئىچىدىكى كۈچنىڭ، زاتنىڭ، يولىيۇرۇقنىڭ، نىشان ۋە ھەرىكەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ئىنسان دۇنيادا غەيرى بىر مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە قارىلىدۇ. تەبىئەتتە ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان، بوران - چاپقۇنلۇق بىر ئوكياندا نىشانسىز كىرىۋاتقان بىر جانلىق سۈپىتىدە قارىلىدۇ.(ئەلى شەرىئاتى - تەرجىماندىن)

روياپقا چىقىرالايدىغان مۇكەممەل قابىلىيەتكە ئىگە بولالىغان (ئېنگىلس، «ئىنساننىڭ تەرەققىياتىدا ئەمگەكنىڭ رولى»).

ئېنگىلسنىڭ ئىنسان ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى ئىنسانىي (مەنىۋى) تەرەققىياتقا ئەمەس، بىيولوگىيەلىك تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك. ئەسلىدە رەسىم سىزىش تېخنىكىلىق بىر ھادىسە بولماستىن، مەنىۋى بىر ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. رافېل رەسىملىرىنى قولى بىلەن ئەمەس، روھىي بىلەن ۋۇجۇدقا چىقارغان. بېتخوۋېن ئەڭ نادىر ۋە ئېسىل ئىجادىيەتلىرىنى ئاساسەن دېگۇدەك گاس ۋاقتىدا روياپقا چىقارغان. ئىنساننىڭ بىيولوگىيەلىك تەرەققىياتى مەڭگۈ داۋاملاشقان تەقدىرمۇ، ئۇچىنچى بىر ئامىل بولماي تۇرۇپ قولنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر نەرسە روياپقا چىقىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا بىر ئاز بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان رافائىلنىڭ رەسىملىرىگە ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تارىختىن ئىلگىرىكى چۆل ئۆڭكۈرلىرىدىكى رەسىملەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىيلىرىگىمۇ ئېرىشكىلى بولمايتتى. بۇ نۇقتىدا بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق ئىككى يۆنىلىش ياكى ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر - بىرىگە زىت ئىككى تەرىپى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىنسان نوقۇل بىيولوگىيەلىك مەخلۇق ئەمەس، بۇ خۇددى سەنئەت ئەسرى بولغان رەسىمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا ئىشلىتىلگەن مۇئەييەن مىقداردىكى بوياق ياكى بىر ناخشىنىڭ تېكىستتىن ئىبارەت ئەمەسلىكىگە ئوخشايدۇ... بىر جامە نۇرغۇن تاش، چىنە خىش، ياغاچ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. بۇ توغرا، ئەلۋەتتە. بىراق، جامە ھەقىقىدىكى ھەقىقەت بۇ ئەمەس. جامە ئۇقۇمى جامەنىڭ سېلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار بىلەنلا ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، بىر جامە بىلەن بىر كەپە ئوتتۇرىسىدا پەرق بولماي قالاتتى. گىئوتىنىڭ شېئىرىنى گىرامماتىكا، تىل ياكى ئىملا نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق، يەنىلا يۇقىرى باھا بەرگىلى بولىدۇ. بۇ بىر تىلنىڭ لېكسىكىسى بىلەن بۇ تىلدا يېزىلغان شېئىر ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ... شېئىرنىڭ مەنىسى ۋە چۈشىنىش تەس بولغان ماھىيىتى بار. ئوخشاش شەكىلدە تاش قاتىملار، ئانتروپولوگىيە، مورفولوگىيە، فىزىيولوگىيە ئىنسان ھەققىدە توختالمايدۇ. يەنى بۇ ئىلىملەر ئىنساننىڭ تاشقى، تاسادىپىي، مېخانىكىلىق ۋە مەنىدىن مەھرۇم تەرىپى نەزەرگە ئېلىنغان ئەھۋالدا ئىنسان ھەققىدە توختالمايدۇ... بۇ مىسالدا رەسىم، مەبۇد، شېئىر قانداق مەنە بىلدۈرسە ، ئىنسانمۇ ئوخشاش مەنا بىلدۈرىدۇ. ئىنسان پۈتكۈل بىلىملەر تەكشۈرلىگەندىنمۇ مۇرەككەپ بىر جانلىقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئارگىنال ئىدېئالىزم

## 1

تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدە، ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ ئاز تەرەققىي قىلغان ئىنسان تىپى بىلەن ئەڭ تەرەققىي قىلغان ھايۋان ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلىدۇ. تەرەققىياتنىڭ بۇ ئىككى ھالقىسىنى سېلىشتۇرغان ۋاقتىمىزدا، بۇ يەردە ھەل قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر پەرقنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. بىر تەرەپتە ئۇزۇقلۇق ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن، ھايات كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرغان ياكى بىر - بىرىنى يەپ ھايات كەچۈرىدىغان ھايۋانلار توپىنى، يەنە بىر تەرەپتە، بەلكى ئوخشاش ئورمانلىقتا ھەر خىل ئېتىقادلار ئالدىدا گاڭگىراپ يۈرگەن ياكى سىرلىق ئويۇنلار ۋە سىمۋوللۇق نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئىپتىدائىي ئىنسان توپىنى كۆرىمىز. بۇ يەردە بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق ئىككى جانلىق بار. بۇ ئىككى جانلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك ئاز ئەمەس. ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق پىرىنسىپى پايدىلىق بولغانلىقىغا تايىنىدۇ. ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ پىرىنسىپى ئۇنداق ئەمەس. ھايۋان تەبىئىي، ئىنسان بولسا تەبىئەتتىن ھالقىغان، غەيرى ئەقىل، چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ھەتتا ئەقلىي جەھەتتىن مۇمكىن بولمايدىغان بىر جانلىقتۇر. بۇنداق بولمىسا، ئۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئىنسان سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئىنسان دۇنيانىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشىگە، ماھىيەتسىز مېخانىزمىغا قانچىلىك قارشى چىقالىسا شۇنچىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. بىز مۇنداق دېسەك مۇۋاپىق بولىدۇ: ئىنسان تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ، لېكىن بۇ پەقەت ئۇنىڭ تاشقى ۋە پانى تارىخىدۇر. ئىنسان يارىتىلغان جانلىق بولۇپ، مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھايۋان ئەمەسلىكىنى ئىدراك قىلىپ، ئىچىدىكى ھايۋانىي ئۇنسۇرنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ھاياتنىڭ مەنىسىنى تاپقان. ئەگەر ئىنسان تەبىئەتنىڭ مەھسۇلاتى بولسا ئىنساننىڭ بىردىنلا تەبىئەتكە قارشى چىقىپ ئۇنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئالايلۇق، ھايۋان ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان ئىدراكى ۋە ئەقلىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزسەك، شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، ئىنسان ئېھتىياجلىرى سان ۋە مىقدار جەھەتتىن تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ، خالاس. بۇلارنىڭ ھېچبىرى نە ئازايمايدۇ نە يوق بولمايدۇ. ئېھتىياجلارنى جەمئىيەت

تۈزۈلمىسى قانچە پىلانلىق، ھېسابلىق، تەشكىللىك ۋە ئىنتىزامچان بولسا شۇنچە كۆپ قامدىغىلى بولىدۇ. ئىپتىدائىي باسقۇچلاردا تاسادىپىيلىققا باغلىق بۇ ئەھۋال مەدەنىي جەمئىيەتلەردە ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان پىلانلىق ئىقتىسادقا ئايلىنىدۇ. بۇنداق بىر جەمئىيەتتە ھاياتنىڭ زوقلىرىغا پىسەنت قىلماسلىق، ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىش، «باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى»ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىش ياكى تۇرمۇشنىڭ رېتىمنى پەسەيتىش قاتارلىقلارنى ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

ھايۋانىنىڭمۇ نەپسى بار بولۇپ، بۇلار مەقسەتكە مۇۋاپىقلىق ۋە پايدىلىق پىرىنسىپىغا ناھايىتى ياخشى مىسال بولالايدۇ. ئىنسان بولسا پايدىنى كۆزلىمەيدىغان ئەخلاق ئىگىسىدۇر. ھايۋانلاردا ئىنتايىن سەزگۈر ۋاقىت ھېسى بار. ھايۋانلار نۇرغۇن جەھەتتە ئىنساندىن تېز ھەرىكەت قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ بىيولوگىيەلىك سائىتى ئاساسەن توغرا ماڭىدۇ. قارىغوجىلار كۈن پېتىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى يېيىشنى توختىتىدۇ. قىسقۇچپاقىلار دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈشتىن بىر نەچچە مىنۇت ئىلگىرى ئۇۋۇلىرىغا قايتىپ كېتىشىدۇ ۋە كاتەك ئېغىزلىرىنى لاي - لاتقىلار بىلەن ئېتىشىدۇ. ھەرىلەر ئىنتايىن تەشكىللىك ھالدا ئىش قىلىدۇ. گۈل - چېچەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەرىلەرگە لازىم بولغان ھەسەلنى بەرمەستىن، بىر كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقىتلىرىدا بېرىدۇ. ھەرىلەرمۇ ھەسەلنى ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىتتا يىغىدۇ. ھەرىلەر زېمىندىكى ھەر خىل ئىشارەتلەردىن پايدىلىنىپ قۇياشنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن يۆنىلىش بېكىتىدۇ. بۇلۇتلۇق ھاۋالاردا بولسا قۇتۇپلاشقان نۇر تۇرتكىسىدە ئېلىپ بارىدۇ. ھايۋانلارنىڭ بۇ قابىلىيەتلىرى «بۇ دۇنيا»غا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تۇرلەرنىڭ ھايات - ماماتلىق كۈرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئەخلاقىي پىرىنسىپلار (ھەم ئىپتىدائىي ھەمدە مەدەنىي جەمئىيەتلەردە) جانلىقلار بىر - بىرىگە مەجبۇرىي تاڭغان ئومۇمىي رىقابەتتە ئىنساننىڭ پائالىيەتلىرىنى ئازايتىدۇ. ئەخلاقىي چەكلىملەرگە بېقىندى بولغان ئىنسان، ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە رىقابەت ئىچىدىكى تۇرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئەقلىي ۋە ئىدراكى تۇرتكىسىدە مەۋجۇتلۇقنى مۇھاپىزەت قىلالايدۇ. ئەمدى، ئوخشاش ئەقىل ۋە ئىدراك تۇرتكىسىدە لېكىن «ئەخلاقىي ھۆكۈملەر» بىلەن ھايۋان تۇرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. بۇنداق بىر جانلىق تۇرى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوق بولىدۇ. ئىنسان، ئەخلاققا قەرزدار بولغان بۇ «قۇۋۋەت كەمچىلىكى»نى، ئىدراكى ۋە ئەقلىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پاراللېل بولغان باشقا قابىلىيەتلىرى بىلەن تولۇقلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىدراك ئىنساننى ئەمەس زوئولوگىيەلىك ھادىسىدۇر.

ھايۋان ئىدراكىغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەر تىزىسى ئۈستىدە بىر ئاز توختىلايلى. ھايۋان ئىدراكىنى ئىزاھلاشتا ھايۋاننىڭ تەقلىد ئالاھىدىلىكىدىن باشقا خۇسۇسلارمۇ بار. ھايۋانلار قوپال بىر سايمان ياسايدۇ ياكى ئىنسان ياسىغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىدۇ. ئىدراك جەھەتتىن ئىنساندىن كېيىنلا تۇرىدىغان مايمۇن ۋە پىلغا ئوخشاش ھايۋانلار مۇئەييەن ئەھۋاللاردا بەزى نەرسىلەردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە. بۇلاردىن كېيىن تۇرىدىغان تۈلكە بولسا، تۇزاقنى دەرھال بىلەلەيدۇ...» (ھ. بېرگسون «ئىجادچى تەدرىجىي تەرەققىيات»).

شىمپەنزە بانان چۈشۈرۈش ئۈچۈن تاياق ئىشلىتىدۇ. ئېيىق بولسا تاشتىن پايدىلىنىدۇ. ھەرە، غاز ۋە مايمۇنلاردا «گەپ قىلىش» ياكى دوراش ئۇسۇللىرى بىلەن مەلۇمات ئالماشتۇرىدىغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىيال يىغىلغان (نېمىس پەيلاسوپ فرىش، پىروفېسسور لورېنىز ۋە رۇس پەيلاسوپ ن زىنكىننىڭ تەتقىقاتلىرى). نىيۇيورك ھايۋاناتلار باغچىسى مۇدىرى دوكتور بىلىر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدراكى ۋە ماسلىشىش قابىلىيىتى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنالايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنۇ خۇلاسىگە كېلىدۇ: پۈتۈن ھايۋانلار ئىدراكى ۋە ئويلاش قابىلىيىتىگە ئىگە.»

تىل ئىنساننىڭ مەنىۋى تەرىپىگە ئەمەس، تەبىئىي ۋە زوئولوگىيەلىك تەرىپىگە تەئەللۇق. بۇلارنىڭ تېگىنى ھايۋاناتلار دۇنياسىدا ئۇچرىتىمىز. مۇزىكا ۋە سەنئەتنىڭ ئەكسىچە تىلنى ئىلمىي تەتقىقاتلار، ھەتتا ماتېماتىكا مېتودلىرىنىڭ تەتبىقلىرى بىلەن ئىزاھلاشقا بولىدۇ. بۇ ئەھۋال تىلغا پەن تۈسىنى بېرىدۇ. پەننىڭ ئوبيېكتى پەقەت تاشقى ۋە ئوبيېكتىپ نەرسىلەردۇر. تەبىئەت بىلەن ئىدراك، ئىدراك بىلەن تىل ئوتتۇرىسىدا روشەن ئوخشاشلىق مەۋجۇت. ماددا بىلەن ئىدراك بىر - بىرىنى قانداق ياراتقان بولسا، ئىدراك بىلەن تىلمۇ ئوخشاشلا بىر - بىرىنى يارىتىدۇ. ھازىرمۇ بۇ شۇنداق. «تىل مېڭىنىڭ قولى»، «مېڭىنىڭ رولى بولسا مەنىۋى ھاياتىمىزنى رېئاللىقتىكى پايدىلىق نەرسىلەرگە پىدا قىلىشتىن ئىبارەت» (بېرگسون).

ئىنساننىڭ بىر تەرىپى ھايۋاناتلار دۇنياسىغا باغلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تارىختىن ئىلگىرى ئىنساننىڭ ھاياتىدا مەۋجۇت بولغىنىغا ئوخشاش، مەدەنىي

ئىنسان ھاياتىدىمۇ مەۋجۇت بولغان دىن، سېھىرگەرلىك، ئويۇنلار، پېرىخۇنلار، پەرھىز قاتارلىقلارنىڭ ئىزلىرىنى ھايۋاناتلاردا دۇنياسىدا ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. ھايۋانلارنىڭ ھاياتىنى، غەلىتە ئويۇنلار ۋە سېھىرگەرلەر تەرىپىدىن پائالىيەتلىرى چەكلەنگەن ۋە چۈشىنىكسىز ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلەر سەۋەبىدىن ھاياتىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن ئىپتىدائىي ئىنسان بىلەن سېلىشتۇرساق، ئىنتايىن ئەمەلىي ۋە قانۇنىيەتلەرگە مۇۋاپىق بىر مەنزىرىنى ئۇچرىتىمىز. ھايۋان ئوۋغا چىققاندا مەنتىقىلىق ۋە سەگەكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. مايمۇن، قۇندۇز ياكى مۈشۈكلەرنىڭ ھاياتىنى مەزمۇن قىلغان ئەدەبىياتتا، ھايۋانلارنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى دىنلاردا گەپ قىلماي جىم بولۇۋېلىشنى روزا ئىبادىتىدىن بولۇپ ھېسابلىنىشنى بۇنىڭغا مەنپىي ئىسپات سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بەزى خىرىستىيان تەرىقەتلىرىدە گەپ قىلماسلىقمۇ مۇشۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. تاماق يېمەسلىكمۇ ئوخشاش.

قۇرئانى كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر).» (ئەنئام سۈرىسى: 38 - ئايەت)، قۇرئانى كەرىمدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئايەت ئۇچرايدۇ. بۇ ئايەتلەردە، ھايۋاندىكى قابىلىيەتلەردىن ۋاز كېچىش ياكى ئىنساندىلا قابىلىيەت بارلىقىغا ئىشارەت قىلىنمايدۇ. ئەڭ تەرەققىي قىلغان قوش قاناتلىقلار بولغان ھەرىلەرنىڭ تەشكىللىك ھاياتىدا ئاجىز ئورۇندىكى ئىشچى ھەرە ياكى ياشانغان خانىش ھەرە رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. بۇلار كۆزنەكتىن ھەيدىلىدۇ. ئىنتىزام ۋە كوللېكتىپ ھاياتنى قوغداش قىلىش ئۈچۈن تەكپۇڭلۇقى ئارقىلىق ئاجىزلارنى قوغداش، ياشاش ھوقۇقى، تەقدىرلەش، مىننەتدارلىق، باشقىلارنى ئويلاش قاتارلىق گۇمانىزمنىڭ قىممەت ئۆلچەملىرىنى مۇجەسسەم قىلغان ھايات شەكلىنى ھەرىدىن باشقا جانلىقلاردا ئۇچرىتىش ھەقىقەتەن تەس.

تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە كونكرېت نىشانغا (تۆرىنىڭ داۋاملىششىغا) يۈزلىنىدىغان ھايۋانلارنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئۇنداقتا ئىپتىدائىي ئىنسان قانداق قىلىدۇ: «ئوۋغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئوۋچىلار ۋە ئائىلىلىرى ئىبادەت قىلاتتى، ئۇسۇل ئوينىشاتتى، پال ئاچقۇزاتتى، سېھىر قىلاتتى. ئەرلەر ئوۋغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاراللېل بولغان باشقا قابىلىيەتلىرى بىلەن تولۇقلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىدراك ئىنسانىي ئەمەس زوئولوگىيەلىك ھادىسىدۇر.

ھايۋان ئىدراكىغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەر تىزىسى ئۈستىدە بىر ئاز توختىلايلى. ھايۋان ئىدراكىنى ئىزاھلاشتا ھايۋاننىڭ تەقلىد ئالاھىدىلىكىدىن باشقا خۇسۇسلارمۇ بار. ھايۋانلار قوپال بىر سايمان ياسايدۇ ياكى ئىنسان ياسىغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىدۇ. ئىدراك جەھەتتىن ئىنساندىن كېيىنلا تۇرىدىغان مايمۇن ۋە پىلغا ئوخشاش ھايۋانلار مۇئەييەن ئەھۋاللاردا بەزى نەرسىلەردىن قانداق پايدىلىنىشى بىلەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە. بۇلاردىن كېيىن تۇرىدىغان تۈلكە بولسا، تۇزاقنى دەرھال بىلەلەيدۇ...» (ھ. بېرگسون «ئىجادچى تەدرىجىي تەرەققىيات»).

شىمپەنزە بانان چۈشۈرۈش ئۈچۈن تاياق ئىشلىتىدۇ. ئېيىق بولسا تاشتىن پايدىلىنىدۇ. ھەرە، غاز ۋە مايمۇنلاردا «گەپ قىلىش» ياكى دوراش ئۇسۇللىرى بىلەن مەلۇمات ئالماشتۇرىدىغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىيال يىغىلغان (نېمىس پەيلاسوپ فرىش، پىروفېسسور لورېنىز ۋە رۇس پەيلاسوپ ن زىنكىننىڭ تەتقىقاتلىرى). نىيۇيورك ھايۋاناتلار باغچىسى مۇدىرى دوكتور بىلىر ئۆزىنىڭ يىللاردىن بۇيان ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدراكى ۋە ماسلىشىش قابىلىيىتى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنالايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنۇ خۇلاسىگە كېلىدۇ: پۈتۈن ھايۋانلار ئىدراكى ۋە ئويلاش قابىلىيىتىگە ئىگە.»

تىل ئىنساننىڭ مەنىۋى تەرىپىگە ئەمەس، تەبىئىي ۋە زوئولوگىيەلىك تەرىپىگە تەئەللۇق. بۇلارنىڭ تېگىنى ھايۋاناتلار دۇنياسىدا ئۇچرىتىمىز. مۇزىكا ۋە سەنئەتنىڭ ئەكسىچە تىلنى ئىلمىي تەتقىقاتلار، ھەتتا ماتېماتىكا مېتودلىرىنىڭ تەتبىقلىرى بىلەن ئىزاھلاشقا بولىدۇ. بۇ ئەھۋال تىلغا پەن تۈسىنى بېرىدۇ. پەننىڭ ئوبيېكتى پەقەت تاشقى ۋە ئوبيېكتىپ نەرسىلەردۇر. تەبىئەت بىلەن ئىدراك، ئىدراك بىلەن تىل ئوتتۇرىسىدا روشەن ئوخشاشلىق مەۋجۇت. ماددا بىلەن ئىدراك بىر - بىرىنى قانداق ياراتقان بولسا، ئىدراك بىلەن تىلمۇ ئوخشاشلا بىر - بىرىنى يارىتىدۇ. ھازىرمۇ بۇ شۇنداق. «تىل مېڭىنىڭ قولى»، «مېڭىنىڭ رولى بولسا مەنىۋى ھاياتىمىزنى رېئاللىقتىكى پايدىلىق نەرسىلەرگە پىدا قىلىشتىن ئىبارەت» (بېرگسون).

ئىنساننىڭ بىر تەرىپى ھايۋاناتلار دۇنياسىغا باغلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تارىختىن ئىلگىرى ئىنساننىڭ ھاياتىدا مەۋجۇت بولغىنىغا ئوخشاش، مەدەنىي

ئىنسان ھاياتىدىمۇ مەۋجۇت بولغان دىن، سىھىرگەرلىك، ئويۇنلار، پىرىخونلار، پەرھىز قاتارلىقلارنىڭ ئىزلىرىنى ھايۋاناتلاردا دۇنياسىدا ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. ھايۋانلارنىڭ ھاياتىنى، غەلىتە ئويۇنلار ۋە سىھىرگەرلەر تەرىپىدىن پائالىيەتلىرى چەكلەنگەن ۋە چۈشىنىكسىز ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلەر سەۋەبىدىن ھاياتىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن ئىپتىدائىي ئىنسان بىلەن سېلىشتۇرساق، ئىنتايىن ئەمەلىي ۋە قانۇنىيەتلەرگە مۇۋاپىق بىر مەنزىرىنى ئۇچرىتىمىز. ھايۋان ئوۋغا چىققاندا مەنتىقلىق ۋە سەگەكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. مايمۇن، قۇندۇز ياكى مۈشۈكلەرنىڭ ھاياتىنى مەزمۇن قىلغان ئەدەبىياتتا، ھايۋانلارنىڭ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى دىنلاردا گەپ قىلماي جىم بولۇۋېلىشنى روزا ئىبادىتىدىن بولۇپ ھېسابلىنىشنى بۇنىڭغا مەنپىي ئىسپات سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بەزى خىرىستىيان تەرىقەتلىرىدە گەپ قىلماسلىقمۇ مۇشۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. تاماق يېمەسلىكمۇ ئوخشاش.

قۇرئانى كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر).» (ئەنئام سۈرىسى: 38 - ئايەت)، قۇرئانى كەرىمدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئايەت ئۇچرايدۇ. بۇ ئايەتلەردە، ھايۋاندىكى قابىلىيەتلەردىن ۋاز كېچىش ياكى ئىنساندىلا قابىلىيەت بارلىقىغا ئىشارەت قىلىنمايدۇ. ئەڭ تەرەققىي قىلغان قوش قاناتلىقلار بولغان ھەرىلەرنىڭ تەشكىللىك ھاياتىدا ئاجىز ئورۇندىكى ئىشچى ھەرە ياكى ياشانغان خانىش ھەرە رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. بۇلار كۆزنەكتىن ھەيدىلىدۇ. ئىنتىزام ۋە كوللېكتىپ ھاياتنى قوغداش قىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈلۈكى ئارقىلىق ئاجىزلارنى قوغداش، ياشاش ھوقۇقى، تەقدىرلەش، مىننەتدارلىق، باشقىلارنى ئويلاش قاتارلىق گۇمانىزمنىڭ قىممەت ئۆلچەملىرىنى مۇجەسسەم قىلغان ھايات شەكلىنى ھەرىدىن باشقا جانلىقلاردا ئۇچرىتىش ھەقىقەتەن تەس.

تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە كونكرېت نىشانغا (تۇرىنىڭ داۋاملىشىشىغا) يۈزلىنىدىغان ھايۋانلارنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئۇنداقتا ئىپتىدائىي ئىنسان قانداق قىلىدۇ: «ئوۋغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئوۋچىلار ۋە ئائىلىلىرى ئىبادەت قىلاتتى، ئۇسۇل ئوينىشاتتى، پال ئاچقۇزاتتى، سىھىر قىلاتتى. ئەرلەر ئوۋغا

چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاياللار يەنە ئۆيلىرىدە ئىبادەت قىلاتتى. ئاياللار كۆڭۈل قويۇپ ئىبادەت قىلمىسا ئەرلىرىنىڭ ئوۋلىرى ئوڭۇشلۇق بولمايتتى، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ يېتەتتى.» (لۇكېيىن ھېنرى، «دىنىنىڭ مەنبەسى»)

شەيئىلەر ھايۋانغا نىسبەتەن ئۆزگەرمەستۇر. ھالبۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى يارىتىپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەسلىدىكىدىنمۇ ئاشۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ھايۋانلار ناھايىتى ئۇستا ئوۋچىدۇر. ۋەھشىي ئىنسانمۇ مۇشۇنداق بولۇپ، بۇ نۇقتىدا ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق يوق. ئىپتىدائىي ئىنسان ھېرىپ چارچاشنى بىلمەيدىغان ئىجادىيەتچى بولۇش بىلەن بىرگە، ئەپسانە، خۇراپات، ئويۇن ۋە بۇتلارنى «پەيدا قىلغۇچىلار» ئىدى. ئىنسان ھەقىقىي ياكى خىيالى بولسۇن دائىم يەنە بىر دۇنيا تەمەسىدە بولۇپ كەلگەن. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئوۋغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئوۋلىماقچى بولغان ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقاتتى. بۇ ئىشنىڭ ئوۋنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تەسىر قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى (ئوۋ سېھرى). ئىپتىدائىي ئىنسان ئوڭۇشلۇق ئوۋ قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ رەسىم سىزغان بولسا، ھايۋانلار پۈتۈن دىققىتىنى ئوزۇق - تۈلۈك ئىزدەشكە بەرگەن. ياش ئوۋچىلارنىڭ رەسمىي ئوۋچى بولۇشى ئۈچۈن دىنى تۈسى قويۇق بولغان مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلەتتى (ھۇبېرت ۋە ماۋسىنىڭ قارىشىچە). بۇنداق ئەھۋالدا ئۈچ خىل دىنى مۇراسىملار ئېلىپ بېرىلاتتى: پاكلاش، تەقدىرلەش ۋە قوبۇل قىلىش. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ دىنى مۇراسىملارنىڭ ئوۋچىلىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، بۇلار بولماي تۇرۇپمۇ ئوۋچىلىق قىلىشقا مۇمكىن بولاتتى. ئەمما بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى باشقا بىر نۇقتا بولۇپ دىنى مۇراسىملارنىڭ مەنىۋى تەرىپى ئىدى. بۇ دىنى مۇراسىملارنىڭ ئىنسانغا ئەمەلىي پايدىسى يوق. شۇڭا، بۇ ھادىسىلەرنى ئىقتىسادى نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن ئىزاھلاشنىڭ قەتئىي ئورنى يوق.

ج.فىرازېرا «ئالتۇن شاخ» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسىرىدە «ئىنسانلارنى قۇربان قىلىش» ئىدىيەسىنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېكىدىكى «ھۆكۈمران» ئىدىيەسى بىلەن بىرلەشكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ھ.گ ۋېللېسمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ لوگىكىلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئىزاھلىغىلى بولمايدىغان، باللارچە، خىيالىي ۋە چۆچەكلەرنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. ئون مىڭ يىل ئىلگىرى تېرىلغۇ ۋاقتى كەلگەندە ئىنسانلار قۇربان قىلىناتتى. قۇربانلىق ئۈچۈن ناچار ئادەملەر ئەمەس، بەلكى كىچىك

بالىلار تاللىناتتى. يىزا - ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھەر قانداق جەمئىيەتتە ئىنسان قۇربان قىلىناتتى.» ۋېللىس يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئوۋچىلار (مۇئەللىپ بۇ يەردە كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئىنسانغا ئىشارەت قىلىدۇ) ئىنتايىن رەھىمسىز، لېكىن جەڭگىۋار ئىدى. بىراق، ئوۋلىرىنى ئوۋلاشتا يوللۇق سەۋەبلىرى بار ئىدى. يېڭى تاش قورالالار دەۋرىدىكى ئىنسان سۆزلىشىش ۋە مۇرەككەپ چۈشەنچە تەسىرىدە، يېقىنلىرىنىمۇ ئۆلتۈرەتتى.»[1]

گ.فىلاۋبېرت «سالامبو»دا كارتاجاھلارنىڭ قۇربانلىق قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەسۋىرلەپ، بۇلارنىڭ يامغۇر مۇراسىملىرى ئەسناسىدا، مولوھ ئىسىملىك بۇتنىڭ ئوتتەك بوغۇزىغا ئۆز پەرزەنتلىرىنىمۇ ئاتىدىغانلىقلىرىنى يازىدۇ. مۇشۇنداق مەنزىرىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئىنسانلارنىڭ ھايۋان ئىكەنلىكلىرى توغرىسىدا قانائەت ھاسىل بولۇپ قالغان. لېكىن بۇ پۈتۈنلەي خاتا. چۈنكى، ھايۋانلار بۇنداق ئىشلارنى قەتئىي ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. ھايۋاناتلار دۇنياسىدا بۇنداق غەلىتە ۋە چۈشىنىكسىز ئىشلار قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ھادىسىلەر زىددىيەتلىكتەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ھادىسىلەر تىپىك «ئىنسانىي» ھادىسىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى، مىللەت ۋە شەخسلەر ھايۋانىي ئىستەكلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەس، پۈتمەس - تۈگىمەس خاتالىقلار ۋە نادانلىقنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن تىراگېدىيەدە ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئازغۇنلۇقلىرى ۋە دۇچ كەلگەن ئازاب – ئوقۇبەتلىرىدۇر.

قۇربانلىق پۈتكۈل دىنلاردا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس، قۇربانلىق ئۇ دۇنياغا تەئەللۇق بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بەزىلىرىدە قۇربانلىق شەكىللىرى ھەقىقەتەن قورقۇنۇچلۇق ئىدى. بۇ خىلدىكى قۇربانلىق، زوئولوگىيەلىك ھادىسە بىلەن ئىنسانىي دەۋرلەر ئارىسىدا كونكرېت ۋە روشەن كۆرۈلىدىغان پەرقنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، مەنپەئەت، ئېھتىياج ۋە پايدىلىق پرىنسىپىغا زىت بولغان يەنە بىر پرىنسىپنى نامايان قىلىدۇ. قۇربانلىق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىنسان دۇنياسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى نامايان قىلىدىغان پاسىلدۇر. دەرۋەقە، مەنپەئەتنىڭ ماھىيىتى زوئولوگىيەلىك بولسا، قۇرباننىڭ ماھىيىتى ئىنساندۇر. مەنپەئەت، سىياسەت ۋە سىياسىي ئىقتىسادنىڭ

(1) ھ.گ. ۋېلىس، دۇنيا تارىخى، 9 - بەت.

ئاساسلىق ئۇقۇملىرى بولغان بولسا، قۇربان دىن ۋە ئەخلاقنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇملىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھ.گ ۋېللىس مۇنداق دەيدۇ: «ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەقىلسىزلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە يېڭى تاش قوراللىرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىنسانلاردا ئۆز بەدىنى مېيىپ قىلىدىغان غەلىتە ئادەت شەكىللەنگەن. ئىنسانلار بۇرۇن، قۇلاق، بارماق ۋە چىش قاتارلىق بەدەن ئەزالىرىنى كېسىپ ئۆز - ئۆزىنى مېيىپ قىلىدىغان ۋە بۇ ئارقىلىق ھەر خىل غەلىتە خۇراپاتلىقلارنى يارىتىشقا باشلىغان ئىدى. بۇنداق ئىشنى ھېچقانداق بىر ھايۋان قىلمايدۇ.»(1)

تۈلكىنىڭ تۇزاقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇتىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشى بۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مىسال بولالايدۇ. تۈلكىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئىنتايىن مەنتىقلىق بىر ھەرىكەتتۇر. ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئۆز بەدىنىنى مېيىپ قىلىشى ھايۋانلارغا تامامەن يات بىر ئىش. بۇ مەسىلىدا تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ زىددىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ياكى تەرەققىياتنىڭ تۇيۇقسىز توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز. شۇنداقلا، تەدرىجىي تەرەققىيات تۇيۇقسىزلا ئارقىغا قايتىدۇ ۋە «غايىۋى ھايۋاننىڭ» ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىلگىرىلەشكە بىۋاستە تەھدىت سالىدۇ. مەن تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا تۇيۇقسىزلا زوئولوگىيەلىك ھادىسىنىڭ ئىنسانىي ھادىسىلەردىن ئۈستۈن بولۇپ قېلىشىنى «ۋەھشىيلىكنىڭ چېكىنىشلىكى» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم . بۇ ئەھۋال قانچىلىك غەلىتە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇ «چېكىنىشلىك» ئىنسانىي بولغان ۋە كەلگۈسىدە مەيدانغا كېلىدىغان پۈتكۈل دىن، شېئىر، پەلسەپە ۋە سەنئەتنىڭ مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدىغان يېگى بىر ماھىيەتنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھادىسە ئىنتايىن مەنىلىك بولۇپ، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ۋە چىنلىقىنى ۋە ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك غەلىتە زىددىيەتنى تەكىتلەيدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ھەقىقەتلەر بىزنى مۇنۇ خۇلاسىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىن: ھايۋانلار ماددىي تەرەققىيات ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئىمكانىيەتكە ئىگە. لېكىن،

(1) بۇنىڭدىن كېيىنكى پەرقمۇ ئوخشايدۇ. ھايۋان ئاچ ياكى بىرەر خەۋپكە يولۇققاندا، ئىنسان توق ياكى كۈچلۈك بولغاندا خەتەرلىك ھالغا كېلىدۇ. ئىززەت - ئابرۇي ۋە نومۇسنى قوغداش يولىدا سادىر قىلىنغان جىنايەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا توق ياكى كۈچلۈك ۋاقىتلاردا سادىر قىلىنىدىغان جىنايەتلەرنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ.

ئەخلاقىي چەكلىمىلەر ئاستىدا ياشايدىغان ئىنساننى ئاجىز ۋە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان نۇرغۇن چەكلىمە ۋە رىئاللىق مەۋجۇت.

## 2

ئىنساننىڭ ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا سالاھىيەتكە ئېرىشىشىگە كەتكەن ئۇزاق ۋاقىت جەريانىدا نامايان بولغان تاشقى پەرقلەر (ئۆرە مېڭىش، قولنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سۆزلەش ۋە ئىدراك) ئىنتايىن ئەھمىيەتسىز بولۇپ، ئۇنچىلىك گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى. ئوخشاش ۋاقىتتا ھەم مايمۇنغا ھەمدە ئىنسانغا ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ئۈزۈش مەقسىتىدە تاياق ئىشلەتكەن ياكى باشقىلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەزى ئاۋازلارنى چىقارغان ۋاقىتىدا ئۇنىڭ ئىنسانمۇ ياكى ھايۋانمۇ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، مەلۇم بىر ئېتىقاد ياكى بىر ئەخلاقىي چەكلىمىنىڭ مەۋجۇدىيىتى بىرەر مەسىلە ھەققىدىكى گۇماننى يوق قىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسان بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق جىسمانىي ۋە ئىدراك جەھەتتىن ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتە گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلىگە بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشىدا رادىكال تارىخىي ۋە ئىلمىي پاكىتلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىغا ئوخشاش، ئۆرە مېڭىش، قولنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاۋاز چىقىرىش تۈرتكىسىدە سۆزلەش قاتارلىقلار ئەمەس، تۇنجى ئېتىقاد، رەسىم، پەرھىز قاتارلىقلار مۇھىم رول ئوينايدۇ. 15 مىڭ يىل ئىلگىرى گۈل - چېچەكلەرگە ياكى ھايۋانلارغا زوق بىلەن قارايدىغان، ئارقىدىن ئۆڭكۈرلەرنىڭ تاملىرىغا رەسىملىرىنى سىزىپ چىققان ۋەھشىي ھايۋان ھەققىي ئىنسانغا، ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈنلا ياشايدىغان ۋە ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى ئېھتىياجلار ئىجاد قىلىپ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە بېرىلگەن زامانىۋى ئىنسان ياكى كۆككە تاقاشقان بىنالاردا ئولتۇرۇپ باشقىلاردىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرغان، ئېستېتىك زوقلاردىن ۋە ھېسسىياتلاردىن مەھرۇم ھالدا ياشايدىغان شەھەرلىك ئىنسانغا سېلىشتۇرغاندا بەكرەك يېقىن تۇرىدۇ.

ئاتكىنسون «تۇنجى قانۇن» ناملىق ئەسىرىدە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەر خىل ئىپتىدائىي چەكلىمىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. «يامانلىقلاردىن ئۇزاق تۇرۇش»، چەكلىمىلەر، چېقىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن نەزەر سېلىشقىمۇ بولمايدىغان نەرسىلەر، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە ھاياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەققەدە مەلۇماتقا ئىگە بولماقچى بولغانلارنى ھەر يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى بەند قىلىدىغان ھەر خىل ناچار، لەنەتلىك ۋە قارغىشتەگكۈر نەرسىلەرنىڭ بارلىقىغا دائىر كۆز قاراشلار مەۋجۇت. ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكلىنىڭ پۈتكۈل تەرەپلىرىدە چەكلىمىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. «مەبۇد»مۇ دەل چەكلىمىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغان. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، مەبۇد ئەخلاقىي ماھىيەتكە ئىگە ئۇقۇم ئىدى. دېمەككى، ئىنسان تەبىئەتنىڭ پەرزەنتىگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلماستىن، تەبىئەتكە يات ھالدا ھەرىكەت قىلغان. ئىنساننىڭ ئاساسلىق ھېس تۇيغۇسى قورقۇش بولۇپ، بۇ ھايۋانلاردىكى بىيولوگىيەلىك قورقۇشقا ئوخشىمايدۇ. بۇ خىلدىكى قورقۇش مەنىۋى ۋە ئەبەدىي بولۇپ، مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرلىقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. مەۋجۇتلۇق پەلسەپىسىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان نېمىس مۇتەپەككۇر ھايدېگېر قورقۇشنى «ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەبەدىي ۋە ۋاقىتتىن خالىي تەقدىرى» دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ خىلدىكى قورقۇشنىڭ ئىچىدە قىزىقىش، ھەيرانلىق، ئارامسىزلىق قاتارلىق تۇيغۇلار (بەلكى پۈتكۈل سەنئەت ۋە كۈلتۈرىمىزنىڭ تېگىدە ياتقان ھېسسىيات) مۇجەسسەملەنگەن.

چەكلىمىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە «پەس» ۋە «ئۇلۇغ»، «لەنەتلىك» ۋە «مۇقەددەس» ئۇقۇملىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىنى، ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن. ئەگەر بىز بۇ دۇنيانىڭ پەرزەنتى بولساق، ئۇنداقتا، تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلار مۇقەددەس ياكى پەس بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئۇقۇملار دۇنيانىڭ تەبىئىتىگە زىتتۇر. ئۇلار، ئەسكە ئېلىش مۇمكىن بولمىغان باشقا بىر مەنبەگە شاھىت بولغاندەك تۇرىدۇ. سەنئەت ۋە دىن تۈرتكىسىدە ئىزاھلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن تاشقى دۇنيا يەنى بۇ دۇنياغا مۇۋاپىق بولمىغان ئىنكاسلىرىمىز، بىلىمنىڭ ئىنساننى ئاساس قىلغان تەرىپىنى ئىنكار قىلىش ماھىيىتىگە ئىگە. ئىپتىدائىي ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئەتكە قارشى كۈرىشىگە نېمە ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە دىن ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن؟ نېمە ئۈچۈن ھەر يەردە دىن ئارقىلىق قىيىنچىلىقنى، بۇرۇقتۇملۇقنى، خىيالنى، قورققانلىقنى ئىپادە قىلغان؟ نېمە سەۋەبتىن «نىجادلىق» كويىدا يۈرگەن؟ نىجادلىق كويىدا يۈرگەندە زادى قايسى نەرسىلەردىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان؟ ئىنساننىڭ بۇ تەرىپى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى تېكىرقاش، مەنپەئەت بىلەن ۋىجدان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنىسى بىلەن مەنىسىزلىكى

توغرىسىدىكى تېگىرقاش قاتارلىقلار ئەقلىي ئىزاھتىن ئۆزاقتۇر.

ئەڭ تەرەققىي قىلغان ھايۋان تۈرىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇقۇملار، قىيىنچىلىقلار ياكى چەكلىمىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ چەكلىمە، لەنەت، مەبۇد ۋە سىر ئۇقۇملىرى ئىنساننىڭ ئېگىننىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىنسان قەيەردە ئوتتۇرىغا چىققان بولسا دىن ۋە سەنئەتمۇ شۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىققان. پەن دىن ۋە سەنئەتكە سېلىشتۇرغاندا، نىسبەتەن يېڭى ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان، دىن ۋە سەنئەت ھەر ۋاقىت بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. لېكىن، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ بەزى مۇھىم مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان پەندىن ئىبارەت بۇ ھادىسىگە تېگىشلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن.

ماتېرىيالىزم ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يەككە ۋە تۈز سىزىق يۆنىلىشىدە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىراق، ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە سىرلىق، چەكلىمە ۋە ئېتىقادلار بىلەن تولغانلىقىنى ھېچكىم ھېچبىر زامان قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىزاھلاپ بېرەلمىگەن. ئىنسان ئەجەبا نېمە ئۈچۈن يۇلتۇزغا، تاشقا، تاغ - دەريالارغا، قىسقىسى ھەر نەرسىگە ھايات ۋە كىملىك ئاتا قىلىش كويىدا يۈرگەن، دۇنيانى باشقىچە ئەمەس نېمە ئۈچۈن بۇ شەكىلدە كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن؟ ئەكسىچە، مەدەنىي ئىنسان نېمە ئۈچۈن ھەر نەرسىنى ئوبيېكت سۈپىتىدە كۆرۈشكە ۋە ھەر قانداق نەرسىنى ئانورگانىك ۋە مېخانىكىلىق سەۋەبلەر بىلەن ئىزاھلاشقا ئۇرۇنىدۇ؟ نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە، ئىنسانلار ئىپتىدائىيلارنىڭ «رەزىللىك ۋە نادانلىق»لارنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.

## 3

ھايۋانلاردا مۇقەددەسلىك ياكى پەرھىز ئۇقۇملىرى بولمىغىنىغا ئوخشاش (ئىنساننىڭ چۈشەنگىنىدەك مەنىدە) گۈزەللىك ئۇقۇمى ۋە ئېستېتىك زوقمۇ يوق. مايمۇنلارنىڭ بەزى رەسىملىرىگە ئاساسەن ھايۋانلاردا رەسىم سىزىش قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسسىز. روشەنكى، مايمۇنلار رەسىم سىزغان بىر ئادەمنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن دورىيالىشى مۇمكىن. بىر چاغلاردا بەزىلەر ئاتالمىش «مايمۇن سەنئىتى» بىلەن ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بازارغا سېلىپ يۈرۈشتى. بىراق، بۇنداق بىر

www.uyghurkitap.com



سەنئەت تۈرى مەۋجۇت ئەمەس[1]. بۇنىڭ ئەكسىچە، تۇنجى ھەقىقىي ئىنسانلار بولغان كىروماگنون ئىنسانلىرىنىڭ رەسىم سىزىش ۋە ئويمىچىلىق قىلالايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. رەسىملىرى ئۆڭكۈر تاملىرى، سۆڭەك ۋە مۈڭگۈزلەردە تېپىلغان. ئىسپانىيەنىڭ ئالتامىرا، فىرانسىيەنىڭ لىسكوت ئۆڭكۈرلىرىدە ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئىستېتىك ھاياجىنىڭ نەتىجىسى بولغان رەسىملەر تېپىلغان. بەزى رەسىملەرنىڭ 30مىڭ يىللىق تارىخى بارلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، ئۇكرائىنانىڭ چېرنىگېۋ شەھىرىگە يېقىن بىر جايدا غايەت زور چوڭلۇقتىكى سۆڭەكتىن ياسالغان تەخمىنەن 20 مىڭ يىللىق بىر يۈرۈش مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى تېپىپ چىققان. بىزەش كېيىنىشتىنمۇ قەدىمىي بولۇپ، گۈزەللىككە بولغان مايىللىق ئېھتىياج ۋە فۇنكسىيەدىن تېخىمۇ كۈچلۈك. بۇ ھەقىقەت قەدىمدىن تا ھازىرغىچە كېيىنىشتە تولۇق گەۋدىلىنىپ كەلمەكتە. كاستۇم بىلەن كىيىم ئوخشاش نەرسە ئەمەس. كاستۇم بىر دەۋرنىڭ ، بىر ئىنكاسىنىڭ ۋە بىر مايىللىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ھەر خىل كىيىم - كېچەكلىرى نوقۇل بىر دەۋرنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ياكى مۇھىتقىلا جاۋاب بەرمەيدۇ. كېيىنىش بەزىدە رەسىم بولسا، بەزىدە شېئىر بولۇشى مۇمكىن. ھايۋاننىڭ تۈكلىرى ياكى تېرىسى ناھايىتى گۈزەل بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ گۈزەللىك ھايۋاننىڭ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىدىن بولمىغان. بۇ گۈزەللىكنىڭ، پارلاقلىقنىڭ ۋە رەڭگىنىڭ ئاساسىدا ھەر ۋاقىت مەلۇم فۇنكسىيە مەۋجۇت. بۇنىڭدىن سىرت، روھانىي ناخشىلار ۋە ئويۇنلاردا ئېتىقاد بىلەن سەنئەتنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. تاشتىن ياسالغان تۇنجى ھەيكەل بىر بۇت ئىدى. خاتا يېتەكلەنگەن دىنى ئىلھام، ئوكيانلاردىكى ئاراللاردا، كودىۋور ساھىللىرىدا ۋە مېكسىكىدا تېپىلغان گۈزەل تاش ھەيكەللەرنىڭ ۋە نىقاپلارنىڭ روياپقا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. بۇ ئەسەرلەر دەۋرىمىزدە ساپ ۋە چىن ھېسسىياتلىق سەنئەتنىڭ نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە كۆرۈلمەكتە. ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ھەر جەھەتتىن بۇتپەرەستلىككە تەئەللۇق بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئىسلام ۋە بەزى ئەگەشكۈچىلىرى ئاز بولغان دىنلار بۇ سەنئەتكە باشقىچە قارايدۇ. قارىغاندا، سەنئەتنىڭ دىندىن كېلىپ چىققانلىقىنى ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىپتىدائىي ئەخلاق بىلەن بىرلىكتە ئوخشاش مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە ئىنساننىڭ يوقاپ كەتكەن بىر دۇنيانى تېپىشقا ئۇرۇنۇشى قاتارلىقلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن تارىختىن

(1) سوۋېت ئالىمى بۇكىم بۇ ساھەدە مۇھىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قايتىش كېرەك.

ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقلىق بولغان بۇ تەرىپى ئالبېرت جامۇسنىڭ مۇنۇ سۆزىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ: «ھايۋان تەقدىرىگە ئىسيان قىلمايدۇ، ئىنسان دەل ئەكسىچە بولۇپ ئاسىي بىر ھايۋان. يەنى ھايۋان بولۇشنى خالىمىغان بېگانە ھايۋان.» بۇ ئىسيان تىپىك ئىنسانىي ئىنكاستۇر. شۇڭا، مەنبەسى جەھەتتىن زوئولوگىيەلىك بولغان مەدەنىيەتنىڭ ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ بىر قاتار غەيرى ئىنسانىي ئۆلچەملىرىنى (ئىنتىزام، ئاۋاملاشتۇرۇش، پادىلاشتۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ شەخس ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى) جەمئىيەتكە مەجبۇرىي تاڭغان، تەرەققىي تاپقان ۋە ئىلغار جەمئىيەتلەردە ئىسيان قىلغان ئىنسانلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

## 4

جوئان ھۇيسىنگا[1] يەنە بىر ھادىسىنى بايقاپ چىققان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئويۇن. ھايۋانمۇ ئوينايدۇ، تاماشا قىلىدۇ. بىراق ئىنساننىڭ ئويۇن ئوينىشى باشقا بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىۋى رولى بار. يەنى، ئىنسان ئىچكى ئېھتىياجىنى (روھىي دۇنياسىنى) قاندۇرۇش ئۈچۈن ئويۇن ئوينايدۇ. ھايۋانلار ئوينىغان ئويۇننىڭ (مەيلى ئاشىق - مەشۇق ئويۇنلىرى بولسۇن، مەيلى بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن ئوينالغان ئويۇن بولسۇن) ئاساسىدا ھەر ۋاقىت بىيولوگىيەلىك ئامىل ياتىدۇ. يەنى بىيولوگىيەلىك رولى بار. ھايۋانلارنىڭ ئويۇنى تەبىئىي بولغاندىن سىرت، مۇئەييەن رولغا ئىگە. ئىنسانلارنىڭ بولسا ئەركىن بولۇپ، ئەمەلىي غايە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئىنسان ئاتنى ئۆزگەرتىسىدە ئويۇن ئويناشقا مايىل كېلىدۇ. ئويۇنلىرىغا مەنە بېرىشكە تىرىشىدۇ.

يەنە بىر خىل ئويۇن تۈرى بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ئانتى زوئولوگىيەلىك (زوئولوگىيەگە قارشى) ماھىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئىسمى «پوتلاچ»[2] بولۇپ، ئىپتىدائىي كۈلتۈرنىڭ مۇھىم ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ھۇيسىنگا بىر كىتابىدا بۇنىڭغا كەڭ ئورۇن ئاجرىتىدۇ. غەيرى ئەقلىي ۋە ئىقتىسادىي قىممىتى بولمىغان مەزكۇر ئويۇن ئىپتىدائىي سەنئەت ياكى چەكلىمىلەر، مەبۇدلار، ياخشى ۋە يامانلىق ئۇقۇملىرى بولغان ئىپتىدائىي

(1) johan huisinga

(2) ئىندىيانلارنىڭ بىر بايرىمىغا شىنول تىلىدا بېرىلگەن نامدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەخلاق قاتارلىقلار تەۋە بولغان تۈزۈمگە تەئەللۇق. بۇ يەردە ھۇيسمگانىڭ كىتابىدىن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قىزىقارلىق بايانلارنى نەقىل كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن: قەدىمىي جەمئىيەتلەردىكى كۈلتۈر ھاياتىنىڭ شەكلىنى، باشقا ئويۇن ياكى نەرسە ئىنگلىز كولومبىيەسىدە ياشىغان ئىندىيان قەبىلىلەرنىڭ پوتلاچ دەيدىغان ئويۇنچىلىك تەسۋىرلەپ ۋە ئىزاھلاپ بېرەلمەيدۇ. كىۋايكۇتلا قەبىلىسىدە پوتلاچ ناھايىتى كەڭ كۆلەملىك تەبرىكلەش پائالىيىتى بولۇپ كەڭ ئومۇملاشقان. ئىككى توپلۇقتىن بىرى تەنتەنىلىك مۇراسىملار ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنە بىرسىگە نۇرغۇن سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ. مۇراسىم ئۆتكۈزگەن تەرەپ قارشى تەرەپكە جايىدا خىزمەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئوخشاش مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى مېھمان توپلۇققا ئىززەت - ئىكرام قىلىدۇ. بۇ مۇراسىملار ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە، ئېتىقادىغا، قانۇنىي - نىزاملىرىغا ۋە سەنئىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. تۇغۇت، نىكاھ ، خەتنە، بەدەنگە شەكىل ئويۇش، قەبرىستانلىققا تاش قوپۇرۇش قاتارلىقلار پوتلاچقا نىسبەتەن ۋاستىدىن ئىبارەت. قارشى تەرەپ تېخىمۇ داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر. ئەگەر ئۆتكۈزۈشنى كېچىكتۈرۈپ قويسا نامىنى، ئىززەت - ئابرۇيىنى ، توتېمىنى، ھەر تۈرلۈك ھەق - ھوقۇقلىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ... پوتلاچ ئەسناسىدا ئۈستۈنلۈك پەقەت سوۋغا - سالاملار بېرىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ مال - مۈلۈكىنى پىدا قىلىشمۇ بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ مال - دۇنياسىزمۇ ياشىيالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالىشى كېرەك... بۇ ئەھۋال ھەر ۋاقىت رىقابەت تۈسىنى ئالىدۇ. قەبىلە ئاقساقىلى بىر مىس قازاننى چېقىپ، بىر يوتقاننى كۆيدۈرسە، قارشى تەرەپنىڭ ئاقساقىلىمۇ تېخىمۇ قىممەتلىك ياكى ھېچ بولمىغاندا ئوخشاش قىممەتتىكى بىر نەرسىنى پىدا قىلىشى كېرەك. مال ئىگىسىنىڭ مال - دۇنياسىنى ئۆزى خالاپ پىدا قىلالىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇنداق بىر سېخىيلىق مۇسابىقىلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى پۈتكۈل دۇنيادا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مارسېل ماۋۇس مالايسىيالىقلارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەتلىرىنى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ ئادەتلەرنىڭ تامامەن پوتلاچقا ماس كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مارسېل كىتابىدا بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەتلەرنىڭ قەدىمىي يۇنان، رىم ۋە نېمىس كۈلتۈرىدىمۇ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. گىرانېت، سوۋغا - سالاملىشىش ۋە ئۆز مال - مۈلۈكىنى پىدا قىلىش مۇسابىقىلىرىنىڭ خىتاي ئەنئەنىسىدىمۇ بارلىقىنى ئېيتىدۇ.»

«ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەبىستاندا بۇ ئادەتنى باشقا بىر نام ئاستىدا ئۇچرىتىمىز. بۇ ئادەتنىڭ ئىسمى مۇئەققەرەدۇر. ھېلد بۇ ھەقتە ئاز تولا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. كېيىنچە ماۋۇس بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ماۋۇس بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ماھاباھاراتا[1] پوتلاچنىڭ تارىخىدۇر...» بۇ مۇراسىملار ئىززەت - ئابرۇي ، ماختىنىش، جەڭ ئېلان قىلىش، مەردلىك، نام - شەرەپ، قوراللارغا ئەھمىيەت بېرىش، ئەجدادلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈش قاتارلىقلار بىلەن تولغان. بۇ مۇراسىملاردا كۆندىلىك ھاياتتىن ئەندىشە قىلىش، مەنپەئەت ۋە پايدا ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىش قاتارلىقلارنى ئۇچرىتالمايمىز... بىلىشىمچە، ئېتنولوگىيە ئىلمىي پوتلاچنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىزاھلىغاندا كۆپرەك سېھىر ۋە ئەپسانىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەسەۋۋۇرلارغا تايىنىدۇ. بۇنىڭغا گ. ۋ لوھېرنىڭ «كىۋا ئىكۇتىل دىنىدىكى ئىبلىس» ناملىق كىتابى تىپىك مىسال بولالايدۇ. پوتلاچ ئادەتلىرىنى ئۇدۇم قىلىپ كەلگەن قەبىلىلەردە دىنى ھايات ئىنتايىن قويۇق. بۇنداق توپلۇقلاردا ئىززەت - ئابرۇي ، دوستلۇق، رىقابەت، جەڭ ئېلان قىلىش، مەردلىك، تەۋەككۇلچىلىك قاتارلىقلارنىڭ ئورنى يۇكسەك بولىدۇ. شۇنداقلا، ماختىنىش كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، بىرسى ماختانغاندا مال - مۈلۈككە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۆز - ئارا ئالماشتۇرۇلغان ۋە سوۋغا قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىي قىممىتى بولمايدۇ. مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان ياكى سېھرى كۈچى بولغان نەرسىلەر ئىئانە قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ خىلدىكى توپلۇقلاردا ماددىي مەنپەئەت مەۋجۇت ئەمەس.» (ج. ھۇيزىنگا، ھومو لۇدېنس، 83 - 87)

مال - دۇنيانى پىدا قىلىش، پايدا - مەنپەئەتتىن ئۇزاق تۇرۇش، مال - دۇنيا ئورنىغا پىرىنسىپقا ئەھمىيەت بېرىش (بۇلار غەيرى سەممىي بولسىمۇ) ئالاھىدە ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، ھايۋاناتلار دۇنياسىدا بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئىزنالىرىنى ئۇچراتمايمىز.

## 5

كائىنات ھەققىدە نيۇتوننىڭ ماھىيەتلىك نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگىنىگە ئوخشاش، بىر زامانلاردا دارۋىننىڭ تۆھپىسى بىلەن ئىنسان مەسىلىسىگە

(1) ھىندى خەلق داستانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماھىيەتلىك ھەل قىلىش چارىسى تېپىلغانلىقىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدى. بىراق، نيۇتوننىڭ مېخانىكچە كائىنات تەسەۋۋۇرى بەزى ھەقىقەتلەرنى ئىزاھلاشتىن ئاجىز كېلىشى سەۋەبىدىن ئومۇملاشمىغان ياكى ئىلىم دۇنياسىدا قوبۇل قىلىنمىغان بولسا، دارۋىننىڭ نەزەرىيەسىمۇ ئوخشاش سەۋەبتىن «نىسپىي» سانىلىشقا مەھكۇم بولۇپ قالغان. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئىنساننىڭ تۇنجى دىنى باسقۇچنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىزاھلىيالماسلىق بىلەن بىرگە، ھەتتا مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بەزى ھادىسىلەرنىمۇ ئىزاھلاشتىن ئاجىز. ماددىي جەھەتتىن ئەھۋالى ياخشىلانغان ئىنساننىڭ مايمۇنغا ئۆزگىرىش ئېھتىمالى نېمە ئۈچۈن ئاز بولىدۇ ؟ ماددىي ئۆلچەملەر يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى، پىسخىكىلىق ئۆلچەملەر نېمىشقا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؟ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، بۇرۇقتۇملۇق ۋە روھىي كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى قاتارلىقلار نېمە ئۈچۈن مىللىي كىرىمنىڭ ئېشىشى ۋە مائارىپ سەۋىيەسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ؟ ياكى تاكامۇللىشىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، كېيىنكى باسقۇچىغا سېلىشتۇرغاندا نېمە ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىنسانىيەت بار ئىدى؟ ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىيات نېمە ئۈچۈن ئىنسانىي ھادىسىلەر بىلەن ئوڭ تاناسىپ ئەمەس؟ قانداق بولۇپ، دۇنيانىڭ غەيرى مەدەنىي رايونلارنىڭ(ئافرىقا) سەنئەتتى ئاتالمىش مەدەنىيەتلىك رايونلاردىن باي بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ رايونلاردا ئوتتۇرىغا چىققان سەنئەت شۇ رايون خەلقىگە يېتەكچى رول ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ ياكى تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. دارۋىن بىلەن نيۇتوننى تونۇغاندىن كېيىن، ئىنسان ئۆلارنىڭ مۇجمەللىكتىن ئۆزاق، ئاسانلا قوبۇل قىلىدىغان قاراشلىرىدىن ئۇنداق ئاسان ۋاز كېچەلمەيدۇ. نيۇتوننىڭ دۇنياسى ئىزچىللىق، مەنتىقىلىق بولغىنىغا ئوخشاش، دارۋىننىڭ ئىنسانىمۇ تەبىئىي، ئاددىي ۋە ئالدىن مۆلچەرلىگى بولىدىغان ماھىيەتكە ئىگە. دارۋىن ئىنساننى ئېھتىياج، كۈرەش ۋە رىقابەت بىلەن تولغان، بىرلا يۆنىلىشتىلا تەرەققىي قىلىدىغان ماددىي دۇنيا سۈپىتىدە سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بىراق نيۇتوننىڭ نەزەرىيەسىنى ئېينىشتېين بۇزۇپ تاشلىدى. دەل بۇ نۇقتىدا، چۈشكۈن پەلسەپە ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى يەنە بىر قېتىم نامايان بولىدۇ. ئىنسان بۇ قېتىم مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئىنساننى ئالدىن مۆلچەرلەش، ئىزاھلاش ۋە قايىل قىلىش مۇمكىن بولمىغان پۈتكۈل گۇمان ۋە قورقۇشتىن ئەندىشە قىلىدىغان مەخلۇقتۇر، ئېينىشتېيننىڭ تەدبىر بويىچە ئېيتقاندا «ئەگرى» بىر مەخلۇق. ئىنساننى تېما قىلغان پەلسەپە ئۆزۈن مەزگىل يەككە يۆنىلىشلىك دارۋىن نەزەرىيەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا

قالغاندىن كېيىن، ھازىر ئۆز ئىنقىلابىنى، ئېينىشتېيننىڭ قارىشىغا مۇۋاپىق ھالدا بولۇشىنى كۈتمەكتە. ئىنسان ھەققىدىكى بۇ يېڭى كۆز قاراشنىڭ دارۋىن نەزەرىيەسىگە بولغان نىسبىتى، ئېينىشتېيننىڭ كائىنات قارىشىنىڭ نيۇتوننىڭ قارىشىغا بولغان نىسبىتىدەك بولىدۇ. روھقا ئىگە بولۇشىمىز ھايۋان ئەجدادلىرىمىزدىن بىزنى پەرقلىق قىلىدۇ. ئۇنداقتا بىزنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتتە تاۋلىنىدىغىنىمىز ۋە كەيپ - ساپا ئالدىدا چىرىكلىشىپ كېتىشىمىز دەرھەقىقەتتۇر. شۇڭلاشقا، ئىنسان نە دارۋىننىڭ دېگىنى بويىچە، نە كائىنات نيۇتوننىڭ دېگىنى بويىچە شەكىللەندۇرۇلمىگەن.

## جانلىقلار دۇنياسىنىڭ دۇئالىزمى

ئەجەبا ھاياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە قابىلىيىتىمىز يېتەرمۇ؟ ۋە بۇنى ھەر قانداق بىر دەۋردە ۋۇجۇدقا چىقىرالامدۇق؟ ئىنساننىڭ ئىمكانىيەتلىرىنىڭ دائىرىسىدىمۇ؟

جاۋاب: ئەگەر ھاياتنى چۈشىنىپ يېتەلىسەك، بۇلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز. ئەمما ھاياتنى چۈشىنىپ يېتەلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ بىيولوگىيە ھاياتنىڭ نېگىزىنى تېما قىلىدىغان بىر پەن ئەمەس. ئۇ نوقۇل ھايات ھادىسىسىنى، يەنى ئوبيېكت مەۋجۇت نەرسىلەرنى تېما قىلىدۇ.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھايۋان - ئىنسان دۇئالىزمى بۇ يەردىمۇ ئۇچرىتىمىز. بىراق ئۇنى ماددا - ھايات يۆنىلىشىدە، بىر دائىرە ياكى بىر دەرىجە ئاستىدا ئۇچرىتىش مۇمكىن... بىر تەرەپتە قوللاش، سان، تەكرارلىنىش، سەۋەب، مېخانىزم، يەنە بىر تەرەپتە چىنلىق، ساپلىق، خاسلىق، زورىيىش، تەبىئىيلىك، ئورگانىزمنى ئۇچرىتىمىز. ھايات نە ماددىنىڭ مېخانىكىلىق ۋە دىيالېكتىكىلىق داۋامى ئەمەس، نە ئۇنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئۈستۈن دەرىجىدە تەشكىللانغان ئىپادىسى ئەمەس. ھايات بەزى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلانغاندا، ماددىي ئېگىمىزغا زىت. ھايات، ماددىغا زىت بىر ماھىيەتكە ئىگە.

بىيولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئېنتروپى (1) ھاياتنىڭ تەرىپىنى ئىزاھلىيالايدىغان

(1) بۇ ئۇقۇم فىزىكىدا بىر سىستېمىنىڭ مېخانىكىلىق ئىشقا ئايلىنالمايدىغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. نورمال ھاياتتا بىر سىستېمىدىكى قالايمىقانچىلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاساسلىق ئۇقۇم بولۇپ، ماددىغا ھۆكۈمران بولغان قانۇنىيەتلەر نەتىجىدە ئىنتروپىغا ئايلىنىدۇ. بۇ كائىناتتىكى قالايمىقانچىلىقنى، سىستېما، ئىنتىزام ۋە ئېنېرگىيەنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. جانلىق سىستېمىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئېنتروپىغا قارشى ھەرىكەت قىلىش بولۇپ، «ئانتى - ئېنتروپى»لىق ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىكنى، قالايمىقانچىلىقتىن ئىنتىزامنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە سىستېمىنى (ۋاقتلىق بولسىمۇ) ئېنېرگىيەنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىدە قوغداش ۋە تۇتۇپ تۇرۇش قابىلىيىتىدۇر... ھەر قانداق بىر ماددىي سىستېما ئىنتىروپىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەسىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان بولسا، ھەر قانداق بىر جانلىق سىستېما بۇنىڭغا زىت يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىككىسى بىر - بىرىگە تەتۈر ھەرىكەت قىلىدۇ. چۈنكى «ھايات مېخانىكىلىق قانۇنىيەتكە زىت ھەرىكەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ساھىبى بىيولوگ ئەمەس، شۇڭا بۇ مەسىلىلەردە بۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ قاراشلىرى ۋە نەزەرىيەلىرىدىن ئۆزۈندە ئالغان، خالاس. بۇلار تەتقىقات قىلغان تېمىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە (يەنى ھايات ۋە روھ ھەققىدە) بىيولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە ئىلمىي ھازىرغىچە قايىل قىلارلىق نەزەرىيە ياكى ئىلمىي خۇلاسە ئوتتۇرىغا قويالىغىنى يوق. شۇڭا بۇ نۇقتىغا ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك. مۇئەللىپ تېمىدىن مۇشۇ يەكۈننى چىقىرالىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگۈسى كېلىدۇ.

1950 - يىلى ئاندىرې گىئورگىي «نوۋېللېس لىتتېرارېس» ژۇرنىلىدا «ھايات دېگەن زادى نېمە؟» دېگەن سوئال ئۈستىدە راي سىناش ئېلىپ بارىدۇ. راي سىناشقا قاتناشقان بىيولوگ ، دوختۇر، فىزىكىچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ سوئال ئالدىدا ئارىسالدى قېلىپ، ئېھتىيات بىلەن جاۋاب بېرىشكە تىرىشقانلىقلىرى كۆرۈلىدۇ. راي سىناشقا قاتناشقان پىئىر لېپىننىڭ جاۋابى مۇنداق: سىر قانداق بولسا شۇ پېتى يېشىلمەي قالىدۇ. نادانلىقلىمىزنىڭ ئىپادىسى بولغان ھايات ھەققىدىكى ھەر ئىزاھاتلار، ھايات ھەققىدە توغما ئىگە بولغان ئىدراكىمىزدىنمۇ مۇجمەل بولىدۇ.» كۈنىمىزدە نوپۇزلۇق بىئولوگلاردىن جىن روستاند(1) ئوخشاش سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: ھازىر بىز ھاياتنىڭ زادى قانداق نەرسىلىكىنى بىلمەيمىز. ھەتتا،

(1) 1977 - يىلى ۋاپات بولغان.

ھاياتتىن ئىبارەت بۇ ھادىسىنىڭ تولۇق ئىزاھاتىنى دەپ بېرىشتىنمۇ ئاجىزمىز.»

ئېرۋىن سىھرودىنگېر «ھاياتلىق دېگەن نېمە؟» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «كائىناتتىكى ئورگانىزملار ھەر زامان سىرلىق كۆرۈنىدۇ . قەدىمدە ئىنسانلار ئورگانىزملارنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان ئالاھىدە بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. جانلىق ئورگانىزملار ئۆزىنىڭ ئارقىغا چېكىنىش باسقۇچىنى قانداقلارچە ئاستىلىتالايدۇ؟... ھەر جەريان ياكى ھادىسە ۋەياكى ئۆزگىرىش، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەبىئەتتە بولۇپ ئۆتكەن ھەر قانداق ھادىسە ئېنتروپىيىنىڭ ئاۋۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ... ئورگانىزم بۇ جەرياننى توختىتالىشى مۇمكىن، يەنى تاشقى مۇھىتتىن مەنپىي ئېنتروپىي قوبۇل قىلغان ئەھۋالدا ئاندىن ھاياتتا قېلىشى مۇمكىن... دېمەككى ئورگانىزم مەنپىي ئېنتروپىي بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.»

فىرانسىيەلىك قەدىمىي جانلىقلار تەتقىقاتچىسى تېيلارد چاردىن[1] مۇنداق دەيدۇ: نۇرغۇن تۇسالغۇلارنىڭ ئەكسىچە، چوڭ مولىكۇلالاردىن كۆپ ھۈجەيرىلىك جانلىقلارنى پەيدا قىلىدىغان جەريان ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا ھاياتى تەسىرلەر، ئالدىن بىلىش تەس بولغان ئۆزگىرىشلەر، ئۆز ئالدىغا تەرتىپ ۋە ئاڭ پەيدا بولىدۇ... بۇنىڭدىن مۇنۇ سوئالنى سوراش مۇمكىن: دۇنيانىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپلىككە قاراپ يۈزلىنىشى بىلەن دۇنيانى ئاددىيلىققا تارتىدىغان (تېخىمۇ كۆپ تەتقىق قىلىنغان ۋە بىلىنگەن) يەنە بىر ھەرىكەتنى ئوتتۇرىسىدا بىرەر مۇناسىۋەت بارمۇ؟ ئەتىكى ئىلىم ئۇچۇن كائىناتنىڭ ئەسلىدىكى سىرى بەلكىم مۇشۇ سوئالدىن تېپىلىشى مۇمكىن.

«ھۈجەيرىلەرنىڭ ئورگانىزملارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن بەزى قۇرتلارنىڭ ئىجتىمائىيلىققا خاس بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقاش ئۇنچىۋالا تەس بولمىغان ھەقىقەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇلارنى بۇ نەرسىلەرگە بولغان ھازىرقى چۈشەنچىمىز بىلەن ئىزاھلاش ھەقىقەتەن تەس.» (ئالېكسىس كاررېل - ئىنسان بىلىنمىگەن مەخلۇقتۇر)

نوپۇزلۇق بىئولوگلاردىن كۇرت گولدستېيىن[2] بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھالبۇكى، بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تەبىئەتتىكى جانسىز نەرسىلەرنى ئىزاھلاشتا كۆنۈپ كەتكەن مېتودلىرىمىز بىلەن ھەرىكەت قىلالامدۇق؟ مۇئەييەن بىر نەرسىنى پارچىلاپ

(1) Teillarde de Chardin
(2) Kurt Goldstein

ئەگەر ئىنچىكە قىسىملىرىنىمۇ تەتقىق قىلىپ چىقىپ، مۇشۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن شۇ نەرسىنى (بىزنىڭ مىسالىمىزدا ئورگانىزمنى) باشقا تەبىئىي پەنلەردە ئېلىپ بارغىنىمىزغا ئوخشاش، قايتىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تىرىشىپ باقساق مۇۋاپىق بولامدۇ؟ بۇ مېتود ئۆزۈندىن بۇيان بىيولوگىيەلىك تەتقىقاتلار ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان مېتودتەك تەسىر بېرىپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، ھەقىقەت شۇكى، بۇ ئۇسۇل كىشىنى قايىل قىلغۇدەك نەتىجە بېرەلمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، قانداق ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇ نۇقتىدا، ئىزاھاتىمىزنىڭ بېشىدىلا مەنپىي بىر خۇلاسە چىقىرالىشىمىز مۇمكىن. مەزكۇر مېتود قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، كىشىنى قايىل قىلالىغۇدەك مېتود ئەمەس.» مۇئەللىپ تەتقىقات تېمىسى بىلەن مېتود ئوتتۇرىسىدا ئۆز - ئارا مۇناسىۋەت بارلىقىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن مۇنۇ خۇلاسىگە كېلىدۇ: ئەڭ تۆۋەن بولغاندىن ئەڭ يۇقىرى بولغاننى، ئەڭ ئاددىي بولغاندىن ئەڭ مۇرەككەپ بولغاننى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن تەتقىقات قائىدىلىرىنىڭ ئورنىغا، تەتۈر يول بويىچە ئىش تۇتۇش كېرەك. بۇ سەۋەبتىن، ھەرىكەت نۇقتىسى بولغان ئىنساننى چىقىش قىلىپ ھاياتنى ۋە باشقا جانلىقلارنى چۈشىنىشكە تىرىشىمىز. (ك. گ«ئورگانىزمنىڭ قۇرۇلمىسى»)

كارى جاسپېرس(1) جانلىقلارنىڭ «تەتۈرىسىگە قايتىشى» ھەققىدە «ئومۇمىي پسىخوپاتولوگىيە» ناملىق ئەسىرىدە (1934 - يىلى)مۇنداق دەيدۇ: «روھىي ھەقىقەتلەر مۇجمەل تەرىقىدە تامامەن يېڭى كۆرۈنىدۇ . ئۇلار بىر - بىرىنى تەقىب قىلىدۇ. نورمال ھاياتنىڭ روھىي مۇكەممەللىك باسقۇچلىرى بىلەن بىنورمال ھاياتنىڭ دائىرىلىرى ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئېنىقسىز جەريانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. تەبىئىي پەننىڭ(2) تېمىلىرىنى قانداق ئىزاھلىغان بولساق، بۇلارنىمۇ ئەتراپلىق ئىزاھلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇلارنى ئىچ تەرەپتىن تەتقىق قىلغىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش، پسىخولوگىيەلىك ھەقىقەتلەرنىمۇ سىرتتىن تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ.» جاسپېر پسىخولوگىيەدىكى «چۈشىنىش» مېتودى بىلەن تەبىئىي پەنلەرنىڭ مېتودى تۈرتكىسىدە بايقالغان «ئىزاھلاش» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تەكىتلەپ مۇنۇ خۇلاسىگە كېلىدۇ: «بۇ يەردە تەكىتلەنگەن نۇقتا بولسا، بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان چۈشەنچىلەرنىڭ ئەسلىدىكى مەنبەلىرىدۇر.»

(1) Karl Jappers

(2) لىيۇس دې بىروگلىي (Louis de Broglie) (1929 - يىلى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)، دېمەككى، كۈنىمىزدىكى فىزىكا ۋە خىمىيەۋى مەلۇماتلىرىمىز تۈرتكىسىدە ھاياتنى تامامەن ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.

شىۋېتسارىيەلىك بىيولوگ ئې. گۇيېنوت ھايات بىلەن فىزىكا ۋە خىمىيەلىك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: «فىزىكىچىلار ھاياتنى فىزىكىلىق ۋە خىمىيەۋى فورمۇلالار بىلەن ئىزاھلاش ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان شارائىتتا بىزدەك بىيولوگلار ھەل قىلالماي كېلىۋاتقان ھاياتتەك سىرلىق نەرسىگە ئۇچراپ قالغانلىقىمىز ئۈستىدە ئوبدان ئويلىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھايات تەشكىلاتلانغان بولۇپ، مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە بولۇپ بولغان. بىراق، بىرلا قېتىم ئەمەس، قانچە مىليارد يىل ئىچىدە مىليون قېتىم بولغان. دەل بۇ يەردە ماھىيەتلىك بىر يۈزلىنىش بار بولۇپ، بۇنى ھەر قانداق فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك فورمۇلالار بىلەن ئىزاھلاش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس.»

فىرانسىيەلىك بىيولوگ ئاندىرې لىۋوف[1]: «ھاياتنى ئورگانىزمنىڭ سۈپىتى، ئىپادىسى ياكى ئەھۋالى سۈپىتىدە تەرىپلەش مۇمكىن. ئورگانىزم بىر - بىرىگە باغلىق قۇرۇلما ۋە فۇنكسىيەلەرنىڭ مۇستەقىل ۋە ئىشلەپچىقىرالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە سىستېمىدۇر... ۋىرۇسلارنىڭ ئورگانىك ماددىلار بىلەن «جانلىق ماددا» ئارىسىدا مۇناسىۋەت تەشكىل قىلىدىغانلىقى تالاي قېتىم تەكىتلىنىپ كەلدى. ھالبۇكى، «جانلىق ماددا» دەپ بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بىر ھۈجەيرىنىڭ ئىنزىم ياكى يادرو كىسلاتاسىغا ئوخشاش تەركىبى، جانلىق جەۋھەر بولالمايدۇ. يەككە ۋە بىردىنبىر جانلىق ئورگانىزم بولۇپ، ئورگانىزم ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. گەرچە، ۋىرۇس ئاقسىللىرى ۋە ۋىرۇس يادرو كىسلاتاسىنىڭ بىرلەشمىسى «پىروبىركىدا ئۇرۇقلىنىش» ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. بىراق نوقۇل بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، «ھايات بىرلەشمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى تەتقىقاتلاردا ۋىرۇسقا چوقۇم تولۇقلىما ماددىلار بېرىلىدۇ. بۇ تولۇقلىما ماددا ھەقىقەتەن نۇكلىئوتېدلارغا خاس گېنلىق بىر ماددىدۇر... ئاقسىللار ياكى يادرو كىسلاتاسىنىڭ بەزى تەركىبلىرىگە ئېرىشىش تەس ئەمەس. بىراق ئورگانىزمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ھازىرچە مۇمكىن بولمىغان بىر باكتېرىيەنى تەركىب قىلىش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس. «(لې موندې ژۇرنىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى)

(1) ۋىرۇس ۋە باكتېرىيەلەرنىڭ بىرلەشمە مېخانىزملىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۆھرەت تېپىپ، 1965 - يىلى نوبېل مېدىتسىنا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەشھۇر پسىخولوگ ئىۋان پاۋلووۇ ئوخشاش گۇماننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئىنساننىڭ پسىخىكىلىق روھىي ھالەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭغا يالغۇز پسىخولوگلارلا ئەمەس، سەنئەتچىلەر، ئەدەبىياتچىلارمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. بۇ ھەقتە قانچە مىڭلىغان سەھىپىلىك ئەسەرلەر ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى روياپقا چىققان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئىنساننىڭ پسىخىكىلىق روھىي ھالەتلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن قائىدە - قانۇنىيەتكە ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىمىز.»(1)

«ئورگانلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىقات قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مېتود، ئىنسان روھىغا پۈتۈنلەي ياتتۇر...پۈتۈن بىر ماتېرىيال بىرلا ھۆجەيرىدىن تەشكىل تاپقان. خۇددى بىر بىنانىڭ باشقا خىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان سېھىرلىك بىر خىش ئىچىدىن مەيدانغا كېلىشىگە ۋە بۇ خىشلارنىڭ بىناكارنىڭ پىلانىنى ۋە تامچىلارنى ساقلاپ تۇرماستىن ئۆز ئالدىغا بىرلىشىپ تاملارنى، دېرىزىلەرنى، ئۆگزىلەردىكى كاھىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا ئوخشايدۇ.. ئورگانلار قەدىمى زامانلاردا بالىلارغا سۆزلەپ بېرىلىدىغان چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلار ئىشلەتكەن نەرسىلەرنىڭ تۈرتكىسىدە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەقلىمىز ئىچكى ئورگانلار دۇنياسىدا ئۆزىنى تېپىشتىن ئاجىز كېلىدۇ... قۇرۇلمىسىنى ئۆزى ياسىغان، بىراق ئۇنى ياسىغاندا، جانلىقلارنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى مېخانىزمىسىنى ئەمەس، چەكسىز ئالەمنى تەقلىد قىلىپ تۇرۇپ ياساپ چىققان، بەدىنىمىزنىڭ ئۇزۇقلۇق، نېرۋا ۋە روھىي ئېنېرگىيەسى نېمىگە تايىنىدۇ؟ بۇنى ھازىرغىچە يېشىپ چىققىنىمىز يوق... فىزىكا ۋە خىمىيە قانۇنلىرى جانسىز ماددىلارغا تولۇق، ئىنسانغا قىسمەن دەرىجىدە تەتبىق قىلىنىشى مۇمكىن. 19 - ئەسەردىكى خىياللاردىن، جاكىۋېس لوئىبنىڭ دوگماتىزملىرىدىن، نۇرغۇن پەيلاسوپ ۋە دوختۇرلار ھېلىھەم ئىشىنىدىغان ئىنسان ھەققىدىكى فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك ئۇقۇملاردىن چوقۇم قۇتۇلۇشىمىز كېرەك.» (كاررېل)

ھاياتلىق ھادىسە بولماستىن مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ كۆزى ياغ تولغان كۆز ئوربىتىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆز قارچىغىسىدىن تەشكىل قىلىدۇ. كۆزنىڭ قوغداش مېخانىزمىسىمۇ ئاستى ۋە ئۈستى قاپاق، كىرپىك، قاش ۋە شىلىمشىق پەردىسى ۋە تالالاردىن مەيدانغا كېلىدۇ. كۆزنىڭ ھەرىكەتلىرى تۆت تۈز ۋە ئىككى

(1) Psiychologie experimentale ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل قىلىنغان.

ئەگرى مۇسكۇلدىن ئىبارەت بولغان مېخانىزمىنىڭ تۈرتكىسىدە ھاسىل بولىدۇ. كۆزنىڭ ھەرىكىتىنى ياش مېخانىزمىسى (ياش بېزى، ياش خالتىسى ۋە ياش قانىلى) ئاسانلاشتۇرىدۇ. بۇ مېخانىزم كۆز ئوربىتىسىنى نەم بىلەن تەمىنلەپ كۆزنىڭ يالløۇغلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كۆز قارچىغىسى ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، سىرتىدا ۋە ئالدىدا سۈزۈك كۆز تور پەردىسىگە ئايلىنىدىغان ئەسلىدە سۈزۈك بولمىغان كۆز ئېقى، ئۇنىڭ ئاستىدا قان تومۇرلىرى ئۆتىدىغان قىسىم بار. كۆزنىڭ ھەرىكىتى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسە، ئىچىدە كۆرۈش سېزىمىنىڭ قوبۇل قىلغۇچى مېخانىزمىسى بولغان كۆز تور پەردىسىدۇر. مەزكۇر مېخانىزمنى كىچىك تاياقچە ۋە مودېل شەكلىدىكى ناھايىتى سەزگۈر سېزىم ھۈجەيرىلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆرۈش نېرۋىسىنىڭ سەزگۈر ئىنچىكە تالالىرى چىقىدۇ. كۆز قارچىغىسىنىڭ ئىچى ئېلاستىكلىق ۋە سۈزۈك سۇغا ئوخشايدىغان ماددا بىلەن توشقان. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە كۆز قارچىغىسىغا يۆلەنگەن، تالالار بىلەن كىرپىكسىمان ماددىغا باغلىق ئىچى ئەگرى لىنزا (قارچىغا) بار. نۇر كۆز تور پەردىسىدىن كۆزگە كىرىپ، لىنزىدا تارقىلىدۇ ۋە كۆزنىڭ ئارقا تەرىپىدە كۆرۈلىدىغان نەرسىلەرنىڭ رەسىمنى تەتۈر ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ رەسىملەر كۆرۈش نېرۋىسى تەرىپىدىن مېڭىنىڭ ئوپتىك مەركىزىگە يۆتكىلىدۇ. ئىككى كۆزدىن ھەر بىرى كۆرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ رەسىمنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن سۈزۈپ ئالىدۇ. نېرۋىلار تومۇرلۇق پەردىسىمان كۆرۈش مەركەزلىرى ۋە بۇ يەردىن چوڭ مېڭىنىڭ ئارقا تەنچىسىنىڭ پوستىسىغا كىرىدۇ. بۇ يەر كۆرۈش مېخانىزمىسىنىڭ يېرىدۇر. ھەر ئىككى كۆزنىڭ مېڭىگە يوللىغان رەسىملەر بۇ يەردە بىرلىشىپ ئۈچ قىرلىق بىرلا رەسىم بولۇپ چىقىدۇ. كۆزنىڭ ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان نەرسە كۆز يېشى بەزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشتۇر. ياش كۆزنىڭ مۈگۈز پەردە قاتلىمىنىڭ نەم قېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، تۆكۈلگەن «لىكوزىم»لارنىڭ تۈرتكىسىدە مىكرو ئورگانلارنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق كۆزنىڭ يالløۇغلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ياش بەزلىرىنىڭ مەشغۇلاتلىرىنى مېڭىنىڭ يەتتىنچى نېرۋىسى باشقۇرىدۇ. باكتېرىيە ئۆلتۈرەلەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئىنسان كۆز يېشى فارموكولوگىيەلىك دورىلاردىن ئۈستۈن بولۇپ، 100دىن ئارتۇق ۋىرۇسنى ۋەيران قىلالايدىغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا. بۇ ئالاھىدىلىكنى 6000 ھەسسە سۇغۇرۇلغان تەقدىردىمۇ يوقىتىپ قويمايدۇ.

جىگەرنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، ئاجراتما ئاجرىتىپ چىقىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆمۈر ۋە ب1،2 ۋىتامىنى ساقلايدۇ. ئاجرىتىلىپ چىقىلغان ماددىلار جىگەردە ئوكسىدسىزلىنىش ۋە گىدرولىزلىنىش قاتارلىق باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈش نەتىجىسىدە، زەھەرسىز ھالەتكە كېلىدۇ. جىگەردە يەنە كېلىپ ئۆتكۈنچى مېتابولىزم جەريانى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. گىلىكوگېننىڭ ئامبىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ، قاندىكى رولىنى تەقسىم قىلىدۇ. قان ھەققىدە گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، قان بەدەننىڭ ھەر بىر يەرىگە ئوزۇقلۇق، ئۆپكىدىن توقۇلمىلارغا ئوكسىگېن توشۇيدۇ. بەدەندىكى زىيانلىق ماددىلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ھورمون ۋە ئورگانىزمنىڭ قوغداش كۈچىنىڭ ئامىللىرى بولغان ئانتىبىيوتىكلار بىلەن تەمىنلەپ، بەدەن ئىسسىقلىقىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىدا زور رول ئوينايدۇ. ئاق قان دانچىلىرى زىيانلىق ماددىلار بىلەن باكتېرىيەلەرنى يوق قىلىدۇ. مېڭە ئىككى چوڭ يېرىم شارلىق ئالدى مېڭە، ئوتتۇرا مېڭە، كۆۋرۈك ۋە ئۇزارتىلغان يۇلۇن ۋە كىچىك مېڭىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

مېڭە قاتتىق، يۇمشاق ۋە ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش بىر ماددا بولۇپ جەمئىي ئۈچ پەردە بىلەن قورشالغان. مېڭىنىڭ توقۇلمىسى كۈلرەڭ ۋە ئاق جەۋھەردىن تەشكىل تاپىدۇ. كۈلرەڭ جەۋھەرنىڭ ئىچىدە نېرۋا بوغۇملىرى، ئاق جەۋھەرنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن سەزگۈر نېرۋا تالالىرىنىڭ ئۇچلىرى بار. مېڭىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، ئانتومونىيە كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ھايۋانلاردا ئىنسانلار زاۋۇتلاردا ئىشلەپچىقارغان ئۈسكۈنە ۋە سايمانلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە مۇكەممەل بولغان ئۈسكۈنە ۋە سايمانلار مەۋجۇت. بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ، مەسىلەن، قۇشلاردا چاقنايدىغان لامپىلار، چېكەتكىلەردە ئىسكىرىپكا، قۇرتلاردا قوڭغۇراقلار بار.

بۇلار ھەققىدە ئاندېر تېترىي بىر كىتاب يازغان ئىدى. تەدرىجىي تەرەققىيات دېگەن ھادىسە دارۋىن ئىلگىرى سۈرگەندەك قارىغۇچىلارچە مېخانىك ھالدا ۋۇجۇدقا چىقمىغان. (تەبىئىي شاللىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، جانلىقلار قارىغۇچىلارچە مېخانىك ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ). تەدرىجىي تەرەققىيات پىراگماتىزملىق (پايدىلىق) پرىنسىپىغا ماس كەلگەن ۋە ئىنسانغا نىسبەتەن ناھايىتى ئۆلچەملىك ۋە مۇۋاپىق يۈنىلىشتە رويابقا چىققاندەك كۆرۈنىدۇ . بۇ ئەھۋال ئىنساننىڭ كاللىسىدا ماددىدا مەنە يوق، دېگەن قاراشنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بىراق، شۇنىسى ئېنىقكى، مەنىگە

نىسبەتەن ھەر ۋاقىت غايە ئىگىسى شەرتتۇر.

شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان ناھايىتى يۇقىرى كۆزىتىش ۋە ئىنفىرا قىزىل نۇرلارغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئامېرىكىدىكى كولورادو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى يىلاننىڭ بېشىدا ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق تەكشۈرۈش ئەسۋابى بارلىقىنى ۋە ئۇستىگە چۈشكەن نۇرغا ئاساسەن ئۆزگىرىشچان ھۆجەيرىلەرگە ئۆزگىرەلەيدىغانلىقىنى بايقاپ چىققان. يىلاندىكى بۇ خىل ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاكۇلالارنىڭ بۇرنىدىمۇ ناھايىتى سەزگۈر بىر ئېلېكترلىق «ئانتېننا» مەۋجۇت. ئاكۇلالار بۇ خىل ئالاھىدىلىككە تايىنىپ، دېڭىز ئاستىدىكى قۇمغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئوۋلىرىنىمۇ تاپالايدۇ. چۈنكى، دېڭىز ئورگانىزملىرى ئاجىز ئېلېكتر دولقۇنلىرى تارقىتىدىغان بولۇپ، ئاكۇلالار ئانتېننىلىرى بىلەن بۇ دولقۇنلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى بولغان ئالېكساندىر گور بوۋسكى، ماددا ۋە كائىناتنىڭ قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە سىرلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ چۈشەنچىسى كونىراق بولۇپ، ئېينىشتېيىن قاتارلىق داڭلىق ئالىملارمۇ ئوخشاش پىكىرگە ئىگە ئىدى. تۆۋەندە گور بوۋسكىنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى سۆزلىرىنى بايان قىلىمىز: «ئاق چۈمۈلە ئۇۋىلىرىنىڭ ياسىلىشىغا قانچە مىڭلىغان ئاق چۈمۈلە ئىشتىراك قىلىدۇ. نەتىجىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئۈچ، تۆت مېترلىق ئېگىز بىر قۇرۇلما، ئەستايىدىللىق بىلەن لايىھەلەپ چىقىلغان ئۆتۈش سىستېمىسى، ھاۋالاندۇرۇش قاناللىرى، ئاشلىق ئامبىرى، لىچىنكىلارنىڭ يەرلىرى قاتارلىق قىسىملاردىن تەشكىل تاپقان ئۇۋا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.»

مۇنداق بىر تەجرىبە ئېلىپ بېرىلىدۇ: «قۇرۇلۇشى باشلانغان ئاق چۈمۈلە ئۇۋىسى ئىككى ئايرىۋېتىلىپ، ئاق چۈمۈلىلەرنىڭ بىرلىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم قويۇلىدۇ. بىراق، ئۇۋىلار ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاماملىنىپ بولىدۇ. يەنى، پۈتۈن يوللار، قاناللار، ئامبارلار ۋە باشقا يەرلەر ھەر ئىككى تەرەپتە ئورتاق ھالدا ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدۇ.»

ھەر بىر ئاق چۈمۈلە قارشى تەرەپتىكى دوستىنىڭ ئىشى ھەققىدە تولۇق خەۋەردار بولغاچقا، ئوخشاش ۋاقىتتا ئوخشاش ئىشنى قىلىدۇ. لېكىن قوشنا ئاق چۈمۈلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قېرىندىشىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلمايدۇ. نۆۋەتتە، بۇ ھادىسىنى ئىزاھلاپ كۆرەيلى: «قارا چۈمۈلە ئۇۋىسىنىڭ قانداق ياسىلىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن پۈتۈن ئاق چۈمۈلىلەرنىڭ خەۋەردار بولۇشى ناتايىن. بىر ئاق چۈمۈلە پەقەت ئۇۋىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ھەققىدىلا بىر نەرسە «بىلىشى» مۇمكىن. شۇڭلاشقا، بۇنىڭدىن ئاق چۈمۈلە ئۇۋىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ چۈمۈلىلەر توپلۇقىدا بارلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز. بۇنداق ئەھۋالدا، ناھايىتى كۆپ ۋە ئەتراپلىق مەلۇماتلارنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇنداق مەلۇماتلارغا پەقەت ئوخشاش توپلۇقلار گەدىسىدىلا ئۇچرىتالايمىز. لېكىن چېكەتكىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چېكەتكىلەر بىرلىكتە ئۇچقاندا ئاساسەن دېگۈدەك بەلگىلەپ قويۇلغان يۆنىلىشتە ئۇچۇشىدۇ. ئەگەر بۇلاردىن ئىچىدىن بىر چېكەتكىنى ئايرىپ قۇتىغا سېلىپ قويساق، ھەرىكەت يۆنىلىشىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئالاقزەدىلىك ئىچىدە ھەر تەرەپكە ئۇچۇشقا تەمشىلىدۇ. ناۋادا، بۇ قۇتىنى ئۇچۇۋاتقان چېكەتكىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ قويساق، قۇتا ئىچىدىكى چېكەتكە توغرا يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ.»

بۇنىڭدىن شۇ يەكۈننى چىقىرىشىمىز مۇمكىن: «مۇستەقىل ئورگانىزملاردا كوللېكتىپ مەلۇمات، توپلۇق تۆرتكىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ، شەخسلەردە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەۋجۇت ئەمەس.»

ئىلگىرى، ئىسسىق رايونلارغا كۆچكەن قۇشلارنىڭ كۆچۈشىدە تەجرىبىلىك ياشقا چوڭ قۇشلار باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ، دەپ قارىلاتتى. بىراق، ئىلمىي ھەقىقەتلەر بۇ قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ياپونىيەلىك ئۇچار قۇشلار تەتقىقاتچىسى پىروفېسسور دوكتور، ياماموتو خىروسۇكې قۇشلارنىڭ كوللېكتىپ ئۇچقاندا رەھبەرسىز ئۇچىدىغانلىقىنى بايقاپ چىقتى. قۇشلارنىڭ بېشىدا بىر قۇش بار، دەپ پەرەز قىلايلى. بىراق، بۇ ئەھۋالغا قاراپ، ئۇ قۇشنى باشلامچى قۇش، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى قۇشلارنىڭ بېشىدا كۈچسىز، تۆكلىرى يوق قۇشنىڭ بالىسى بار.

گورىبوۋىسكى سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «ئەركەك ۋە چىشى ئورگانىزملارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى بىيولوگىيەلىك جەھەتتىن ئاساسەن دېگۈدەك تەڭپۇڭ ھالەتتە بولىدۇ. بىراق، بۇ نىسبەت بۇزۇلۇپ كەتسە ياكى بىر جىنس يەنە بىرسى سەۋەبلىك تېخىمۇ كۆپ بولسا جىنسىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭپۇڭلىشىش جەريانى ئۆزلۈكىدىن ھاسىل بولىدۇ. ھەر قانداق بىر سەۋەب تۈپەيلى، چىشى ئورگانىزملار ئاز سانلىققا

چۇشۇپ قالسا، دۇنياغا يېڭى كەلگەنلەر ئىچىدە چىشى ئورگانىزملار تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەركەك ئورگانىزملار ئازىيىپ كەتسە، سانى ئوخشاش نىسبەتتە كۆپىيىپ بارىدۇ. بۇ جەريان جىنسلار تەڭپۇڭ ھالەتكە كەلگۈچە داۋاملىشىدۇ.»

«بىر ئورگانىزمنىڭ ئاجىز ئەھۋالدىكى قارشى جىنسىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانلار ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بىر ھادىسە بار بولۇپ، نوپۇس تەتقىقاتچىلىرى بۇ ھادىسىگە «ئۇرۇش يىللىرىنىڭ ھادىسى»دېيىشىدۇ. ئۇرۇش يىللىرىدا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئەرلەرنىڭ سانى زور ئازىيىش كۆرۈلىدۇ.»

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مىساللار بىيولوگىيە دەرس كىتابىدىن ئېلىنغان بولۇپ، تەبىئەتنىڭ بۇ ھەقىقىي مۆجىزىلىرىنى دىن ئەڭ ئۈستۈن ئەقىل بىلەن (تەڭرى بىلەن) ئىزاھلايدۇ.پەننىڭ بۇ ھەقتىكى پۈتكۈل ئىزاھاتلىرى بولسا ئوخشاش نۇقتىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، پەن كائىناتتىكى ئورگانىزملارنى ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئىنساننىڭ روھىغا بۇنىڭدىن خەتەرلىك ۋە چوڭ بولغان ئىككىنچى بىر خۇراپىيلىقنى تېڭىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ كۆزى ياكى مېڭىسىگە ئوخشاش مۇكەممەل ۋە مۇرەككەپ بىر نەرسىنىڭ تاسادىپىيلىقنىڭ ئەسىرى ياكى ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقنى قوبۇل قىلىشمىزنى تەلەپ قىلىش بىلەن گىرېك ئەپسانىلىرىنى ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. يەنى ھەر ئىككىلىسى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش. بۇ يەردە بۈيۈك ئىسلام مۇتەپەككۇرى غەززالىنىڭ بىر سۆزىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن: «پۈتكۈل مۆجىزىلەر تەبىئىيدۇر، پۈتۈن تەبىئەت مۆجىزىدۇر.»

جانلىق مۇرەككەپ مېخانىزملارنىڭ ئۆزلۈكىدىن شەكىللىنىشى ۋە ماددىنىڭ «ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە» قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك قاراشلارنىڭ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەھۋالغا نىسبەتەن بىرەر قىممىتى بارمۇ؟

شىۋېتسىيەلىك بىيولوگ چارلېس ئېگېن گۇيې ئاقسىل مولېكۇلاسىنىڭ تاسادىپىي ھالدا شەكىللىنىش ئېھتىمالىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق تېپىپ چىقىش ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ھەممىگە مەلۇمكى، ئاقسىل مولېكۇلاسى ئەڭ ئاز دېگەندە تۆت ئېلېمېنتتىن تەشكىل تاپقان. چارلېس ھېسابنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن مولېكۇلانىڭ پەقەت ئىككى ئېلېمېنتتىن تەشكىل تاپقانلىقىنى، تەركىبىدە 2000 ئاتوم بارلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(ئاتوم ئېغىرلىقى 10، مولېكۇلا ئاسىمېترىيىسى 0.9) پەرەز قىلغان. ئاددىيلاشتۇرۇلغان بۇ شارائىت ئاستىدا ئاقسىلنىڭ تاسادىپىي ھالدا شەكىللىنىش ئېھتىمالى 2.02x10 321 بولىدۇ. ئەگەر بۇ نەتىجىنى ۋاقىت بىلەن يەرنىڭ چوڭلۇق پاسىللىرى ئىچىدە تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇ ۋاقىتتا چارلىنىدىغان پەقەت بىرلا مولېكۇلانىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن سېكۇنتتا 500 تىرىلىيون چاستوتا بولۇش شەرتى ئاستىدا، 10243 تىرىلىيون يىل كېتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ھاياتلىقنىڭ تاسادىپىيلىقنىڭ ئەسىرى سۈپىتىدە، دۇنيانىڭ يېشى،دەپ پەرەز قىلىنغان 4 مىليارد 600 مىليون يىل ئىچىدە، مەيدانغا كېلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ھېساب فېدېراتىپ گېرمانىيەنىڭ گوتتىنگېن شەھرىدىكى ماكس پىلانىڭ بىيو - فىزىك خىمىيە ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىلىرىدىن بولغان ۋە 1968 - يىلى نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مانفرېد ئېيگېن تەرىپىدىن قايتىدىن ئېلىپ بېرىلغان. ئېيگېن، پەقەت بىر ئاقسىلنىڭ مولېكۇلاسىنىڭ تاسادىپىي ھالدا مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن پىلانېتامىزنىڭ پۈتۈن سۈيىنىڭمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ھەتتا، پۈتۈن كائىنات خىمىيەۋى ماددىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ۋە بۇلار ئىزچىل رېئاكسىيەلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، كائىنات ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيانقى ئۆتكەن قانچە مىليارد يىلمۇ مۇئەييەن بىر ئاقسىل تىپىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن يەنە يېتەرلىك بولمايتتى. بۇ ھەقىقەتلەر ئالدىدا ئېيگېن «ھاياتلىقتىن بۇرۇنقى تەدرىجىي تەرەققىيات» دېگەن نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يادرو كىسلاتاسى بەزىدە ھايات قابىلىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن مەزكۇر نەزەرىيەگە «ھاياتلىقتىن بۇرۇنقى ھايات» دېگەن نام بېرىلىدۇ. ماددا، مۇرەككەپ ۋە ئېنتروپىي ئالدىدا بىردىنلا بىر تەرتىپ، سىستېما، تەبىئىي شاللىنىش، بىردەكلىك پرىنسىپى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدۇ. بىراق بۇ، ماددىنىڭ تەرىپىنى قەتئىي ئىزاھلاپ بېرەلمەيدۇ.

ئەنگلىيە خان جەمەتى ئاسترونومىيە جەمئىيىتىنىڭ سابىق باشلىقى فرېدېرىك ھويلې ۋە كاردىف ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورلىرىدىن كاندرا ۋىكراما ئوخشاش مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئۇلار، ھاياتلىقنىڭ تۇنجى قېتىم زېمىندا بارلىققا كەلمىگەنلىكىنى، بىراق كائىناتنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن ئالەم بولۇتلىرى تۈرتكىسىدە «ئىمپورت» قىلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كائىناتتا بىيولوگىيەلىك پائالىيەت زېمىن شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن.

سوۋېت ئالىمى ر. بالاندىن مۇنداق دەيدۇ: «زېمىندا خىمىيەۋى تەركىبلەرنى بىرىكمە سۇپىتىدە بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان بىر مىليون تەجرىبىخانىنىڭ قانچە مىليون يىلدىن بۇيان توختىماي ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلايلى. بۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئېھتىماللىق ئاساسەن يوق، دېيەرلىك. ج. ھولدېيىننىڭ ھېسابلىشىچە، بۇنداق بىر ئېھتىماللىق پەقەت 30 1.310 ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئاقسىلنىڭ بىر مولېكۇلاسىنىڭ «ئۆزلۈكىدىن» بارلىققا كېلىشى ئۈستىدە ئەھۋال يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندەك بولىدۇ. بۇ مولېكۇلانىڭ جانلىق ئورگانىزمغا ئاساسەن نىسبىتى بىر خىشنىڭ پۈتۈپ بولغان بىر بىناغا بولغان نىسبىتىگە ئوخشايدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق مۇرەككەپ تۇرۇقلۇق، ئىنسان كۆزىنىڭ مۇكەممەللىكىنى، ماددىنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلىش پرىنسىپى بىلەن (ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە بولسىمۇ) قانداقمۇ ئىزاھلىغىلى بولسۇن؟

مولېكۇلالىق بىيولوگىيە ئىلمىي جانسىز ماددا بىلەن جانلىق ماددا ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقنى ناھايىتى تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بىراق پەرقنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈشى، مولېكۇلالىق بىيولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىگە نىسبەتەن شۇنچىلىك مۇرەككەپ، ھەل قىلىش ئىنتايىن تەس بولغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەسىلىگە يەنى پەرقنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈشىگە سەل قاراش ئىلمىي جەھەتتىن نامۇۋاپىق بولۇش بىلەن بىرگە، رەسمىي ماتېرىيالىزمنىڭ مايىللىقلىرىدىن بىرىدۇر.

مۇنۇ زىددىيەتلىك مەسىلىنى قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن: قېزىلما خىزمەتلىرى ئەسناسىدا ئۆز - ئارا مۇناسىۋەت ئىچىدە بولغان ياكى مۇئەييەن غايىگە مۇۋاپىق شەكىلدە تەرتىپلەنگەن ئىككى تاش بايقالغاندا، بۇلارنىڭ ئىنتايىن قەدىمىي دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىگە دەرھال ھۆكۈم قىلىمىز. بىراق، بۇ تاشلارنىڭ يېنىدا بىر ئىنسان كاللىسى تېپىلسا، بۇ ئىنسان كاللىسىنىڭ ئاڭ ساھىبى بىر مەخلۇقنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايمىز.

ئىنسان مۇشۇنداق مۇكەممەل يارىتىلغان ئىنسان كاللىسىنى «ئۆزلۈكىدىن ۋە تەبىئىي» پەيدا بولغان، دەپ قارايدۇ، لېكىن تاشلارنى ئىنساننىڭ ئەسىرى،دەپ قارايدۇ. ئىنساننى ياراتقان ئاللاھنى بولسا ئىنكار قىلىش ئارقىلىق نادانلىقى ۋە جاھىللىقىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زامانىۋى ئىنسان كائىناتتىكى ھەر نەرسىنى ئاسانلا بىلەلەيدىغانلىقىنى، چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى، مۆرەككەپ ئەمەسلىكىنى ئويلىغۋالىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ «ئەلىيۇلئەلالىقى» ئەسلىدە پەن ۋە پەن دەپ جار سېلىپ يۈرگەن جاھىللىقىنىڭ ئەسىرى، خالاس. ئەڭ چوڭ سىر ئالدىدىمۇ مەغرۇر تۇرۇۋېلىشقا ئادەتلەنگەن ئىنسان ھەر نەرسىنىڭ سىرىنى يېشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىراق، ئىنسان، غەيىپ ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ نۇقتىلاردا ئىنساننىڭ جاھىللىقى ۋە ئالدىن ھۆكۈم ۋە خۇلاسىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. قارلىغاچلار كۈز پەسلىدە ياۋروپادىن ئافرىقىنىڭ چەت رايونلىرىغا كۆچىدۇ. باھار پەسلىدە ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىپ ئۆز ۋاقتىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇۋىلىرىنى تاپىدۇ. كۆچۈشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرىكەت ۋاقتىنى قانداق بىلەلەيدۇ؟ قارلىغاچلار ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كەلگەندە نەچچە مىليون نوپۇسى بولغان بىر شەھەردە قانچە مىڭلىغان بىنا ئارىسىدىكى مەلۇم بىر ئۆگزىنگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇۋىلىرىنى قانداق تاپالىغان؟بۇ سوئاللارغا ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، مەغرۇر نادانلار ئويلانماستىنلا «تەبىئىي سېزىمگە ئاساسەن تاپالايدۇ» دېگەن ئاددىي جاۋابنى بېرىپ قاراپ تۇرۇشىدۇ. ياكى تەبىئىي شاللىنىش ئۇقۇمى تىلغا ئېلىنغاندا بولسا مەسىلىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: سوغۇقتىن تېخىمۇ ئىسسىق رايونلارغا كۆچۈپ كېتىشنى زۆرۈر تاپقان قارلىغاچلار نەسلىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ، زۆرۈر تاپمىغانلارنىڭ بولسا نەسلى يوقايدۇ. ئىسسىق رايونغا كۆچۈپ كېتىشنى زۆرۈر تاپقان قۇش تۈرى، تەبىئىي شارائىتلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئەسناسىدا نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆچۈش كېرەكلىكىنى پەيدىنپەي چۈشىنىپ يېتىدۇ.

دېمەككى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە بولسا، قارلىغاچلارنىڭ كۆچۈشكە تەبىئىي ئىنتىلىشى قانچە مىڭلىغان قارلىغاچ نەسلى تەرىپىدىن جۇغلانغان ھېكمەتنىڭ نەتىجىسى ئىكەن.

بۇ يەردىكى مەسىلە بۇنداق ئاددىي ۋە كۈلكىلىك جاۋابتا بولماستىن، جاۋاب بەرگۈچىنىڭ مەسىلىنى ئىزاھلىيالايدىغانلىقىنى ۋە سوئالغا «مۇكەممەل» جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى ئويلىغۋېلىشىدا ياتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ھەقىقەتنى تېپىشنىڭ بىرىنچى شەرتى نا ئېنىقلىقنى رەت قىلىشىدۇر. ئېينىشتېيىن ، باشقىلارغا نىسبەتەن ئېنىق ۋە ئايدىڭ بولغان بىر مەسىلىنىڭ چوقۇم يەنە بىر بىلىنمىگەن ۋە

ئايدىڭ بولمىغان تەرىپىنى بارلىقىنى ئېيتىپ، نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

سەنئەت، پەلسەپە ۋە دىن ئىنسانىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى نائېنىق مەسىلىلەرگە، سىرلارغا ۋە غەيبىلەرگە بۇراشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئېڭىمىز ۋە روھىمىز ئويغاق تۇرىدۇ. بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغىنى، بىر نەرسىنى بىلىش ياكى تونۇش بولماستىن، بىر نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقىمىزنى ياكى خەۋەرسىز ئىكەنلىكىمىزنى خەۋىرىمىز بولغان بىلمەسلىكىمىزگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. نادان بىلەن ئىلىم ئەھلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق دەل مۇشۇ يەردە ياتىدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ بەزى مۇھىم مەسىلىلەردە ئاز مەلۇماتى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، نادان جاھىللىقىنى بىلىم سۈپىتىدە سۇنىدۇ ۋە ھەر نەرسە ئۇنىڭغا ئايدىڭلىشىپ بولغاندەك ھەرىكەت قىلىدۇ. نادان غەيىپ ۋە مۆجىزىلەرنى كۆرەلمەيدۇ (بۇ ئەھۋال ئەمەلىي ھاياتتا، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزى مەسىلىلەر ئالدىدا، نادانلار ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ). بۇ ئەھۋال مىدىنتاتسىيە (چوڭقۇر ئويغا پېرىلىش)نىڭ مەنىۋى ھالىتىگە تامامەن زىتتۇر (چۈنكى، چوڭقۇر ئويغا پېرىلىش پەقەت دۇنيا مەنزىرىسىنىڭ سوئال، نائېنىق ۋە سىرلار بىلەن تولغان يېرىدە مەۋجۇتتۇر). «ھەر نەرسە ئوچۇق ۋە ئايدىڭ» بولغان يەردە مېدىتاتسىيە يوقتۇر. ئەپلاتون «پەلسەپىنىڭ مەنبەسى ھەيرانلىقتۇر» دېگەن بولسا، جاسپېر، «ھەيران قېلىش ئىنسانىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش دېمەكتۇر» دەيدۇ. سىر بىلەن مېدىتاتسىيە پاراللېل بولۇپ، بۇ نۇقتىدا دىن بىلەن مېدىتاتسىيە بىر - بىرىگە باغلىقتۇر. سىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش ئەمەلىي ئاتېئىزمنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاۋام تۇرمۇشىدا مېدىتاتسىيە يوق بولۇپ، شۇڭلاشقا ئاۋام ھېچقانداق يەردە نائېنىق ۋە سىرلارنى كۆرمەيدۇ. ھەيران قالمايدۇ، بىلىنمىگەن ۋە غەيىپ نەرسىلەردىن قورقمايدۇ. يەنى روھ بىلەن ياشىمايدۇ. بىرەر مەسىلە پەيدا بولسا، ئۇنىڭغا دەرھال نام بېرىپ ئۇنى ھەل بولدى،دەپ قاراپ ئۆزىنى ئالداپ يۈرىدۇ. مەسىلەن، تەبىئىي مايىللىق ماددىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئۆز - ئۆزىنى تەشكىللىشى، يۇقىرى سەۋىيەدە تەشكىلاتلانغان ماددىنىڭ مۇرەككەپ كۆرۈنۈشلىرىگە ئوخشاش ئىپادىلەردۇر.

شۇڭلاشقا، نوقۇل ئالىملار، تەتقىقاتچىلار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سايىسىدا

www.uyghurkitap.com



ھاياتنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھايات ھادىسە بولۇش بىلەن بىرگە مۆجىزىلەر بىلەن تولغان. رەسسام جىن دۇبۇففېت «دەرەخ مېنى شۇنداق ھەيران قالدۇردىكى، ئۇنىڭغا ھەيران بولماي تۇرالمىدىم» دەيدۇ. ھاياتنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىردىنبىر يول ھەيرانلىق بولسا كېرەك.

## گۇمانىزمنىڭ مەنىسى

ئارزۇ - ئىستەك، لەززەت ۋە زوقلارغا بېرىلىش، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقتىن قېچىش! بۇ سۆز ئارقىلىق ماتېرىيالىزمنىڭ ئىككى بۈيۈك نامايەندىسى ئېپىكۇر (قەدىمىي دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن) ۋە ھولباخ (غەربتە) ھاياتنىڭ ئاساسلىرىنى، پۈتكۈل ئىنسانىي ئىش - ھەرىكەتلەرنى، ھەتتا ھايۋانىي ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭمۇ ئاساسلىرىنى ئىزاھلاشقا ئورۇنۇپ كۆرىدۇ. ماتېرىيالىزم ئىنسان بىلەن ھايۋاندىكى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان خۇسۇسىيەتلەرنى، دىن بولسا ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تەكىتلەيدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا، ماتېرىيالىزمنىڭمۇ ئىنساننىڭ ھايۋانىي تەبىئىتىنى ئىسپاتلاشقا ئورۇنۇپ كۆرگەنلىكىنى بايقايمىز. بىراق، بۇ ئۇرۇنۇش ھەقىقەتكە بولغان قىزىقىشتىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ. (1)

داروىن ئىنساننى ھايۋان قىلىۋەتكەن ئەمەس، پەقەت ئىنساننىڭ ھايۋانىي مەنبەسى ھەققىدە توختىلىپ، ئىنسانغا ئاتىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. كېيىنكى كۈنلەردىمۇ، بۇ ئىنسانىي ئاتنى چىقىش قىلغان نۇرغۇن «مۇۋاپىق» سىياسىي ۋە ئەخلاقىي ئاتلار روياپقا چىققان. ئىنسانلار جەمئىيىتى مەدەنىيلەشكەن ئىجتىمائىي(ھەرە كۆنىكىگە ئوخشاش) توپلۇقتۇر، خالاس. مەدەنىيەتتە تەرەققىيات، گۈللىنىش، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، بىيولوگىيەلىك ھايات ئۈچۈن روھنىڭ ئورنىغا ھېس - تۇيغۇ، ئارزۇ - ئىستەك، لەززەت ۋە زوقلار ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ھايۋان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ۋە ئوخشاشلىقنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، تەبىئەت بىلەن كۈلتۈر ئوتتۇرىسىدىكى

(1) ماتېرىيالىستلارنىڭ كونا زامانلاردىكى جەمئىيەتلەردە جىنسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى، يەنى ھەر ئايال ھەر ئەرگە ياكى ھەر ئەر ھەر ئايالغا تەۋە بولغانلىقىنى ئىزچىل ئىلگىرى سۈرۈپ تۇرۇۋېلىشى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. بىراق، بۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ بارلىقىغا ئىسپات يوقلۇقىنى ئېنگېلىس ئېتىراپ قىلىدۇ. (ئېنگېلىس: ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ مەنبەسى)

زىددىيەتنى يوق قىلىدۇ. دىن بولسا بۇ زىددىيەتنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ئايرىدە بولغاندىن بۇيان ئىنسان ۋە پوتكۇل كۇلتۇرلەر ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن توقۇنۇش ئىچىدە بولۇپ كەلگەن. كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىش دەل بۇ نۇقتىدىن باشلايدۇ.

«ئىنسان هايۋان بولۇشنى قەتئىي خالىمايدىغان هايۋاندۇر» (ئالبېرت. جامۇس). دىنىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ مەنپىي جۈملىدە ئىپادىسىنى تاپىدۇ. دىن خۇددى، هايۋانلارغا نەزەر سېلىڭلار، ئۇلارنىڭ قىلغىنىنىڭ تەتۈرسىنى قىلىڭلار، ئۇلار پادا هالىتىدە ياشايدۇ، سىلەر تەنها ياشاڭلار، ئۇلار لەززەت ۋە زوقلىرىغا بېرىلىپ، قىينچىلىقتىن قاچىدۇ، سىلەر قىينچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار. قىسقىسى، ئۇلار بەدىنى بىلەن ياشايدۇ، سىلەر روهىڭلار بىلەن ياشاڭلار، دېگەندەك...

ئىنساننىڭ زوئولوگىيەلىك تەرىپىنىڭ رەت قىلىنىشى، يەنى بۇ «مەنپىي مايىللىق» (ئەقىل ۋە دارۋىنچىلار تەرىپىدىن قەتئىي ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ) زېمىندىكى ئىنسان هاياتىنىڭ هەقىقىتىدۇر. بۇ هەقىقەت، قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر مەيلى لەنەتلىك بولسۇن مەيلى ئىمتىياز بولسۇن، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ يېگانە هەقىقىتى هېسابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ «ئىسيانى» بىر تەرەپ قىلىنغان ئەهۋالدا، ئىنسانىي هاياتمۇ يوق بولىدۇ. شۇنداقلا دىن، سەنئەت، پىداكارلىق ۋە دىرامىمۇ غايىب بولىدۇ. كەينىگە قالىدىغىنى، مەۋجۇتلۇق (ماددىي نۇقتىدىن) ۋە فونكسىيەدۇر.

ئىنسان بىلەن هايۋان ئوتتۇرىسىدا هەم پاراللېللىق هەمدە مۇتلەق زىددىيەت مەۋجۇت. پاراللېللىق ۋە ئوخشاشلىق بىيولوگىيەلىك بولۇپ بەدەنىنىڭ تۈزۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسىيەتلەردا، يەنى مېخانىك كۆرۈنۈشتە مەۋجۇتتۇر. هالبۇكى، مۇتلەق زىددىيەت ماھىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مەنىۋى تەرەپتە گەۋدىلىنىدۇ. هايۋان گۇناهسىز بولۇپ، ئەخلاقىي جەھەتتىن بىتەرەپتۇر. ئىنسان هېچقاچان بۇنداق بولۇپ باقمىغان. بۇ ئەهۋال تاكى هايۋاننىڭ ئىنسان بولۇشىدىن، «ئەرشتە» دىراماتىك «تۇنجى باشلىنىش»تىن ياكى «زېمىنغا چۈشۈرۈۋېتىلىشى»دىن بۇيان ئىنساننىڭ هايۋانىي بىغۇبارلىق ۋە گۇناهسىزلىقىغا قايتىش ئىمكانى پۈتۈنلەي يوقالغان. ئىنساننىڭ قايتىدىن كەلمەسلىكى ئۈچۈن «ئەركىن قويۇۋېتىلگەن». شۇ كۈندىن باشلاپ، ئىنسان يا ئىنسان ياكى هايۋاننىڭ بىرسى بولالمايدىغان، پەقەت ئىنسان ياكى غەيرى ئىنسان بولالايدىغان هالەتكە كېلىپ قالغان.

ئەگەر ئىنسان نوقۇل مۇكەممەل ھايۋان بولغان بولسا ئىدى، ھاياتىمۇ ئاددىي بولغان بولاتتى. بىراق، ئەھۋال بۇنداق بولمىغانلىقتىن ۋە ئىنسان ھەم «زېمىننىڭ بۆرىسى ھەمدە ئەرشىنىڭ پەرزەنتى» بولغانلىقتىن، يەنى يارىتىلغانلىقتىن، مۇۋازىنەتسىز بىر مەخلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدا «ئوكلىد تەكپۇگلۇقى» قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس. يارىتىلىش ھەقىقەتى ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتۈن چوڭقۇر ھەقىقەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، پۈتكۈل قورقۇنچلۇق دالالەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئىنساننىڭ ئېزىزلىقى، ئەخلاقىي ۋە غەيرىتىدىن باشقا، مۇشكۇلاتلىرى، ۋەھشىيلىكى، ئەخلاقسىزلىقلىرى قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقىقەتكە كىرىدۇ.[1] ھايۋان بولسا بۇلاردىن تامامەن خالىيدۇر.

يارىتىلىش ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئەركىنلىكىگە بىۋاسىتە چېتىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئەركىن ئەمەسلىكىنى، يەنى پۈتكۈل ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرەر كۈچ تەرىپىدىن (ئۆز ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن) بەلگىلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلساق، دۇنيانى (ھېچ بولمىغاندا سىز كۆرگەندەك) تونۇش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن تەڭرىگە ئېھتىياج چۈشمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ھالبۇكى، ئەگەر يارىتىلىش ئىچىدە ئەركىنلىك بارلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنساننىڭ پۈتكۈل ئەمەللىرىدىن ئۆزىنى مەسئۇل قىلسىڭىز، ئۇنداقتا، تەبىئىي ھالدا تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى كاللىڭىزدىن ئۆتۈپ قالىدۇ. چۈنكى، ئەركىن بولغان بىر جانلىقنى پەقەت تەڭرىلا يارىتالايدۇ ۋە ئەركىنلىك پەقەت يارىتىش ھەرىكىتى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.[2] شۇڭلاشقا، ئىنساننىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەركىنلىك ۋە مەھسۇلات بىر - بىرىگە زىت ئۇقۇملاردۇر. مەھسۇلات بىرىدىنلا ئوتتۇرىغا چىققان ياكى تەدرىجىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىققان تەقدىردە ئۇنىڭ ئەركىنلىكىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. تەڭرىمۇ ئىنساننى ۋۇجۇدقا چىقارغاندا ئىنشا قىلماستىن، ياراتقان. سەنئەتكارمۇ شۇنداق. ئىنشا قىلغۇچى ئىنسانغا ئەمەس، سۈرەتلىك بىر سىېخىمىغا ئېرىشەلەيدۇ، خالاس. بىر رەسىمنىڭ تەڭرىسىز قانداقمۇ مەنىسى بولسۇن. ئىنسان بەلكىم، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ياكى مەدەنىيەتنىڭ

(1) قۇرئانى كەرىم، 91/7 - 8

(2) جاسپېر، پەلسەپىگە كىرىش ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىرادىلىك ۋە ئاڭلىق ئىنسان تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئەركىنلىك بىلەن تەڭرى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەگەر ئەركىنلىكنىڭ مۇتلەق مەۋجۇتلۇقى تەڭرىنىڭمۇ مۇتلەقلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، ئۇنداقتا ئەركىنلىكنىڭ ئىنكارى بىلەن تەڭرىنىڭ ئىنكارى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بولىدۇ.

نەچچە مىليون يىللىق تەرەققىياتىدا ئۆزىنىڭ تەقلىدىنى، ئۆزىگە ئوخشاش كېتىدىغان ماشىنا ئادەم ياساپ چىقالىشى مۇمكىن. بىراق بۇ يەردە شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ماشىنا ئادەم ئەركىن بولماستىن، ياسىغۇچى ئورنىتىپ قويغان پىروگراممىا بويىچىلا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ يەردە، تەڭرىنىڭ يارىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، قايتىلانمايدىغانلىقى، كائىناتتا بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن مەيدانغا كېلىدىغان ھەر قانداق بىر نەرسە بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى روشەن نامايان بولىدۇ. تەڭرى ئىنساننى ياراتمىغان بولسا ئىدى، تەدرىجىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئىنسان ئەمەس، پەقەت ھايۋاندىن دەرىجىدە جەھەتتىن بىر بالداق يۇقىرى تۇرىدىغان، ئىنسان بەدىنى ۋە ئىدراكى بىلەن بېزەلگەن، ئەمما رەھىمسىز، روھسىز بىر مەخلۇق بولغان بولاتتى. ئەخلاقىي قىممەت ئۆلچەملىرىدىن تامامەن ياتلاشقان ياۋايى بىرى بولغان بولاتتى. بۇنداق بىر مەخلۇقنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ باشقا پىلانېتادىن كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلارمۇ بار. ھەتتا، بۇلارنى مەدەنىيەتنىڭ مۇئەييەن بىر سەۋىيەگە يەتكەندە ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئەسىرى سۈپىتىدە قارايدىغانلارمۇ بار. نېمىس شائىرى گىيۇتونىڭ «Faust »(مۇشت) ناملىق ئەسىرىدە، دەل مۇشۇنداق بىر مەخلۇقنى ئۇچرىتىمىز. ئۇ ئىنسان سۈپىتىدە ئەمەس، ئىنسان سۈرەتلىك مەخلۇق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مۇشۇنداق بىر مەخلۇقنىڭ ئەخلاق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولماسلىقى ۋە روھسىز بولۇشنى پەسكەش بىر ئىنساننىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا سېلىشتۇرۇشنىڭ قىلچىمۇ ئورنى يوق. ئىنسان، ئەخلاقىي قائىدىلەرگە زىت ھەرىكەت قىلىپ سېلىشى مۇمكىن. بىراق، ئەخلاق دائىرىسىنىڭ سىرتىغا، يەنى ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئۆز - ئۆزىنى «سىرتقا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ».

رېئاللىقتا، ئىنساننىڭ گۇناھ قىلىش مايىللىقى سەممىي ۋە دۇرۇس بولۇش مايىللىقىغا قارىغاندا گەۋدىلىكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ نەپسى ياخشى ئىشلاردىن بەكرەك يامان ئىشلارغا بەكرەك بۇيرۇيدۇ. (1) سەلبىي مىساللار ھەر ۋاقىت ئىجابىي مىساللاردىن ئۈنۈملۈكرەك بولىدۇ. سەلبىي بىر پېرسوناژنى تەسۋىرلىگەن بىر شائىر، بىر قەھرىماننى تەسۋىرلىمەكچى بولغان شائىرغا نىسبەتەن ھەر ۋاقىت ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئىنسان يا ياخشى ياكى يامان بولىدۇ. بىراق، گۇناھسىز ۋە

(1) قۇرئانى كەرىم: يۇسۇف سۈرىسى: 53

بىغۇبارمۇ ئەمەس. ئىنسان جەننەتتىن ھەيدەلگەندىن بۇيان ئۆزىگە بېرىلگەن ئەركىنلىكتىن قۇتۇلالىغىنى يوق. ئۆز ئەركىنلىكىنى تاللاشقا، ئىشلىتىشكە، ياخشى ياكى يامان بولۇشقا، قىسقىسى، ئىنسان بولۇشقا مەجبۇردۇر. بۇ تالLاش قابىلىيىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، كائىناتتا مۇمكىن بولغان مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان روھقا ئىگە مەخلۇق، بۇ يەردىكى روھ پسىخىكا ئىلمىدە كۆزدە تۇتۇلغان روھىي - ھالەتتىن پەرقلىق. ئەمەلىيەتتە، روھ ئىلمى دەپ، بىر نەرسە مەۋجۇتمۇ ئەمەس. پسىخىكا ئىلمي ئىنساننىڭ روھىي ھالىتىنىڭ مۇئەييەن بىر قىسمىنى، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تاشقى دۇنيادىن كەلگەن ۋاقىتلىق ۋە يوقاپ كېتىدىغان غەيرى شەخسىي ۋە ئوخشاش بولغان نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. پسىخو - فىزولوگىيە، پسىخولوگىيەلىك تەجرىبە، روھىي گىگىېنا پەنلىرىنىمۇ مۇشۇ كاتېگورىيەگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. نىسبەت پسىخولوگىيەسى چۈشەنچە ۋە ھېسسىياتنىڭ تاشقى، مېخانىك، سانلىق (غەيرى مەنىۋى ماھىيەت)تەرىپى ھەققىدىكى قاراشلار ئۈستىدە توختىلىدۇ. ھايۋان پسىخولوگىيەسى بىلەن ئىنسان پسىخولوگىيەسى بىر پۈتۈنلۈك تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى، پسىخولوگىيە روھ ئۈستىدە ئەمەس، جانلىقلارنىڭ نوقۇل پسىخىكىلىق روھىي ھالەتلىرىنىڭ ئىپادىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. نوپۇزلۇق پسىخولوگ جون ۋاتسون مۇنداق دەيدۇ: «ئوبيېكتى ۋە تەجرىبىگە مۇۋاپىق ھايۋان پسىخولوگىيەسىنىڭ مەسىللىرى، تەتقىقات تېمىسى، مېتودى، نىشان قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئىنسان پسىخولوگىيەسى ۋۇجۇدقا چىقىرىش كېرەك. بىر - بىرىدىن تۆمۈر توسۇقلار بىلەن ئايرىلغان، بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، تېما، مېتود، نىشانلىرى ئايرىم بولغان ئىنسان ۋە ھايۋان پسىخولوگىيەلىرىنى تەبىئىي ئىلىملەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالالايدىغان شەكىلدە بىرلەشتۈرۈش كېرەك. يەنى بىر بولۇشى كېرەك.» بۇ سۆزلەرنى ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. شەرقتە، پىخسولوگىيەنىڭ «روھ» ئىلمي بولماستىن، پەقەت «نەپس» ئىلمي بارلىقى تەكىتلىنىدۇ. پسىخولوگىيە شەخسىي يەنى ئىنسانىي خۇسۇسلارنىڭ ئەمەس، بىيولوگىيەلىك خۇسۇسلارنىڭ سەۋىيەسىدە بولىدۇ. چۈنكى ئۈچ دائىرە بار بولۇپ، ئۇلار مېخانىك، بىيولوگىيەلىك، كىشىلىك قاتارلىقلار... بۇلار ھەقىقەتنىڭ ماددا، ھايات، شەخسىيەت قاتارلىق ئۈچ دەرىجىسىگە توغرا كېلىدۇ. پىكىر ۋە مەنىۋىيەت ساھەسىگە ئىلمي ئۇسۇل ئىزچىل تېگىشلىغان تەقدىردە، ئىلمي ئۇسۇل مۇتلەق سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تەستىقلايدىغان

ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. مۇتلەق سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى روھنىڭ دەل ئۆزى بولغان ئەركىنلىكنى ئىنكار قىلىدۇ. روھنى «تەتقىق» قىلىمىز دېسەك، ئاقىۋەت، «تەتقىقات تېمىسى»نى ئىنكار قىلىدىغان پەللىگە بېرىپ قالىمىز. شۇڭلاشقا، بۇ ئاددىي ئۈچ دائىرىدىن چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ پسىخىكىلىق ئانالىزنىڭ مېتود نۇقتىسىدىنمۇ نېمە ئۈچۈن ئاتېئىزملىق ئىدىيەلەر بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ قېرىنداشلىقى ۋە باراۋەرلىكى، پەقەت ئىنساننى تەڭرى ياراتقان ئەھۋالدىلا مۇمكىن بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى مەنىۋى بىر ھەقىقەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ تەبىئىي (ماددىي ياكى ئەقلى) ئەمەس. بۇ باراۋەرلىك ئەخلاقىي قىممەت ئۆلچىمى، ئىنساننىڭ ئىززەت - ئابرۇيى ، ئىنساننىڭ شەخسىيىتى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسانلار ماددىي ، ئىجتىمائىي، ئەقلىي، تۇپلۇق، مىللەت، سىنىپ ۋە سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئەزالىرى سۈپىتىدە بولسا قەتئىي باراۋەر بولالمايدۇ. بۇ ئاچچىق رېئاللىققا كۆز يۇمۇشنىڭ قىلچە ئورنى يوق. ئىنساننىڭ روھى تەرىپىنى ئۇبدان چۈشەنمىسەڭىز، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنىڭ يېگانە ئاساسىنى يوقىتىپ قويغان بولىسىز. نەتىجىدە، باراۋەرلىك ئاساسسىز قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، باراۋەرسىزلىك، تەڭسىزلىك ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. مەنىۋىيەتنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى بولغان دىنىدىن ئايرىلىپ قالغان ھامان ئىرقىي، مىللىي، سىنىپىي، سىياسىي ماھىيەتكە ئىگە بولغان باراۋەرسىزلىك ۋە تەڭسىزلىكلەر دەرھال ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدۇ. (1)

ئىنساننىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى نە بىيولوگىيە، نە پسىخولوگىيە ئىزاھلىيالمايدۇ. چۈنكى ئىززەت - ئابرۇينىڭ ماھىيىتى مەنىۋىدۇر. بىلىم «ئوبيېكتىپ كۆزىتىش ئۇسۇلى» ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئەمەس، پەقەتلا تەڭسىزلىكىنى تېپىپ چىقالايدۇ. شۇڭلاشقا، «ئىلمىي ئىرقچىلىق» مەۋجۇت بولۇشى ناھايىتى نورمال

(1) 1974 - يىلى خىتايدا «سۇ بويىدا» ناملىق 14 - ئەسىردە يېزىلغان رومان ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تالاش - تارتىشلار بۇ خۇسۇستا تىپىك مىسال بولالايدۇ. مەزكۇر روماننىڭ پېرل باك تەرىپىدىن «پۈتۈن ئىنسانلار قېرىنداشتۇر» نامى ئاستىدا تەرجىمە قىلىنىشى رومانىنى تېخىمۇ مەشھۇر قىلىۋەتكەن. كىلاسسىك جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن بولغان بۇ روماندا 12.ئەسىرنىڭ بېشىدا دېھقانلارنىڭ پادىشاھقا قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلاڭلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. روماندا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكى تەكىتلىنىشى مەسىلىگە سىنىپسىز نۇقتىئىنەزەردىن قارايدىغانلارنىڭ نەزىرىدە «ئىبرەت خاراكتېرلىك سەلبىي مىسال» سۈپىتىدە قارىلىدۇ. چۈنكى، بەس - مۇنازىرىلەردە دېيىلگىنىدەك، پۈتكۈل ئىنسانلار قېرىنداش ئەمەس.
ۋېنگىرىيەدە 1976 - يىلى ماتارىپ مىنىستىرلىقى مەكتەپلەرگە ئۇقۇغۇچىلارنىڭ پۈتۈن مەلۇماتىنى ئارخىپ قىلىپ ساقلاشنى بۇيرۇغان . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارخىپلىرىدا قايسى ئىجتىمائىي تەبىقە ۋە سىنىپتىن كەلگەنلىكىمۇ يېزىلغان. بۇ دەرىجىگە ئايرىپ ئۇسۇلىغا ئاتا - ئانىلار بولۇپ جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرى دەرھال ئىنكاس بىلدۈرگەن.

ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق. [1]

سوقرات، پىتاگورس ياكى سىنېكا قاتارلىق زاتلارنىڭ ئەخلاقىي دىنلار (يەھۇدىيلىق، خرىستىيانلىق ۋە ئىسلام)نىڭ ئەخلاقىغا سېلىشتۇرغاندا كەينىدە ئەمەس. بىراق، ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بار بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلىشى سەۋەبىدىن پۈتۈن ساماۋى دىنلار ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. قەدىمدە ئىنسان ئۆزى تەۋە بولغان توپلۇق، دۆلەت، مىللەت ياكى سىنىپقا چەمبەرچاس باغلىناتتى. ئەپلاتۇندەك بىر زاتمۇ زورۇر تېپىلسا ئىنسانلارنىڭ باراۋەر بولمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلغان. ساماۋى دىنلار ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق باراۋەرلىكىنى پرىنسىپ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي، مەنىۋى، ئەخلاقىي ھەتتا ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشى تەتقىق قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەخلاق تارىخىي ئىنسانلارنىڭ تەڭسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك قاراشنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆلۈمسىزلىك قارىشى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۆلۈمسىزلىك قارىشىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ياكى بۇ قاراش ھەققىدە ئۇقۇملىرى ئېنىق بولمىغان دىنلار بىلەن ئەخلاق سىستېمىلىرى، باراۋەرلىك قاراشىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ.

نېتزى دىنىنىڭ ئاجىزلارنىڭ كۆچلۈكلەرنىڭ كۆزىنى بوياش ۋە ئالداش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنى، ماركس بولسا بۇنىڭ تەتۈرىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دىنىنىڭ «ئويدۇرۇلغان» نەرسە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغان ئەھۋالدا، نېتزىنىڭ قارىشى ماركسىنىڭ قارىشىغا قارىغاندا تېخىمۇ قايىل قىلارلىقتەك كۆرۈنىدۇ . چۈنكى، ئاجىزلار، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار ناقابىللار باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ئۇقۇملىرىنى دىندىن ئايرىپ مۇئامىلە قىلمىغان. دىندىن باشقا ھەر قانداق نەرسە، ھەتتا بىلىممۇ تەڭسىزلىكنى ئىزچىل تەستىقلاپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە، ئىنسانغا ھەقىقىي قىممەتنى ئاتا قىلغان يېگانە ئامىل دىندۇر. ئۇنداقتا، نېمىشقا نامرات، مېيىپ ، ئىگە - چاقىسىز، ئاجىز كىشىلەر ئىبادەتخانىلارنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەيدۇ؟ بۇ دۇنيانىڭ پۈتكۈل مەئىشەتلىرىدىن: ئىسىم، نەسەب ، بايلىق، سالامەتلىك، قابىلىيەت، بىلىم

(1) تەدرىجىي تەرەققىياتنى باراۋەرلىك چۈشەنچىسى ياكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ھەق ھوقۇقلىرى بىلەن قەتئىي ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ كەينىدە ئەمەلىيەتتە دىن ياتىدۇ. (بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز كىتابنىڭ 9 - بابىغا مۇراجىئەت قىلسىڭىز بولىدۇ.)

قاتارلىق ھەر ساھەدىن قوغلاندى قىلىنغانلارغا پەقەت ئىبادەتخانىلا ئۇلارنىڭ باشقا ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش ئىنسانىي ئىززەت - ئابرۇيغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن قىلچە پەرقى يوقلىقىنى جاكارلاپ، ئىشىكلىرىنى ئاچقان. بىر زاۋۇتنىڭ ئىشىكىدىن سالامەتلىكى ياخشى، مەلۇماتى بولغانلارلا كىرەلەيدۇ. كېسەل ۋە نادانلار بولسا ھەر ۋاقىت سىرتىدا قېلىپ قالىدۇ. ئىبادەتخانىدا بولسا نامرات بىر كور كىشىمۇ بىر پادىشاھ ياكى مەرتىۋىلىك بىر «زات»نىڭ يېنىدا تۇرالايدۇ، ھەتتا ئۇلاردىن تېخىمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرالىشى مۇمكىن. ئىبادەتخانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەنىۋى ۋە ئىنسانىي ئەھمىيىتى ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىزچىل تەكىتلەپ تۇرۇشىدا ياتىدۇ.

سەنئەت ئۆزىنىڭ نىشانىنى ھايات تەرىپىدىن ئېزىلگەن كىشىلەردە كۆرەلەيدۇ، ئىنسانىي ئۇلۇغلۇقى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كىچىك ئىنسانلاردىن ئىزدەيدۇ، ئۇلۇغ ۋە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە بولغان ئىنسان روھىنى قېزىپ چىقىدۇ. قەھرىمان ياكى پېرسوناژنىڭ جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنى قانچە تۆۋەن بولسا روھ قېزىپ چىقىشمۇ شۇنچە مەنىلىك ۋە تەسىرلىك بولىدۇ. كىلاسسىك رۇس ئەدەبىياتىنىڭ قىممىتىنىڭ يۈكسەك بولۇشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بولغان.

شۈڭلاشقا، گۇمانىزم ھەرگىزمۇ مەرھەمەت، كەچۈرۈم، سېخىيلىق، كەڭ قورساقلىق ئەمەس. ئۇ ئىنسان ۋە ئەركىنلىكنىڭ داۋاملىق كۈنتەرتىپى بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، يەنى ئىنساننىڭ ئىنسان بولۇشى سەۋەبىدىنلا ئىنسانىي قىممەت ئۆلچەملىرىنى تەستىقلايدۇ، خالاس. ئىنساننىڭ كىشىلىكىنى پەسلەشتۈرىدىغان، ئۇنى تاۋار سۈپىتىدە قارايدىغان ھەر قانداق نەرسە، غەيرى ئىنسانىيدۇر. شۈڭلاشقا، ئىنسانىي قىلغان - ئەتكەنلىرىگە مەسئۇل قىلىپ، جازالاندۇرۇشمۇ ئىنسانىيدۇر. ئەكسىچە، ئىنساننىڭ پۇشايمان قىلىشىنى، پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشىنى، «ياۋاش بولۇشى»نى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى كەچۈرۈم قىلىش غەيرى ئىنسانىيلىقتۇر. ئىنسانلارنى كۆز قاراشلىرى ۋە ئىدېئولوگىيەلىرى سەۋەبىدىن سوتلاش، كۆز قاراش ۋە ئىدېئولوگىيەلەردىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئىنسانىيدۇر. ئىنسانىي بولغان جازالار بولغىنىغا ئوخشاش، غەيرى ئىنسانىي كەچۈرۈم قىلىشلارمۇ بار. چېركاۋ مەھكىمىسى ئىنساننىڭ روھىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەدىنىنى كۆيدۈرگەنلىكلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دەۋرىمىزدىكى سودىيەلەر بولسا دەل ئەكسىچە بولۇپ، بەدەن ئۈچۈن روھنى كۆيدۈرىدۇ. ئىنسانىي ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىستېمالچى سۈپىتىدىلا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆرۈش، ئىنسانغا ئىشلەپچىقىش ۋە ئىستېمال سەۋىيەسىگە ئاساسەن باھا بېرىش قاتارلىقلار غەيرى گۇمانىزملىق ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنى قىيىن شارائىتلاردا تەربىيەلەپ ئىنتىزامچان ۋە «ياخشى» پۇقرا قىلىپ يېتىشتۈرۈشمۇ غەيرى ئىنسانىي كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

مائارىپمۇ غەيرى ئىنسانىي بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مائارىپ، تاق يۆنىلىشلىك، قېلىپلاشتۇرۇلغان، مېڭە يۇيىدىغان، ئويلاندۇرىدىغان خاراكتېردە ئەمەس، تەييار ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئىنسان تەسەۋۋۇرىنى ۋە ئەركىنلىكلىرىنى تارايتىدىغان، ئىنسانلارنى فۇنكسىيەلىك قۇرۇلما سۈپىتىدە كۆرىدىغان ھەر قانداق مائارىپ غەيرى ئىنسانىيدۇر.

ئىنسانغا ئېتىبار قىلىش ئۇنىڭغا پايدىلىق بولسىمۇ، يەنىلا غەيرى ئىنسانىي ھېسابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى بىكار قىلىۋېتىشمۇ مۇشۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. چۈنكى، ئىنسان مەسئۇلىيەت ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاللاھ ئىنسانغا ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاتقۇزۇش ۋە ئۇنى ئېغىر جازالار بىلەن تەھدىت سېلىش ئارقىلىق، ئىنساننى تولۇق تەستىقلىدى.(1) بىزمۇ ئاللاھنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئىنسانغا تولۇق گۇۋاھلىق بەرسەك بولىدۇ. ئىنسانغا ئۆزى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ۋە تاللاش ئورنىغا، ئۇنىڭغا كۆرەش ۋە تاللاش ئەركىنلىكىنى قالدۇرۇپ قويۇش تېخىمۇ مۇۋاپىق ۋە توغرا ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

دىن ۋە ئۇنىڭ «ئەرشتىكى تۇنجى باشلىنىش» ھادىسىسى بولماي تۇرۇپ، ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەخلۇق ئىكەنلىكىگە دائىر كۈچلۈك ئېتىقاد بولمايدۇ. دىن بولماستىن تۇرۇپ ئىنساننىڭ ھەقىقەتەن مۇمكىن بولالايدىغانلىقىغا، مەۋجۇت

(1) بۇ شەھەر (يەنى مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەن [1]. (ئى مۇھەممەد!) بۇ شەھەردە (ئۇرۇش قىلىش) ساڭا ھالالدۇر [2]. ئادەم (ئەلەيھىسسالام) ۋە (ئۇنىڭ ياخشى) پەرزەنتلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن [3]. بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق [4]. ئۇ (يەنى فاجىر، شەقى ئادەم) ئۆزىگە ھېچ كىشىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ [5] ئۇ: «كۆپ مال سەرپ قىلدىم» دەيدۇ [6]. ئۇ ئۆزىنىڭ (مال) سەرپ قىلغانلىقىنى ھېچ كىشى كۆرمىدى دەپ ئويلامدۇ؟ [7] ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟ [8-10] ئۇ داۋان ئاشمىدى [11]. داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟ [12] (داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلماقتۇر [13]، ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىن (يەنى ھالى ناچار كەمبەغەل) گە تاماق بەرمەكتۇر [14-16]. شۇنىڭ بىلەن بىللە (يەنى يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن بولماقتۇر [17]. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر) سائادەتمەن كىشىلەردۇر [18]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار بەتبەختلەردۇر [19]. ئۇلار دوزاختا سولىنىدۇ [20]. (بەلەد سۈرىسى)

بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىنتايىن مۈشكۈل. ئاتېئىزملىق گۇمانىزم زىددىيەت بىلەن تولغان. چۈنكى «ئەگەر تەڭرى مەۋجۇت بولمىسا، ئىنساننىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ» (بېركايېۋ). ئىنسان بولمىسا، ئۇنداقتا، گۇمانىزمىمۇ قۇرۇق گەپتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئىنساننىڭ يارىتىلىشىنى، تۇنجى ئېنىقسىزلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئېتىراپ قىلمىغان بىرسى، گۇمانىزمنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بىرسى، گۇمانىزمغا ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ «ئېھتىياجىغا ئاساسەن» مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ توق ياشىشىنى ئارزۇ قىلىش ۋە تەشەببۇس قىلىش ناھايىتى ياخشى ئىشتۇر. بىراق، باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان جەمئىيەتلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىمىزدىن بىلىشىمىزچە، نوقۇل مۇشۇنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى ۋە ئىنسانىي بولىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئىنسانلارنى بىر قېلىپتىن چىققاندەك تەربىيەلەپ چىقىپ ئۇنى كىشىلىك خاراكتېرىدىن مەھرۇم قىلىش ھەققىدىكى پىكىرلىرى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلانغان تەقدىردە، بۇ ئېھتىماللىق تېخىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. بۇنداق بىر دۇنيادا (ئاندولوس ھۆكلېۋ) ئاچارچىلىق كۆرۈلمەيدىكەن، ھەر ساھەدە باراۋەرلىك، مۇقىملىق ۋە ئاسايىش ھۆكۈم سۈرىدىكەن. بىز بۇنى ئاڭلىق شەكىلدە قەتئىي رەت قىلىمىز.

«ئىنسان مۇھىتنىڭ مەھسۇلاتىدۇر». بۇ قاراش تارىخ بويىچە غەيرى ئىنسانىي بولغان پۈتكۈل قانۇن ۋە ئىجتىمائىي نەزەرىيەلىرى بىلەن دەۋرىمىزدە ناتسىزم ۋە ستالىنىزم ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندى. بۇ قاراش ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، ئىنسانلارنى قورال سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان ھايۋان سۈپىتىدە كۆرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىنساندىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى، يەنى ئىنساننىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىشى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ ئەمەلىيەتتە مۇشۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. ئىنسان ھېچقانداق نەرسىگە خىزمەت قىلمايدۇ. (ئىنساندىن ۋاستە ۋە قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە، پۈتكۈل نەرسە ئىنسانغا، ئىنسان بولسا پەقەت ئاللاھقا خىزمەت قىلىشى كېرەك. گۇمانىزمنىڭ ھەقىقىي چاقىرىقى بۇ بولۇشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب: كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت

## قورال ۋە ئېتىقاد

ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى بىر - بىرىگە زىت ئىككى ھەقىقەت ئۆز - ئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ: يەنى تۇنجى قورال ۋە تۇنجى چوقۇنۇش. تۇنجى قورال ياغاچ ياكى قوپالراق ياسالغان تاشتۇر. قورالنىڭ ياسىلىشى بىلەن ئىشلىتىلىشى تاشقى ۋە سان جەھەتتىكى بىيولوگىيەلىك تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ داۋامىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تەدرىجىي تەرەققىيات ھاياتنىڭ ئەڭ ئاددىي شەكىللىرىدىن تاكى ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئىنسانغىچە داۋاملىششى مۇمكىن. تىك يۈرۈش، قولنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى،تەپەككۇر قىلىش، سۆزلەش، ئەقىل قاتارلىقلار ماھىيەت جەھەتتە زوئولوگىيەلىك خاراكتېردىكى بۇ تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان قاتتىق بىر جىسىمنى پارچىلاش ياكى بىر ھايۋانغا ئېتىش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم تاش ئىشلەتكەن ۋاقىتدا، ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمۇ ئوخشاش ئىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بىراق بۇ تاشنى ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ بىر روھنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلالىغان ۋاقىتدا، دەل مۇشۇ ھەرىكىتى بىلەن يالغۇز بۇنىڭدىن كېيىن زېمىندا ھەر جايدا ئىنسان ھادىسىسىنىڭ بىر ھەمراھى بولغان بىر نەرسە بولۇپلا قالماستىن، مۇشۇ دەقىقىگىچە بولغان جەريان ئىچىدە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان ھېسابلىناتتى.

ئوخشاش شەكىلدە، «ئىنسان تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسى. دائىرىلەپ قۇمغا رەسىمنى سىزىپ چىققان ۋاقىتدا (داۋىنچى)، ئىنسان ئۆزىگە خاس بولغان ۋە ھەر قانداق بىر ھايۋاندا (قانچىلىك تەرەققىي قىلىپ كەتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) تۇنجى بولۇپ ۋۇجۇدقا چىقىرىش قابىلىيىتى بولمىغان «ئىمكانىيىتى يوق بىر پائالىيەتنى» رويابقا چىقارغان ئىدى. بىيولوگىيەلىك ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىنساندىن بۇرۇنقى زوئولوگىيەلىك تارىخ بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدۇ. بىراق مەنىۋى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئىنساندىن بۇرۇنقى ھەر قانداق بىر نەرسە بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىنسان باشقا بىر ئالەمدىن، يەنى دىندا كۆرسىتىلگىنىدەك «ئاسمان»دىن كەلگەن ئىدى. قورال بىلەن ئېتىقاد ئىنساننىڭ ئىككى خىل تەبىئىتىگە ۋە ئىككى خىل تارىخىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىخنىڭ بىرسى «سامادىكى پرولوگ (مۇقەددىمە)»[1] بىلەن باشلانغان، ھۆرىيەت ئىدىيەسىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۆزىنى نامايان قىلغان (ھېگېل) ۋە دەھشەتلىك سوت مەھكىمىسى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ئىنسانىي تىراگېدىيەنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىرى بولسا، قوراللارنىڭ، يەنى ماددىي نەرسىلەرنىڭ تارىخىدۇر. بۇ سىنىپسىز جەمئىيەتكە ئېنتروپىغا (كائىناتنىڭ تەرتىپسىزلىككە قاراپ يۈزلىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قاراش) كىرگەندە ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ، باشقا بىر ماددىي دۇنياغا ئوخشاش[2]... بۇ ئىككى تارىخنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قورال بىلەن ئېتىقاد ياكى كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ.[3]

## ھاياتنىڭ ئىككى مەنبەچىلىك رېفلېكسى

ئىنسانلار ئاساسەن دېگۈدەك ھېچقانداق بىر مەسىلىدە، كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت مەسىلىسىدە يۈز بەرگىنىگە ئوخشاش چوڭ بىر قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىش-

(1) ئىنجىل ياكى فوستتا قەيت قىلىنغان.
(2) «ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى قوراللارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ»(پىيېررى لېكومبې:«بىلىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان تارىخ) ياكى دەل ئەكسىچە، «بارلىق تارىخ مەسىھكە قاراپ يۈزلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تارقىلىدۇ»(ھېگېل:«تارىخ پەلسەپىسى.) لېكومبې بىلەن ھېگېل كۆزدە تۇتقان «تارىخ» بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق
(3) ھازارەتنىڭ ئېپىستمولوگىيەلىك جەھەتتە ئېتىقاد ( لاتىنچە: cultus ve cultu - re ) بىلەن مۇناسىۋىتى بار. ھەر ئىككىسى ھىند - ياۋروپاغا تىل سىستېمىسىغا ئورتاق بىر سۆز بولغان «kwel» دىن كەلگەن. مەدەنىيەتنىڭ مەنىسى بولغان «civilizas - yon» نىڭ بولسا «civilizas - yon» = پۇقرا بىلەن مۇناسىۋىتى بار. )

مىغان ۋە ئۇقۇملارنى بۇ ئىككى ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانچىلىك بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشمىغان.

كۇلتۇر ساماۋى باشلانغان، شۇڭا ئۇ ئاسماندىن كەلگەن ئىنساننىڭ ئەرش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە مەركەزلىشىدۇ. بۇنى دىن، سەنئەت، ئەخلاق ۋە پەلسەپە ۋاستىسى بىلەن ئىپىلىپ بارىدۇ..... كۇلتۇردە ھەر نەرسە ئىنساننىڭ ساماۋى مەنبەسىنى يا تەستىقلاش ياكى ئىنكار قىلىش ياكى گۇمان بىلەن قاراش ۋەياكى ئۇنى ئەسلەپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت. بارلىق كۇلتۇرلەر بۇ مۆجمەللىكنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا قالىدۇ ياكى مۆجمەللىكنىڭ ھەل قىلىنىشى ياكى ئايدىڭلىشىشى ئۈچۈن ئىزچىل ھەرىكەت قىلىدۇ.

مەدەنىيەت يەنە بىر جەھەتتە زولوگىيىلىك، يەككە تەرەپلىك ھاياتنىڭ داۋامى ۋە ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ماددا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدۇر. ئەگەر بۇ تۈرمۇش شەكلى ھايۋاننىڭ تۇرمۇشىدىن پەرقلىق بولسا، بۇ پەقەت سەۋىيە، دەرىجە ۋە تەشكىلات جەھەتتىكى پەرقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئىنجىل، ھاملېت ياكى كارامىزوۋ(Hamlet ۋە Karamazov) مەسىلىلىرى بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن ئىنسان يوق. بۇ يەردە ئىنسان جەمئىيەتنىڭ نامسىز ئەزاسى سۈپىتىدە تەبىئەت ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

بارلىق كۇلتۇرلەر دىننىڭ ئىنسانغا بولغان تەسىرىدىن ياكى ئىنساننىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرىدىن ئىبارەتتۇر. بارلىق مەدەنىيەتلەر بولسا ئەقىلنىڭ تەبىئەت ۋە تاشقى دۇنيادىكى تەسىرىدىن ئىبارەت. كۇلتۇر «ئىنسان بولۇش سەنئىتى» بولغان بولسا، مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىش، ئىشلەش، باشقۇرۇش، ماددىي نەرسىلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىپ چىقىش سەنئىتىدۇر. كۇلتۇر «توختىماستىن ئۆز ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە يارىتىش» بولسا، مەدەنىيەت دۇنيانى توختىماستىن ئۆزگەرتىشتۇر.

بۇ يەردە ئىنسان - ئوبيېكتىپ، گۇمانىزم - شوسىزم (chosism) (فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى بىردىنبىر ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدىغان قاراش) زىددىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[1]

(1) شوۋىنىزم، نەرسە= كەلىمىسىدىن كېلىدۇ. ئىپادە شەكلى دۆركخېيمگە تەۋە. مۇئەييەن بىر ھادىسىنىڭ ئوبيېكتىپ، سىرتتىن «نەرسە سۈپىتىدە» تەتقىق قىلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان مېتود شەكلىدۇر .

دىنى ئېتىقادلار، درامىلار، شېئىرلار، ئويۇنلار، فولكلور، ماقال - تەمسىللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئەپسانە، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى ۋە ئېستېتىك قانۇنلىرى (پىرىنسىپلىرى)، ئىنساننىڭ ئىززەت - ھۆرمەت ۋە ئەركىنلىكىنى بەلگىلەيدىغان سىياسىي ۋە قانۇنىي ھاياتنىڭ ئامىللىرى، ئادالەت، پەلسەپە، تىياتىر، كۆرگەزمىلەر، مۇزېيلار، كۇتۇپخانىلار – تۇنجى سەھنىسى «ئەرشتە» ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىنسان كۇلتۇرىنىڭ ئىزچىل داۋاملاشقان ۋە داۋاملىشىدىغان ئىپادىلىرىدۇر. بۇ، «پەللىسى بارغانسېرى ئۇزاقلىشىدىغان مۇقەددەس تاغقا يامىشىش، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىنساننىڭ قولىدىكى مەشئەل بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش» (A. Malre - aux, Antimemoires) نى تەقەززا قىلىدۇ.

مەدەنىيەت مەنىۋى بىر نەرسە بولماستىن، بەلكى تېخنىكىلىق تەرەققىياتنىڭ داۋامىدۇر، خۇددى دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدە كۆزدە تۇتۇلغان ئىنسان بولماستىن، پەقەت بىيولوگىيەلىك تەرەققىياتىدىلا كۆزدە تۇتۇلغان ئىنسانغا ئوخشاش. مەدەنىيەت ئەجدادلىرىمىزدىكى كۈچ - قۇۋۋەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ تەبىئىي ، مېخانىك يەنى ئاڭسىز، مەنىسىز ئامىللارنىڭ داۋامىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەدەنىيەتنى ماھىيىتى جەھەتتىن ياخشى ياكى ناچار دېگىلى بولىدۇ. ئىنسان نەپەس ئېلىشقا ۋە قورسىقىنى تويغۇزۇشقا قانداق مەجبۇر بولسا، مەدەنىيەت يارىتىشقىمۇ شۇنداق مەجبۇر بولىدۇ. مەدەنىيەت ئېھتىياجىمىزنىڭ ۋە ئەركىن ئەمەسلىكىمىزنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. خۇددى كۇلتۇرنىڭ تاللاشنى داۋاملىق ھېس قىلغىنىغا ۋە ئىنسانىي ئەركىنلىكىنى ئىزھار قىلغىنىغا ئوخشاش.

مەدەنىيەتتە ئىنساننىڭ ماددىغا بېقىندىلىقى توختاۋسىز كۈچىيىپ بارىدۇ. بىر تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە كۆرە، ئامېرىكىدا ھەر يىلى كىشى بېشىغا ئىشلىتىلگەن خام ماتېرىيالنىڭ مىقدارى 18 توننا ئىكەن. بۇ داۋاملىق يېڭى ئېھتىياجلارنى يارىتىش ۋە ھەتتا كېرەكسىز، ئارتۇقچە نەرسىلەرگە ئېھتىياجى بارلىقنى ھېس قىلدۇرۇشنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. مەدەنىيەت ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ئېلىم -بېرىمنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇشقا، تاشقى تۇرمۇش شەكلىنى ئىچكى (مەنىۋى) دۇنيانىڭ زىيىنىغا تەشۋىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. «قولغا كەلتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش، ئىسراپ قىلىش ئۈچۈن قولغا كەلتۇرۇش» پىرىنسىپى مەدەنىيەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ماھىيىتىدە ياتىدۇ.

كۇلتۇر بولسا ئىنسانىي ئېھتىياجلارنىڭ سانىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا ئېھتىياجنىڭ قاندۇرۇلۇش دەرىجىسىنى پەسەيتىش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ھۆرلۈكىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنى كۇلتۇرنىڭ دىنى ماھىيىتى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەر كۇلتۇر راۋا كۆرىدىغان «خۇنۇك نەزىرلەر»دە - موناخلارنىڭ ياكى ھىپپىلەرنىڭ(غەلىتە كېيىنىدىغان)، مەنتىقسىز تۇس ئالغان دەرۋىشلەرنىڭ ۋە دۇنياۋى ھاياتتىن ۋاز كەچكەنلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، دەل مۇشۇ نۇقتىدا ياتىدۇ. بۇددىزمنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرىدىن بولغان«ئارزۇ - ئىستەكلەردىن ۋاز كېچىش» پىرىنسىپى ئالدىدا مەدەنىيەت - خۇددى بۇنىڭ ئەكسىنى تەقەززا قىلغاندەك - بۇنىڭغا زىت بىر مەنتىق ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر. يەنى «ھەر ۋاقىت يېڭى - يېڭى ئېھتىياج ۋە ئارزۇلىرىمىز چىقىپ تۇرسۇن»دېگەندەك.

بىر - بىرىگە زىت بولغان بۇ تەلەپلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەتلا بۇلارنىڭ تاسادىپىي ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئارىق كىشىلا ئاڭقىرالايدۇ. بۇ تەلەپلەردە ئىنسان تەڭپۇڭسىز بىر مەخلۇق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ زىتلىقى ياكى كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەتنىڭ زىددىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

كۇلتۇرنىڭ خىتاب قىلىش ئوبيېكتى ئىنساندۇر، مەدەنىيەتنىڭ بولسا جەمئىيەتتۇر. كۇلتۇرنىڭ غايىسى تەربىيە ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، مەدەنىيەتنىڭ غايىسى بولسا بىلىم ئارقىلىق تەبىئەتكە خوجا بولۇشتۇر. ئىنسان، پەلسەپە، سەنئەت، شېئىر، ئەخلاق، ئېتىقاد قاتارلىقلار كۇلتۇرنىڭ كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. دۆلەت، بىلىم، شەھەر، تېخنىكا قاتارلىقلار مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە تەۋە. ئىشلىتىدىغان ئاپپاراتلار ئىدىيە، نۇتۇق، يېزىق قاتارلىقلاردۇر.

كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاخىرەت بىلەن دۇنياۋى سائادەت، تەگرى دۆلىتى بىلەن قۇياش دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاپ قالىدۇ.

تاجىتىنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيلەشمىگەن ئىنسانلار قۇللارغا رىملارغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن. قەدىمكى رىم كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەت

ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم مىسال ھېسابلىنىدۇ. تالان - تاراج ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار، «Panem et Circenses»( ھەشەمەتلىك تۇرمۇش)، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قانخورلۇقى، ئاۋام خەلقنىڭ نادانلىقى، نامرات پرولتارىياتلار، يالغان دېموكراتىيە، سىياسىي ھىيلە - مىكىرلەر، خىرىستىيانلارغا سېلىنغان زۇلۇم، نېرون ۋە كالىگۇلا (رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورلىرى)، دىكتاتورلىق ۋە دىكتاتور، گلادىياتور ئويۇنلىرى رىم مەدەنىيىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش ئۈچۈن سەۋەب بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق بۇ يەردە كۈلتۈرگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر نەرسە بارمىدۇ، دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. «خېلېن[1] روھى ۋە رىم ئىدىيەسى - كۈلتۈر بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىق دەل بۇ يەردە ياتىدۇ» (ئوسۋالد سپېنگلېر). كىشىگە رىملىقلار مەدەنىيلەشكەن مەدەنىيەتسىزلەر تەسىراتىنى بېرىدۇ. رىم كۈلتۈردىن مەھرۇم بىر مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر. مايالىقلارنىڭ (كولۇمبودىن بۇرۇن ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدىغان خەلقنىڭ نامى) كۈلتۈرى بەلكىم بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن. بۇرۇنقى گېرمان ۋە سلاۋلارنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ كۈلتۈر جەھەتتە رىملىقلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. خۇددى ئىندىيانلارنىڭ ئاق تەنلىك مۇستەملىكچىلەردىن تېخىمۇ «كۈلتۈرلۈك» بولغانلىقىغا ئوخشاش.

بۇنىڭغا ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش ئېقىمىمۇ ياخشى مىسال بولالايدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ دىنامىك كۈلتۈر دەۋرى مەدەنىيەت جەھەتتە چېكىنىش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردە ھەقىقىي مەنىدىكى ئىقتىسادىي ئىنقىلاب مەيدانغا كەلگەن ئىدى. نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، يېڭى بازارلار ئېچىلغان، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا مۇستەملىكە يۈرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن سىرت نوپۇسمۇ تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن. ئاساسەن دېگۈدەك دۇنيانىڭ ئورنىغا ئىنسان بىلەن بەند بولۇپ كەتكەن مەزكۇر ئېقىم «ئەمەلىيەتتە» رېئاللىقتا يۈز بەرگەن ۋەقە - ھادىسىلەرگە ئىنتايىن ئاز ئەھمىيەت بەرگەن. غەربىي ياۋروپادا ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر پەيتتە، كۆپلىگەن ياۋروپا دۆلىتىدە نوپۇسنىڭ

(1) قەدىمىي يۇنان خەلقىنىڭ مىستىك قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھېلېندىن كەلگەن ھېلېنىزم يۇنان كۈلتۈرىنىڭ تەبىئەت كۈلتۈرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن پىكىر، سەنئەت ۋە پەلسەپە ئېقىمىنى كۆرسىتىدۇ.

ئازىيىپ كېتىشكە ئەگىشىپ، ئومۇمىي جەھەتتە چېكىنىش ۋە تۇرغۇنلۇق كېلىپ چىققان. 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيەنىڭ نوپۇسى 4 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئارىدىن بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن 2 مىليون 100 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. فلورېنسانىڭ 14 - ئەسىردە نوپۇسى 100 مىڭ بولغان بولسا، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي 70مىڭغا چۈشۈپ قالغان. پىرىنسىپ جەھەتتە ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر چېتىشلىقى بولمىغان ئىككى «ئۆزگىرىش» مەيدانغا كەلگەن.(1) ماتارىپ ۋە مېدىتاتسىيە(2)

مەدەنىيەت ئىنسانغا بىلىم ئۆگىتىدۇ، كۇلتۇر بولسا روھقا ئىگە قىلىدۇ. بىرى ئۆگىنىشنى، يەنى بىرى تەپەككۇرنى تەلەپ قىلىدۇ.

تەپەككۇر، چوڭقۇر ئويغا بېرىلىش ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى ۋە دۇنيادىكى ئورنىنى تونۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىر پائالىيەت شەكلى بولغان بولسا، ئۆگىنىش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش رېئاللىق ۋە رېئاللىقتىكى ۋەقە - ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ۋە مەلۇمات ئىگىلەشتىن ئىبارەت بولغان پائالىيەتتۇر. مېدىتاتسىيە ھېكمەتكە، رايىشلىققا، خاتىرجەملىككە ۋە يۇنان تەبىرى بويىچە «روھىي خاتىرجەملىككە» ئېرىشتۈرىدۇ. ھەر قانداق بىر دىنى، ئەخلاقىي ياكى سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتنى ئىدراك قىلىش مەقسىتى بىلەن ئۆزىنىڭ روھى دۇنياسىغا چۆكۈش دېگەنلىك بولىدۇ. مەقسىتى مەۋجۇتلۇقنىڭ شەرتلىرىنىڭ تېگىگە يېتىش ۋە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. بىلىم كۆزىتىش، تەھلىل، تەجرىبە، تەتقىق قىلىش، تەتبىق قىلىشتىن ئىبارەت بولغان بولسا، تەپەككۇرنىڭ سىرى ئۇنىڭ مەرىپەتلىكىدە ياتىدۇ. پىكىر جەھەتتىكى مۇلاھىزە ۋە كۆزىتىش بولسا «ئارزۇ - ئىستەكلەردىن قۇتۇلغان بولۇشى لازىم (شوپېنخاۋۇر)، يەنى پايدىسىز ۋە مەنپەئەتسىزدۇر. يەن ھېچقاچان مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان. تەپەككۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ، شائىرلارنىڭ، سەنئەتكارلارنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ يولىدۇر، ھەرگىزمۇ پەن ئەھلىنىڭ يولى ئەمەس. پەن ئادىمىمۇ تەپەككۇرغا چەكلىمە قويمايدۇ. بىراق بۇنى بىلىم ئادىمى سۈپىتى بىلەن ئەمەس، بىر ئىنسان سۈپىتىدە ۋەياكى بىر

(1) (ئىزاھات، 4: ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدە روھنىڭ بۇ «غەيرى رەسمىي ئىلمىي» ئەھۋالى، خۇراپاتلىقنىڭ يالغۇز ئاۋام ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى سەنئەتكارلار ۋە ھۇمانىستلار ئارىسىدىمۇ ئومومىيلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ئاسترولوگىيەگە ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغانلار مۇتەپەككۇر بولغان ۋە قەدىمىي دەۋردىن بېرى بۇ دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئومۇملاشقان ئەمەس. ب. رۇسسېل، غەرب پەلسەپە تارىخى).

(2) چوڭقۇر ئويغا بېرىلىش - تەرجىماندىن.

سەنئەتكار سۈپىتىدە (چۈنكى ھەر قانداق بىر ئىنسان مۇئەييەن بىر نۇقتىغىچە سەنئەتكار ھېسابلىنىدۇ) ئېلىپ بارىدۇ. تەپەككۇر كىشىگە ئۆز ئۆزىگە ھۆكۈمران بولۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ. پەن بولسا تەبىئەتكە خوجا بولۇش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. مائارىپ سەۋىيەيمىز يالغۇز مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە ئۆز ئالدىغا كۈلتۈرىمىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوقتۇر.

دەۋرىمىزدە ئۆگىنىشكە ۋە بىلىم ساھەسىدىكى تەرەققىياتلارغا قانچە كۆپ ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسا، بىر زامانلاردىمۇ تەپەككۇرغا شۇنچە كۆپ ئەھمىيەت بېرىلەتتى. «لاپۇتالىق مۇتەپەككۇرلار تەپەككۇرغا چۆكۈپ كەتكەنلىكتىن، باشقىلار ئاۋارە قىلغان تەقدىرىمۇ ھېچنېمىنى سەزمەيتتى ( ج. پا - يوت: ئىنسان بولۇش سەنئىتى). بۇددا ھەققىدە يېزىلغان كىتابلاردا مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇددا روھى ۋايىغا يەتمەستىن بۇرۇن دەريا بويىدا ئۈچ كېچە ئۈچ كۈندۈزنى تەپەككۇر قىلىپ ئۆتكۈزگەن، بىراق بۇنى ئۆزى ھېس قىلمىغان. كسېنوفونمۇ سوقرات ھەققىدە بۇنىڭغا ئوخشاش بايانلارنى بېرىدۇ: سوقرات بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇزۇندىن بېرى ھەل قىلالماي كېلىۋاتقان بىر مەسىلە ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال تۈن نىسپىگىچە داۋاملىشىدۇ. تۈن كېچە ئەتراپتىن ئۆتىۋاتقانلار ئۇنى كۆرۈپ قېلىشىدۇ ۋە «سوقرات ئەتىگەندىن بېرى بىر يەردىلا ئولتۇرۇپ ئويلىنىۋاتىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى بىر - بىرىگە كۇسۇلدىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك چىدىيالايدىغانلىقىنى بىلىپ باققۇسى كېلىدۇ. سوقرات بولسا ئەتىسى ئەتىگەنگىچە تەپەككۇر قىلىدۇ ۋە دۇئا قىلغاندىن كېيىن يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ»(كسېنوفون، پائالىيەت:220).

ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان گالىلېي بىر ئۆمۈر جىسىملارنىڭ يەرگە چۈشۈش مەسىلىسى بىلەن بەند بولىدۇ. تولستوي بولسا ئۆمرىنى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئايروپىلان ياكى پاراخوت ئىجاد قىلغۇچىلار ئىجادىيەتلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە ۋە سىناق قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسا، بۇددا، سوقرات، سېنېكا، غەززالى، رۇمى، فىردەۋسى، شېكسپېر، دوستويېۋسكى، گيوگو قاتارلىقلارمۇ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشقا، كائىنات سىرلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا ۋە تونۇشقا ئېھتىياج ھېس قىلدى. تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۆگىنىش بىر - بىردىن تامامەن پەرقلىق ئىككى خىل پائالىيەت شەكلىدۇر. بۇلاردىن تۇنجىسى، بېتخوۋېننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توققۇزىنچى سىمفونىيەنى يېزىشقا، ئىككىنچى بولسا، نيۇتوننى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى كەشىپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. تەپەككۇر بىلەن مائارىپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئىنسان بىلەن دۇنيا، روھ بىلەن زېھىن ياكى كۈلتۈر بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسى، بىز ئىلگىرى -ئاخىرى بولۇپ ئۆزىمىزدىن، ئۆزلۈكىمىزدىن ۋە كىشىلىك خاراكتېرىمىزدىن باشقا ھەر نەرسىنى تاپالايمىز. بىراق ئۆزلۈكىمىزنىڭ ۋاستى بىلەن ئەدەبىياتقا بېقىندى ھالەتتە تۇرىمىز. ئۆزلۈكىمىز بىلەنلا ھۆرلۈكىمىزنى ھېس قىلالايمىز ھەمدە ئۇ ئالەم ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەلەيمىز. روھ ۋە ھۆر ئالەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە مەنلا ئۆز - ئۆزۈمگە شاھىت بولالايمەن. ئۆزلۈكۈم بولمىغان تەقدىردە مەن تەبىئەت دۇنياسىدىن پەرقلىق بىر ئالەم ھەققىدە شاھىت بولالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى شاھىتلىق ھەققىنى يوقۇتۇپ قويغان بولىمەن. چۈنكى مەنسىز بولغان ھەر نەرسە يات ۋە مەسىلە بىلەن تولغان. مېدىتاتسىيە (چوڭقۇر ئويغا بېرىلىش) ئۆزۈمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا، ئۆزلۈكۈم تۈرتكىسىدە ھاياتىم ۋە مەۋجۇدىيەت ھەققىدە ھەقىقەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تېپىشقا تەشەببۇس قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. مېدىتاتسىيە جەمئىيەتنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش بىلەن بەند بولمايدۇ. بۇ يەردە ئىنسان ئۆز - ئۆزىدىن سوراشقا تېگىشلىك مەسىلەر بار.

ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىلگەندە، مېدىتاتسىيە (چوڭقۇر ئويغا بېرىلىش) ئەقىل - پاراسەتنىڭ بىر فۇنكسىيەسى ئەمەس. يېقى بىر ئايروپىلان تېپىنى لايىھەلىگەن ياكى بىر كۆۋرۈك ۋە ياكى پەرقلىق بىر قۇرۇلما لايىھەسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن بىر ئىنژېنېر بۇلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانىدا مېدىتاتسىيەگە ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزىدۇ، تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، سىناق قىلىدۇ، بۇلار يا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياكى بىرلىكتە مېدىتاتسىيە بولالايدۇ. مېدىتاتسىيەگە بېرىلگەن كىشى شائىر، پەيلاسوپ ياكى سەنئەتكاردۇر. بۇ خىلدىكى ئىنسانلار مەلۇم بىر ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يېتىش ۋە بىر سىرنىڭ يېشىلىشى بىلەن بەند بولۇشىدۇ. بۇ ھەقىقەت ھەم ھەر نەرسە ھەمدە ھېچبىر نەرسە دېمەكتۇر. يەنى بىرلا روھقا نىسبەتەن ھەر نەرسە، بۇنىڭدىن باشقا پۈتكۈل دۇنياغا نىسبەتەن ھېچبىر نەرسە دېگەنلىك بولىدۇ.

شۇڭا بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېدىتاتسىيە ماھىيەت جەھەتتە دىنى

پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئارىستوتېل ئەقىل بىلەن پىكىر ئوتتۇرىسىكى پەرقنى، ئىنسان بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشىتىدۇ. بۇددىزىمدا دىنى مۇراسىم تەپەككۇردىن ئىبارەت،خالاس. خىرىستىيانلىقتا بولسا، «تەقۋادار تەرىقەتلەر» بار بولۇپ، بۇلار نورمال ھادىسلەر ھېسابلىنىدۇ. سپىنوزا تەقۋادارلىقنى ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھەمدە ئەڭ مۇقەددەس غايىسى، دەپ قارايدۇ. تەربىيە ئۆزى يالغۇز ئىنساننى تەربىيەلەشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئىنساننى تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئالىيجاناب قىلالمايدۇ. بىراق تېخىمۇ قابىلىيەتلىك، تېخىمۇ ئاكتىپ ۋە جەمئىيەتكە تېخىمۇ پايدىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. تارىختا ئىسپاتلانغىنىغا ئوخشاش، ئوقۇغان ئىنسانلار ۋە مىللەتلەر كۆپىنچە ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەن، بۇ جەھەتتە ئاجىز مىللەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالىغان. ئىمپېرىيالىزمنىڭ تارىخىي مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋە ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنى رەھىمسىزلەرچە ئېزىش ۋە يوقىتىشقا دائىر ۋەقە ھادىسلەر بىلەن تولغان. تاجاۋۇزچىلارنىڭ مەدەنىي بولۇشى غايە ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن بىرەر ئىجابىي تەسىر يارىتالمىغان. پەقەتلا ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كۈچەيتكەن ھەمدە قۇربانلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تېزلەشتۈرۈۋەتكەن.

## تېخنىكا مائارىپى ۋە كىلاسسىك مائارىپ

مائارىپ تاق لىنىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ھادىسىدىن ئىبارەت ئەمەس، ئۇنىڭدا بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق بولغان ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بار.

مەدەنىي دۇنيادا مەكتەپ مائارىپى ھەددىدىن زىيادە ئىلمىي ۋە ئوبيېكتىپچانلىقنى ئاساس قىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، مەنىۋى ۋە ئىنسانىي ئالاھىدىلىكتىن تامامەن مەھرۇم بولغان مائارىپ سىستېمىسىدۇر. بۇنى تۈرگە ئايرىشقا توغرا كەلسە، ھەددىدىن زىيادە ئىلمىي ۋە قويۇق ئەنئەنىۋىلىك،دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. كۈنىمىزدە يەسلى مائارىپىدىن ئۇنىۋېرسىتېتقىچە بولغان مائارىپنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن بىر ئادەمنىڭ ئوقۇش جەريانىدا، «ئىنسان سەمىمىي ، دۇرۇس بولۇشى لازىم» دېگەن جۈملىنى بىرەر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس. ئاۋۋال ساۋاتىنى چىقىرىدۇ، ئارقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



فىزىكا، خىمىيە، ئېتنولوگىيە، جۇغراپىيە، سىياسەت نەزەرىيەسى، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنى ئوقۇپ ، رېئاللىقتا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە - ھادىسىلەر، ھەقىقەتلەر ھەققىدە مۇئەييەن دەرىجىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ. بىراق ھاياتتا تېخىمۇ مۇھىم بولغان ھەقىقەتلەر بىلەن ناھايىتى ئاز تونۇشۇپ چىقىدۇ. شۇڭا تارىخ، سەنئەت، ئەدەبىيات، ئەخلاق، قانۇن قاتارلىق پەنلەر تېخىمۇ ئاز ئوقۇلىدىغان بىلىم ساھەلىرىگە ئايلىنىپ قالماقتا.

تېخنىكىلىق مائارىپ مەدەنىيەتكە بولغان نىسبەتەن جەھەتتىن مەدەنىيەتنىڭ ھەم سەۋەبى ھەمدە نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەزكۇر مائارىپ شەكلى جەمئىيەت ئەزاسىنى مۇشۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ مائارىپ شەكلىنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، تەبىئەتكە يەنى تاشقى دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى مائارىپ بولسا بۇنىڭ زىتى بولۇپ تەربىيەنى ئىنساندىن باشلاپ يەنە ئىنساندا ئاخىرلاشتۇرىدۇ. «نىشانسىز ئەمما غايىگە مۇناسىپ» تۇر.

ھەددىن زىيادە ئىلمىي مائارىپ بىلەن ئەنئەنىۋى مائارىپنىڭ قايسىسىنى تاللاش ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرە ئۇسۇل مەسىلىسى بولماستىن، مەنىۋى بىر مەسىلىدۇر. ئىككى خىل مائارىپنىڭ كەينىدە پوزىتسىيە ياكى پەلسەپىۋى بەس – مۇنازىرە مەۋجۇت. بۇ ئىككى خىل مائارىپ سىستېمىسىغا كۈلتۈر بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارلىق ئىپادىلىرى بىلەن تولۇق ئەكس ئېتىدۇ. خىرىستىيانى بىر جەمئىيەت ھەر ۋاقىت كىلاسسىك ۋە سوتسىيالىست بىر جەمئىيەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا، تېخنىكىلىق مائارىپ شەكلىگە مايىل بولىدۇ. ئەمەلىيەت جەريانىدا مەزكۇر تۈزۈمدە ۋە پىرىنسىپتا كۆپلىگەن مەسىلىلەر كۆرۈلىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاساسلىق مايىللىق ۋە يۈزلىنىش ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە بارلىق تەدبىرلەرنىڭ ئەكسىچە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى، فىرانسىيە ، خىتاي ياكى ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ پىروگراممىلىرىنىڭ ( بولۇپمۇ سەنئەت، تارىخ، قانۇن، ئەخلاق ئىلمى، ئەدەبىيات، لاتىنچە ۋە يۇنانچە قاتارلىق دەرسلەردە) سېلىشتۇرمىسى بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تېخنىكىلىق مائارىپنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى مۇتەخەسسىسلىششتۇر. ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، ئەقىل، بىلىم ۋە سانائەت ئوخشاش

يۆلىنىشتە سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى ئىچىدە بولغان بولىدۇ. سانائەت بىلىمىنىڭ تەتبىق قىلىنىدىغان شەكلى بولغىنىغا ئوخشاش، بىلىمۇ ئەقلىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ھەر ئۆچىلىسى ئىنسانىنىڭ تەبىئەتە، تاشقى دۇنيادا تەرەققىي قىلىشىنىڭ شەرت ۋە شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇتەخەسسىسلىشىش مايىللىق ۋە مەركەزلىشىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، نىشانى شەخسنى جەمئىيەت سىستېمىسىغا ۋە مېخانىزمىسىغا ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ مايىللىق ۋە مەركەزلىشىش كىشىنىڭ خاسلىق (كىشىلىك خاراكتېر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دەرىجىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، لېكىن جەمئىيەتنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ گۈللەندۈرىدۇ. جەمئىيەت پۈتۈنلۈكىنىڭ رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىنسان بولسا ئىجتىمائىي مېخانىزمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەسلىدە بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ئىنساننىڭ ئۆزلۈك ئېڭىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇشى ۋاقىت ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئۇتوپىيەنىڭ ئەڭ غايىۋى شەكلىگە قاراپ يول ئالىدۇ. دەۋرىمىزدە ئوقۇ - ئوقۇتۇش سىستېمىسى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئومۇمىيلاشماقتا. مەسىلەن ئا ق ش دا 1900 - يىلى بارلىق ئىنستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا 24000 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. 1920 - يىلىغا كەلگەندە 49000مىڭغا يەتكەن ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا 480000غا يېتىشى مۆلچەرلەنمەكتە. 1900 - يىلى بارلىق ئىنستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغۇچى سانى 238000 ئەتراپىدا بولغان بولسا 1959 - يىلىغا كەلگەندە 3.337.000، ئون يىلدىن كېيىن 14.000.000 غا يەتكەن. ئوقۇ - ئوقۇتۇش راسخوتى سىمۋول خاراكتېرلىك رەقەم بولۇپ 270مىليون دوللار ئەتراپىدا بولغان بولسا، 1970 - يىلىغا كەلگەندە 42.5مىليارد دوللارغا يەتكەن. سوتسىيالىست دۆلەتلەردە بۇ جەھەتتە نىسبەتەن ئاستا بولسىمۇ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش راسخوتى ئاز ھېسابلانمايدۇ.

بىلىم جەھەتتىن دۇنيادا ئەڭ چوڭ ئىككى قۇدرەتلىك كۈچ بولغان ئا ق ش بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ھەربىي ساھەدە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر بولغىنى بىلەن، كۈلتۈر جەھەتتە ئەڭ باي ھېسابلانمايدۇ. تەتقىقات ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان يەنە بۇ دۆلەتلەردۇر. 25 ياشقا كىرگەن ئادەتتىكى بىر ئامېرىكىلىق 15 يىلنى مەكتەپلەردە ئۆتكۈزىدۇ. (بۇ مەلۇمات 1960 - يىلىغا ئائىت).

ئەمما مائارىپ قانداق بىر نەرسە؟ پىرىنسىپ بويىچە، مەدەنىيەتنىڭ رېتىمىغا مۇناسىپ بىر نەرسە بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە مائارىپ تار دائىرىلىك ۋە چەكلىمىلىك بولۇپ، ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيەنىڭ ۋە سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىدۇ. كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە بولسا مائارىپ، ئىقتىسادنىڭ تەقەززاسىغا ماس ھالدا سانائەت سىستېمىسىغا خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتە ئوقۇ - ئوقۇتۇش جەريانىدا مۇلازىمەت ۋە رولى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ يۆلىنىش ياكى مايىللىق «ئىنسان ئۆزلۈكىنىڭ ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى»، «بىلىم ئېلىشنىڭ گۇمانىزمغا ماس ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى» ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش گۈزەل سۆزلەرنىڭ ئەكسىچە، يەنىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرماقتا. تۆۋەندە، بۇ قارىشىمىزنى كۈچلۈك ئىككى دەلىلىمىز بىلەن ئىسپاتلايلى.

لېنىن مائارىپنىڭ «بىتەرەپ، ئوبيېكتىپ ۋە غەيرى سىياسىي بولالمايدىغانلىقىنى» ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن. لېنىن 1918 - يىلى 25 - ئاۋغۇستتا چاقىرىلغان ئومۇمىي كېڭەش يىغىنىدا مۇنۇ پرىنسىپنى ئېلان قىلىدۇ: «بىلىم يۇرتلىرىمىزدىكى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى بۇرژۇئازىيەنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت، سىياسەتتىن خالىي بولغان مەكتەپ قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىنى ئىلگىرى سۈرۈش يالغانچىلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىك بولىدۇ». سىنىپىيلىقتا ئىگە مائارىپ تۈزۈمى سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆنىمىزگىچە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئامېرىكىلىق داڭلىق ئىقتىساد نەزەرىيەچىسى ۋە دۇنيادىكى مەۋجۇت سانائەت سىستېمىسىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن جون گالب - رەيىس مۇنداق دەيدۇ: «.... ھازىرقى زامان ئالىي مائارىپ سىستېمىسى سانائەت سىستېمىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن ماسلاشتۇرۇلۇپ بولدى. تەبىئىي پەن ۋە ماتېماتىكىنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئابرۇيى ۋە ئېتىبارى تېخنولوگىيەگە بولغان ئېھتىياجتىن باشقا بىر ئەمەس... يەنە بىر تەرەپتە سەنئەت ۋە گۇمانىست ئىلىملەرنىڭ تېخىمۇ ئاز ئېتىبارغا ئېلىنىشى ۋە قوللاشتىن مەھرۇم قىلىنىشى جەمئىيەتتىكى رولىنىڭ ئىككىنچى پىلانغا چۈشۈپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان، خالاس... سانائەت سىستېمىسى مائارىپنىڭ كەڭ ئومۇمىيلىشىشىغا ئېغىر زەربە ئېلىپ كەلدى... بىز بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز ۋە قىزغىن قارشى ئېلىشىمىز لازىم. بۇ مايىللىق ياكى يۈزلىنىشلەرنىڭ تېگى - تەكتى بىلەن پىششىق تونۇشمىغاندا ياكى بۇلارغا قارشى چىقمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تۈزۈم پەقەت ئېھتىياجلارغىلا ئەڭ كۆپ خىزمەت قىلىدىغان ۋە نىشان ۋە غايىلەرگە

ئارىلىق قالدۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدىغان مائارىپ شەكىللىرىنى قوللايدىغان بولىدۇ( ج.ك. گ «يېڭى سانائەت دۆلىتى»، بوستون، 1967 - يىل، 339 - 341).

ئۇنداقتا، مائارىپنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئوينايدىغان رولى نېمىلەردىن ئىبارەت ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، كۆنىمىزدىكى مائارىپ سىستېمىسىدا كەسكىن رىقابەت ۋە شاللىنىش خەۋپى ئىنتايىن يۇقىرى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن مۇتەخەسسىسلەرگە خاس سۈنئىي بىر ئۇنۋان ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ. مائارىپ سىستېمىسىدا ھەددىن زىيادە ئەمەلىيەتچانلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا مائارىپنىڭ بىيۇروكراتچىلىق بىلەن كەسكىن رىقابەتكە تەۋەككۈل قىلغان سانائەت سىستېمىسىغا خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى سەۋەب بولغان. بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بۇ خىلدىكى مىخانىزمىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تۈزۈم ئۆچۈن تەربىيەلەپ چىقىشى شەرت قىلىنىدۇ. «ئىنسانىي مەكتەپ» تەلەپ قىلغان چاقىرىقلار بولسا پەقەتلا گۈزەل تىلەك سۈپىتىدە قېلىپ قالىدۇ.

مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ كۈلتۈر جەھەتتىكى ئەھمىيىتىگە باھا بېرىشكە توغرا كەلسەك مۇنۇلارنى دېيىشىمىز مۇمكىن: مەكتەپ مەدەنىيەتنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەجبۇرى تەلىم - تەربىيە بولمىغان، ئىلمىي تەنقىد قىلىش ئۇسۇلى تەشەببۇس قىلىنغان ۋە ئىنساننىڭ مەنىۋى ھۆرلۈكىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ياكى دائىرىدە كۈلتۈرگە پايدىسى بولىدۇ. تەييار ئەخلاق ۋە سىياسىي تەدبىرلەرنى تەقدىم قىلغان ياكى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇرغان مەكتەپ، كۈلتۈر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى مەكتەپ ئەركىن ئىنسان ئەمەس، ئوخشاش قېلىپتىكى پۇقرا يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. مەكتەپ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن مەدەنىيەتكە پايدىسى بولۇشى مۇمكىن، بىراق كۈلتۈرنى چېكىندۈرۈۋېتىدۇ.

## ئاۋام كۈلتۈرى

مۆلاھىزىلىرىمىزنىڭ تۈرتكىسىدە ئوقۇرمەن «ئاۋام كۈلتۈرى» دېيىلىدىغان ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ. بىراق بۇ يەردە، كۈلتۈرمۇ ياكى يالغۇز مەدەنىيەتنىڭ بىر ئىپادىسىمۇ؟ بۇنى ئاڭقىرىش ھەقىقەتەن مۇھىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر قانداق كۇلتۇرنىڭ ياراتقۇچىسى، كىشىلىك ئوبراز ۋە «ھېچقانداق ئوخشىشى بولمىغان ئۆزلۈك»تىن ئىبارەت بولغان ئىنساندۇر. «ئاۋام كۇلتۇر»نىڭ ئوبيېكتى ئاۋام ياكى «ئىنسانلارنىڭ يىغىندىسى»دۇر. ئىنساننىڭ روھى بار، ئاۋامنىڭ بولسا ئېھتىياجلىرىلا بار. بۇ سەۋەبتىن ھەر كۇلتۇر ئىنساننىڭ ئەزىزلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، «ئاۋام كۇلتۇرى» بولسا ئېھتىياجلارنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، خالاس. كۇلتۇر ئۆزلۈكنى ياقلايدۇ. «ئاۋام كۇلتۇرى» زىت يۆلىنىشتە تۇرۇپ مەنىۋى نامراتلىققا ئىتتىرىدۇ. دەل بۇ نۇقتىدا «ئاۋام كۇلتۇرى» ئەخلاقتىن ۋە ھەتتا كۇلتۇردىن چەك - چېگراسىنى تامامەن ئايرىيدۇ. ئاۋام كۇلتۇرى ئۆگىتىشكە شۇنداق قابىل، ئەمما تەربىيەدىن ئاجىز. ئۇ يەنە «مەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ» تاۋار سۈپىتىدە ھەسسىلەپ ئىشلەپچىقىرىلىشى، تەقلىدلىرى، كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرى، ھۇزۇرلاندۇرۇش ۋە ئېستېتىك تۇيغۇسىدىن مەھرۇم مەھسۇلاتلار ۋە ئىنسانغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك قاتارلىقلار بىلەن ئىنساننى تامامەن ئۆزلۈكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ھەقىقىي مەنىدىكى كۇلتۇردىن پەرقلىق بولغان «ئاۋام كۇلتۇرى» تاق يۆنىلىشلىك ۋە بىر خىللىق بولۇشتەك ماھىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن ئىنساننىڭ ئەركىنلىك دائىرىسىنى تارايتىۋېتىدۇ. چۈنكى «ئەركىنلىك تاق يۆنىلىشلىك ۋە بىر خىللىققا قارشى تۇرۇش دېگەنلىكتۇر»(ھوركھەيمېر).

«ئاۋام كۇلتۇرى» بىلەن مىللىي كۇلتۇرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئارلاشتۇرۇۋېتىلىشى ئومۇميۈزلۈك خاتالىقلاردىن بولۇپ، بۇ مىللىي كۇلتۇرگە قىلىنغان ئەڭ چوڭ ئۇۋالچىلىقتۇر. ئاۋام كۇلتۇرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مىللىي كۇلتۇر ئاكتىپ، ھەقىقىي ۋە بىۋاسىتە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بەھۇزۇر ۋە قىممەتسىز مەھسۇلاتلىرى يوق. بۇلار پەقەت شەھەر تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلاتلىرى خالاس. مىللىي كۇلتۇر كېڭەش، ئىجتىھات، يېڭىلىق يارىتىش ۋە بەلگىلەشكە تايىنىدۇ، ئاۋام كۇلتۇر بولسا مونوپولىيەگە تايىنىدۇ.

مۇراسىملار، ئويۇنلار، ناخشىلار يېزا خەلقى ياكى قەبىلىنىڭ ئورتاق بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. بىر تەرەپتە ئىجرا قىلغۇچىلار يەنە بىر تەرەپتە تاماشىبىنلار ياكى ئاڭلىغۇچىلار بولۇشى لازىم دەيدىغان شەرت يوق. مۇراسىم ياكى پائالىيەت باشلانغان ھامان ھەر كىم ئىشتىراك قىلىدۇ. ئاۋام كۇلتۇرى بولسا، بۇنىڭدىن تامامەن باشقىچە زىت نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىدۇ. ئىنسانلار كۇلتۇر مەھسۇلاتلىرىنىڭ

«ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى» ۋە «ئىستېمالچىلىرى» دەپ ئىككى تەبىقىگە ئايرىلىدۇ. تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىرەر كۆرۈرمەننى ئۇچراتتىڭىزمۇ؟ ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى دېيىلگۈاتقان مەتبۇئات، رادىيو ۋە تېلېۋىزور قاتارلىقلار ھەقىقەتەن ئاۋامنى مونوپول قىلىش ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت، خالاس. بىر تەرەپتە پىروگراممىنى تەييارلىغان ۋە پەقەت بىر نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان پروگراممىچىلار ۋە يەنە بىر تەرەپتە قانچە مىليون كىشىدىن تەركىب تاپقان كۆرۈرمەنلەر.

1971 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر خەلق رايىنى سىناش نەتىجىسىگە كۆرە، ئادەتتە بىر ئىنگلىز ھەپتىدە 16 - 18 سائەتنى تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزىدىكەن. شۇ نەرسە ئايدىڭلاشتىكى، تېلېۋىزور، ھەر يەردە ئەدەبىياتنى يەنى كۇلتۇر ساھەسىدىكى بارلىق ئۇنسۇرلارنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلماقتا. ھەر ئۈچ فرانسۇزدىن بىرى پەقەتلا كىتاب ئوقۇمايدىكەن. فىرانسۇز جەمئىيىتى ئاساسەن بارلىق ۋاقتىنى تېلېۋىزور ئالدىدا ئۆتكۈزمەكتە. («Le Point» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى). بۇ مەلۇماتتىن ، نوپۇسىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ «كۇلتۇر» ئويۇنچۇقى بولغان تېلېۋىزور پىروگراممىلىرى بىلەن بەند بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1976 - يىلى «كىتاب ھەپتىسى» مۇناسىۋىتى بىلەن ياپونىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىندا ئوخشاش خۇلاسىگە كېلىنگەن. ياپونىيەلىكلەردىن تەخمىنەن %30ى ھېچ كىتاب ۋە ھەتتا گېزىتمۇ ئوقۇمايدىكەن، لېكىن ھەر ياپونلۇق تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۈندە ئوتتۇرىچە ئىككى يېرىم سائەت ۋاقىت ئۆتكۈزىدىكەن. سان فرانسىسكو ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پىروفېسسور دوكتور ھورىكوۋا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قىلغان بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىنىڭ سەۋىيەسىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت ئۆلچىمىدىن كۆپ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ مۇنداق دېگەن:«تېلېۋىزور ئەدەبىيات ۋە تەپەككۇرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئىچكى پائالىيەتنى ئازايتىپ زېھنى تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولماقتا. تېلېۋىزور ھەر مەسىلىلەرگە تەييار جاۋاب تەقدىم قىلىدۇ.»

ئاۋام كۇلتۇرىنىڭ ئاساسلىق تارقىتىش ۋاستىلىرى بولغان رادىيو ، فىلىم ۋە تېلېۋىزور قاتارلىقلار ھاكىمىيەت تەرىپىدىن چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىنغان دۆلەتلەردە مەبۇدلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى ۋە ئاۋامنىڭ ئەڭ مەككارچە ئۇسۇل بىلەن ئالدىنىشى قاتارلىق ئىشلاردا ھاكىمىيەتنىڭ بۇ ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىۋاتقانلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شاھىت بولۇۋاتىمىز. ھازىر خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشلىتىشكە كېرەك قالمىدى. چۈنكى ھۆكۈمران سىنىپ ئۈچۈر ئالاقە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇش، ھالىدىن كەتكەن ئاۋامغا تەييار نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسىتىگە ئاسانلا يېتىۋاتىدۇ. ئەتراپتا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە - ھادىسىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن لازىم بولغان بىكار ۋاقىت خىزمەت، يىغىن، ئەرزان ۋە مەنىسىز كۆڭۈل -ئېچىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنماقتا. ئىنسانلارنى ھەقىقەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئەپسانىلەر ھەققىدە قايىل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئاۋام پسىخولوگىيەسى ئۆگەتمەكتە، ئەمەلىيەتلەر بۇنى ئىسپاتلىماقتا.[1] ئۈچۈر ئالاقە ۋاستىلىرى ۋە تېلېۋىزور پسىخىكىسى شۇنداق ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلانغانكى، بۇ ئىنساننىڭ يالغۇز ئېڭىنىلا ئەمەس، تۇغما تالانتىنىمۇ مەجھۇل ھالەتكە كەلتۈرەلەيدىغان بولۇشىنى كۆزلەيدۇ. يەنى ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ پائالىيىتىنى يوقىتىش ئارقىلىق مەجبۇرلانغان تاللاشنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش ياكى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ھاكىمىيەتلەق جەمئىيەتلەر ھەر زامان تەلىيىنى تېلېۋىزوردىن ئىزدەشكە ئۆرۈنۈپ بۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تېلېۋىزور ئەركىنلىككە تەھدىت سالىدىغان بىر ئۈنسۇرغا ئايلىنىپ قالماقتا.ئۇ ساقچى، ژاندارما، تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىدىن تېخىمۇ خەتەرلىك بولغان تەھدىت.... مەن شۇنداق پەرەز قىلىمەنكى، ئەگەر ئەركىن تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى تەلتۆكۈس يوقىتىلمىغان تەقدىردە كەلگۈسى ئەۋلادلار كونتروللۇقنى يوقاتقان بۇ كۈچنىڭ تەسىرىگە يولۇققان بوگۈنكى نەسلىنىڭ دەرد ئەلەملىرىنى ئويلىغاندا چوقۇم بەدەنلىرى تىكەن -تىكەن بولۇپ كېتىشىدۇ. ئۆتمۈشتە ھۆكۈمدارلارنىڭ ياكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتلەقلىقىنى تىزگىنلەش ئېھتىياجىدىن قانداق بولۇپ بىر ئاساسىي قانۇن تۈغۈلغان بولسا، كۈنىمىزدىمۇ مەنىۋى قۇللۇق قورۇپ چىقىش بىلەن تەھدىت سالغان

[1] 1945 - يىلىغىچە، ياپونلارغا مىكادونىڭ قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ۋە ياپونىيەنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقىغا دائىر ئەپسانىلەر ئۆگىتىلەتتى. بۇ ئەپسانىنى ئەۋلادتىن – ئەۋلادقىچە ئۇنىۋېرسىتېت پىروفېسسورلىرىمۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلەپ بېرەتتى. بوگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ تارىختىلا قېلىپ قالدى. كىشىگە چوقۇنۇش تۇسىنى ئالغان يېڭى ئەپسانىلەرنى پەقەت رۇسىيە، خىتاي ۋە چاۋشەندىلا ئۇچرىتىمىز. ستالىن، ماۋزېدۇڭ، كىم ئىرسىن قاتارلىقلار. ھەممىسىنىڭ مودېلى ئاساسەن ئوخشاش. بۇنىڭغا بىر مىسال بېرەيلى: ئۇلۇغ داھىمىز يولداش كىم ئىرسىننىڭ ئېيتقان ھەر سۆزى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان. خۇددى ئۇسسۇزلۇقتىن ئىگىرىغان تۇپراقنىڭ سۇغۇرۇلىغىنىغا ئوخشاش، يولداش كىم ئىرسىننىڭ كوممۇنىزم ئۈچۈن تەييارلىغان ئۈلمەس پىلانىنى قەتئىي نىيەت بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىمىز..«كىم يوڭ خۇينىڭ «خەلق سۆيگەن ھەر نەرسە ياخشى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدىن ئېلىندى.

بۇ يېڭى خەتەرنىڭ كۆچىنى ئازايتىش ئۈچۈنمۇ ئوخشاش شەكىلدە يېڭى ئاساسىي قانۇنلارغا ئېھتىياج تۇغۇلۇۋاتىدۇ.

جوھان خۇيزىڭگا «گۆدەكلىك» دەپ تەرىپلىگەن روھىي ھالەت دەل ئاۋام كۇلتۇرىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. خۇيزىڭگا، بۈگۈنكى ئىنساننىڭ پىشىپ يېتىلمىگەن، گۆدەكلەرچە يەنى بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىنىڭ روھى سەۋىيەسىگە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە مەنىسىز ئويۇن - تاماشىلار، باشقىلارنى جەلپ قىلىشقا ئېھتىياج ھېس قىلىش، قۇرۇق شوئارلارغا مايىللىق، ھەقىقىي مەنىدىكى ھەزىللەرنىڭ يوقلىقى، ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق نەشرىياتلارنىڭ ئومۇملىشىشى، نورماللىقتىن ھالقىغان ھېس تۇيغۇلار، يەنى نەپرەت ۋە سۆيگۈ ياكى تەنقىد ۋەياكى ماختاش شەكىللىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

كۇلتۇر سانائەت جەمئىيىتىدىكى ھەر تۈرلۈك ماشىنا ۋە تېخنىكىنى رەت قىلىدۇ. (تېخنىكا كۇلتۇرنىڭ تۇنجى گۇناھىدۇر «بىردجايېۋ»)[1]

بۇ خىلدىكى قاراش، تەبىئىي ھالدا ماشىنىنىڭ نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن ئىنسانلارنى ئىشلىتىشكە ئۆتىدىغانلىقىغا دائىر تەسەۋۋۇردىن كەلگەن ئىدى. بۇ يەردە تاگور، تولستوي، ھايدېگېر، نېتزى، فاۋلكنېر ۋە باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقانلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتەيلى. ماركسىزمچى ھېنرى لېفېبرې بۇلاردىن تامامەن پەرقلىق ئويلايتتى: «ئىنسان ئەركىنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە، تېخنىكىنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتالايدىغان بىر جەمئىيەتتە يەنى كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە يېتەلەيدۇ». ئۇتوپىيە مىسالى بولغان بىر جەمئىيەت ئىتتىپاقدىشىنىڭ ماشىنا ۋە تېخنىكىغا ئېرىشىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. تېخنىكا ئىنسان ئارقىلىق ماددىي نەرسىلەرنى مونوپولىيە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مائارىپ ۋە ئۇچۇر ئالاقە ۋاسىتىلىرى (رادىيو ، مەتبۇئات، تېلېۋىزور) تۆرتكىسىدە جەمئىيەتتە باياشاتچىلىق ۋە بىر خىللىقنىڭ ( ئۆلچەملەشكەن) ئومۇملىشىشىغا ھەسسە قوشىدۇ. تېخنىكا ئاساسەن مەركەزدىن باشقۇرۇلىدىغان، ئوخشاش تۈردىن ياكى ئوخشاش بىر مېخانىزم (كوللېكتىپ) ئىچىدە تەشكىللانغان كۆپ ساندىكى ئىنساننىڭ

(1) «سانائەتلىششىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تۇنجى بولۇپ چۈشىنىپ يەتكەنلەر شائىرلاردۇر. بىلاك ، زاۋۇتلارنى شەيتاننىڭ ئىشى، دەپ قارايتتى. نورمال ئىنسانلار ھەر قانداق بىر «مەخلۇقنىڭ» پەيدا بولۇش باسقۇچىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز يىگىرمە يىل سەرپ قىلىشى لازىم ئىدى»( كېننېس كىلارك ، ««Civilisation» S. 314»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەمكارلىششىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئاخىرىدا، تېخنىكا كېيىنچە شەخسنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقى، نېمە دېگەنلىكى ۋە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا پەرق قىلالىغاندا ھاكىمىيەتنىڭ خەلقنى تولۇق كونترول قىلىشىغا ۋەدە قىلالىشى مۇمكىن.

ئەگەر تېخنىكا ئىلگىرى – ئاخىرى بولۇپ بىر نەرسىگە تەھدىت قىلسا، تەھدىتكە ئۇچرىغان نەرسە ئەركىن ئىنسان بولۇپ چىقىدۇ. رولى يالغۇز ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولغان سىستېمىنىڭ نامسىز ئەزاسى بولسا ھەرگىزمۇ تەھدىت ئاستىدا بولمايدۇ.

## يېزا ۋە شەھەر

شائىرلار چوڭ شەھەرلەرنى «دوزاختىن قىلچە پەرقى يوق» دېيىشسە، ماركسىزم-چىلار «يېزىدا ياشاش ساراڭلىق» دېيىشىدۇ. شەھەرنىڭ رەت قىلىنىشى گەرچە غەيرى فۇنكسىيەلىك بىر ئەھۋال بولسىمۇ، يەنىلا ئىنسانىي بىر ئىنكاس، خالاس. ھەر بىر ئىنسان مۇئەييەن مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا شائىردۇر. ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش كۈنىمىزدىمۇ شەھەر ۋە شەھەر مەدەنىيىتىگە بولغان نارازىلىقلار دىن، كۈلتۈر ۋە سەنئەتتىن كەلگەن. تۇنجى خىرىستىيانلار رىم ئىمپېرىيەسىنى شەيتان دۆلىتى سۈپىتىدە كۆرەتتى، بۈنگۈدىن باشقا دۇنيانىڭ بىر كۈن ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ۋە قورقۇنچلۇق سوراقنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

دىندارلىق شەھەرنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئاجىزلىشىپ ماڭىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئاجىزلىشىش ئىنسانغا ياتلايدىغان شەكىلدە تەسىر كۆرسىتىدىغان شەھەرچىلىك ئۇنسۇرلىرىنىڭ بىرىكىشى بىلەن بىرلىكتە مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى شەھەر چوڭايغانسېرى، ئۈستىدىكى ئاسمانمۇ شۇنچە كىچىكلەيدۇ. تەبىئەت، گۈل ۋە ئايدىڭلىق شۇنچىلىك ئاز، سېمونت، تېخنىكا ۋە تۇمان بولسا شۇنچىلىك كۆپ. بىز بولساق ئۆزلۈكىمىزدىن ئايرىلىپ، ئاۋامغا ئايلىنىمىز. شەھەر قانچىلىك چوڭايسا، جىنايەتلەرمۇ شۇنىڭغا پاراللېل ھالدا كۆپىيىدۇ. دىندارلىق شەھەرنىڭ چوڭلۇقىغا زىت بىر ئەھۋال بولسا جىنايەتلەر پاراللېل بولىدۇ. بۇ ئىككى ھادىسىنىڭ سەۋەبى

ئەمەلىيەتتە ئوخشاش.

يېزىدا ئىنسان يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئاسمان، گۈل - چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن دالىلار، ئېقىن سۇلار، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار ھەققىدە ئويلىنىشقا پۇرسەت تاپالايدۇ. ھەر كۈنى تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ ئىشارەتلىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشالايدۇ. مول فولكلور، توي مۇراسىملىرى، قوشاقلار ۋە ئويۇن تاماشىلاردا يېزا خەلقى يالغۇز تاماشىبىنلا بولۇپ قالماستىن، ئەينى ۋاقىتتا ئورۇنلىغۇچى ۋە ئىشتىراك قىلغۇچىدۇر. بۇلارنىڭ سايىسىدا، يېزا خەلقى كۈلتۈر ۋە ئېستېتىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. شەھەرلىكلەر بولسا، بۇنىڭدىن تامامەن مەھرۇمدۇر. چوڭ شەھەرنىڭ ئادەتتىكى ئاھالىسى گۈزەل ۋە چىن بولغان ھەر نەرسىدىن ئاستا - ئاستا ئايرىلىپ قالماقتا. ئومۇمەن، شەھەر خەلقى ئېگىز سېلىنغان بىنالاردا ياشايدۇ، ھەسسىلەپ ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنىڭ ئەبجەش تاۋارلىرى بىلەن قورشىلىپ ۋە كاللىسى ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرى تەرىپىدىن سۇنۇلغان پاسسىپ مەلۇماتلار بىلەن تولدۇرۇلغان بولىدۇ. بارلىق ئىپتىدائىي مىللەتلەردە كۆرۈلىدىغان «رىتىم» ھېس تۇيغۇسىدىن زامانىۋى ئىنسان ئاساسەن دېگۈدەك مەھرۇم ھالدا ياشىماقتا. شەھەرلىكلەرنىڭ سەنئەت ۋە ئېستېتىك تۇرمۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئېرىشكەنلىكىنى ئويلىۋېلىشى كۈنىمىزدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقلاردىن بىرى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بەھرىمەن بولالايدىغان كونسېرت، مۇزېي ۋە كۆرگەزمىلەر يېزا خەلقىنىڭ ھەر كۈنى قۇياشنىڭ پېتىشى ياكى باھاردا تەبىئەتنىڭ ئويغىنىش مەنزىرىسى ئالدىدا، غەيرى ئىختىيارى بېشىدىن ئۆتكەن ئەڭ چوڭ ئېستېتىك ھاياجىنىنىڭ ئورنىنى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرالمايدۇ. شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى ئەڭ كۈچلۈك ھاياجانىنى پۇتبول ۋە بوكس مۇسابىقىلىرىدە تاپالايدۇ. يېزا خەلقىنىڭ ئەتراپىدا ھەر نەرسە جانلىق ۋە چىن بولسا، ئىشچىلارنىڭ ئەتراپىدا ئۆلۈك ۋە مېخانىكىغا ئىگە. يېزا خەلقىنىڭ دىندارلىقى بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئاتېئىستلىقىنىڭ ئىزاھىنى ھەرخىل تۇرمۇش شەرت - شارائىتلىرىدا ياكى مەدەنىيەت سەۋىيەسىدە ئەمەس، ئوخشىمىغان مەنىۋى ھاۋادا ۋە تاشقى دۇنيانى ئوخشىمىغان شەكىلدە كۆرۈشىدىن ئىزدىشىمىز لازىم.[1] دىن ھاياتقا، سەنئەتكە، كۈلتۈرگە تەۋە بولغان بولسا، ئاتېئىزم تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتكە تەۋە.

(1) بۇنىڭ ئىقتىسادىي كاپالەت مۇناسىۋىتى يوق. تۇرمۇشنى قامداش جەھەتتىن ئىشچىلار يېزا خەلقىدىن بەكرەك ئەندىشە ئىچىدە ئۆتىدۇ. چۈنكى بازارلار توختىماي دېگىزغا ئوخشاش دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. ماركس ئىشچىنىڭ بازارلارغا چوقۇنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئىشچىلار سىنىپى

شەھەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىشچىلار سىنىپى پەقەتلا مەدەنىيەتنىڭ يەنى كۇلتۇرغە ئازراق بولسىمۇ ئورۇن بەرگەن مەدەنىيەتنىڭ سەلبىي تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان ئىجتىمائىي تەبىقىدۇر. زاۋۇت ئىنساننىڭ ھېسسىياتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىنسانغا بىېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. مەلۇم بىر جەمئىيەتشۇناس مۇنداق دەيدۇ: «قاتتىق ئىنتىزام ئاستىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىشچىلار، زاۋۇتتىكى ئادەتلىرىنى ئەزا تەشكىلاتلارغىمۇ سۆرەپ كىرىدۇ، يەنى نەتىجىسى مۇشۇنداق بولىدۇ. ئىمتىيازلىرىنى كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە ئوخشاشلا، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ كونسېرۋاتىپلىق رول ئوينايدىغان بىيۇروكراتلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ھەر زامان تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ.[1] خېربېرت ماركيۇس تەرەققىي قىلغان كاپىتالىست سىستېمىدا (يەنى تېخنىكا ۋە زاۋۇت ئەڭ ئومۇملاشقان يەرلەردە) ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلابچى كۈچكە ئىگە بولۇش ئالاھىدىلىكىنى يوقۇتۇپ قويىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى پەقەت پايدىلىنىش ئۈچۈنلا لازىم بولىدىغان ئىجتىمائىي تەبىقىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئىشچىلار سىنىپى پەيلىنىدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ ھېسداشلىق قىلىنىدۇ ھەتتا ئىسپات سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ ۋە شوئارلارنىڭ تېمىسىغا ئايلىنىدۇ، بىراق بىر ئىش قىلىنماقچى بولغاندا قەتئىي ئۇنىڭدىن سورالمايدۇ. دۇنيادا ئەڭ زور ئىشچىلار قوشۇنى ئا ق ش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولسىمۇ بىراق بۇلار دۆلەتنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى ۋە بېرىلگەن قارارلارغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

بۇ ئەھۋال دىن ۋە سەنئەتتىن يىراقلىشىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىشچىلار ھەرىكىتى ئىچىدىكى پىكىر ۋە ئىدىيە نامراتلىقى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا نەزەرىيە جەھەتتىكى مىيىپلىقىمۇ بۇ ئەھۋالنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى كوممۇنىست يازغۇچىلارمۇ ( ئا. گروز، ر. گاراۋدى «بۇ ئىككى كىشى كېيىن مۇسۇلمان بولغان»، ل. باسسو س. مايلى قاتارلىقلار) ئېتىراپ قىلىشقان ئىدى. تونۇلغان ماركسىزمچى گىئورگىي لۇكاسىز 1965 - يىلى ئىتالىيەدە چىقىدىغان «İl Contemporaneo» ژۇرنىلىنىڭ زىيارىتى قوبۇل قىلغاندا مۇنۇلارنى دېگەن:«ماركس ئۆلگەندىن

(1) ئامېرىكىدا بىر قىسىم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قارا گۇرۇھ بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ھەممىگە ئايان.

كېيىن،لېنىندىن باشقا ھېچكىممۇ كاپىتالىست تەرەققىياتنىڭ مەسىلىلىرىگە نەزەرىيە جەھەتتە ھەسسە قوشمىدى». سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ستالىنىزم دەۋرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«ھەر خىل پىكىر - ئېقىملىرى چەكلىمىگە ئۇچرايتتى، شەخسى قاراشلار نەزەرىيەۋى قانۇن سۈپىتىدە ئېلان قىلىناتتى. بۇ سەۋەبتىن بىر ئەۋلاد پىكىر - ئېقىملار پۈتۈنلەي چەكلەنگەن ۋە ماھىيىتىدىن بۇرمىلانغان بىر دەۋرىدە يېتىشىپ چىقتى». ماركىستىن (ماركس ئىشچى تەبىقىسىگە ئەمەس ئوتتۇرا تەبىقىگە مەنسۇپ) كېيىن ئىشچىلار سىنىپى تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك ۋە ئۆزگىچە ئىدىيە ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. يۇگوسلاۋىيەدە ئىشچىلارنىڭ ئۆز -ئۆزىنى باشقۇرۇش پىكىرى بىر مۇستەسنادۇر.

كاپىتالىست ئىقتىسادنى ھەر تەرەپتىن قورشىۋالغان ئىش تاشلاش نامايىشلىرىنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك ئىقتىسادىي ماھىيىتى بار. بۇ خىلدىكى ئىش تاشلاش نامايىشلىرى مائاشلارنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك كېلىشمەلەر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ماددىي جەھەتتىن نامراتلىشىشىغا قاراپ يۈزلەنمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئىشچىلار سىنىپى ھەر جايدا سىنىپىي كۈرەش ئورنىغا جەمئىيەتتىكى رەقىب گۇرۇپپىلار بىلەن تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن تېگىشلىك شەرتلەرگە چىقىش قىلغان ھالدا مۇرەسسەلىشىش يولىنى تاللىۋالغان ئىدى. (12). ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كىلاسسىك شەكلى، يەنى ئېزىلگەن پىرولېتارىيات سىنىپى (ماركسىزم بۇلارنى«ئۆز - ئۆزىنى بىر تەرەپ قىلغۇچە» مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، دەپ قارايدۇ) ۋاقىتلىق ئىدى. جىسمانىي ئەمگەك پەيدىنپەي چوڭ تىپتىكى ئاپتوماتلاشقان سىستېمىلارنىڭ كونترول ۋە ئىرادىسىگە قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى.

شۇڭا پەن ۋە تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، «ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى» ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھاكىمىيىتىگە باغلىق بولمىغان، دەل ئەكسىچە، سىنىپ سۈپىتىدە پەيدىنپەي ئاجىزلىشىشىغا ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ ئۆزگىرىش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەركىزىنىڭ ۋە ھەتتا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭمۇ ئاستا - ئاستا تېخنىكا جەھەتتە ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ قولىغا ئۆتۈشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. نەتىجىدە ئىدېئالىزم ۋە ئىنقىلابچى رومانتىزمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىزنالىرى ۋە تەسىرلىرىمۇ ئاجىزلىشىپ

www.uyghurkitap.com



كەتكەن. ئەقلىيەتچى ۋە روھسىز ھاكىمىيەت شەكلى بولغان ئىختىساسلىقلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى، كۆچلۈك بىر مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىپادىسى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

## دىن ۋە ئىنقىلاب

ئىنقىلاب يالغۇز مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە سىياسەت قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر ھادىسە ئەمەس. ھەقىقىي ئىنقىلاب مۇئەييەن بىر مەزگىلدە دىنىي ماھىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ھاياجان، ئادالەت، غەيرەت، قۇربانلىق ۋە ئۆلۈم قاتارلىق خۇسۇسلار ئالاھىدە گەۋدىلىنىدىغان تۈسكە كىرىدۇ. يەنى مەنپەئەت ۋە مەۋجۇتلۇقتىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ياكى بۇلاردىن خالىي بولغان بىر ئىدىيە ياكى ئېقىم ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. غايە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، ئىنقىلاب دىنغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مەزگىلدىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىشتىراك قىلىش نىسبىتى كۆزدە تۇتۇلغاندا ئىنسانىي بىر تىراگېدىيە سۈپىتىدە دىننىڭ بىر خىل نامايان بولۇش شەكلىدۇر. ئىنقىلابقا قاتناشقانلار ياكى ئىنقىلابنىڭ جەريانىنى يېقىندىن كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلار بۇ ئەخلاقىي ئۇنسۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە چوقۇم ئويلانماي قالمايدۇ. بۇلار ئىنقىلابقا پەقەت مېخانىك بىر ئىنقىلاب، ھاكىمىيەت مېخانىزمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال، ماركىيۇس تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك كۈنىمىزدىكى كاپىتالىست دۆلەتلەردىكى ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلاب ئېڭىدىن مەھرۇم بولۇشى ۋە ئىنقىلاب قىلىش قابىلىيىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇشىنى ياكى دەل ئەكسىچە، خىتابنامىلەرگە كۆرە دىنسىز ھېسابلىنىدىغان ئىنقىلابقا نىسبەتەن شائىرلارنىڭ، سەنئەتچىلەرنىڭ ۋە دىندار ئىنسانلارنىڭ ھاياجىنىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. ئىچكى تەرەپتىن، يەنى جەريانغا ئەمەس ھاياتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قارالغىنىدا، ئىنقىلاب يالغۇز دىنلارلا بېرەلەيدىغان بىر نەرسە بىلەن ئىنسانلارنى جەلپ قىلىدىغان تىراگېدىيە سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. سىياسىي يەنى «ئەمەلىي رېئاللىق» نۇقتىسىدىن بولسا ئىنقىلابنىڭ ئىنتايىن تەبىئىي بولغان نىشانلىرى بار. ھەر قانداق بىر خەلق ئىچىدە نورمىدىن يۇقىرى ھاياجان، بىر ئىنتىپاقلىق، باراۋەرلىك ۋە تەقدىر ئوخشاشلىقى ھېس تۇيغۇسى ھۆكۈمران بولغان ھامان، دىنغا مەھكەم يېپىشىدۇ. بۇ ئەھۋال خەتەرلىك

پەيتلەردە ياكى خوشاللىقلاردا ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرلىرىنى قېرىنداش ياكى دوست سۈپىتىدە كۆرگەندە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىر خىل قۇربانلىق روھىدۇر.

ئارتۇر رۇبىنستاين مۇنداق دەيدۇ: «ۋىكتورىيە دەۋرىدە يەنى مەمۇرچىلىق ۋە ھوقۇق ۋە بايلىققا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان دەۋرىدە كونسېرتلارغا ھېچكىم بېرىپمۇ قويمايتتى. بىر زامانلاردا فىرانسۇزلار يەكشەنبە كۈنلىرى كونسېرتلارغىلا باراتتى. باشقا كۈنلەردە بولسا كونسېرت زاللىرى قۇرۇپ قالاتتى. ھالبۇكى ئەنگلىيەلىك تونۇلغان بىر رويالچى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا، مۇزىكا زاللىرىدا تاماشىبىنلارغا ھەقسىز مۇزىكا چېلىپ بېرەتتى. مېكسىكا ئىنقىلابى جەريانىدا، پويىزلار پارتلىتىلغان، ئىنسانلار ۋە باللار رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن زامانلاردا، مەن ئوخشىمىغان جايلاردا 50 دىن ئارتۇق كونسېرت بەردىم. زاللاردىكى يەرلەر ئالدىن سېتىلاتتى ۋە بېلەتلەر ئالتۇن بىلەن ئېلىناتتى. ئەمما شۇ ئوخشاش مېكسىكىدا تىنچلىق مەزگىلىدە بىر نەچچە كىشىنى كونسېرت زالىدا بىر يەرگە جەم قىلىش تەسكە توختايتتى».

دىنغا مەيلى يوق بىر جەمئىيەتنىڭ ئىنقىلاب ئۈچۈنمۇ مەيلى بولمايدۇ. ئىنتايىن كۈچلۈك ئىنقىلابلارغا سەھنە بولغان رايونلار ھازىرمۇ ھاياتى كۈچكە ئىگە دىنى ھېسسىيات مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايونلاردۇر. قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، ئادالەت تۇيغۇسى ماھىيەتتە دىنىي خاراكتېرگە ئىگە. ئىنقىلاب دۇنياۋى ئادالەت، دۇنياۋى جەننەت بەرپا قىلىشقا مايىلدۇر.

دىن ۋە ئىنقىلاب ھەر ئىككىلىسى قاتتىق جاپا - مۇشەققەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە مەيدانغا كېلىدۇ. ھەر ئىككىلىسى راھەت - پاراغەت ۋە باياشات دەۋرلەردە يوق بولۇپ كېتىدۇ. ھەقىقىي داۋاملاشقىنى پەقەت بۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش تىرىشچانلىقى، خالاس. يەنى بۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش تىرىشچانلىقى ھەقىقىي داۋاملاشقان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دىنمۇ، ئىنقىلابمۇ ۋۇجۇدقا چىققان ۋاقىتىدا، ئۆزىنى چۆشەپ قويىدىغان مۇئەسسەسە ۋە قۇرۇلمىلارنى يارىتىدۇ. بۇ رەسمىي قۇرۇلمىلار ۋە مۇئەسسەسەلەر ئىنقىلابى ۋە دىنى روھتىن مەھرۇمدۇر. ئىنقىلابقا قارشى چىققانلار دىننى ياقلىسا، ئۇ ۋاقىتىدا رەسمىي دىننى، يەنى چېركاۋ ، موناستىر ۋە تەبىقە تۈزۈمىنى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇئەسسەسەلەشكەن ۋە قۇرۇلمىلاشقان دىننى ياقلىغان بولىدۇ. ساختا ئىنقىلاب قۇرۇلما ۋە بيۇروكرات سۈپىتىدە ھەر يەردە ئىتتىپاقدىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغان قۇرۇلما ۋە بىيۇروكراتىك تۇسىنى ئالغان دىندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىنق
يالغان سۆزلەشكە ۋە ئۆز - ئۆزىگە خىيانەت قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا ساختا
بىلەن ئورتاق تىل ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا باشلىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئىنسانغا قارشى تەرەققىياتلار

ھىدروگېن بومبىسىنىڭ ئىجادچىسى ئامېرىكىلىق ئالىم ر. ئوپپېنھېيمېرن
قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانىيەت يېقىنقى 40 يىل ئىچىدە ۋۇجۇدقا چىقار
تېخنىكىلىق ۋە ماددىي تەرەققىياتلار، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى 40 ئەسىردە يوقت
قويغان تەرەققىياتلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىكەن. 1900 - يىلدىن 60
- يىلغىچە ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن مۇساپە، 10:26دىن 10:40قا، ئېرىشك
ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى 10:5تىن 10:11غا يەتكەن.... ئالدىمىزدىكى ئوت
يىل ئىچىدە باتارېيىلىك ئېلېكتىر موتورلار پورشېنلىق موتورلارنىڭ، ئاتوم بىل
ھەرىكەتلىنىدىغان پاراخوتلار پار بىلەن ماڭىدىغان پاراخوتلارنىڭ ئورنىنى ئال
جىن روستاند بىيولوگىيە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىدىغانل
ھەققىدە خەۋەر بەرمەكتە. يۇقىرى ئىقتىدارلىق ئىنسانلاردىن ئېلىنغان گېن سايىس
ئىنسانىيەت ئۆز - ئۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. دېئوكسىرىبونۇكلېئوتىد (ئوكسىگېنسىزلان
رىبو يادرو كىسلاتاسى)نى سۈنئىي ھالەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولالىسا، چەكس
ئىمكانىيەتلەر ياراتقىلى بولىدۇ. ھەر قانداق ئادەم ئارزۇسىغا ماس ھالدا پەرزەن
كۆرەلەيدىغان بولاتتى. ئون مىليارد ھۆجەيرىسى بولغان ئىنسان مېڭىسىگە سىرتتى
ئۇرۇلۇش ياكى ئالاھىدە ئۇسۇللار بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىپ نەچچە مىليارد ھۆجەي
ئىلاۋە قىلغىلى بولىدۇ. بەدەن ئەزالىرىنى كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى ئادەتتىكى ئى
بولۇپ قالىدۇ. مېڭە چارچاشنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ خىمىيەلىك سەۋەبلىرى بايقالماق
ئۆمۈرنىڭ ئۇزارتىلىشىغا ئوخشاش ئىنسانىيەتنىڭ ئەزەلدىن بولۇپ كەلگەن ئارزۇس
ئۇيقۇ سائىتىنىڭ قىسقارتىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. تەرەقق
تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتلىرى ھازىردىن باشلاپلا خىزمەت ھەپتىسىن
كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە قىسقارتىلىشىغا رۇخسەت قىلىۋاتىدۇ ۋە ھەپتىلىك خىزمە
قىلىش ۋاقتى يېقىندا 30 سائەتكە، خىزمەت يىلى بولسا 9ئايغا قىسقارتىلىش

مۇمكىن. 1965 - يىلى ئا ق ش دا 69 مىليون ئاپتوموبىل، 60 مىليون تېلېۋىزور ۋە 7.7 مىليون موتورلۇق قېيىق ۋە كاتېر بار ئىدى. شۇ يىلى ئامېرىكىلىقلار يالغۇز ساياھەت قىلىش ۋە دەم ئېلىش ئۈچۈن 30 مىليارد دوللار سەرپ قىلغان، بۇ رەقەم ھىندىستاننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىگە توغرا كېلەتتى. ئامېرىكىدا خۇسۇسىي كىرىملەرنىڭ بەشتە بىرى ماددىي نەرسىلەرنىڭ ھالاۋىتىنى سۈرۈش يەنى ھەشەمەتچىلىك ئۈچۈن سەرپ قىلىنماقتا. بىر ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا كۆرە، باي دۆلەتلەر گىرىم بۇيۇملىرى ئۈچۈن يىلدا 15 مىليارد دوللار سەرپ قىلىدىكەن. مەزكۇر دۆلەتلەردە تۇرمۇش سەۋىيەسى 1800 - يىللارغا سېلىشتۇرغاندا 5 ھەسسە ئاشقان ۋە 60 يىلدىن كېيىن كۈنىمىزگە قارىغاندا يەنە 5 ھەسسە ئېشىشى مۇمكىن. بۇنداق ئۈمىدۋارلىق تولغان بىر مەنزىرىگە ئاساسەن مۇنۇ سوئالنى سوراپ باقايلى: پۈتكۈل بۇ ھادىسلەر ھاياتنىڭ بەش ھەسسە بەختلىك بولۇشى، ئىنسانىي بولۇشى ۋە مەنىلىك بولۇشىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟. جاۋاب شۇكى، دېرەك بەرمەيدۇ.

دۇنيانىڭ ئەڭ باي دۆلىتى بولغان ئا ق ش دا يىلدا تەخمىنەن 5 مىليون قېتىم ئېغىر جىنايەت سادىر قىلىنىدۇ. 1960 - يىل بىلەن 1970 - يىل ئوتتۇرىسىدا ئېغىر جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئېشىشى نوپۇس كۆپىيىشىگە قارىغاندا 14 ھەسسە كۆپ بولغان. 1964 - يىلى بۇ دۆلەتتە ھەر 25 مىنۇتتا بىر قېتىم باسقۇنچىلىق ۋەقەسى، ھەر بەش مىنۇتتا بۇلاڭچىلىق، ھەر مىنۇتتا بىر ئاپتوموبىل ئوغرىلاش ۋەقەسى يۈز بېرەتتى. (بۇ مەلۇمات FBI نىڭ يىللىق دوكلاتىدىن ئېلىنغان). بۇ يەردە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان مۇھىم خۇسۇس ، ئومۇمىي مايىللىقتۇر. فېدېراتىپ گېرمانىيەدە 1966 - يىلى ئىككى مىليون قېتىملىق جىنايەت ئەنگە ئېلىنغان. 1970 - يىلغا كەلگەندە بۇ رەقەم 2.413.000 غا يەتكەن. ئەنگلىيەدە يېقىنقى 10يىل ئىچىدە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايەتلىرىنىڭ سانى %35 ئاشقان. شوتلاندىيەدە ئالداش ۋە بۇلاش جىنايەتلىرى %100 ئاشقان. كانادادا 1962 - يىلى بىلەن 1970 - يىللىرى ئارىسىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىنىڭ سانى ئىككى ھەسسە كۆپەيگەن. يېقىندا ئېلىپ بېرىلغان خەلق رايىنى سىناش تەكشۈرۈشىدە، فىرانسۇزلارنىڭ كۈندىلىك مەسىلىلىرىگە دائىر تىزىملىكنىڭ بېشىغا «ئالداش ۋە بۇلاشتىن قورقۇش»نى قويغانلىقلىرى ئېنىقلانغان. فىرانسىيەدە يالغۇز ئوغرىلىق ۋەقەلىرىلا ئون يىل ئىچىدە (1966 - 1976) %177 ئاشقان (فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي دوكلاتى). بېلگىيەدە 1969 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە جىنايەت سانى ئىككى ھەسسە كۆپەيگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1973 - يىلى سېنتەبىر ئېيىدا بېلگرادتا چاقىرىلغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار يىغىنىدا «جىنايى قىلمىشلارنىڭ دۇنيا ھەر قايسى جايلىرىدا ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى» ھازىرقى دەۋرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە بىردەك قوبۇل قىلىنغان. ئامېرىكىلىق جىنايى ئىشلار مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزاھلىغاندا، دۇنيانىڭ «جىنايەت ئوكيانى» ئىكەنلىكىنى، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر جىنايەت سادىر قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭغا بىرەر چارىنىڭ كۆرۈلمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «1970 - يىلى دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە» سەرلەۋھىسى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان دوكلاتتا، ئىسمى ئېنىق يېزىلمىغان مەلۇم بىر دۆلەتتە ساقچىلارنى ئەڭ كۆپ ئاۋارە قىلىدىغان 20 ياشتىن كىچىك باللارنىڭ سانىنىڭ 1955 - يىلىدا بىر مىليون بولغان بولسا، 1965 - يىلىغا كەلگەندە 2.4مىليونغا يەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىپى بىر دوكلاتتا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن بەزىلىرى جىنايى قىلمىشلارنىڭ تەسىرىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىماقتا.... ماددىي تەرەققىياتنىڭ ئەكسىچە، ئىنسان ھاياتى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك ئەھمىيەتسىز بولۇپ باقمىغان.بۇ جىنايەتنىڭ كېڭىيىشى - شەخسىي ياكى ئومۇمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان شەكىللىرى بىلەن (ئوغرىلىق ، ئالدامچىلىق، قاتتىق - سوقتا قىلىش، سۈيىئىستېمال قىلىش ۋە تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغان جىنايەتلەر) زامانىۋى تۇرمۇش شەكلى ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن تۆلەنگەن ئېغىر بەدەلنىڭ نەتىجىسى، خالاس ( ب د ت باش كاتىپىنىڭ «جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى» ھەققىدە 1972 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېلان قىلىنغان دوكلاتتىن ئېلىندى).

سوۋېت ئىتتىپاقلىق روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى ن. خوداكوۋ تەتقىقاتىدا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئومۇمەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ھاراقنىڭ قورقۇنچلۇق دەرىجىدە كېڭىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 1940 - يىلىدىن 1960 - يىلغىچە دۇنيا مىقياسىدا ھاراق ئىستېمالى ئىككى ھەسسە كۆپەيگەن. 1965 - يىلغىچە 2يېرىم ھەسسە، 1970 - يىلغىچە 4.3ھەسسە ۋە 1973 - يىلىغا كەلگەندە 5 يېرىم ھەسسە ئاشقان. ھاراقنىڭ ئايال ۋە ياشلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشمۇ ئالاھىدە دىققەت قوزغايدىغان ئىجتىمائىي مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

ئەنگلىيەلىك «The Offered Help» ناملىق ياردەمسۆيەرلەر تەشكىلاتىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا كۆرە، ئەنگلىيەدە400.000 دەك ھاراق ئىستېمال قىلغۇچى بار بولۇپ، بۇنىڭ 80 نى ئاياللار تەشكىل قىلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر ئىككىسىدىن بىرى روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسگە بېرىپ كۆرۈنىدىكەن. ھەر ئۈچ كىشىدىن بىرى بولسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنىدىكەن. كىشى بېشىغا ھاراق ئىچىش نىسبىتى بويىچە قارىغاندا بىرىنچى ئورۇندا فىرانسىيە تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا ئىتالىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىدىكەن. ھاراق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۆلۈم ۋەقەلىرى نۇقتىسىدىن دۇنيا تىزىملىكىدە غەربىي گېرمانىيە (100.000 كىشىگە 44.3 ئۆلۈم ۋەقەسى توغرا كېلىدۇ)ئالدىنقى ئورۇندا. ئارقىدىنلا فىرانسىيە (35) ۋە ئاۋستىرالىيە (30) كېلىدۇ.

كۈنىمىزدە ھاراققا بېرىلىش ئاساسەن باي ۋە ئوقۇغان تەبىقىلەرنىڭ مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەگەر ھاراق ياكى زەھەرلىك چېكىملىك بىر پاناھ ياكى قوغدىنىش مېخانىزمىسىدىن بىرى بولۇپ قالغان تەقدىردە، ئۇ ۋاقىتتا بايلار ۋە ئوقۇغان تەبىقىلەر، ئەجەبا قايسى نەرسىلەردىن نىجاتلىق تىلەر ياكى قايسى نەرسىلەردىن ساقلىنار؟ بۇرۇن ھاراققا بېرىلىش نامراتلىق ۋە قالاقلىقتىن كېلىپ چىقاتتى، شۇڭا بىر ئاز ئۈمىدىمىز بار ئىدى. ئەمما كۈنىمىزدە بولسا قىيىنچىقلىمىز ئىنتايىن ئېغىر:«ئىزاھلاش ۋە ئىسىم قويۇش ئىنتايىن قېيىن سەۋەبلەردىن بۇ ئىجتىمائىي بالايى ئاپەتلەرنىڭ ئالامەتلىرى شۋېتسىيەدە باشقا ھەر قانداق دۆلەتكە سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقماقتا»دەپ يازىدۇ مەلۇم بىر شۋېتسىيەلىك يازغۇچى.

ھەر ئون شۋېتسىيەلىكتىن بىرىنىڭ ھاراققا بېرىلىپ كېتىشتەك ئاچچىق رېئاللىققا دۇچ كەلگەن شۋېتسىيە ھۆكۈمىتى، ھاراق قاتارلىق مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرگە زور مىقداردا باج قويۇپ بۇ مەرەزدىن قۇتۇلۇشقا ئورۇنۇپ كۆرگەن، بىراق بۇ تەدبىرنىڭ ئۈنۈمى يوق دېيەرلىك بولغان.

يېقىنقى دەۋرلەردىكى ئېقىپ يۈرگەن شەھۋانى نەرسىلەر (كىنو، كىتاب، رەسىم، ئەسەر) نىڭ ئىستىلاسىنىڭمۇ يىلتىزى ھەرھالدا ئوخشاش. فىرانسىيە ، دانىيە ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيە قاتارلىق ئەڭ مەدەنىي دۆلەتلەر بۇ ساھەدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1975 - يىلى فىرانسىيەدە بارلىق كىنو فىلىملىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى شەھۋانى فىلىملەر تەشكىل قىلاتتى. پارىژنىڭ ئۆزىدىلا 250 دەك كىنوخانا مەخسۇس

بۇ خىلدىكى فىلىملەرنىڭ ماكانى بولۇپ قالغان ئىكەن. تونۇلغان روھىي كېسەللىكلەر پىروفېسسورى بلانچارد بۇ ھادىسىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «مەۋجۇت ئىدېئولوگىيە بارغانسېرى ئىنسانىنى ئۆزلۈكىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئىنسانىنى ئاپتوماتىك بىر تۇرمۇش شەكلىگە يەنى ئۇخلاش - قاتناش - خىزمەت فورمۇلاسىغا كۆرە يېتەكلىمەكتە. گەرچە مەزكۇر فورمۇلا يەنى پىرىنسىپ مۇئەييەن تۇرمۇش سەۋىيەسى بىلەن تەمىنلىسىمۇ، بىراق ئىنسانىنى ھەقىقىي تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ھاياجانلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. ھەر نەرسە بۇرۇن تەييارلىنىدۇ، ھەتتا يىللىق ساياھەتمۇ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ھەر نەرسە ئىشتىراكچىلار ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيدىغان دەرىجىدىكى بىر پىلانغا ئۇيغۇن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.... بۇ سەۋەبتىن كۆپىنچە ئادەم ئۆز - ئۆزىدىن قېچىش ۋە باشقىچە بىر نەرسىنى ئەزان يول بىلەن سىناق قىلىپ بېقىشقا ئېھتىياج ھېس قىلىدۇ..... بۇ ئېھتىياج دەل شەھۋانى فىلىملەر ۋاستىسى بىلەن سۇيىئىستېمال قىلىنماقتا».

مەدەنىي دۇنيادا قىمارمۇ ئوخشاش شەكىلدە «تەرەققىي قىلماقتا» ۋە ھاراقكەشلىك، شەھۋانى نەرسىلەر، ساختا سەنئەت ۋە ھېچقانداق قىممىتى بولمىغان نەشرىياتچىلىق قاتارلىق بالايى –ئاپەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىي پاسكىنچىلىقنىڭ ئىزىدىن ماڭماقتا. دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ قىمارخانىلىرى ئەڭ مەدەنىي دۆلەت ۋە رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. مەسىلەن دوۋىللې، مونتى كارلو، ئاۋمېن ، لاسۋېگاس قاتارلىق شەھەر ۋە رايونلار.. ئاتلانتا شەھرىدە 6000 قىمارۋازنى بىرلا زالغا سىغدۇرالايدىغان دەرىجىدىكى چوڭ بىر قىمارخانا سېلىنماقتا. مەلۇماتلارغا كۆرە، فىرانسۇزلار 1965 - يىلى قىماردا 115 مىليارد فىرانك ، ئامېرىكىلىقلار بولسا 1977 - يىلى 15 مىليارد دوللار (ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا كۆرە) سەرپ قىلغان. ھەر ئۈچ ۋېنگرىيەلىكتىن بىرى لاتارىيە بېلىتىگە پۇل خەجلەيدۇ. كىشى بېشىغا سەرپ قىلىنغان پۇللارغا كۆرە ھېسابلانغىنىدا، قىمارغا ئەڭ كۆپ بېرىلىپ كېتىش شىۋېتسىيەدە كۆرۈلمەكتە. ئىسرائىلىيە ۋە دانىيە شىۋېتسىيەنىڭ ئىزدىن ماڭماقتا. نيۇيورك ساقچىسىنىڭ دوكلاتىغا كۆرە 1963 - يىلى نيۇيوركتا خېروئىن ۋە باشقا كۈچلۈك زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە خۇمار بولۇپ قالغان 23 مىڭ ياش ئەنگە ئېلىنغان. تەخمىنلەرگە كۆرە، بۇ سان 100مىڭدىن كۆپ ئىكەن. نيۇيوركتىكى ھانتەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى نەشە چېكىدىغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلغان. نەشە تېخىمۇ كۈچلۈك زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئۆتۈش يولىدا

تۈنجى قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

دوكلاتلارغا ۋە جەمئىيەتتىكى ئىپادىلىرىگە قاراپ ئامېرىكىلىق ياكى فىرانسۇز (1968) ياشلىرىنىڭ ئىسيانىنى سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قاراش تامامەن خاتا ھېسابلىنىدۇ. ئىسيانىنىڭ ئەخلاقىي تەرىپى كۈچلۈك بولۇپ، ئامېرىكىدا «تەشكىللانغان ئامېرىكا» دېگەن نەرسىگە، فىرانسىيەدە «قۇرۇلمىلاشقان ياكى سىستېمىلاشقان» يەنى ھەر ئىككىلى دۆلەتتە مەدەنىيەتنىڭ مۇئەييەن ئىپادىلىرىگە قاراپ يۈزلەنگەن. (ئۇگو لا مالتا: ياشلارنىڭ بۇ ئىسيانى سانائەت جەمئىيەتنىڭ ئېھتىمالچىلىق ئەخلاقىغا قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى). بىاياشاتچىلىق ئىچىدىكى بۇ ئىسيانغا مەنتىقلىق ئىزاھ تېپىلمىغاچقا، «سەۋەبسىز ئىسيان»دېگەن نام بېرىلدى. (`ياشلارنىڭ مەنتىقسىز ئىسيانى` ئا. مالرىيۇكس). ئەگەر مەسىلىنىڭ ئەخلاقىي تەرىپى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا بۇ ئىزاھ توغرا ھېسابلىنىدۇ.

زامانىۋى ئامېرىكىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەنلەردىن بىرى بولغان ئارتۇر مىللېر، بۇرۇقتۇملۇق مەزگىلىدىكى باللارنىڭ جىنايەتكە مايىللىقى ھەققىدە توختالغاندا مۇنۇلارنى دەيدۇ: «جىنايەت سادىر قىلغانلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى بار: كۈنى ئىنتايىن بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ...ئەتىدىن - كەچكىچە لاغايلاپ يۈرىدۇ ۋە ھاياتتىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمەيدۇ، ئۆلۈمگە يېقىن تۇرىدۇ...ياشلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشقا مايىللىقى يالغۇز چوڭ شەھەرلەرنىڭلا مەسىلىسى ئەمەس. يېزىلارنىڭمۇ مەسىلىسىدۇر. يالغۇز كاپىتالىست جەمئىيەتنىلا ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا سوتسىيالىست جەمئىيەتنىڭمۇ مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ. يالغۇز نامراتلىق بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بىاياشاتچىلىق بىلەنمۇ يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك. بىر مىللەت ياكى كۆچمەنلەر مەسىلىسى ۋەياكى ئامېرىكىلىقلارنىڭلا مەسىلىسى ئەمەس. مەن شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمەنكى، جىنايەت ھازىرقى شەكلى ۋە خاراكتېرى بىلەن ئىنسان ئېزىز ۋە شەرەپلىك مەخلۇق، دېگەن ئىدىيەنى يوق قىلغان تېخنولوگىيەنىڭ مەھسۇلاتىدۇر... قىسقىسى، روھ يوق بولغان ئىدى. بەلكىم، ئىككى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ۋەھشىيلىكى ئۇنى دۇنيايىمىزدىن قوغلاپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. ياكى تېخنولوگىيەلىك جەريانىنىڭ ئۆزىلا ئۇنى ئىنساننىڭ ئىچىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.... كۆپلىگەن كىشى كەمدىن - كەم باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئىچىدە بولىدۇ. خېرىدار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ساتقۇچى، ئىشچى بىلەن خوجايىن، باي بىلەن كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇستەسنا. قىسقىسى، بىر - بىرىنى ھەقىقىي ھۆرمەتلەيدىغان ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى سەممىي مۇناسىۋەتلەردىن پەرقلىق بولۇپ، پەقەت قارىماققا ۋاستە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن ئۇنسۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز - ئارا مۇناسىۋەتلەر بولسۇن، خالاس».

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەلىرى بىلەن روھىي كېسەللىكلەرنىڭ سانىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولۇشتەك رېئاللىقنى قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن؟ مەلۇم بىر ئامېرىكىلىق پسىخولوگ «پسىخىكا جەھەتتىن ھەيران قالارلىق بولغىنى، بىر ئادەمنىڭ ماددىي ئەھۋالى قانچە ياخشى بولسا، ئىچى پۇشقىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ» دەيدۇ. دەرۋەقە، كىلاسسىك ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن خالىي بولغان تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە مەيدانغا كەلگەن بۇ ھادىسە، تەرەققىياتقا بولغان ئېتىقادنى تەشەببۇس قىلىدىغان پىرىنسىپلارنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلماقتا. ئا ق ش دا ھەر مىڭ كىشىدىن تۆتى روھىي كېسەللىكلەر شىپاخانىسىدا داۋالانماقتا (نيۇيوركتا مىڭدە بەش).ئامېرىكىدا بارلىق دوختۇرخانىلاردا كارىۋاتلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى روھىي كېسەل بولغانلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان. دۇنيادا روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ئەڭ كۆپ بولغان شەھەر ھوللىۋود . ئامېرىكا سەھىيە ئورگىنىنىڭ دوكلاتىغا كۆرە (1968) ھەر بەش ئامېرىكىلىقتىن بىرى نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ياكى بۇنىڭغا يېقىن ھالەتكە كېلىپ قالغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا سوئال سورالغان كىشىلەر 19 ياش بىلەن 79ياشتىكى 111مىليون ئامېرىكىلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان دەرىجىدە تاللانغان.

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەلىرى، ھاراققا بېرىلىش ۋە روھىي كېسەللىكلەر جەھەتتىن رېكورت ياراتقان شۋېتسىيە ، ئەينى ۋاقىتتا مىللىي دارامەت، مائارىپ سەۋىيەسى ، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەت. 1967 - يىلى 1702 ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەسى ئەنگە ئېلىنغان. بۇ 1966 - يىلغا نىسبەتەن 9% ھەتتا 1960 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا %30ئاشتى، دېگەنلىكتۇر. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى 1968 - يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەلىرىنى ئاساس قىلىپ بىر تىزىملىك رەتلەپ چىققان. ئالدىنقى قاتاردا ئورۇن ئالغان دۆلەتلەر تۆۋەندىكىچە:

فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئاۋسترىيە، كانادا، دانىيە، فىنلاندىيە، ۋېنگىرىيە، شىۋېتسىيە ۋە شىۋېيتسارىيە قاتارلىقلار. مەزكۇر دۆلەتلەردە 15 بىلەن 45 ياشتىكىلەر ئۇچۇن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش (يۈرەك كېسىلى ۋە راكتىن قالسىلا) ئۈچىنچى ئۆلۈم سەۋەبى ھېسابلىنىدىكەن. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ 1970 - يىلدىكى دوكلاتىغا كۆرە، ئوچۇقتىن ئوچۇقلا، بۇ ھادىسىنىڭ «سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش باسقۇچى ۋە ئائىلىلەرنىڭ كىچىكلىشىشىگە تەقلىد» قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنغان. مەزكۇر دوكلاتتا مۇنۇ نەتىجىمۇ ئورۇن ئالماقتا: فىنلاندىيەدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چۈشكۈنلۈك، ئىچىملىككە بېرىلىش ۋە ئالداش قاتارلىقلار ئاساسەن ئوخشاش نىسبەتتە. بۇ ھادىسىنى مۇئەييەن بىر دۆلەت ياكى رايون دائىرىسىدە ئانالىز قىلىدىغان بولساق، بۇ خىلدىكى ۋەقەلەر تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە پاراللېل ھالدا ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. يۇگوسلاۋىيەدە ئىچىملىككە بېرىلىش ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەلىرى ئاساسەن تەرەققىياتنىڭ دەرىجىسىگە پاراللېلدۇر. ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەلىرىنىڭ سانى دۆلەت ئوتتۇرىچە نىسبىتىدىن ئالتە ھەسسە كۆپ. كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا بولسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەسىنىڭ سانى، ئەنگلىيەدىكى ئوخشاش ياشتىكى ياشلارنىڭ ئىچىدىكى ساندىن ئون ھەسسە ئارتۇق. ئېسەكس ئۇنىۋېرسىتېتى سەھىيە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى دوكتور ئانتونى رەيلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات مېۋىلىرى شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، بۇ ۋەقەلەرگە ماددىي قىيىنچىلىقلار سەۋەب بولمىغان، چۈنكى ئەنگلىيە ئوقوغۇچىلىرى يا باي ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ياكى دۆلەتتىن ئوقۇش پۇلى ئالىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆزگىرىشلەرنى غەرب مەدەنىيىتىگىلا خاس، دەپ ھۆكۈم قىلىش تامامەن خاتادۇر. بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى، مەدەنىيەت خاراكتېرىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بولغان ئىشارەتلەر ۋە قانۇنىي كۈچىدۇر. ئامېرىكا، فېدېراتىپ گېرمانىيە،ئەنگلىيە ۋە شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ھەققىدە دېيىلگەنلەر، ئوخشاش ۋاقىتتا دۇنيانىڭ يەنە بىر ئۇچچىدىكى ۋە تامامەن پەرقلىق بىر كۈلتۈرگە ئىگە ياپونلار ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە (ئاناسكى،«ياپون كۈلتۈرىنىڭ بوھرانى»). بۇ ھادىسە شەرت - شارائىتقا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىراق مايىللىق ۋە يۈزلىنىش ئوخشاش. ياپونىيەگە دائىر بەزى پەرقلىق ھادىسىلەر، ياپونىيەنىڭ كۈلتۈر ئامىللىرىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىدىن ۋە ياپون ئائىلىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدىن كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەزكۇر ھادىسىنىڭ بارلىق سەۋەبلىرىنى تولۇق ئوتتۇرا قويۇش ھەقىقەتەن قىيىن. تەتقىقاتچىلار ياشلار ئارىسىدا زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ تارقىلىش ھادىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا دىققىتىنى كۆپرەك ياشلارنىڭ ئائىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. يۇگوسلاۋىيەلىك روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى ۋلادېتا جېروتىچ مۇنداق دەيدۇ: «ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان ياكى ۋەيران بولغان ئائىلە، ئائىلىنىڭ ياش ئەزالىرىنى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە ۋە بۇ ئەھۋالدىن قېچىش ياكى ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خاتا يوللارغا ئىتتىرىدۇ... كۈنىمىزدە ئەنئەنىۋى جامائەت ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ماھىيەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە.

خارۋراد ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزى مۇدىرى روگېر رېۋېل، تېخنولوگىيەنىڭ ئىنسانغا ۋە جەمئىيەتكە بولغان تەسىرلىرىنى تەتقىقات قىلىدىغان بىر گۇرۇپپىنىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى دائىرىسىدە قۇرۇلۇشىنى تەكلىپ قىلغان ئىدى. «يېڭى تەرەققىياتلار ۋە ئىمكانىيەتلەر تۈرتكىسىدە ئىنسان ھاياتى يەنە ئوتتۇز يىل تېخىمۇ ئۇزارتىلىشى مۇمكىن بىراق بۇ مەنىسىز ۋە زېرىكىشلىك بىر ھايات بولىدۇ»(رېۋېل).

ماتېرىيالىزمدا ئىلگىرى سۈرۈلگىنىنىڭ دەل ئەكسىچە، مەدەنىيەت ۋە باياشاتچىلىق ئىنسان تەبىئىتىگە ماس بىر نەرسە ئەمەس. ئىجتىمائىي پەرق ئومۇمەن پىروتېستانت دىنىنى قوبۇل قىلغان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن كاتولىك دىنىنى قوبۇل قىلغان دۆلەتلەردە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئىقتىسادىي پەرقلەر فىرانسىيەدە ئەنگلىيە ۋە غەربىي گېرمانىيەگە سېلىشتۇرغاندا ئىككى ھەسسە، گوللاندىيەگە نىسبەتەن ئۈچ ھەسسە كۆپتۇر. بىراق روھىي كېسەللىكلىرى ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەلىرىنىڭ سانى بۇنىڭ دەل ئەكسىدۇر. ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «ماتېرىيال» 19 - ئەسىردىكى بىلىم ۋە تاكامۇل بىيولوگىيەسىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىغا ئوخشىمايدۇ. ئىنسان پەقەتلا سىزىش ۋە ئاڭلاش ئورگانلىرى بىلەنلا ياشىمايدۇ... «رېئاللىققا ئايلانمىغان ئارزۇ ئازاب ئوقۇبەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، رېئاللىققا ئايلانغىنى بولسا توقلۇققا خاتىمە بېرىدۇ» (شوپىنخاۋۇر). راھەت - پاراغەت ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولغان ئىستېمالخۇمار ئىدىيە ھەر قانداق جايدا يالغۇز دىنغا بولغان ساداقەتمەنلىكنىلا ئەمەس، ھەر قانداق قىممەت ئۆلچەملىرى ۋە سىستېمىلىرىغا بولغان ساداقەتمەنلىكنىمۇ سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ(ھەتتا يوق قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن).

(17). ھاياتىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن مەھرۇم بولغان مەدەنىيەت، بەكرەك مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ مەنىسىز بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ تەلەيسىز ئالاھىدىلىكى بولغان تاللاش ئىمكانسىزلىقى، قىرغۇچى قوراللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا خاتىمە بېرىش ياكى مەدەنىيەت «بايراقدار»لىرىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئىي ھايات شەرتلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدىكى ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا ئامالسىزلىقىدا كۆرۈنگىنىدەك ھېچقانداق يەردە ئاشكارا كۆرۈلمەيدۇ. دەل بۇ يەردە ئىنسان ھاياتىدىكى مېخانىك بىلەن ئورگانىك، سۈنئىي بىلەن تەبىئىي پرىنسىپلار بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشىدۇ. بىرازىلىيەدە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئورمانلارنىڭ پاسىللىرى ھەر يىلى 10 بىلەن 15 كىلومېتىر قىسقىرىماقتا ۋە كەڭ كەتكەن يېشىل بايلىقلار چۆللىشىپ بارماقتا. ئا ق ش دا تاتلىق سۇ مەنبەلىرىنىڭ %80ى سانائەتتىن چىققان زەھەرلىك ماددىلارنىڭ تەسىرىدە بۇلغىنىپ كەتكەن. تېننېسسىنىڭ دېيۇتاۋن شەھىرىدە مىس ئېرىتىش زاۋۇتلىرىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئىس تۈتەك مۇنبەت زېمىنلاردىن 20مىڭ گېكتارلىق رايوننى چۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئا ق ش دا زاۋۇتلار ۋە ئاپتوموبىللار ھەر يىلى ئاتموسفېراغا 230مىليون توننا زەھەرلىك ماددا قويۇپ بېرىدىكەن. فىرانسىيەدە 1960 - يىلى ئىسسىق يادرو بازىلىرى ئاتموسفېراغا 114توننا گوگگۇرت گازى قويۇپ بەرگەن. ئامېرىكىنىڭ بەزى شەھەرلىرىدە ئۆپكە راكىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە يىلدا 50 ھەسسە، ئەنگلىيەدە ۋە شىۋېتسىيەدە يېقىنقى 50 يىل ئىچىدە 40 ھەسسە ئاشقان. توكيودا ئەڭ ئاۋات كوچىلاردىن بىرى بولغان ياناگادا ئۇستىدە دىياگنوز ئېلىپ بېرىلغان 49كىشىدىن 40نىڭ قېنىدا قوغۇشۇن بايقالغان. بۇنىڭغا موتورلۇق ۋاستىلەردىن چىققان گازلار سەۋەب بولغان. ئاپتوموبىل ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن بۇ ئەسىردە يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغانلاردىن تېخىمۇ كۆپ كىشىنى ئۆلتۈرگەن..(بۇ مەلۇمات 1976 - يىلى پارىژدا چاقىرىلغان «قاتناش يوللىرىدا بىخەتەرلىككە دائىر خەلقئارالىق كونفېرانس» تا ئامېرىكىلىق قاتناش يولى مۇتەخەسسىسى نوربېرت تىمان بەرگەن).قېنى سىز دەپ بېقىڭ، بۇ «تەرەققىيات»تىن قۇتۇلۇش مۇمكىنمۇ؟

مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئىچىدىن بارلىق مەسىلىلەرگە جەڭ ئېلان قىلالايدىغان ھەر قانداق بىر كۈچ ھازىرچە ئوتتۇرىغا چىقمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېتىراپ قىلغان قىممەت ئۆلچەملىرى ئارىسىدا قىممەتسىز ۋە سۈپەتسىز نەشرىيات ، شەھۋانى بۇيۇملار ۋە ئىچىملىككە بېرىلىش قاتارلىقلارغا قارىشى تۇرىدىغان بىرەر چارە –تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلمايۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال، ئامېرىكىلىق جىنايى ئىشلار مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلارغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەدە كۆرۈلگەن ئاجىزلىق ۋە تەسلىمىيەت ھېسسىدۇر، خالاس. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىلىمنىڭ ئىجتىمائىي تەرىپىدىن سىرت ئەخلاقىي تەرىپىمۇ بولغان بالايى – ئاپەتلەر ئالدىدىكى چارىسىزلىقىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. مەدەنىيەتكە قارشى نارازىلىقلار ئۆز ئىچىدىن ئەمەس، سىرتتىن يەنى كۆلتۈردىن كېلىشى مۇمكىن. دىنى - ئەخلاقىي تەربىيە ۋە ئائىلە بىرلا چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە نە پەن دىندىن نىجاتلىق يولى تەلەپ قىلالمىغان نە مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى ئائىلىنى قوبۇل قىلالمىغان. مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن پۈتۈن يوللار ئاساسەن ئىتىلىپ بولدى.

## تىياتىرنىڭ ئۈمىدسىزلىكى

ئۈمىدسىزلىككە تولغان پەلسەپىلەرنىڭ بىزگە دۇنيانىڭ ئەڭ باي ۋە ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايونلىرىدىن سىگىپ كىرىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئويلاندۇرىدۇ. ئېبسەن، ھايدېگېر، مەيلېر، پىنتېر، بېكېت، ئونېيل، بېرگمان، ئا، كامۇس، ئانتونىيو قاتارلىقلار). تارىختا ئۈمىدۋارلىق بىلەن «نەرسىلەرنىڭ» تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ھەرىكەت قىلغان ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بىراق پەيلاسوپلار بىلەن سەنئەتكارلار ھەر دائىم ئەنسىزلىك ئىچىدە، بولۇپمۇ سەنئەتكارلار. مەسىلىگە يۈزەكى قارىغىنىمىزدا، ئۈمىدسىزلىك سۇغۇرتا ئىشلىرى ۋە كىشى بېشىغا چۈشكەن مىللىي دارامەتنىڭ ملىڭ دوللارغا يېتىشى بىلەنلا باشلىنىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسكاندىنۇۋىيە پەلسەپىسى ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئىدى. مەزكۇر پەلسەپىگە كۆرە، ئىنسانىنىڭ تەقدىرى تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ۋە بىرەر چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار ئاخىرقى ھېسابتا بىكارغا كېتىدۇ ۋە چەكسىز بوشلۇققا سىگىپ كېتىدۇ. مەزكۇر پەلسەپە ساۋاتلىقلار پەقەتلا بولمىغان دۆلەتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ياۋروپانىڭ جەنۇبىي ئۇ ۋاقىتلاردا «بەختلىك جاھالەت» مۇھىتىدا راھەت - پاراغەتتە ياشايتتى. (1901 -

يىلى بۇلغارىيە بىلەن سېربىيەدە ساۋاتسىزلار نوپۇسىنىڭ %70نى، ئىتالىيەدە %48نى، ئىسپانىيەدە%63، ۋېنگىرىيەدە %43نى، ئاۋستىرالىيەدە %39نى تەشكىل قىلاتتى). بۇنىڭغا قاراپ، دۇنيادا ئەڭ ياخشى سۈغۇرتا سىستېمىلىرى بىلەن ئۇمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئوتتۇرىسىدا بىرەر مۇناسىۋەت بارمىدۇ، دەپ سورىماي تۇرالمايمىز. ماددىي جەھەتتىن خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئەجەبا روھىي جەھەتتە ئېزىپ كېتىش تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ؟

بۇ ئەھۋال، تاشقى كۆرۈنۈشلۈك دىنامىزم ئالدىدا ئومۇمەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتنىڭ دىنامىزمى ھېسابلىنىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئاستىلىتىلغان رىتىملىرى مەدەنىيەتنىڭ روشەن خاراكتېرىدۇر. مەنىسىز ۋە مەنتىقسىز دىراملار ئەڭ تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتلەردە ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەقىقەتكە ئەڭ ئۇيغۇن تەسۋىرىدۇر. مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى راھەت – پاراغەت بولغان بولسا، ئىچكى كۆرۈنۈشى ئىنتايىن مەنىسىزدۇر. بۇ ئەھۋال قانچىلىك راھەت - پاراغەت بولسا، شۇنچىلىك دەرىجىدە مەنىسىز ۋە نىشانسىز بولىدۇ. يەنى دىيالېكتىكىلىق خاراكتېرىگە ئىگە. يەنە بىر تەرەپتە، ئىپتىدائىي جەمئىيەتلەر نامراتلىق ۋە ئىنتايىن روشەن بولغان ئىجتىمائىي پەرقلەر بىلەن پارچىلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق قولىمىزدىكى بارلىق دەلىل – ئىسپاتلار ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى موللاشتۇرغان ۋە رەڭلىك قىلغان كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. دەرۋەقە، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىياتى بولغان فولكلور بىزگە ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك تۇرمۇش شەكلىنى ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نامرات بىر جەمئىيەت چارىسىزلىق ۋە مەنىسىزلىك ھېسسىياتىنى بىلمەيدۇ.

مەدەنىي مىللەتلەر ئۆز «ئىنسانىي تىراگېدىيەلىرىنى تىياتىر سەھنىسىدە بايقىيالايدۇ، ئۇمىدۋارلىق كەيپىياتى بولسا كومېدىيەلەر ۋە مودىسى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن ئوپېرالاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. رەسمىي سەھنە ئەسەرلىرىدە ئۇمىدسىزلىك كەيپىياتى شۇنداق قويۇق. تىياتىر پەننىڭ مەدەنىيەتكە قايتا - قايتىلاپ تاشلىغان مۇكەممەللىك يوچۇقىنى ئىزچىل كەمسىتىپ كەلگەن. پەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ موللىقى بىلەن ھەسسىلەپ ئىشلەپچىقىرىش، ئېنېرگىيە ۋە ئىنسان كۈچى قاتارلىقلارغا دائىر ئىندېكسلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى، ئۇچۇرلارنى ھەر دائىم رەھىمسىزلەرچە تاشلىدۇ. سەنئەت ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئىنسانىي غېرىبلىق، ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي نامراتلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زۇلۇم، ۋەھشىي ۋە ناچار نەرسىلەرگىمۇ مۇداخىلە قىلىدۇ. تىياتىر باي بىر دۇنيادا ۋە موللۇق ۋە كۈچ ئۇمۇمىيلاشقان بىر مۇھىتتا ئاساسەن دېگۈدەك ئۇرۇشقاق، نومۇسسىز ۋە ئاجىز ئىنساننى بايقاپ چىقىدۇ.

شائىرلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ سەزگۈر ئانتېنالىرىدۇر. ئۇلارنىڭ قايغۇ، غەم - ئەندىشە ۋە گۇمانلىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىدىغان بولساق، دۇنيا گۇمانىزمغا قاراپ ئەمەس، ئىنسانپەرۋەرلىكتىن خالىي بولغان ئۆز - ئۆزىگە ياتلىششقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بولىدۇ.

1968 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ياسۇنارىي كاۋاباتا، 1971 - يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. بۇنىڭدىن باشقا 1969 - يىلى داڭلىق ياپون يازغۇچىلىرىدىن يۇكىي مىشىمامۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. 1895 - يىلدىن ئېتىبارەن 13 ياپون رومان يازغۇچىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. بۇ شەخسلەرنىڭ ئىچىدە «راشومون»نىڭ مۇئەللىپى رىيۇنوسۇكۇ ئاكۇتاۋامۇ بار (1927). ياپون كۈلتۈرىنىڭ 70 يىل داۋام قىلغان بۇ تىراگېدىيەسى، غەرب مەدەنىيىتى ۋە ماتېرىيالىزملىق ئىدىيەنىڭ ياپونىيەنىڭ ئاساسلىق كۈلتۈرىگە سىڭىپ كىرىۋاتقان ۋاقتىتا توغرا كېلىدۇ. ئەھۋال نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر مەدەنىيەتنىڭ شائىر ۋە تىراگېدىيە يازغۇچىلىرىغا كۆرە مەدەنىيەت ھەر ۋاقىت غەيرى ئىنسانىي چىقىمى بولىدىغان، ئىنسانىيەتكە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. كاۋاباتا ئۆلۈپ كېتىشىدىن بۇرۇن مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار بىر - بىرلىرىدىن سېمونت تاملاردىن ئايرىلىپ ياشىماقتا ۋە بۇ تاملار ھەرقانداق ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى - مۇھەببەتكە توسالغۇ بولماقتا. تەبىئەت تەرەققىي قىلىش نامى ئاستىدا بوغۇلۇپ قالماقتا... ». كاۋاباتا «قارلىق دۆلەت» ناملىق رومانىدا (1937 - يىلى) زامانىۋى دۇنيادىكى ئىنساننىڭ يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىقى ھەققىدە ئالاھىدە توختالغان.

كۆنىمىز مەدەنىيىتىدە بوگۈنكى ئىنساننىڭ كۆرۈلگەن بارلىق قىيىنچىلىقلىرى ۋە دۇچ كەلگەن بارلىق مەغلۇبىيەتلىرىگە كۈلتۈرنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ۋەكىللىرى ئاساسەن ئوخشاش شەكىلدە باھا بېرىدۇ. ئاندرې مالرېكس «20 - ئەسىرنىڭ ئۈمىد ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى نېمە؟» دەپ سورايدۇ ۋە بۇ سوئالغا ئۆزى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «نەتىجە خارابىلىككە ئايلانغان ۋە قانغا بۇلانغان ياۋروپا، تولىمۇ ئەپسۇسكى ياراتماقچى بولغان ئىنسان ئۆزىدىنمۇ خاراب ۋە قانغا بۇلانغان».

(1946 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن –مائارىپ، مەدەنىيەت ئورگىنى كونفرانىيسىدا). پاۋىل ۋالېرىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەنزىرىنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۈرەتلەپ بەرگەن ئىدى. 1919 - يىلى مۇنداق يازغان ئىدى: «بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئېشىپ قالغان بارلىق نەرسىلەر: كۆپۈككە ئايلانغان ياۋروپا كۇلتۇر خىيالىغا ۋە ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنىشى ھەققىدىكى ئىدراك قابىلىيەتسىزلىكىگە دائىر ئىسپاتتۇر. ئەخلاقىي ھېس - تۇيغۇلىرىدا روشەن گەۋدىلەنگەن ۋە ئەمەلىي تەتبىقنىڭ ئىنسانىي بولماسلىقى بىلەن مۇقەددەسلىكى دەپسەندە قىلىنغان پەن، ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەن ئەمما زەپەر قۇچقان ۋە خىياللىرى ئۇچۇن مەسئۇلىيەت ئېڭى بولغان ئىدېئالىزم، خىياللىرى كۆپۈككە ئايلانغان، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، جىنايەت ۋە خاتالىقلىرى تۆپەيلى قاتتىق زەربە يېگەن رېئالىزم، مەسخىرىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلانغان تاماخورلۇق ۋە يالتىيىشلار، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن دىنى ئېتىقادلار، كىرېستقا قارشى كىرېست ، ھىلالغا قارشى ھىلال، چاقماق تېزلىكىدە ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان شىددەتلىك ۋەقە - ھادىسىلەر سەۋەبىدىن گاڭگىراپ قالغان ۋە مۇشۇككە ئويۇن چاشقانغا ئۆلۈم دېگەندەك ئىدىيە ۋە پىكىرلىمىزنى مەسخىرە قىلغان گۇمانخورلار گۇمانلىرىدىن ئايرىلىپ قالدۇ، قايتىدىن تاپىدۇ يەنە ئايرىلىپ قالدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆز زېھنىلىرىدىكى مېخانىزملارنى ئىشلىتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ...

نىھىلىزم (ھېچنېمىنىڭ مەنىسى يوق دەپ قاراش) ۋە بىمەنىچىلىك پەلسەپىسى دۇنيانىڭ ئەڭ باي ۋە ئەڭ مەدەنىيەتلىك قىسمىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. مەزكۇر پەلسەپە «نىشانىسىز دۇنيا»، «روھىي جەھەتتىن ۋەيران بولغان ئىنسان»، «گاس - گاچىلاردىن تەشكىل تاپقان جىمجىت دۇنيا» قاتارلىقلار ھەققىدە توختىلىدۇ. بىراق ئۇ ئەتراپقا زەھەر تارقىتىدىغان بىر پەلسەپىمۇ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئىبرەتلىك خاراكتېرگە ئىگە. ئوبرازىغا زىت بىر شەكىلدە زورايغان ۋە تەرەققىي قىلغان دۇنياغا قارشى ئىنساننىڭ بىلدۈرگەن ئېتىرازى ۋە نارازىلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر، خالاس. نىھىلىزم، ئىنساننىڭ تاق لىنىيەلىك مەدەنىيەتلىك دۇنياغا قارشى ئىسيانىدۇر ( ئا. كامۇس، «ئاسىي ئىنسان» ۋە ھېربېرت ماركىيۇس، «تاق لىنىيەلىك ئىنسان»). بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نىھىلىزم بەزى ئىنسانلار تەرىپىدىن دىنىنىڭ بىر شەكلى، دەپ قارالغان. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ قاراش ئاساسسىز ئەمەس. ھەر ئىككىلىسى ماتېرىيالىزمنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە بۇ دۇنياغا ئوخشاش نۇقتىدىن قارايدۇ.

مازارنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن دۇنيانى كۆزىتىش ، ئىنسانغا يات بولغان بىر دۇنيا ئىچىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بىر چىقىش يولى ئىزدەش ھەر ئىككىسىدە ئوخشاشتۇر. (ئا. كامۇس، «ياتلار»). ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، نىھىلىزمنىڭ چارىسىز قالىدۇ يەنى چارە تاپالمايدۇ، دىن ئالدىغا ئۇچرىغاننى قوبۇل قىلىدۇ.

مەدەنىيەت ئۆزىدىكى بىلىم ، كۈچ ۋە بايلىق بىلەن ئىنساننىڭ خۇشاللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى مۇئەييەنلىشىپ ھەممە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋاقىتتا، بۇ ئەھۋال ئىنسانغا پىسخىكا جەھەتتە ئاجايىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ جانلىنىشنىڭ ۋە ئومۇمەن قوبۇل قىلىنغان بەزى ئاساسلىق كۆز قاراشلارنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولۇپ قالاتتى. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەندە تۈنجى خاتالىقلار ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي خاتالىقلارغا دائىر بولاتتى. مۇبادا، پەن ئىنساننىڭ خۇشاللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىسا، ئۇ ۋاقىتدا ئىنساننىڭ يىلتىزى ۋە مەنبەسى ھەققىدىكى دىنى قاراش ھەقىقەت، ئىلمىي قاراش بولسا يالغان بولۇپ چىقىدۇ. ئۈچىنچى ئېھتىمال بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

## نىھىلىزم

نىھىلىزم بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش نۇقتىلار ئۈستىدە قايتا توختىلايلى. زامانىۋى نىھىلىزمنى مەدەنىيەت ئىچىدىكى بىر خىل دىنى شەكىل، دەپ قارايدىغان قاراشلارمۇ مەۋجۇت، نىھىلىزم ئاللاھنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇ، زامانىۋى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا تەڭرىنىڭ بولماسلىقىغا ياكى بېكىتقا كۆرە «ئىنسان» يوقلىقىغا قارشى نارازىلىق ۋە ئىسياندۇر. بۇ قاراش ياكى پوزىتسىيە ئىنسان ۋە دۇنيا ھەققىدە ئىلمىيلىكتىن ؛ بەكرەك دىنى قاراش تۈسىنى بېرىدۇ. ئىلىمدە كۆزدە تۇتۇلغان ئىنسان

ئە كىن بولىدۇ ۋە دېمىسىمۇ ۋۇجۇدقا چىقتى، بىراق «ئاقىۋەتتە ئۆلۈم بىلەن ھەر نەرسە غەيرى ئىنساندۇر». «ئىنسان بىھۇدە بىر نەرسىدۇر» بۇ مەشھۇر سۆزى مەنە جەھەتتىن دىنىدۇر. چۈنكى ماتېرىيالىزمدا

مۇئە كىتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىھۇدىلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا،

تولىمۇ ئەپ جالمايمىز. ماتېرىيالىزم مەنىسىز ۋە بىھۇدىلىكتىن ئاللىبۇرۇن

ئۆزىنى «قۇتقۇزۇپ» بولغان ئىدى.

ماتېرىيالىزمدا دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ ئەمەلىي جەھەتتىن غايىسى بولغاندىن باشقا، زوئولوگىيەلىك جەھەتتىنمۇ فۇنكسىيەسى بار. ئىنسان بىھۇدە بىر ئارزۇدىن ئىبارەت، دېگەن قاراش ئىنسان بىلەن دۇنيانىڭ ماسلىششىش ئىچىدە بولمايدىغانلىقىدەك ئىدىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر قانداق بىر دىن دۇنياغا نىسبەتەن رادىكال بىر قاراش بىلەن باشلانغان. سارترېنىڭ «بىھۇدىلىكى» ياكى كامۇسنىڭ بىمەنىچىلىككە چوقۇم بىرەر مەنە ئىزدەش شەرتتۇر. بۇ ئىزدىنىش دىندىن پەرقلىق ھالدا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشقان. ئەسلىدە بۇ ئىزدىنىش دىنى خاراكتېرگە ئىگە. چۈنكى ئىنسان ھاياتىنىڭ دۇنياۋى غايىسى ۋە فۇنكسىيەسىنى رەت قىلىدۇ. ئاللاھنى ئىزدەش نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر دىن، دېگەنلىك بولىدۇ. بىراق ھەر ئىزدىنىش نىشانغا يېتىش، ئېرىشىش ۋە تېپىش، دېگەنلىك بولمايدۇ. نىھىلىزم ئۈمىدسىزلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، بۇ دۇنيا ۋە تەرتىپ سەۋەبىدىن ئەمەس، كائىناتتا ئاللاھ يوق دېگەن ئىدىيە سەۋەبىدىن (23.114 قۇرئان كەرىم). مەنىسىزلىك پەلسەپىسى ئەمەلىيەتتە ئوچۇق ئاشكارا دىن ھەققىدە توختالمايدۇ. بىراق ئىنسان بىلەن دۇنيانىڭ ئوخشاش ئۆلچەمگە ئاساسەن ۋۇجۇدقا چىقمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدىن سىرت، باشقا جەھەتلەردە دىنى ماھىيەتتە بولغان قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىنسان نىھىلىزم ۋە دىنغا كۆرە بۇ دۇنياغا ياتتۇر. نىھىلىزمغا كۆرە ئىنسان بۇ دۇنيادىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا غايىب بولىدۇ. دىنغا كۆرە نىجاتلىق يولى ئۈچۈن ئۈمىدى بولغان بىر مېھمان. ئالبېرت كامۇسنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئۈمىدسىزلىككە تولغان بىر ئادەمنىڭ پىكىرلىرى سۈپىتىدە چۈشىنىش مۇمكىن: «خىياللىرى بىلەن چىقىش يولى بىردىنلا يوق بولۇپ كەتكەن بىر دۇنيادا ئىنسان ئۆزىنى بۇ دۇنياغا يات ھېس قىلىدۇ. چىقىش يولى تېپىلمىغان بىر سۈرگۈندۈر بۇ. چۈنكى نە يوقۇتۇپ قويغان جاي ھەققىدە ئەسلىمىلىرى بار، نە ۋەدە قىلىنغان تۇپراقلارغا بېرىشتەك ئۈمىدى.... ياكى «دەرەخلەر ئىچىدە بىر تۈپ دەرەخ بولغان بولسام، ئۇ ۋاقتىدا ھاياتىمنىڭ مەنىسى بولاتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى. چۈنكى مەن شۇئاندا بارلىق ئىدراكىم بىلەن قارشى چىقىۋاتقان دۇنيانىڭ بىر قىسمى، يەنى بۇ دۇنيانىڭ ئۆزى بولغان بولاتتىم...» «تەڭرىنىڭ يوقلۇقى ۋە ئىنساننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىش ئىدىيەسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھەر نەرسىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ». بۇ قاراشنىڭ ئەقلىيەتچى مۇتەپەككۇرلارنىڭ يۈزەكى دىنسىزلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مازارنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن دۇنيانى كۆزىتىش ، ئىنسانغا يات بولغان بىر دۇنيا ئىچىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بىر چىقىش يولى ئىزدەش ھەر ئىككىسىدە ئوخشاشتۇر. (ئا. كامۇس، «ياتلار»). ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، نىھىلىزمنىڭ چارىسىز قالىدۇ يەنى چارە تاپالمايدۇ، دىن ئالدىغا ئۆچرىغاننى قوبۇل قىلىدۇ.

مەدەنىيەت ئۆزىدىكى بىلىم ، كۈچ ۋە بايلىق بىلەن ئىنسانىنىڭ خۇشاللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى مۇئەييەنلىشىپ ھەممە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋاقىتتا، بۇ ئەھۋال ئىنسانغا پسخىكا جەھەتتە ئاجايىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ جانلىنىشنىڭ ۋە ئومۇمەن قوبۇل قىلىنغان بەزى ئاساسلىق كۆز قاراشلارنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولۇپ قالاتتى. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەندە تۇنجى خاتالىقلار ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي خاتالىقلارغا دائىر بولاتتى. مۇبادا، پەن ئىنساننىڭ خۇشاللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىسا، ئۇ ۋاقىتدا ئىنساننىڭ يىلتىزى ۋە مەنبەسى ھەققىدىكى دىنى قاراش ھەقىقەت، ئىلمىي قاراش بولسا يالغان بولۇپ چىقىدۇ. ئۈچىنچى ئېھتىمال بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

## نىھىلىزم

نىھىلىزم بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش نۇقتىلار ئۈستىدە قايتا توختىلايلى. زامانىۋى نىھىلىزمنى مەدەنىيەت ئىچىدىكى بىر خىل دىنى شەكىل، دەپ قارايدىغان قاراشلارمۇ مەۋجۇت، نىھىلىزم ئاللاھنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇ، زامانىۋى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا تەگرىنىڭ بولماسلىقىغا ياكى بېكىتقا كۆرە «ئىنسان» يوقلۇقىغا قارشى نارازىلىق ۋە ئىسياندۇر. بۇ قاراش ياكى پوزىتسيە ئىنسان ۋە دۇنيا ھەققىدە ئىلمىيلىكتىنمۇ بەكرەك دىنى قاراش تۈسىنى بېرىدۇ. ئىلىمدە كۆزدە تۇتۇلغان ئىنسان ئەمەلىيەتتە مۇمكىن بولىدۇ ۋە دېمىسىمۇ ۋۇجۇدقا چىقتى، بىراق «ئاقىۋەتى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ھەر نەرسە غەيرى ئىنسانىدۇر». «ئىنسان بىھۇدە بىر نەرسىدۇر» دېگەن سارتېرىنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزى مەنە جەھەتتىن دىنىدۇر. چۈنكى ماتېرىيالىزمدا ئىشتىياق ۋە بىھۇدىلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىھۇدىلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئىشتىياقتىن ئېغىز ئاچالمايمىز. ماتېرىيالىزم مەنىسىز ۋە بىھۇدىلىكتىن ئاللىبۇرۇن

ئۆزىنى «قۇتقۇزۇپ» بولغان ئىدى.

ماتېرىيالىزمدا دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ ئەمەلىي جەھەتتىن غايىسى بولغاندىن باشقا، زوئولوگىيەلىك جەھەتتىنمۇ فۇنكسىيەسى بار. ئىنسان بىھۇدە بىر ئارزۇدىن ئىبارەت، دېگەن قاراش ئىنسان بىلەن دۇنيانىڭ ماسلىشىش ئىچىدە بولمايدىغانلىقىدەك ئىدىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر قانداق بىر دىن دۇنياغا نىسبەتەن رادىكال بىر قاراش بىلەن باشلانغان. سارترېنىڭ «بىھۇدىلىكى» ياكى كامۇسنىڭ بىمەنىچىلىككە چوقۇم بىرەر مەنە ئىزدەش شەرتتۇر. بۇ ئىزدىنىش دىندىن پەرقلىق ھالدا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشقان. ئەسلىدە بۇ ئىزدىنىش دىنى خاراكتېرگە ئىگە. چۈنكى ئىنسان ھاياتىنىڭ دۇنياۋى غايىسى ۋە فۇنكسىيەسىنى رەت قىلىدۇ. ئاللاھنى ئىزدەش نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر دىن، دېگەنلىك بولىدۇ. بىراق ھەر ئىزدىنىش نىشانغا يېتىش، ئېرىشىش ۋە تېپىش، دېگەنلىك بولمايدۇ. نىھىلىزم ئۈمىدسىزلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، بۇ دۇنيا ۋە تەرتىپ سەۋەبىدىن ئەمەس، كائىناتتا ئاللاھ يوق دېگەن ئىدىيە سەۋەبىدىن (23.114 قۇرئان كەرىم). مەنىسىزلىك پەلسەپىسى ئەمەلىيەتتە ئوچۇق ئاشكارا دىن ھەققىدە توختالمايدۇ. بىراق ئىنسان بىلەن دۇنيانىڭ ئوخشاش ئۆلچەمگە ئاساسەن ۋۇجۇدقا چىقمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدىن سىرت، باشقا جەھەتلەردە دىنى ماھىيەتتە بولغان قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىنسان نىھىلىزم ۋە دىنغا كۆرە بۇ دۇنياغا ياتتۇر. نىھىلىزمغا كۆرە ئىنسان بۇ دۇنيادىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا غايىب بولىدۇ. دىنغا كۆرە نىجاتلىق يولى ئۈچۈن ئۈمىدى بولغان بىر مېھمان. ئالبېرت كامۇسنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئۈمىدسىزلىككە تولغان بىر ئادەمنىڭ پىكىرلىرى سۈپىتىدە چۈشىنىش مۇمكىن: «خىياللىرى بىلەن چىقىش يولى بىردىنلا يوق بولۇپ كەتكەن بىر دۇنيادا ئىنسان ئۆزىنى بۇ دۇنياغا يات ھېس قىلىدۇ. چىقىش يولى تېپىلمىغان بىر سۈرگۈندۇر بۇ. چۈنكى نە يوقۇتۇپ قويغان جاي ھەققىدە ئەسلىمىلىرى بار، نە ۋەدە قىلىنغان تۇپراقلارغا بېرىشتەك ئۈمىدى.... ياكى «دەرەخلەر ئىچىدە بىر تۈپ دەرەخ بولغان بولسام، ئۇ ۋاقىتدا ھاياتىمنىڭ مەنىسى بولاتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى. چۈنكى مەن شۇئاندا بارلىق ئىدراكىم بىلەن قارشى چىقىۋاتقان دۇنيانىڭ بىر قىسمى، يەنى بۇ دۇنيانىڭ ئۆزى بولغان بولاتتىم...» «تەڭرىنىڭ يوقلىقى ۋە ئىنساننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىش ئىدىيەسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھەر نەرسىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ». بۇ قاراشنىڭ ئەقلىيەتچى مۇتەپەككۇرلارنىڭ يۈزەكى دىنسىزلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئەكسىچە، بۇ بايان تەڭرى ئىزدەش جەريانىدا ھالىدىن كەتكەن ۋە تەڭرىنى تېپىشتىن ئاجىز كەلگەن بىر روھنىڭ تۇنجۇقتۇرۇلغان بەد دۇئاسىدۇر. بۇ ئەھۋال «ئۈمىدسىزلىكتىن كېلىپ چىققان ئاتېئىزم »دۇر.

ئەخلاقىي ئەركىنلىك مەسىلىسىدە مەۋجۇتلۇق پەلسەپىسىنىڭ قارىشى دىن بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ قالىدۇ. فىرانسۇز ئايال يازغۇچى سىمون دې بوۋۋىر مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان دەسلەپتە ھېچ بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئۆزىگە يەنى ئەركىنلىكنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىشقا باغلىق...ئۇ غايىلىرىنى ئەركىنلىك بىلەن چوقۇم ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ھېچقانداق بىر كۈچ، ھەتتا ئۆلۈم بولغان تەقدىردىمۇ، ئەركىنلىك ۋۇجۇدقا چىقارغان نەرسىنى قەتئىي يوق قىلالمايدۇ... ئەگەر ئۇيۇن باشتىلا مەغلۇپ بولسا، ئۇ ۋاقىتتا تىنماي كۈرەش قىلىشقا ۋە ھەر قانداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.»(1) ھەتتا سارترې ئىلگىرى سۈرگەن مەۋجۇتلۇقنىڭ زىددىيىتىمۇ ماتېرىيالىزمنىڭ روشەن ئىنكارىدۇر(2)

ئاسىي ياشلىق ( ھىپپىلەر لاغايلاپ يۈرىدىغان ئازغۇن ياشلار) بىر جەھەتتىن مەۋجۇتلۇق پەلسەپىسىنىڭ داۋامى، ئەمەلىي شەكلى ۋە تەتبىقىدۇر. ئاسىي ياشلىق ئېقىمىنىڭ تەرەققىياتقا قارشى نارازىلىق ھەرىكىتى چەكتىن ئاشقان ۋە مەنىسىز بولسىمۇ، بۇ چوڭ خىزمەت ھېسابلىناتتى ۋە بۇ خىزمەت مەزكۇر ئېقىمنى دەۋرىمىزنىڭ ئۆزگىچە كۈلتۈر ھادىسىسى قىلغان ئىدى. تەرەققىياتنى رەت قىلىشنىڭ سەۋەبى بولسا، ھېچ بولمىغاندا ئاساسلىق تەشەببۇسلىرىدا دىنى خاراكتېرىگە ئىگە پەلسەپە بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خىلدىكى مەدەنىيەتنى تەنقىد قىلىش ياكى قارىشى تۇرۇش ئېقىمى مەدەنىيەتتىن ۋاز كېچىشنى ياكى ئىنكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. مەدەنىيەتتىن ۋاز كېچىشكە ياكى ئىنكار قىلىشقا قەتئىي مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزدىن خالىي بىر ھادىسىدۇر. مۇمكىن ۋە چوقۇم لازىم بولغىنى مەدەنىيەت ھەققىدىكى سىرلىق ئەپسانىلەرنى يوق قىلىشتۇر. بۇ دۇنيانىڭ ئىنسانپەۋەرلىكنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن شەرت بولۇپ، كۈلتۈرنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسىنىمۇ تەشكىل قىلىدۇ.

---

(1) «L›existenlialisme etla Sagesse des Nations» ناملىق ئەسىرىدە.

(2) «ئاڭ ئىچىدە ۋۇجۇدقا چىققان بىر نەرسىنى ئاڭنىڭ سىرتىدا ۋۇجۇدقا چىققان ھەر قانداق نەرسە ئىزاھلىيالمايدۇ.» ( ج.پ. سارترې). ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى بىزگە تونۇتقان «Huis Clos» دىرامىسى ھەققىدە نېمە دەيمىز؟ يېڭى بولغان پەقەت ئىسىملاردۇر، ئۆز بولسا قەدىمىدۇر، ماھىيىتىنى ئاسانلا ئېنىقلاپ چىققىلى بولۇشى مۇمكىن.

# ئۈچىنچى باب : سەنئەت ھادىسىسى

## سەنئەت ۋە بىلىم

ماشىنىدا بىر تەرتىپ ۋە پىرىنسىپ بولغىنىغا ئوخشاش، مېلودىيەدىمۇ بىر تەرتىپ ۋە پىرىنسىپ بار. بىراق بۇلار ھېچقاچان بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بىرىنچىسىدە تەبىئەت، مەنتىق ۋە ماتېماتىكا بىلەن ماس ھالەتتە بولغان قىسىملار ۋە باغلىنىشلار ماكان ۋە سان جەھەتتە مۇئەييەن مۇناسىۋەت ۋە تەرتىپ ئىچىدە بولىدۇ. ئىككىنچىسىدە بىر مېلودىيە ياكى بىر كۇپلېت شېئىردا سۆزلەر ۋە ئۇدارلار ماس ھالەتتە بولغان بولىدۇ. بۇ ئىككى تەرتىپ ۋە پىرىنسىپ بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق بولغان ئىككى ساھەگە تەۋە. بۇ ئىككى ساھە پەن بىلەن دىن ياكى پەن ۋە سەنئەتتۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا ،ھەر ئىككىلا ئەھۋال ئوخشاش. تەبىئەت ئالەمىدىن تامامەن پەرقلىق بىر ئالەمنىڭ ( نەرسىلەرنىڭ پەرقلىق تەرتىپىنىڭ) مەۋجۇتلۇقى دىن ۋە سەنئەتنىڭ ئاساسلىق تېمىسىدۇر. ئەگەر بىرلا ئالەم بولۇپ قالغان بولسا سەنئەتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى. ھەقىقەتەن ھەر قانداق بىر سەنئەت ئەسىرى بىز تەۋە بولمىغان، ئىچىدىن كەلمىگەن ئەكسىچە ئىچىگە «يۈزلەنگەن» دۇنيا ھەققىدە خەۋەر ۋە تەسىرات ماھىيىتىگە ئىگە. سەنئەت «كونىلىق تەلپۈنۈشى» ياكى «ئەسلەش» تۇر.

مەلۇم بىر زات سەنئەتنى «ئىنساننى يارىتىشقا چاقىرىش»دەپ ئىزاھلىغان. ھەر بىر پەن ئاخىرقى ھېسابتا مۇنۇ خۇلاسىگە كېلىدۇ: ئىنسان، دەپ بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنئەت دۇنياغا ھەر ۋاقىت قارشى بولۇپ نارازىلىقنى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھېسسىياتنىي ئىپادىلەپ تۇرىدۇ، ھەتتا پسىخولوگىيەسى ، بىيولوگىيەسى ۋە دارۋىنى بىلەن بارلىق پەنگە قارشىدۇر. بۇ ئەمەلىيەتتە دىنى جەھەتتىن قارشى چىقىشتىن ئىبارەت. دىن، ئەخلاق ۋە سەنئەت يارىتىلىش ھەرىكىتى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ئوخشاش شەجەرىنىڭ تارماقلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ سەۋەبتىن يارىتىلىشنىڭ دارۋىنچىلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىشى - يەنى بۇ يارىتىلىش ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلىشى ماھىيەت جەھەتتىن دىن، سەنئەت، ئەخلاق ھەتتا قانۇنىيەتنى ئەڭ رادىكال شەكىلدە ئىنكار قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ. ئىنساننى «دارۋىننىڭ ئېيتقىنىدەك، پەيدا بولغان» دەپ پەرەز قىلىپ باقايلى. ئۇ ۋاقىتىدا سەنئەتنىڭ ھېچقانداق رولى قالمايدۇ. شائىرلار بىلەن تىراگېدىيە يازغۇچىلىرى بولسا بىزنى ئالداپ كەلگەن بولىدۇ، يازغانلىرىنىڭ ھەممىسى بىمەنە بولۇپ چىقىدۇ.

سەنئەت بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا تۇنجى ۋە قەتئىي ئوخشاشلىق ۋە بۇنىڭدىن باشقا پەن بىلەن سەنئەت ئوتتۇرىسىدا كەسكىن رىقابەت دەل بۇ نۇقتىدا ياتىدۇ.

كائىناتتا مەۋجۇت بولغان ۋە بىلىنگەن ئۈچ ھەقىقەت دەرىجىسىنى تەشكىل قىلغان ماددا، ھايات ۋە كىشىلىك خاراكتېر قاتارلىقلار ئىچىدە پەن بىرىنچىسىگە، سەنئەت بولسا ئۈچىنچىسىگە مەركەزلىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق نەرسە پەقەت كۆرۈنۈش ياكى خاتا چۈشىنىشلىشتىن ئىبارەتتۇر. دەرۋەقە، پەن ھاياتقا ۋە ئىنسانغا مەركەزلەشكەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئىككى نەرسىدىكى جانسىز ۋە غەيرى شەخسى بولغان بارلىق نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىدۇ.

پەن بىلەن سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سان بىلەن ماھىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. پەنلەرنىڭ تاجى ھېسابلىنىدىغان ماتېماتىكىغا «سان - مىقدارلارنىڭ ۋاستىلىك ھالدا ئۆلچىنىشى» دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. گىيوكومىتتى سەنئەت ھەققىدە: «مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ھاياتنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۈمىدسىزلەرچە تەشەببۇس» دېگەن ئىدى. بۇلاردىن بىرى سان، مىقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە مەركەزلەشسە، يەنە بىرى قىممەت ئۆلچەملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە مەركەزلىشىدۇ. ماددىلار ئالەمدە پەقەتلا سان - سىپىرلار ۋە مىقدارلار باردۇر. پۈتۈن سان - سىپىر ۋە مىقدارلارنى ئۆز - ئارا سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا ماھىيەت پەقەتلا سان - سىپىر ۋە مىقدارنىڭ بىر شەكلى، خالاس. ئېنگېلس تەبىئەت دىيالېكتىكىسى ھەققىدە

توختالغاندا، «ماددا ياكى ھەرىكەت ئىلاۋە قىلىنماستىن ياكى تەسىر كۆرسەتمەستىن، يەنى ئۇنىڭ سان مىقدارى ئۆزگەرمەستىن بىر جىسمنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ ياكى ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن ئەمەس...» دەيدۇ. تەبىئەتتىكى بۇ سان - سىپىر ۋە مىقدارلىق پىرىنسىپىنى پىتاگوراس مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «سان بارلىق ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى تەشكىل قىلىدۇ، كائىناتنىڭ تەشكىللىنىشى بولسا سانلارنىڭ ۋە ئۇتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ رىتىملىق ۋە تەرتىپلىك سىستېمىسىدۇر» ياكى مېندېلېيېۋ: «ئېلېمېنتلارنىڭ خىمىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئاتوم ئېغىرلىقىنىڭ دەۋرلىك فۇنكسىيەسىدۇر.» تەبىئەت دۇنياسىدا يالغۇز بۇ سان - سىپىرلىق ۋە مىقدارلار، يەنى كۆرۈنۈشتىكى ماھىيەت ۋە خۇسۇسىيەتلەر مەۋجۇت.

ئىككى پەرقلىق تاش مەۋجۇت بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئىككى ئوخشاش ئىنسانمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. ئىككى سۇ مولېكۇلاسى نېمە بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ؟ جاۋابى، ماكاندىكى كونكرېت ئەھۋالى بىلەن. بىراق ماكاننى چەكسىزلىككە ئىگە دەپ پەرەز قىلساق، بۇ پەرقنىڭ مۇتلەقلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى، دىيالېكتىك ۋە ماددا بىر - بىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ماددىي دۇنيادا دىئالىكتىكنى ئىسپاتلاشنىڭ قىلچىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. دەل بۇ سەۋەبتىن، يەنى تەبىئەتتە ماھىيەت تېپىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن تەبىئەتكە مۇناسىۋەتلىك پەنلەر بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدۇ. ماھىيەت ھەققىدە ھېچقانداق پەن ۋە ھېچقانداق قاراش مۇمكىن بولمايدۇ. تەبىئەت پەقەت بىر ئىنسانغا نىسبەتەن گۈزەل ياكى قورقۇنچ، مەقسەتكە ماس ياكى چىگىش، مەنىلىك ياكى مەنىسى يەنى مۇئەييەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئوبيېكتىپ نۇقتىئىنەزەر بىلەن مەسىلىنى كۆزەتكىنىمىزدە، بۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى يوقتۇر، تەبىئەت تامامەن گارمونىك،بىردەكلىككە ئىگە ۋە ئوخشاش تۈرگە ئىگە بولۇشتىن سىرت سوغۇق،غەمسىز ئالەمدۇر.

شېئىر، نەغمە ۋە رەسىم قاتارلىقلاردا مېتافىزىكا مەنىسىدىكى ماھىيەت ۋە خۇسۇسىيەت دېيىلىدىغان سىر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن بىر رەسىمنىڭ ئەسلىسى بىلەن كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى سان - سىپىرلار بىلەن ئىزاھلىغىلى بولامدۇ؟ ئەسلىي گۈزەللىك ماھىيەت خاراكتېرلىك بولۇپ مۇئەييەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ئالدىدا «ھەرقانداق كۆپەيتىلگەن نۇسخا كۆرۈمسىز» ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى پەرق ئەسەر بىلەن سەنئەتكار ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇچرىششىنىڭ ئالاھىدىلىكىدە ياتىدۇ. ماھىيەت ۋە خۇسۇسىيەت پەقەتلا كىشىلىك خاراكتېرلىك ياكى ئۆزلۈك بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقان ئوبيېكتتا تېپىلىدۇ.

پەن بىلەن سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، مېخانىك ئالەم بوشلۇقى ئىلمىنىڭ پېشۋاسى بولغان نيۇتون بىلەن «ئىنسان ھەققىدە ھەر نەرسىنى بىلىدىغان شائىر» شېكسپېر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. نيۇتون بىلەن شېكسپېر ياكى ئېينىشتېين بىلەن دوستويېۋسكى بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى يۆنىلىشلەردىكى قاراش ياكى بىر - بىرىنى تاماملايدىغان، بىر - بىرىدىن ئايرىم ۋە مۇستەقىل ئىككى «ئالەم» دۇر. ئىنساننىڭ تەقدىرى، تەنھالىقى، پانىلىقى ۋە ئۆلۈمى قاتارلىق مەسىلىلىرى مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنە ۋە مەنىسىزلىك مەسىلىسى ۋە بۇ مۇشكۈلاتلاردىن چىقىش يولى قاتارلىقلار ھېچقانداق بىر ۋاقىتتا پەننىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى بولالمايدۇ. سەنئەت بولسا بۇ مەسىلىلەردىن ھەرگىزمۇ قاچالمايدۇ. چۈنكى شېئىر «ئىنسان ھەققىدىكى پەن ۋە مەلۇمات» بولۇپ، خۇددى پەننىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى مەلۇماتى بولغىنىغا ئوخشاش.... بۇ ئىككى مەلۇمات ياكى پەن ھەر ۋاقىت بىر - بىرىگە پاراللېل بولۇشتىن سىرت بىردىن - بىردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. خۇددى خىتاب قىلغان ئىككى دۇنيانىڭ پاراللېللىقى ھەر ۋاقىت بىر - بىردىن ئايرىم تۇرغىنىغا ئوخشاش. بىرى ئەقىل، تەھلىل، كۆزىتىش، تەجرىبە ۋە سىناق قاتارلىقلارنىڭ سايىسىدا «بىر - بىرىگە سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋەتلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان نەرسە ۋە جەريانلارنىڭ مەجمۇئەسى» بولغان ماددىي دۇنياغا مەركەزلىشىدۇ، يەنە بىرى بولسا ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا، سىرلىرىغا چۆكىدۇ. بەلكىم بۇ ھەقتە بەزى ھادىسىلەرنى ھاياجان، سۆيگۈ ۋە ئازاب يوللىرى بىلەن سىزەلىشىمىز ياكى چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن، بىراق بۇ يەردە راتسىيونال ۋە ئىلمىي مەلۇماتنىڭ ئەسەرمۇ يوق.(1)

بىر سەنئەت ئەسىرى ھەر دائىم سەنئەتكارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىگە باغلىق

(1) مەسىلىنى بۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان ھالدا تەھلىل قىلساق، پەلسەپە سەنئەتكە ئەمەس، بىلىمگە تەۋە بولغان بولىدۇ. تېمىسى پەرقلىق بولسىمۇ مېتود جەھەتتىن ئوخشاشتۇر. ھەر قانداق تەپەككۇر ئىلمىي بولغان ئەھۋالدا ئوخشاش ياكى يېقىنراق خۇلاسىگە يارغىلى بولىدۇ. 18 - ئەسىرنىڭ پەيلاسوپلىرى پەلسەپە مېتودىنىڭ «گېئومېترىيەلىك» دېيىلىدىغان ئىزاھلاش مېتودىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. بارۇھ سپىنوزا بۇ مېتودنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىق ئەسىرى بولغان «ئەخلاق»نى «گېئومېترىيەلىك» مېتود بىلەن (ئوكلىدنىڭ گېئومېترىيەسىگە ئوخشاش) ئىزاھات ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن ۋە بۇلاردىن چىققان تېئورېملارغا ئىپادە شەكلىنى بېرىش ئارقىلىق ئىزاھلىغان ئىدى. ئوخشاش سىستېما نىكولاس مالېبرھنچ تەرىپىدىنمۇ تەتبىقلانغان. كرىستيان ۋولف بولسا ئاسترونومىيە، سۇبىستانسىيە ئىلمىي، ئىلاھىيەتشۇناسلىق، پىسخولوگىيە، قانۇن، مەنتىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە سىستېمىسىنى راتسىئونالىست قىياس ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. پەلسەپە ئىنسان بىلەن ئەخلاقنى تېما سۈپىتىدە ئالغان ۋاقىتىدىمۇ يەنە تەبىئەت ھالقىپ ئۆتەلمەي ماتېماتىكا، گېئومېترىيە ۋە راتسىئونالىست قىياس مېتودلىرىنىمۇ تەتبىق قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ سەۋەبتىن، پەلسەپە ھاياتنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە ئومۇمەن خەۋەرسىز ۋە مەلۇماتسىز قالىدۇ.

بولىدۇ ھەمدە ئىنسانىنىڭ ئىجادىيىتى سۈپىتىدە روھىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن پارچىلانماس ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. پەندە بولسا ئىلىم ئەھلىلىرى ئورتاق ھالدا تەتقىقات، ھەمكارلىق ئېلىپ بارالايدۇ. چۈنكى پەنىنىڭ تېمىسى تەپسىلاتلاردىن تەشكىل تاپىدۇ ھەمدە كاتېگورىيەگە ئايرىلىپ تەھلىل قىلىنىدۇ. پۈتۈن پەنلەر قەدىمدىن كۈنىمىزگىچە پەقەتلا ئىلاۋىلەردىن( ئومۇمەن مېخانىكا جەھەتتىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئىبارەتتۇر. ھالبۇكى، سەنئەتتە بۇنداق ئەھۋال پەقەتلا يوق. چېركاۋ تاملىرىدىكى رەسىملەرنى ئىككى رەسسام ئوخشاش قىلىپ سىزىپ چىقىش ناتايىن. شېئىردا ياكى مۇزىكىدىمۇ ئەھۋال باشقىچە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە تەڭداشسىز، ساپ ۋە پارچىلىنىشلى بولمايدىغان بىر نەرسە مەۋجۇت بولۇپ، بۇ نەرسە پارچىلانغان تەقدىردىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. قۇرۇلۇش بىناكارلىق ساھەسىدە ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىلغان خىزمەتلەرنىڭ غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تۈرتكىسى بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ماھىيەت جەھەتتە خاتالىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇرۇلۇش، تېخنىكىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان بىنا كوللېكتىپ خىزمەتلىرىگە تېما بولالىشى مۇمكىن. بىراق ئۇسلۇب ، پىكىر، بىناكارلىقنىڭ سەنئەت قىسمى ھەر ۋاقىت بىرلا ئادەمنىڭ يەنى سەنئەتكارنىڭ ئەسىرى بولۇپ كەلگەن.

پەن قەيەردە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھەر زامان ئوخشاش، بىردەك، ھەرىكەتسىز ۋە مۇقىم بولغان نەرسىلەرنى بايقاپ چىقىدۇ. سەنئەت بولسا «توختاۋسىز ھالدا يېڭىدىن ۋۇجۇدقا چىقىش» (جىن كاسسو) دېگەنلىكتۇر. پەن سېكۇنتقا (تەتبىق قىلىنغان پەن) مەخسۇس بولغان تەرتىپتىن ئىبارەت، ھالبۇكى سەنئەتكە مەخسۇس بولغىنى بولسا چىنلىقتۇر. «يېزىدىكى ساپال قاچا ئۇستىسى ئاددىي قۇتا ئىشلەتسە، يۇنانلىق ساپا قاچا ئۇستىسى كانوسسا ئامفورا(بوتۇلكىسمان جىسىم) ئىشلىتىدۇ»(ئېتيېنني سوكرىيان). پەن بايقايدۇ ۋە كەشىپ قىلىدۇ. سەنئەت يارىتىدۇ . پەن بايقاپ چىققان بىر يۇلتۇزنىڭ نۇرى بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇت ئىدى. سەنئەتنىڭ بىزنى ئۇشتۇمتۇتلا يورۇتقان نۇرى بولسا، سەنئەتنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا يارىتىلغان بولىدۇ. سەنئەت بولماستىن ئۇ نۇر قەتئىي ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. پەن مەۋجۇت نەرسىلەرگە مەركەزلەشسە، سەنئەت بولسا ۋۇجۇدقا كېلىشنىڭ دەل ئۆزىدۇر. پەن توغرىنى ئىپادە قىلسا، سەنئەت ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولغانىنى ئىپادە قىلىدۇ. بىر رەسىمگە قاراپ بېقىڭ. بۇ قانچىلىك دەرىجىدە توغرا؟ بىراق قانچىلىك توغرا بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇلار تېخىمۇ ھەقىقىي ھېسابلىنىدۇ. پەن روھنى «Psik »(پسىخىك)، تەڭرىنى بولسا

www.uyghurkitap.com



«تۇنجى سەۋەب» دەپ قارايدۇ ھەمدە مۇشۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. خۇددى ئۆگىنىلگەن، غەيرى سەممىي ئاكادېمىك سەنئەتنىڭ جانلىق ۋە ئەركىن كىشىلىك خاراكتېرىدىن مەھرۇم بولغان نامسىز بىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقارغىنىغىلا ئوخشايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەركىن ۋە ھۆر ئىچكى تەرىپىنىڭ سەل قارىلىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەھۋالدۇر. بارلىق بىيولوگىيەلىك ۋە پسىخولوگىيەلىك ئانالىزلار ئاساسەن توغرا چىقىدۇ ۋە يېتەرلىك ۋاقىت ۋە شارائىت بولغان تەقدىرىدە تامامەن توغرا چىقىدۇ. بىراق بۇ ئانالىزلار توغرا بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بولۇشتىن سىرت ھەقىقىي ئەمەس. دەرۋەقە، ھەر ئىككىسىدە ئومۇمىي مەنزىرىلەردىن ئاساسلىق ھادىسىلەر: بىيولوگىيەلىك تەھلىللەردە ھايات، پسىخولوگىيەلىك تەھلىللەردە بولسا روھ يوقاپ كەتكەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا توغرا بولغان بۇ بىلىملەر ساختا بولۇپ چىقىدۇ. سەنئەت بىر نەرسە ھەققىدە ھەقىقەتنى ئىزدىسە ئەمەلىيەتكە (ھەتتا قەستەن) سەل قارايدۇ. بۇ خۇسۇسنى ئابستراكت دېيىلىدىغان سەنئەت ئۆزىگە خاس شەكىلدە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. سەنئەت ھەر تۈرلۈك ئوخشاشلىقلارنى يوق قىلىش ئارقىلىق شەكىل ۋە رەڭگە مەنىۋى جەھەتتە مەنە بېرىشكە تىرىشىدۇ. ۋايستلېرنىڭ «رەسىمنى ھەر خىل تاشقى مۇناسىۋەتلەردىن ئايرىپ تاشلاپ لازىم» دېيىش ئارقىلىق مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

پەن قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىپ بۇلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، سەنئەت ئەسىرى بولسا دەل ئەكسىچە، كائىناتتىكى تەرتىپ ۋە سىستېمىنى ئەتقىق قىلماستىن ئۆز ئەينى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ياۋروپا پەنىنىڭ پېشۋاسى ھېسابلىنىدىغان فرانكىس بېكون پەننىڭ فۇنكسىيەلىك ياكى پايدىلىق ماھىيىتىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ھەقىقىي پەن پەقەتلا دۇنيادا ئىنسانىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرغان پەندۇر». كانت بولسا شېئىر پەنگە ئوخشاش فۇنكسىيەلىك، مەنپەئەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس. يەنى بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئالاقىسى يوق. پەن ماكياكوۋسكىنىڭ ئىلگىرى سۈرگىنىدەك «ئىجتىمائىي ئىشارەت ياكى سىگنال »بەرمەيدۇ. فرانسۇز رەسسام دۇبۇففېت جەمئىيەتتە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن بۇ چۈشەنچە ھەققىدە پەرۋاسىزلارچە ئۆز قارىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «سەنئەت ماھىيىتى جەھەتتىن پايدىسىز، يېقىمسىز، ئىجتىمائىيلىققا قارشى تۇرىدىغان ۋە خەتەرلىكتۇر، ئەگەر بۇنداق ا يالغان ياكى مودېل بولغان بولىدۇ. پەن شۇنداق چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ تۇرۇقلۇق، تىلىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان.

سەنئەت دەل ئەكسىچە ئىچكى ۋە مەنىۋى بىر مايىللىق سەۋەبىدىن ھەر دائىم «تىلدىن ھالقىغان» ۋاستىلارنى ئىزدەپ كەلگەن. تىل ئۆزى «مېڭىنىڭ قولى»دۇر، مېڭە بولسا جىسمانىي مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ۋە پانىيلىقىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. چۈنكى يېزىق تىلغا، تىل پىكىرگە مۇۋاپىقتۇر. ھەر ئۈچى ئەقىل قېلىپىغا ئاساسەن يارىتىلغان ۋە ئوخشاش ۋاقىتتا روھنىڭ بىرەر ھەرىكىتىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن نامۇۋاپىق بولۇپ بۇنىڭدىن تامامەن ئاجىز كېلىدۇ.[1] بېتخوۋېننىڭ توققۇزىنچى سىمفونىيەسىنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئىپادە قىلىش مۇمكىن بولمىغىنىغا ئوخشاش ھاملەتنىڭ يەن تىلغا تەرجىمە قىلىنىشى ياكى پسىخولوگىيەلىك ۋە ئەخلاق ئىلمىنىڭ بەزى مەسىلىلىرىگە ئايلاندۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەسىلىنى ئانالىتىك ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلىش مېتودىنىڭ مەغلۇبىيەتسىزلىكىدىن تەجرىبە - ساۋاق ئېلىشىمىز ۋە ھېس قىلىنىشى تېگىشلىك بولغان نەرسىنى چوقۇم ھېس قىلىپ يېتىشىمىز لازىم. پېتېر برۇك «پادىشاھ لېير»تىراگېدىيەسىنى «پەللىسىگە ھېچقاچان يەتكىلى بولمايدىغان ۋە پەتھ قىلىنىش ئىمكانسىز بولغان تاغ» دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. مەنىۋىيەتنىڭ ئۆزىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇقۇم ۋە تىل چەكلىمىسىدىن چوقۇم ھالقىپ ئۆتۈش كېرەك. جويىسنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلدىن غەلىتىلا نەرسە ئوتتۇرىغا چىققان ( «Ulysses» رومانى). قۇرئانى كەرىمدىمۇ بەزى سۈرىلەردە بۇنىڭغا ئوخشاش ۋە تەرجىمە قىلغىلى بولمايدىغان تەبىرلەر بار. ئەخلاق، مېتافىزىكا ۋە ئېتىقادلار رىۋايەت ۋە درامىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ ياكى ئۇسۇل ۋە ئويۇنلارنىڭ ساداسىز تىلى ۋاستىسى بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە تارقىلىپ يۈرىدۇ. خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن پاراتچلارغا كۆرە، دۇنيا يارىتىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن قەدىمىي ياپون «كىبۇكى» بالېتى ياكى ھىند ئويۇنلىرىدىكى «مۇرە» نامى بېرىلگەن ھاياجان بېرىدىغان بارماق ئويۇنى ئىپادىلەش جەھەتتە ھەر قانداق بىر سۆز ياكى پاراڭدىن ئۈستۈندۇر.

تاماشىبىنلارغا بىلدۈرۈلگەن مەنىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تىل مۇۋاپىق ئەمەس، يەنە ئىپادىلەشتە ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇسۇلنىڭ تىلدىنمۇ بۇرۇن مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە دائىر ئالامەتلەر بار. ئومۇمەن، ناھايىتى قەدىمى ئۇسۇللارنىڭ مۇكەممەللىكى

(1) ئىلمىي تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشلەرنىڭ ئاساسلىق موتور كۈچىنىڭ جەك بولىدىغانلىقى ئالىلىرۇن ھېس قىلىپ يېتىلدى. قويۇق ئىلمىي ئىجادلار ۋە يەن - تېخنىكىلىق تەرەققىيات ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسەن ئۇرۇش ۋە قالايمىقانچىلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن. يېقىنقى ئىككى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇنى تەقىب قىلغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى قانائەتلەنگۈدەك ئىسپاتلاپ بەردى. برىيىن: «رەسسىم سەنئىتىنىڭ سۆزلەشكە ھېچقانداق ئېھتىياجى يوق. رەسسام ئۆز - ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان ئۆزىگە خاس بىر دۇنيادۇر. ئۆز ئالدىغا بىر ئالەمدۇر.

تىلىنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلالماسلىقى بىلەن پاراللېل داۋاملاشقان ئىدى. سەنئەتنىڭ سەۋىيەسىگە ئەقىل ۋە مەنتىق بىلەن يېتىشنىڭ ئىمكانسىزلىقى سەنئەتنىڭ يالغۇز بەزى تارماقلىرى ياكى يۆلىنىشىگىلا خاس ئەمەس. رېئالىزمنىڭ تەسىر ئېقىمى(سەنئەت) ياكى ئەسەبىي رېئالىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ چۈشىنىشلىك ۋە تېخىمۇ يېقىن بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەگەر سەنئەت ئەسىرىنىڭ سىرتقى تەسىرىگە ئەمەس، ھەقىقىي ماھىيىتىگە قارىتىلغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا تامامەن خاتا بولىدۇ. مونالىزانىڭ ھەقىقىي سىرى، ياۋروپانىڭ رەسىم سەنئىتىدە كۇبىستىك ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدىغان پىكاسسونىڭ «ئاۋىگ - نونلۇق قىزلار»ناملىق ئەسىرىنىڭ سىرىدىن ھېچ قېلىشقۇچىلىكى يوق. سەنئەت ئەسىرىنىڭ ماھىيىتى دىندارلىق ئۇقۇمى ياكى روھى ئەركىنلىكنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش، تېگىگە يېتىش مۇمكىن بولمىغان بىر نەرسىدۇر. ئۇنى ئەقىل يولى بىلەن چۈشىنىشكە دائىر تەشەببۇسلار، ھاياتنىڭ تەبىرىگە ئائىت تىرىشچانلىقلاردا كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، ھەر دائىم نەتىجىسىز قالغان.(1)

## سەنئەت ۋە دىن

يۇقىرىقى تەشەببۇسلار گەرچە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ بىراق سەنئەت ۋە دىن ئوتتۇرىسىدا بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

«شېئىر روھنىڭ ماھىيەت جەھەتتە ئىپادە قىلىنالمىغان ھەقىقەت ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى بولغان تەڭرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىنىڭ مېۋىسىدۇر (مارتىيان).(2)

«ھەر شېئىر ئۆزىنىڭ ساپ شېئىرى ماھىيىتىنى «ساپ شېئىر سەنئىتى» دېيىلىدىغان سىرلىق ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، نۇرىغا ۋە بىرلەشتۈرۈش تەسىرىگە قەرزداردۇر (ئاببوت برېموند. «ساپ شېئىر سەنئىتى). «شېئىر سەنئىتى كائىنات سىرىنى ئىچىدە ئېلىپ يۈرگەن ھاياتىمىزنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن سوراپ تۇرىدىغان ئۇ

(1) مەسىلەن، ھاۋسېرنىڭ مۇنۇ تەبىرىگە قارايلى: مەنىسى خۇددى سەنئەت ئەسىرىنىڭ ھەر قانداق تەرىپىنىڭ نەتىجىلىك ئاياغلاشمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغاندەكلا : «بىر سەنئەت ئەسىرى شەكىل ۋە مەزمۇن، گۇناھ قىلىش ۋە ئالدىنىش، ئويۇن ۋە ئالامەتتۇر. تەبىئەتكە يېقىن ۋە تەبىئەتتىن ئۇزاق. مەقسەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇنسىز. تارىخىي بولغان ياكى بولمىغان بىر نەرسە، شەخسىي ياكى شەخستىن ئۈستۈن» (ئارنولد ھاۋسېر، زاگرېب، 1977).

(2) Maritain

ئاجايىپ سىردىن بىۋاستە خەۋەردار بولالايدۇ» (رولاند ۋە پىنې - ۋىللې). «شائىر غايىبنى كۆرەلەيدىغان ۋە بۇرۇنقى زامانغا تەۋە قائىدە - مۇراسىملارنىڭ سىرلىرىنى بايقىيالايدىغان كىشىدۇر» (رېمباۋاد). (1)

«شېئىر سەنئىتى ئىجادىيەت، سەنئەت ۋە مەۋجۇتلۇق شەكلى سۈپىتىدە مۇقەددەسلىكنىڭ ئورنىغا ئۆتۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ... شېئىر سەنئەتنى، ئىنساننى ھەر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئىنسانىي شەرت ۋە تەلەپلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇقەددەس پائالىيەت تۈسىنى ئالىدۇ.» (گەيتېين پىكون). (2)

«كۆپىنچە ئىنسان ئەگەر چەكسىزلىكنىڭ قاراڭغۇلىقى، مۇئەييەن بىر تۇغۇت، مۇئەييەن بىر ئۆلۈم ۋە ھەتتا بىر شەخس ئالدىدا ھەر قانداق دىنىنىڭ ئاساسىي بولغان جاسارەتلىك ئېڭىنى، يېپىق ياكى مۇجمەل شەكىلدە بولسىمۇ سىزەلمىگەن بولسا، رەسىم سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق، ئەدەبىيات، بىناكارلىق ھەققىدىكى قاراش ۋە زوقلىرىدىن تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان بىر قاراش ۋە زوققا ئىگە بولالمايتتى. (ئاندرې مالرېۇكس(3)، «جىمجىتلىقنىڭ سادالىرى»).

كۆپىنچە ئادەم كافكا (پراگالىق يازغۇچى) نىڭ رومانلىرىنى دىنى يازمىلار سۈپىتىدە چۈشىنىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. ھالبۇكى، كافكانىڭ ئۆزى ئۆز سوئاللىرىغا بىر خىل دۇئادەكلا مۇئامىلە قىلغان. (كائىنات بىز تېگىگە يېتەلمەيدىغان ئىشارەت ۋە ئالامەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان» فرانسىز كافكا). تونۇلغان ئەسەبىي رېئالىزمچىلاردىن مايكىل لېيرىس مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق نەرسىگە ۋە ھەممىدىن ئاۋۋال تەڭرىگە ھەتتا ئۇ دۇنياغىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولىمەن. بىراق مەن يەنە مۇتلەق ۋە باقى بولغان نەرسە ھەققىدە سۆيلىگەن ھالدا توختىلىمەن. شۇنى ئاز بولسىمۇ ئۈمىد قىلىمەنكى، شېئىر مۆجىزىسى ھەر نەرسىنىڭ ئۆزگىرىشىدە كېلىشتۈرمىچىلىك رول ئوينايدۇ ۋە مەنمۇ تىرىك ھالدا ئەبەدىيەتكە ئۆتىمەن، ئاخىرىدا سۆز سايىسىدا ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن تەقدىرىمنى يېڭىپ تاشلايمەن» («ئىنساننىڭ دەۋرى»ناملىق ئەسىرى). مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇ يەردە ئىنساننىڭ مايىللىقى مۇھىم. ئوتتۇرىدىكى

(1) Rembaud
(2) Gaetan Picon
(3) Andre Malreaux

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەرق، بۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىنىڭ كونكرېت شارائىتلاردا ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر. دىن، ئەدەبىيات مۇتلەقلىقنى مەركىزى نۇقتا قىلغان. ئەخلاق ياخشىلىقنى ۋە ئەركىنلىكنى، سەنئەت بولسا ئىنساننى ۋە ئىجادىيەتنى تېما قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا بەلكىم يېتەرلىك بولمىغان ئەمما پايدىلىنالايدىغان بىرلا تىل بىلەن ھېس قىلىنغان ۋە ئىپادىلەنگەن كەبى ھەقىقەتنىڭ ئوخشىمىغان ئىپادىلىرىدۇر.

دىن ۋە سەنئەتنىڭ ئاساسىدا ئەسلىدە بىرلىك ۋە ئوخشاشلىق ياتىدۇ. دىراما تېما ۋە تارىخ جەھەتتە دىن مەنبەلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىبادەتخانىلار بولسا ئارتىسلار، كىيىم - كېچەكلەر ۋە تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە تۇنجى تىياتىر ھېسابلىناتتى. تۇنجى تىياتىرلار مىلادىدىن بۇرۇن 3000 - يىللار بىلەن 2000 - يىللار ئارىسىدا مىسىردا مۇراسىم ئويۇنلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. «تىياتىر بىنالىرى دىيونىسوس ئىبادەتخانىسىغا يېقىن جايلاردا بەرپا قىلىنىپ، سەنئەت نومۇرلىرى دىيونىس مۇراسىملىرى ئەسناسىدا دىنى مۇراسىملارنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئورۇندىلاتتى.» (بىلوك). تىياتىر ۋە ھەتتا بارلىق كۆلتۈردىكى مۇراسىم مەنبەسى بەس –مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر خۇسۇس بولۇپ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخي دەلىل بار. (1)

دىراما ئىنسان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقي دىنى ۋە ئەخلاقي مەسىلىلىرىنىڭ ئىپادە شەكلىدۇر. «چۈمپەردە» ناملىق فىلىمدە ئۈنىڭ ئىككى تەرەپلىك خاراكتېرى روشەن ھېس قىلىنىدۇ. بۇ خاراكتېر ئەينى ۋاقىتتا ھەم دىنى ھەمدە دىرامىنى ئەسلىتىدۇ. تۇنجى رەسىم ھەيكەل، شېئىر ۋە ئويۇن مۇراسىمنىڭ بىر قىسمى ئىدى، بىراق كېيىنچە ئېتىقادتىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولدى. ۋەھشي ئىنسان ئوۋلىماقچى بولغان ھايۋاننىڭ رەسىمىنى سىزغاندا بۇ رەسىم ئۆزىگە نىسبەتەن چوقۇنۇشنىڭ ئېتىقادى شەكلى ئىدى. ئىندىيانلار دىنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئەسناسىدا مۇراسىمنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قۇم ئۈستىگە رەڭلىك رەسىملەرنى سىزىدىكەن. ياپونلارنىڭ ئېتىقادىغا كۆرە، مەشھۇر ياپون «گىگاكۇ» بالېتىنىڭ تارىخي ئۇزاق ئۆتمۈشكە ھەتتا دۇنيانىڭ يارىتىلىش ۋاقتىغا توغرا كېلىدىكەن. بۇنداق ئىنتايىن قەدىمي بولغان ئويۇنلار ئەسلىدە ناخشا، ئۇسۇل ۋە تەقلىد قىلىنغان ئويۇنلارنىڭ ئارىلاشمىدىن ئىبارەت ئىدى ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى ئۆتىدىغان مېتافىزىكىلىق ھادىسىلەرگە سىمۋول قىلىناتتى. تارىخ ۋە تېما نۇقتىسىدىن بۇ ئويۇنلارنىڭ دىن

(1) ( زۇونكو لېشىز، 1977)

بىلەن ئورتاق تەرىپى بار. بۇرۇنقى ئەرەب (ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن) ئەنئەنىسىدە شائىر ئىمتىيازلىق، نوپۇزى سېھىرگەرلەرنىڭ كۈچى بىلەن مۇستەھكەملەنگەن تەبىقە سۈپىتىدە كۆرۈلەتتى. شائىرنىڭ دەھشەتكە تولغان ۋە قىممەتلىك سۆزلىرى ھاياتنى قوغداش ياكى يوق قىلىشقا قادىر بولغان تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچكە ئىگە، دەپ قارىلاتتى. يات يېقىندا مېكسىكىلىق ئىندىيانلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانغان شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلدۇرغان گابرىيېل زايدا، كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە «مېكسىكىلىق ئىندىيانلارنىڭ شېئىرىدا ئومۇمىي ۋە ئورتاق ئالاھىدىلىك ئەبەدىي ھاياتنىڭ سىمۋول قىلىنىشىدۇر. توتېم (ئۆسۈملۈك، ھايۋان، تەبىئەت ھادىسىلىرى) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بولسا، ئاساسەن دېگۈدەك ھەر ۋاقىت سېھىرلىك، دىنى مۇراسىم تۈسىنى ئالىدۇ» دەيدۇ.

«پەن ئاسترونومىيەنىڭ پەرزەنتى (بېرگسون)بولغىنىغا ئوخشاش، سەنئەتمۇ دىنىنىڭ پەرزەنتىدۇر. ئەگەر سەنئەت ياشاپ تۇرۇشنى خالىسا قايتا - قايتا بۇ مەنبەگە قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە سەنئەت بۇنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

بىناكارلىق ئومۇمەن ھەربىر كۈلتۈردە ئەڭ يۈكسەك پەللىگە ئىبادەتخانىلاردا يەتكەن. بۇ ھىندىستان ۋە كامبودژادىكى ئىككى مىڭ يىللىق ئىبادەتخانىلار، ئىسلام دۇنياسىدىكى جامەلەر، كولۇمبۇدىن بۇرۇنقى ئامېرىكىنىڭ ئىبادەتخانىلاردا قانداق بولغان بولسا، 20 - ئەسىردە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا سېلىنغان چېركاۋلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. دەۋرىمىزدە تونۇلغان بىناكارلاردىن ھېچبىرى بۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز كەلدى. فىرانك للويد رايت(1) ئەلكىنس باغچىسىنى، پېنسىلۋانىيادا بېت شەيلوم ئىبادەتخانىسىنى (يەھۇدىيلار ئۈچۈن)، لى كوربۇسىير رونچاپتا(2) نوترې دامې دۇ ھاۋت چېركاۋىنى (1955 - يىلى تاماملانغان) ۋە ئەۋرەدە دومىنىكان مۇناستىرىنى، مىيس ۋان دېر روھې ئىللىنويىستە(3) تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ كىچىك چېركاۋىنى (1952 - يىلى)، ئالۋار ئاۋلتو فىنلاندىيەنىڭ ۋوۋكېنىسنىسكى شەھرىدە لۇتېران چېركاۋىنى (1959 - يىلى)، فىلىپ جونسون(4) نيۇيوركتا كنېسېت تىفېرېت ئىسرائىلىيە ئىبادەتخانىسى (1954 - يىلى)، رۇدولف لاندى ساراسوتا (5)فىلورىدادا

(1) Frank Lloyd Wright
(2) Le Corbusier Ronchap
(3) Mies van der Rohe İllinois
(4) Philip Johnson
(5) Rudolph Landy Sarasota

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېرىز پول لۇتېران چېركاۋىنى (1959 - يىلى)، ئوسكار نىيمېيېر پامپۇلھى برازىلىيەدە فرانسىس ئەسسىسى چېركاۋىنى (1942 - يىلى)، فېلكس كاندېلا (1)مېكسىكىدا لا ۋىرگېن مىلاگروسا چېركاۋىنى (1953 - يىلى) سېلىپ چىققان. تولۇق تىزىملىك ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن كۆپ. بىناكارلىق سەنئىتى بارلىق سەنئەت تارماقلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ فۇنكسىيەسى ۋە ئەڭ ئاز مەنىۋىيەتكە ئىگە بولۇشىنىڭ ئەكسىچە، دىنى خاراكتېرىنى جەزملەشتۈردى.

سەنئەت دىنغا بولغان قەرزىنى كۆپرەك رەسىم، پىلاستىك ئەسەرلەر ۋە مۇزىكا قاتارلىقلارنىڭ سايىسىدا تۆلەپ كېلىۋاتىدۇ. مەرىپەت ئويغىنىش ئېقىمى دەۋرىنىڭ ئەڭ نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئاساسەن دېگۈدەك دىنى تېمىلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئەسەرلەر ياۋروپا مىقياسىدا بارلىق چېركاۋلاردا خەلق تەرىپىدىن ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان. ئىتالىيە ۋە گوللاندىيەدىمۇ ھەر قانداق بىر چېركاۋنىڭ چوقۇم سەنئەت كۆرگەزمە زالى بولىدىكەن. مايكىل ئېنگېلونىڭ رەسىم ۋە ھەيكەللىرى تەسۋىرىگە ماس ھالدا خىرىستىيانلىقنىڭ داۋامىنى تەشكىل قىلىدۇ («رەڭ ۋە تاشتا ئىنجىل»). ھاندېلنىڭ ئوراتورىيۇملىرى (16 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا رىمدا ئوتتۇرىدا چىققان ھەم چېركاۋدا ھەمدە تىياتىرلاردا ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكا تۈرى) مەنىۋى تۇسنى ئالغان ئوپېرالار بولۇپ، ھەقىقەتەن دىنى تۇسنى ئىنتايىن قويۇق ئىدى. (مەسىلەن، «ساۋۇل»، «ساومسون»،«مېسسىياس»). 20 - ئەسىرنىڭ ئەڭ داڭلىق مۇزىكانتلىرىدىن بولغان دېبۇسسي ۋە ستراۋىنسكى دىنى تۇسنى ئىنتايىن قويۇپ بولغان ئىجادىيەتلەرنى يارىتىدۇ. (دېبۇسسي «ئېرىز سېباستىياننىڭ ئۆلۈمى»، ستراۋىنسكىنىڭ مېزامىر سىمفونىيەسى»،«دىنى مۇراسىم»، «كانتىكۇم ساكرۇم»). 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا داڭلىق مۇزىكانتلاردىن بولغان كومپوزىتور ئولىۋىير مېسسىيېن دىنى مېدىتاتسىيەسى ئىنتايىن گەۋدىلەنگەن نۇرغۇنلىغان ئىجادىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. (مەسىلەن، «ھەزرىتى ئەيسانىڭ بالىلىق دەۋرىگە نەزەر»). داڭلىق ھازىرقى زامان بالېت ئۇستىسى بولغان ماۋرىك بېجارتنىڭ بالېت ئۇسۇللىرى(20 - ئەسىر بالېتلىرى)ئىچىدە ئەڭ تەسىرلىك بولغانلىرى ۋاگنېرنىڭ ئەپسانىسى ۋە يىراق شەرق ئەپسانىلىرىدىن ئىلھام ئالىدۇ. (مەسىلەن «باۋدېلايىر»، «باتكى»، «غالىپلار). ئابستراكت رەسىم سەنئىتى ساھەسىدە نوپۇزلۇق شەخسلەردىن بولغان موندريان

(1) Felix Candela

(گوللاندىيە تېزورفلا جەمئىيىتى ئەزاسى) تەقۋادارلىق ۋە دۇئانى «ئەڭ ئۈستۈن ھەقىقەتكە» ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستە ، دەپ قارايتتى. موندريياننىڭ يۇرتلۇقى بولغان جەين توروپمۇ سىمۋولىزم ۋە مىستىسىزىمنىڭ تەسىرىدە رەسىم سەنئىتىنىڭ دىنى ۋە ئەخلاقىي چۈشەنچىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. رېمبراندت ھەققىدە كېيىنكى كىلارك مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىيەسىگە ئىنجىل شۇنچىلىك تەسىر قىلغانكى، ھەر ھېكايىنى ۋە ئەڭ ئىنچىكە تەپسىلاتىنى شۇنداق پىششىق بىلەتتى. سىزىپ چىققان رەسىملىرىدە كۆپىنچە كۈندىلىك ھاياتتىن بىر ئارىيەمۇ، ياكى ئىنجىلدىن تەسۋىر بەردىمۇ، بۇنى پەرق قىلىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى. چۈنكى بۇ ئىككى تەجرىبە ئۇنىڭ روھىدا بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. (ك.ج، «مەدەنىيەت» 200). يۇبىس كلېين زېن بۇددىزمدىن ئىلھام ئېلىپ ماددىي بولمىغان ئالەم ئېنېرگىيەسى ھەققىدە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزدۇ. بۇ بېرگسوننىڭ سېزىم پەلسەپىسىنىڭ رەسىمدە داۋاملىشىشىدىن ئىبارەت. ئۇ، سەنئەتنى ئىچكى دۇنيانىڭ ساپ نامايەندىسى ۋە بىر خىل ئىلاھى ۋەھيي، دەپ قارايدۇ. (ئەڭ ياخشى،دەپ قارالغان «ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى» ناملىق ئەسىرىنى يامغۇر ۋە شامالدىن ئىلھام ئېلىپ تۇرۇپ ۋۇجۇدقا چىقارغان). «دۇنيا تىياتىرىسى» قارىشىمۇ ئۆز سىمۋوللىرىنىڭ مۇقەددەس ماھىيىتىنى روشەن نامايان قىلىپ بەرمەكتە. مەلۇم بىر يازغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «ئىجادىيەتنىڭ ھەر ساھەسىدە دىنى چۈشەنچە ۋە ھېسسىياتنى ئىپادە قىلىدىغان سىمۋوللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى دەۋرىمىزنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان. بىراق بۇ يېڭى ۋە ۋاقىتلىق ئەمەس. بۇيەردە تەكىتلەنمەكچى بولغىنى، سەنئەتنىڭ تەبئەتتىن ھالقىغان ئىزچىللىققا ئىگە ھالىتىدۇر. ھەقىقىي سەنئەتتە ھەر نەرسە تامامەن مۇشۇنداق خاراكتېرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. يەنى ئەقىلدىن ھالقىغان ۋە مۇقەددەسلىككە ئىگە (8).

سەنئەت چۈشەندۈرۈش ئۇسلۇبى ۋە ئوبيېكتى نۇقتىسىدىن دىنىنىڭ ئىنسانلارغا قاراتقان چاقىرىقىغا ئوخشاش، ھەقىقەتەن چوڭقۇر مەنالارغا ئىگە. قەدىمىي ياپون تام رەسىملىرى، ئەل ھامرادا شىر ياشايدىغان ھويلىنىڭ ئىشكىدىكى ئەرەب نۇسخىلىق رەسىملەر، مالايسىيا ئاراللىرىدىن بىر پارچە، ئۇگانداdىكى مەلۇم بىر دىنى قەبىلىنىڭ دىنى ئۇسۇلى، مايكىل ئېنگېلونىڭ «دەھشەتلىك سوت مەھكىمىسى»، پىكاسسونىڭ «گۇېرنېكا»سى (ئىسپانىيەنىڭ بىر شەھىرى)، بۇلارغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقايلى. ياكى بېبۇسسىنىڭ «ئېزىز سېبىستىيان»ئەپەندىسىنى ياكى زەنگىلەرنىڭ روھانىي بىر ناخشىنى ئاڭلاپ بېقىڭ... مۇشۇنداق قىلغاندا سىز ئىبادەتتىكىگە ئوخشاش، مەنتىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋە سېزىمدىن ھالقىغان سىرلىق بىر نەرسىنى تەجرىبە قىلغان بولىسىز. ھەرقانداق بىر ئابستراكت سەنئەت ئەسىرى دىنى مۇراسىمغا ئوخشاش ئەقىلدىن ھالقىغان ۋە «غەيرى ئىلمىي»بىر شەكىلدە تەسىر كۆرسەتمەمدۇ؟ مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رەسىم تاختاي ياكى رەختتە، سىمفونىيە بولسا ئاۋازدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دىنى مۇراسىمنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

سەنئەتنىڭ ئاساسلىق مەقستى ئەڭ گۈزەلنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئەمەس، چۈنكى «گۈزەلنىڭ زىتى خۇنۇكلۇك، يالغاندۇر». كودىۋور چۇمپەردىلىرى ياكى ئابىرت كىيا كومىتېتىنىڭ كۆزئەينەكسىز ھەيكەللىرىنى گۈزەل دېگىلى بولمايدۇ. بىراق بۇ رەسىملەر ھەققەتەنى ئىزدەش ئۈچۈن يولغا چىققان سەممىي ۋە چىن ئىستەكنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر سېزىم بىر ھېس ئاخىرقى ھېسابتا ئىنساننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان كائىنات ھادىسىسى بىلەن بىر ئىدىيەنى ياكى سۆيگۈنىڭ دۇنيا ھېسسىنى تەشكىل قىلىدۇ .

دىن بىلەن سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئىچكى جەھەتتىكى باغلىنىش سەنئەتكارلاردا ئۇچرايدىغان «كەسپىي كۆرۈمسىزلىك» ھالىتى بىلەن بەزى تەرىقەتلەردە (ھىندىزم ۋە خىرىستىيانلىقتا) «مۇقەددەس بۇلغىنىش» دېيىلىدىغان زاھىرى بىخەستىلىكتە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ . ئادەتتە ئىنسانلار سەنئەتكارلار بىلەن راھىبلارنى بىر - بىرىگە ئوخشىتىدۇ. راھىبلىق بىلەن بىنورماللىق ياكى غەلىتىلىكنىڭ ئاساسىدا، تۈنجى قاراشتا غەلىتىلىك باردەك قىلىسمۇ، لېكىن ئوخشاش پەلسەپە ياتىدۇ. بۇ راھىبلاردا ساداقەتتە، سەنئەتكارلاردا تۇرمۇش شەكلى سۈپىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولۇپ، ھاياتنىڭ مەنىۋى تەرىپىنى ئالدىنقى پىلانغا قويۇش ۋە تەكىتلەش، ماددىي ، تاشقى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر نەرسە ۋە ئادەتلەردىن نەپرەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە دىنىنىڭ مۇنۇ تەرىپىنى بايقايمىز. دەرۋىش مۇسۇلمانلاردا تىلەمچى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «يېزا - قىشلاقلاردا بايراقلاردەك» ياكى «تاغلاردا قۇشلاردەك ياشاڭ» (ئىنجىل) دىنىنىڭ بۇ تەلىپىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئەكس ساداسى سەنئەتكارلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

دىن بىلەن سەنئەتنىڭ تارىختا ئوخشاش ياكى يېقىنراق تەقدىرنى باشتىن كەچۈرۈشى بىزگە غەيرى بىلىنمەسلىكى لازىم. ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا بۇلارنىڭ

ئەركىنلىك ۋە غەيرى ئەركىنلىك ئۆلچىمى ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا پەن ۋە مائارىپنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە ئوخشاش ۋاقىتتا ئاساسەن دېگۈدەك ھەر ساھەدە سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئارقىغا چېكىنىشى، ئوتتۇرا ئەسىردە بولسا چېركاۋ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئەھۋالنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇشىدەك رېئاللىق، ئەمەلىيەتتە مەزكۇر قائىدىگە چۈشىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال كۆرۈلگەن ھەر قانداق جايدا ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسىدا دىنغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان ياكى دىننى ھەددىن زىيادە قوللايدىغان ۋەياكى پۈتۈنلەي رەت قىلىدىغان پەلسەپىنى ئۇچرىتىسىز. ئوتتۇرا ئەسىردىكى بارلىق چەكلىمە ۋە توسالغۇلارنىڭ ئەكسىچە دىنى مۇھىت ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇشتىن سىرت، سەنئەتمۇ شۇ شارائىتتا ئۆزىنى خېلىلا نامايان قىلالىغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتە ئاتېئىزم ۋە ماتېرىيالىست پەلسەپە دىن ۋە ئىجادىيەتنىڭ ئەركىن بولۇش ھەققىدە جار سالغان بولسىمۇ، سەنئەتنى گۈللىنىش ۋە ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. سەنئەتنى بوغۇپ قويۇش ئاتېئىزمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولغىنىغا ئوخشاش، سەنئەتنى تەشۋىق قىلىش دىننىڭ خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئاتېئىزم ئەركىنلىكنى ئەڭ كۈچەپ تەشۋىق قىلغان كۈنلىرىدىمۇ سەنئەتنى بوغۇپ تاشلىغان. دىن بولسا ئۈستۈنلۈك قازانغاندا سەنئەتنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن. سەنئەتكارلارنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن ئىزچىل كۆزىتىلىشى سەنئەتكارلارنى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

سەنئەتكارلار ئوتتۇرا ئەسىردە، چېركاۋنىڭ ھاكىممۇتلەق ئىدىيەسى ئاستىدا ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئوخشاش قىيىن شارائىتتا ئەمەس ئىدى. كۈنىمىزدە بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھاكىممۇتلەق ئىدىيەسى ئاستىدا ئەڭ ئاز ئازابقا دۇچار بولغانلار پەن - تېخنىكا ئەھلىلىرىدۇر. ستالىن دەۋرىدە پەن - تېخنىكا ساھەسىدە ئاتوم ئېنېرگىيەسى ۋە ئالەم بوشلۇقى ساھەسىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بارلىق چەكلىمە ۋە بېسىم سەنئەت ساھەسىدە بولۇۋاتاتتى، چۈنكى سەنئەت تامامەن پەرقلىق بىر دۇنيا ۋە سىستېمىغا ئائىت ھېسابلىناتتى. چېركاۋ پات – پات پەننى تېئولوگىيە (ئىلاھىيەتشۇناسلىق)نىڭ خىزمەتكارىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باققان ئىدى.

ھاكىمىيەتكە تەۋە ھەر قانداق بىر ئورۇن، سوۋېت سەنئىتىدە سوتسىيالىست رېئالىزمنىڭ يېگانە ۋە توغرا بېكىتى بولۇشتەك «ھەقىقەت»نى (ستالىننىڭ تەبىرىدۇر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلان قىلغان تەقدىردە، ئۇ ۋاقىتدا بۇ بىر دىكتاتورلىق ھېسابلىنىدۇ، بۇ خۇددى چېركاۋنىڭ كېڭەش ۋاستىسى بىلەن يەر شارىنىڭ كائىناتنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى «ئېنىقلاپ» چىقىقانلىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، بىرىنچىسىدە دىكتاتورلىق سەنئەتكە قارشى بولغان بولسا، ئىككىنچىسىدە دىكتاتورلىق پەنگە قارشى بولۇشىدۇر. بىراق بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ قارشى چىققان ئوبيېكتىنى چۈشەنمەسلىكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ماھىيىتىنىڭ بۇنى چۈشىنىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكى مەسىلىسىدۇر. ئاتېئىزم ، سەنئەتنى ماھىيەت جەھەتتە ھېچقاچان چۈشىنەلمىگەن. دىن (كونكرېت دىنى كۆرسەتمەيدۇ) بولسا پەننى ماھىيەت جەھەتتە چۈشۈنۈپ بولالمايدۇ. پىكاسسو سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارالايدۇ، ئەمما ئەسەرلىرىنىڭ بېرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭ سىياسىي ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلالىشى مۇمكىن، بىراق سەنئىتىنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدۇ ۋە قىلالمايدۇ. چۈنكى سەنئەتتە سەنئەتچىلەرنىڭ ئاڭلىق ئىستەك ۋە قانائەتلىرى نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر شۇ پېتى ساقلىنىپ قالىدۇ. مۇقەددەس بىر ئىشارەت ياكى پەۋقۇلئاددە قابىلىيەتلىك ئىنساننىڭ چەكسىز ۋە نىسپىي ئىكەنلىكىگە دائىر قاراشقا ئىسپات قايسى دېگەندە، كائىنات سىستېمىسى ھەققىدە مەلۇمات ياكى خەۋەر، خۇداسىز ماتېرىيالىست كائىنات قارىشىغا بىر پۈتۈن ۋە ھەر جەھەتتە قارشى چىقىپ كېلىۋاتقان كائىنات قارىشىدۇر.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا فېئودور دوستويېۋسكىنىڭ خىرىستىيانلىق تەسۋىرلەنگەن رومانلىرى ۋە يۇرتلۇقى بولغان مارك چاگاللىنىڭ رەسىملىرىنىڭ چەكلىنىشى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش سەۋەبتىن بولغان. پاستېرناك ۋە سولجېنىتسىننىڭ ئاھۇ - پەريادلىرىدا برۇنو ۋە گالىلىينىڭ تراگېدىيەلىرىگە ئائىت زىت مەنتىق تونۇشى ئالغان بەزى مەزمۇنلار مەۋجۇت. زىدانوۋزىم (سوۋېت سىياسەت نەزەرىيەسى) ۋە ئېنكىزىسيون (تەكشۈرۈش مەنىسىدە، چېركاۋغا قاراشلىق سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى) نى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئوخشاش تونىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زىدانوۋىزم سەنئەتكارلار بىلەن مۇتەپەككۇرلار ئۈستىدە دۆلەت ئاتېئىزمى پەش قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. ئىنكىزىسيون بولسا قۇرۇلمىلىق تونۇسكە ئىگە چېركاۋ نامىغا ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە ئالىملارغا قارشى تەتبىقلانغان زىدانوۋىزمدۇر. زىدانوۋزىم تەتۈر قويۇلغان ئېنكىزىسيوندۇر.

# سەنئەت ۋە ئاتېئىزم

«دۆلەت ئاتېئىزم» نىڭ بىز ئوتتۇرىغا قويغان قائىدىگە چۈشىدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى، رۇسىيە تېررورتورىيەسىدە مەدەنىيەت نامى ئاستىدا مائارىپنىڭ ئىنتايىن كەڭ ئومۇمىيلىششى بىلەن بىرگە سەنئەتنىڭ ئومۇمەن دېگۈدەك ئارقىغا چېكىنىشىدۇر. كوممۇنىست مەملىكەتلەردە مائارىپ ساھەسىدە بۇرۇنقىغا قارىغاندا زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1965 - يىلى 60 مىليوندىن ئارتۇق كىشى مەكتەپلەردە تەلىم – تەربىيە ئالماقتا ئىكەن (10).بىراق بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان تەلىم - تەربىيە كۆپ لىنىيەلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكتىن ئۇزاق بولۇپ، ئۇنىڭ «مەدەنىيەت» ئالاھىدىلىكى، تەنقىد قوبۇل قىلمايدىغان سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيەلىك ئىدىيەلەر (بۇ يەردە مېڭىنى يۇيۇۋېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بىلەن تېخىمۇ كۈچەيتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مەدەنىيەتلىك مەملىكەتلەردە كۈلتۈر بىلەن سەنئەت روشەن دەرىجىدە ئارقىغا چېكىنمەكتە. بۇ خۇسۇس تەبىئىي ھالدا ھاكىمىيەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بىلەن ياكى تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا كۈلتۈرنىڭ تۈپ مەسىلىسى بولغان ئىنسان ئەركىنلىكى مەسىلىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

سوۋېت ئىتتىپاقىدا رەسمىي ئېقىم ۋە ئىدىيەگە كۆرە (بۇ دۆلەتتە بارلىق ئېقىم ۋە ئىدىيەلەر رەسمىي خاراكتېردە بولىدۇ) ئەدەبىيات كەڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتىلغان كۈندىلىك سىياسىي تەشۋىقات ۋاستىسى بولۇشى كېرەك. 1932 - يىلى كوممۇنىست پارتىيەسى مەركەز كومىتېتىنىڭ بىر قارارىنىڭ روھى بويىچە، ھەرخىل ئېقىمغا مەنسۇپ ئەدەبىياتچى گۇرۇپپىلار تازىلىنىپ سوۋېت يازغۇچىلار ئىتتىپاقى يېگانە تەشكىلات سۈپىتىدە قۇرۇلغان. بۇ تازىلاش ھەرىكىتى ھۆكۈمران ئىدىيەنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بېرىدۇ. 1934 - يىلى سوۋېت يازغۇچىلار ئىتتىپاقى مەجلىسىگە ئىشتىراك قىلغان 700يازغۇچىدىن ئىككىنچى قېتىملىقى چاقىرىلغان 1954 - يىلغىچە پەقەت 50 كىشىلا ھايات قالغان. كۆپىنچىسى ستالىننىڭ تازىلاش ھەرىكىتى جەريانىدا ئۆلگەن. (لېكسكوگرافىيە ئىنستىتۇتى ئېنسىكلوپېدىيەسى، زاگرېب، 5 - توم،641 - بەت). ماھىيىتىدىن چەتنەپ كەتكەن بۇ خىل سەنئەتنىڭ بىر ئېپادىسى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا سانائەتلىشىش ۋە كولخوزلارنى تەسۋىرلىگەن «ئىشلەپچىقىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رومانى» دېيىلىدىغان ئەدەبىيات تۈرى مەيدانغا كېلىدۇ. 1965 - يىلى چاقىرىلغان سوۋېت يازغۇچىلار مەجلىسىدە سوۋېت ئەدەبىياتىدىكى قەھرىمانلىقىقا قارشى تۈرۈش نەزەرىيەسى ئېغىر تەنقىد قىلىنىپ «كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن قەھرىمانلىق ئەسەرلىرىنىڭ سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى» ئىكەنلىكىگە قارار بېرىلىدۇ. لېنىن «بارلىق سەنئەت تارماقلىرى ئىچىدە بىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم بولغىنى فىلىمدۇر» دېگەن. بىراق سەنئەت تۈسىنى ئالغان بارلىق ھادىسىلەر ئىچىدە فىلىمنىڭ ئەڭ ئاز سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەتتۇر. ئەگەر سەنئەت مەلۇم بىر شەخسكە ياكى مەلۇم بىر نەرسىگە، بىر ئىدېئولوگىيە ۋەياكى مەلۇم بىر ھاكىمىيەتكە خىزمەت قىلىشى مۇۋاپىق كۆرۈلسە، ئۇ ۋاقىتىدا پۇل ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان ئەسكەر ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ئەڭ ئۇيغۇن بولغىنى فىلىمدۇر.

سوۋېت كىنو ئوبزورچىسى ر.ن. يۇرېينېيۋ(1) سوۋېت كومېدىيەسى ھەققىدىكى بىر مەخسۇس ماقالىسىدە، ستالىننىڭ ھازىرقى زامان تېمىلىرىغا ئائىت فىلىملەردە توقۇنۇش، قىيىنچىلىق ۋە نۇقسانلىقلارنىڭ كۆرسىتىلىشىنى خالىمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان ئىدى. بۇنىڭ ئورنىغا پائالىيەت، توي - تۆكۈن، يىغىن، خەلق ئويۇنلىرى ۋە كوللېكتىپ ناخشىلار تەسۋىرلەنگەن سەھنىلەرنىڭ فىلىمگە كىرگۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلاتتى. ھەر قانداق بىر فىلىم خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن فىلىمنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىدىغان ستالىن كېيىنچە قانۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ خىلدىكى بۇيرۇقنى شەخسەن ئۆزى بېرەتتى. نەتىجىدە فىلىم ئىشلىگۈچىلەر ئازىيىپ كەتتى ھەمدە «مەسخىرە قورقۇنچى»دەپ بىلىنگەن كېسەللىك پەيدا بولدى. 19 - ئەسىردە نامراتلىق، قاششاقلىق ئەۋجگە چىققاندا دۇنياغا پۇشكىن، گوگول(2)، چېخوف(3)، تولستوي، دوستويېۋسكى(4)، چايكوۋسكى(5) ۋە رىمسسكى كورساكوۋ(6) قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن بۇ مەملىكەتنىڭ كۆنىمىزدە، يەنى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە رۇس كۇلتۇرىنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشقا باشلىغان مەزگىللەردە يېتىشتۈرۈپ چىققان داڭلىق شەخسلەرگە

(1) R.N. Yuryenyev
(2) Gogol
(3) Çehov
(4) Dostoyevski
(5) Çaykovski
(6) Rimski - Korsakov

ئوخشاش بىرەر سەنئەتكارنىمۇ يېتىشتۈرۈش چىقىشقا ماجالى قالمىغان ئىدى. يەنى ئۇنچىلىك قابىلىيىتى يوق ئىدى. مەسىلەن، شېئىر ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۆزىگە خاس بىرەر پېرسوناژ يارىتىلغان تەقدىردە، تەبىئىي ھالدا تۈزۈمگە قارشى چىققانلىق ھېسابلىناتتى. پاستېرناك(1)، سولجېنىتسىن(2)، ۋوزنېسېنسكىلارغا(3) ئوخشاش. گەرچە رۇس زېمىنلىرى مۇنبەت بولسىمۇ، مۇھىتى ۋە ھاۋاسى شائىر ۋە سەنئەتچىلەرنى بۇرۇقتۇم قىلىپ قويىدۇ. ئىنقىلابتىن كېيىن رۇسىيەدە پەن تەرەققىي قىلىشقا، سەنئەت بولسا كەينىگە چېكىنىشكە باشلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنياغا مەشھۇر فىزىكچى، ئاتوم تەتقىقاتچىسى، دۆلەت ئەربابى، تەشكىلات مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، بىراق شائىر، رەسسام ۋە مۇزىكانتلارنى يېتىشۈرۈلمىگەن ئىدى.

قالاقلىق ئاساسەن پەلسەپە ساھەسىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەزكۇر ساھەدە بوشلۇق بار بولۇپ، پەلسەپە پروفېسسورلىرى ۋە پەلسەپە ئىنستىتۇتلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەلۋەتتە. سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۈنىمىزدە ھېيدېگگېر، ماركيۇس ۋە سارترې قاتارلىق پەيلاسوپلار بىلەن ئوخشاش قاتاردا تۇرىدىغان بىرەر پەيلاسوپنى ئۇچرىتالمايسىز. سوۋېت «پەيلاسوپلىرى» ئىلمىي قابىلىيەتلىرىنى تېخنىكا ياكى سىياسەتكە ئاتىۋەتكەن يۇرتداشلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى.

سوتسىيالىست رېئالىزم جەمئىيەتتە چوڭقۇر ھېس قىلىناتتى. كۈنسايىن سۇسلىشىۋاتقان خەلقنىڭ قىزىقىشىنى «سوتسىيالىست رېئالىزم بايرىقى قادالغان يەر ئېگىز ۋە گۈزەلدۇر»غا ئوخشاش شوئارلار بىلەن ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇلغان.(4)

گرىگوركو، بويكو، مالىكېۋ، تاراسوۋ ۋە شۇشىنسكى قاتارلىق ياۋروپادا ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نامى چىقمىغان يازغۇچىلار، ھازىرقى زامان «ئىشلەپچىقىرىش» مەسىلىلىرىنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ،دەپ قارىلىپ يۇقىرى باھالارغا ئېرىشكەن. بۇ يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە چوڭ تىپلىق سانائەت سىستېمىلىرىنى قەلەمگە ئېلىپ، «ئىشچى سىنىپى بىلەن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى» تەسۋىرلىشىدۇ. بۇ ئەسەرلەر «سوكزاكاز» دېيىلىدىغان ئىجتىمائىي زاكاز قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەسەرلەر ھېسابلىناتتى. تەتقىقاتچى كوررېۋ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كۆرگەزمىلىرىمىزدە كۆپىنچە ھاللاردا بۇنىڭدىن بۇرۇن

(1) Pasternak
(2) Soljenitsin
(3) Voznesenski
(4) مەزكۇر شوئار سوۋېت ئاكادېمىكلىرى تەرىپىدىن 1973 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا مانىپېشتە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ پەرقلىق شەكلىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ». شائىر بورىس ئولېينىك بولسا تۇرمۇشنىڭ ئاق - قارا شەكلىدە تەسۋىرلىنىشىدىن، ئەسەرلەرنىڭ يۈزەكى ۋە تاق لىنىيەلىك بولۇشىدىن نارازى بولۇپ مۇنداق دەيدۇ:«سوۋېت شېئىر ئاسمىنىدا پارقىراقلىقى ئىنتايىن سۇس بولغان ۋە ھەر زامان شۇ پېتى تۇرىدىغان يۇلتۇزلارنى كۆرەلەيسىز، ھەقىقىي شېئىر سەنئىتى يوق، پەقەت شېئىر بېيىت ۋە تەقلىدىي شېئىرلارلا بار».

بىر قىسىم نوپۇزلۇق سوۋېت يازغۇچىلىرى (ئا. ۋوزنېسېنسكى، بېلا ئاخمادۇلىنا، ۋاسىلىي ئاكسيونوۋ، فازىل ئىسكەندەر)، سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا مۇنداق باھا بېرىدۇ: «سۈكۈنات ۋە قورقۇشقا سەۋەب بولغان ۋە ئاستا خاراكتېرلىك ئازاب -ئوقۇبەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەدەبىيات».(1973 - يىلى).

سەنئەتكە سوغۇق قاراش ۋە ئۇنى يەكلەشتەك پوزىتسىيە بىناكارلىققىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە بىناكارلىق ساھەسىدە مەدەنىيەت ئەمەلىيەتچانلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. بىراق سوتسىيالىست مەملىكەتلەردە سۈنئىي شەھەرلەر ياكى شەھەرلەرنىڭ يېڭى رايونلىرى ھەر قانداق ۋاقىتتا بەرپا قىلىنغان بارلىق تۇرالغۇ جايلار ئىچىدە خاسلىقتىن ئۈزاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. رەڭسىزلىك ۋە بىر خىللىق بۇ شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولۇپ قېلىشىغا ھەددىن زىيادە ئېھتىياج، قاتناش قۇراللىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ سانائەتتىن ئېلىپ كېلىنىشى قاتارلىقلار سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلمەكتە. ھالبۇكى، بۇلار ئاساسلىق سەۋەب بولالمايدۇ. گۈزەل بولغان بارلىق ئەسەرلەر كۆپىنچە ھاللاردا نامرات مەزگىللىرىمىزگە تەۋەدۇر. ئالدىنئالا ئىشلەپچىقىرىلغان زاپچاسلاردىن ياسالغان ئۇنسۇرلاردىنمۇ گۈزەل بىنالارنى ياسىغىلى بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە مۇنۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم: ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بىر پوزىتسىيە ياكى«ئىنسانلاردا روھ دېگەن بىر نەرسە بولمىسا، شەھەرلەردە قانداقمۇ بولسۇن».

سەنئەت ھەققىدە توختالغاندا رۇس مىللىتى بىلەن سوۋېت ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى بىر -بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىرى دىن ۋە سەنئەت بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر دىن ۋە سەنئەتكە تامامەن قارشى چىقىدۇ.

خەلقنىڭ ھەقىقىي سەنئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يازغۇچى ۋاسىلىي

ئاكسىيون مۇنداق ئىزاھلايدۇ:«پەۋقۇلئاددە جانلىق ۋە تولۇپ تاشقان ۋە ئۆزگىچە ھاياجانغا ئىگە بولىدۇ». بۇ ئىزاھات ھەققىدە ئەستايىل ئويلىنىپ بېقىشىمىز لازىم، بۇ يەردە بەلكىم رۇسلارنىڭ تۇنجۇقتۇرۇلغان دىندارلىقىنى ئىپادە قىلىش شەكلى: يەنى دىن ۋاستىسى بىلەن مۇمكىن بولمىغان بىر نەرسىنىڭ ئەدەبىيات ۋە شېئىردىن پايدىلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك بىر ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. سەنئەت مەجبۇرى تېڭىلغان ئاتېئىزمدا تۇنجۇقتۇرۇلغان دىنىنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ.(1)

## سەنئەتنىڭ كونكرېت دۇنياسى

(سەنئەت ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل)

كۈلتۈر سەنئەت خۇسۇسىيىتىگە، مەدەنىيەت بولسا پەنگە ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا جەمئىيەتشۇناسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق مەدەنىيەت روھىنىڭ ياكى روھسىزلىقىنىڭ ئەينىكىدۇر. سەنئەت ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنغاندا مېتود ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەردە دۇنيانىڭ ئەبەدىلئەبەد پارچىلانغان ھالىتى ۋە بىر - بىرىگە تەتۈر يۆلىنىشكە يۈزلەنگەن ئىزدىنىش ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. ئالدىنقى نۇقتىئىنەزەرگە ماس ھالدا ۋۇجۇدقا چىققان ئىزدىنىش ئەسناسىدا ئىنساننىڭ ئۆزلۈكى ۋە كىشىلىك خاراكتېرى تېپىپ چىقىلىدۇ. ئىككىنچىسىدە بولسا، ئىنسان ئاخىرقى ھېسابتا يالغۇزلا جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ياكى ئاۋامنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ.

شائىرغا كۆرە،«ئوتتۇرىچە ئىنسان»دەپ بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ قىپقىزىل يالغانچىلىق ۋە ئويدۇرۇلغان نەرسىدۇر. شائىر ئۈچۈن پەقەت ئۆزىگە خاس ئىنسان، مۇئەييەن كىشىلىك خاراكتېر ۋە ئوبراز بار. ھالبۇكى، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنساندا ۋە ئەمەلىي ھاياتتا يالغۇز ئومۇمىي ۋە سانلىق خۇسۇسلارنى تېپىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەقىقىي ۋە يېگانە مەۋجۇت نەرسىنى، تەكرارلانمىغان ۋە ھەر قانداق بىر نەرسە بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان جانلىق ئۆزىگە خاس كىشىلىك خاراكتېرنى

(1) ( بۇ باشقا سەۋەبلەردىنمۇ بولۇشى مۇمكىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرەلمەيدۇ. سەنئەتكە نىسبەتەن يا ئىنسانلار مەۋجۇتتۇر ياكى ئىنسانىيەت ئالەمى مەۋجۇتتۇر. پەقەت ئىنساننىڭ قېشىدا باشقا بىر ئىنسان، ئايىغى يوق بىر لىنىيەدە مۇئەييەن ۋە ئۆزىگە خاس كىشىلىك خاراكتېرلار رەسسامنىڭ تەبىرى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا پورترېتلارلا بار. بۇلارنى جەملەشتۈرۈش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، بۇلاردىن ئوتتۇرىچە ۋە قېلىپلاشقان بىر شەخسنى يارىتىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. شائىر «بىر ئادەم ئۆلدى، بىر ئادەم يەنە ئۆلدى، باشقا بىرسىمۇ ئۆلۈپ كەتتى» دەپ خەۋەر بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئومۇمىيلاشقان بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ۋۇجۇدقا چىققان تەسۋىر، تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژنىڭ ئۆزى ھېچ بولمىغاندا باشقىلاردىن پەرقلىق، يېگانە ۋە ئۆزىگە خاس بىرى بولۇپ چىقمىسا بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ جەمئىيەتشۇناسلىق ئومۇمىي ۋە ئورتاق نەرسە ئۈستىدە ئىزدەنسە، سەنئەت خۇسۇسىي ۋە خاس نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

ئىنسان «سىستېمىلاشتۇرۇشۇش» قا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئېلىزابېت نوئېلل خەلق ئاممىسىنىڭ سان – سىپىرلىق مېتودلارغا تايانغان تەتقىقاتلار، رەقەملەر، ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەر، قېلىپلاشقان تەتقىقاتلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.[1] ھېچكىممۇ قېلىپلاشقان بىر فرانسۇز ياكى قېلىپلاشقان بىر پۇقرا بولۇشنى خالىمايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىققا بولغان نارازىلىقلار شائىر ۋە سەنئەتكارلار سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك (17). رەينېر مارىيا رىلك مۇنداق يازىدۇ: «ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا نىسبەتەن ئۆي، بۇلاق، مۇنار، ھەتتا كىيىملىرىنىڭ ئەسلىدىكى قىممىتىدىن باشقا يەنە ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار ئىدى. ئاساسەن دېگۈدەك ھەر قانداق بىر نەرسىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە ئىنسانىي بولغان بىر خۇسۇسىيەت مۇھاپىزەت قىلىناتتى. كۈنىمىزدە بولسا ئامېرىكىدىن يۇرتىمىزغا مەنىسىز، قىممەتسىز، ھايات ۋە تۇرمۇشتىن چەتنەپ كەتكەن بۇيۇملار كۆپلەپ كەلمەكتە... ئامېرىكا ئۇسلۇبىدا بىر ئۆي، ئالماس ياكى ئۈزۈمى بىلەن ئاتا – بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۈمىد ۋە ئويلىرى سىڭىپ كەتكەن ئۆي، مېۋە ، ئۈزۈم بارىكى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق ھېچقانداق بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس....؛ (ر.م.ر... «مۇزاتتىن مەكتۇپلار). يەنە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

سوئال بەلگىلىرىگە جاۋاب بەرمە،

دۇنيا ئىشلىرىغا ئائىت تېپىشماقلارغىمۇ،

(1) (ئېلىزابېت نوئېلل(Elisabeth Noelle) : «باھا بەرگىلى بولمايدىغان ئىنسان»،نۇرگبېرگ 1961).

ئىلتىپات كۆرسەتمە،

ھېچقانداق بىر سىناققا قاتناشما،

ئىستاتىستىكىچىلار بىلەن يىغىندا بىرگە بولما ۋە ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي پەن بىلەن شۇغۇللانما. (ۋ.ھ.ئاۋدېن، «نونېس»ناملىق شېئىرىدىن ئېلىندى».

پەن ۋە پەلسەپە تاشقى دۇنيا ۋە ئىنسان ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. بىراق ھەر دائىم ئومۇمىي، پىكىر ۋە پىرىنسىپ نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىدۇ. سەنئەتكە نىسبەتەن بولسا «نەرسىلەر» ئومۇمىي ئەمەس، خاسلىق سۈپىتىدە مەۋجۇتتۇر. سەنئەت ئىنساننى ئومۇمىي جەھەتتىن تەھلىل قىلمايدۇ. بىراق ھەر ۋاقىت مۇئەييەن شەخسلەر، مەسىلەن، ئولىۋېر تۋىست، يېفگېنىتى، ئوھېگىن، فكودور كارامووزوۋ ھەققىدە توختىلىدۇ. شائىر تونۇيدىغان لىپا دەرىخى ھەرگىزمۇ بوتانىكچى تونۇيدىغان ئومۇمىي لىپا دەرىخى ئەمەس. سەنئەت نەرسىلەرنى ھەقىقىي بىر ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەيدۇ، چۈنكى مەۋجۇت بولغان ھەر نەرسە خۇسۇسىيدۇر. ئەمدى بۇ ھەقتە بىر قانچە مىسال بېرەيلى:

«ئۇرۇش ۋە تىنچلىقتا كۆپلىگەن پېرسوناژ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن ئوبرازلاردۇر. بۇلاردىن بىرىنى (دىپلومات بىلىبى بىنى) تولستوي مۇنداق تەرىپلەيدۇ: «ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇندايدىغان دىپلوماتلاردىن ئىدى. ھۇرۇنلۇقىنىڭ ئەكسىچە، بەزى كېچىلەرنى تاڭ سەھەرگىچە خىزمەت ئۈستىلىدە ئۆتكۈزەتتى. بىلىبىن باشقىلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە شۇنداق ئامراق ئىدى. ئەمما چوقۇم سۆھبەتنى ئىلمىي ۋە قىزىقارلىق بولۇشى شەرت ئىدى. باشقىلارنىڭ ھۇزۇرىدا مۇھىم ئىش ھەققىدە توختالماقچى بولغاندا مۇۋاپىق پۇرسەت ئىزدەشكە تىرىشاتتى. بىلىبىننىڭ نۇتۇقلىرى ھەر ۋاقىت ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك پايدىلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ۋىجىك سولغۇن يۈزى قېلىن قورۇقلار بىلەن قاپلانغان ئىدى. بۇ قورۇقلارنىڭ ھەرىكەتلىرى يۈزىنىڭ ئاساسلىق ئويۇنلىرى ھېسابلىناتتى...» (ل.تولستوي، («ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»). ياكى ئولىۋىيا پېنتلاندىنىڭ «بالدۇر كەلگەن كۈز» ناملىق ئەسىرىدىكى تەسۋىرى: كونا ئۆيدە ئاۋازلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن بۇ كىشىلەر توپى ئىچىدە پەقەت بىرلا كىشى ئۇ ئايالنىڭ رەقىبى بولالايتتى: سىبىلنىڭ ئانىسى ئولىۋىيا پېنتلاند. مېھمانلىرىنى كۈتكەچ ئۆيلەرنى ئاساسەن ئۆزىنى كېزەتتى. ئەمما كۆڭۈل ئېچىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. سابىن كالېندېرنىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان مېھمانلىق كىيىمىنىڭ كۆز قاماشتۇرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يېشىل رەڭگى، ئالماسلىرى ۋە پارقىرايدىغان قىزىل چاچلىرى ئۆزىدە يوق ئىدى. مۇلايىم، نازۇك، خۇش تەبىئەتلىك ۋە چىرايلىق بىر ئايال بولۇپ باشقىلارنى ئاسانلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى. مېھمانلار ئارىسىدا ئۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى....».

ئەگەر بىر «نەرسە» كۆزدە تۇتۇلغاندا، ئۇ ۋاقىتدا مەزكۇر نەرسە ئومۇمىي بولماستىن، تامامەن كونكرېت بىر نەرسىدۇر. بۇ بەلكىم بىر قەلەم قاپچۇقى بولۇشىمۇ مۇمكىن. لىلېۋېللىيىننىڭ «مېنىڭ جىلغام نە قەدەر يېشىل ئىدى» ناملىق رومانىدا تەسۋىرلەنگىنىگە ئوخشاش. بۇ ئابزاس مۇنداق: «نە قەدەر گۈزەل قاپچۇق ئىدى! ئۇزۇنلۇقى ئون سەككىز، كەڭلىكى ئۈچ چى كېلىدۇ. بىر ئېغىزى بار ئىدى، ئېغىزىنىڭ تېخىمۇ ئاساس ئېچىلىشى ئۈچۈن بارماق بىلەن باسقىلى بولىدىغان كىچىككىنە بىر بوشلۇق.....

ئەگەر بىرەر نەرسە ئەمەس، بىرەر ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغاندا، يەنە مۇئەييەن، كونكرېت ۋە ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانمايدۇ: «مەسىلەن، شەنبە كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن، سائەت تۆت ئەتراپىدا، ئىستانسىدىكى قۇرۇلۇش ئورنىغا يېقىن جايدىكى پىيادىلەر يولىدا، كۆك رەڭلىك كىيىم كىيىۋالغان بىر ئايال قولىياغلىق پۇلاڭلاتقاچ يۈگۈرەيتتى. ئوخشاش ۋاقىتتا، سۈت رەڭگىدە بىر يامغۇرلۇق چاپان ئارتىۋالغان ، سېرىق رەڭلىك ئاياغ كىيىۋالغان ۋە يېشىل شەپكە تاقىۋالغان بىر زەڭگى كوچىنىڭ چېتىدە ئىسقىرتقان ھالدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. دەل بۇ ئەسنادا بىر ئايال ئۈنىگىغا سوقۇلۇپ كەتتى. بۇ ۋەقە رېشاتكىغا ئېسىلغان يالغۇز كەچ ۋاقىتلاردىلا ياندۇرۇلىدىغان چىراغنىڭ ئاستىدا يۈز بەرگەن ئىدى. دېمەككى، ھۆل ياغاچتەك پۇراپ كەتكەن بۇ رېشاتكا ۋە چىراغ چەكسىز كەتكەن ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا بىر زەڭگىنىڭ قۇچىقىدا، ئۇ كۆك كۆزلۈك ئايال بىلەن بىرلىكتە ئۇ يەردە ئىدى...»

«چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 ئەتراپىدا ئىدى. قۇياش بىر ئاز بولسىمۇ سول تەرەپكە قايغان بولۇپ پىشىرنىڭ كەينىدە تۇراتتى. قۇياش سېخى نۇرى بىلەن ھەممە تەرەپنى يورۇتۇپ كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئەڭ ئۈستى ۋە سول تەرەپتە چوڭ سىمولېنسك يولى سوزۇلۇپ ياتاتتى. يول تۆپىلىككە 300 كىلومېتىر ئۇزاق ئاق رەڭلىك چېركاۋى بىلەن مەشھۇر يېزىدىن كېسىپ ئۆتەتتى...»

قولىمىزدىكى كىتابلاردىن ئېلىنغان بۇ مىساللار پەقەت تولستوي، سارترې، برومفيلد ياكى لىلېۋېللىين قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەمەس. بۇ يەردە سەنئەتكارغا ئەمەس، بەلكى سەنئەتنىڭ ماھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بىر سەنئەتكار ھەر قانداق بىر سەنئەت ئەسىرىنىڭ بۇ ئىچكى قانۇنىيىتىگە، يەنى ھەر نەرسىسى ئۆزگىچە، تەكرارلانمايدىغان، چىن بولۇشتەك تەرىپىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرسە، ئەسەرنىڭ چىنلىقى ۋە ئىبسىللىقىمۇ شۇنىڭغا پاراللېل بولىدۇ. دەرۋەقە، ئەقىل بىلەن پەن، مەۋجۇتلا بولغان ھەر قانداق نەرسە ئىچىدە ھەممىسە ئوخشاش قانۇنىيەتنىڭ بارلىقىنى ئىنقىلاپ چىقىش ئۈچۈن، ھەر قانداق نەرسىنى ئوخشاش كۆرىدىغان قۇتۇپقا مايىل بولىدۇ. سەنئەت بولسا بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، مەۋجۇتلا بولغان ھەرقانداق نەرسە ئىچىدە پەقەت بىرلا مىسالغا مەركەزلىشىدىغان بولۇپ، بۇ مىسال مەيلى بىر كىشى ياكى بىر ئەھۋال ۋەياكى بىر نەرسە بولسۇن چوقۇم چىن ۋە تەكرارلانمىغان بولۇشى كېرەك. بۇ دەل سەنئەتنىڭ تۈپ ماھىيىتى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى ئوخشاش، تەكرارلىنىدىغان، سىلىشتۇرغىلى بولىدىغان ھەر قانداق پەننىڭ نەزەرىيەسى، بىرەر تەخمىنگە تايانغان ۋە ھەتتا شەرتى بولغىنىغا ئوخشاش. بۇ قۇتۇپىدا قانۇنلىرى بىلەن ئۆلۈك ماددىنىڭ، يەنە بىر قۇتۇپىدا بولسا ئەڭ چوڭ ئىپادىسى ئۆزلۈك بولغان ھاياتتىن تەشكىل تاپقان بۇ «مېخانىك» - «شەخسى»سىستېمىدا مېخانىك بولغاندىن قانچىلىك يىراقلىشالىساق شۇنچىلىك ئەركىنلىك ۋە ئىجادىيەتچانلىق بولىدۇ ۋە ئاخىرقى نۇقتىسىدا ئۆزلۈكنى ئىپادە قىلىدىغان يەنە بىر قۇتۇپتا يالغۇز چىنلىقلىنىلا تاپالايمىز. دەل ئەكسىچە بولغاندا، ئۆزلۈكتىن يىراقلىشىش قانچە چوڭ بولسا، شەرت - شارائىتقا باغلىنىپ قېلىش، ئوخشاشلىق، بىردەكلىك، قېلىپلىشىشمۇ شۇنچىلىك ئېشىپ بارىدۇ ۋە نىھايەت، يەنە بىر قۇتۇپتا ئابستراكت، ئوخشاش ۋە مېخانىك بولغىنىلا قېلىپ قالىدۇ.

## قىيامەت دىراماتورگىيەسى

شەخسىيەت سەنئەتنىڭ مەبۇدىسى بولۇپ كەلگەن. «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» تا 529 پېرسوناژ ئوبرازى بار. «ئىلاھىي كومېدىيە» بولسا تامامەن خاسلىقلار دۇنياسىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇلاردىن ھېچقاندىقى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ياكى «ئىنسان توپى»ئارىسىدا غايىب بولۇپ كەتكەن ئەمەس. ھەر بىرى ئۆز - ئالدىغا ئايرىم بىر خاراكتېرگە ۋە روھقا ئىگە بولۇپ، مەسئۇلىيىتى، خاتالىقلىرى ۋە گۇناھلىرى بىلەن شۇنچىلىك دەرىجىدە چىن ئىدىلەردىكى، سۇرلۇك مەھكىمە مەنزىرىسى، تارىختا ياشاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆتكەن مىليونلىغان ئىنسان بىلەن بىرلىكتە بىزگە نىسبەتەن تامامەن رىئاللىققا ئۇيغۇن ۋە ھەقىقىي كۆرۈنىدۇ. سىكستىن چېركاۋىنىڭ تورۇسىدا «يارىتىلىش كىتابى» دىن ئېلىنغان مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلىگەن تام رەسىملەر ئەمەلىيەتتە ئوبرازلار كۆرگەزمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئوبرازنى خاراكتېرىگە ئىگە قىلغان دەل ئىچكى دۇنيا ۋە ئەركىنلىكتۇر. چۈنكى خاراكتېر ئىنسان يۈزىدە ئەكس ئەتمەيدۇ، خاراكتېر يۈزدە ئەكس ئېتىدىغان غەيرەتتىن ئىبارەت. خاراكتېر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت روھ بىلەن ماددا، سۈپەت بىلەن سان، ئاڭ بىلەن ئادالەت، دىراما بىلەن ئۇتوپىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. خاراكتېر ھۆر، تەكرارلانمايدىغان ۋە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆلۈمسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تەبىئەتكە ھەر ۋاقىت قارشىدۇر. تەبىئەت ئوخشاشلىق، بىردەكلىك، مۇناسىپلىق، سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان بولسا، خاراكتېر تەبىئىيلىك، ئەركىنلىك، مۆجىزىۋىلىك ۋە ئۆزلۈككە ئىگە.

دىن روھقا، سەنئەت بولسا خاراكتېرىگە مەركەزلىشىدۇ. بىراق بۇلار ئوخشاش پىكىرنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئۇسۇل ئىشلىتىدۇ، خالاس. دىن روھقا خىتاب قىلىدۇ. سەنئەت روھقا يېتىشكە، ئۇنى بىزگە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئىپتىدائىي سەنئەتتە ماقالىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ باش ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە. بەدەنگە بولسا يالغۇز توشۇش رولىلا بېرىلگەن ئىكەن. بەدەن پەقەت سىخېمىلىق ھالدىلا تەسۋىرلەنگەن ياكى تامامەن سەل قارالغان. يېرىخودا تېپىلغان ۋە مىلادىدىن 6000 يىل بۇرۇنقى بىر زاماندىن قالغان ھەيكەل باشلار يېقىنقى زامان تاش دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ روھنىڭ ئورنىنىڭ باش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

پاسخا ئاراللىرىدا بايقالغان غايەت زور تاش رەسىملىرىدە ئادەم يۈزىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، بەدەن قىسمى ئاساسەن گەۋدىلەنمىگەن. چۈنكى ئىنجىلغا كۆرە، تەڭرى تۇنجى ئىنساننىڭ يۈزىگە نەپەس پۈۋلەش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن ئازراق ئېھسان قىلغان. بارلىق مەشھۇر سەنئەتكارلار فىدىياس ۋە پاراكسىتېلېستىن باشلاپ، پاپېيل، مىېلانگېلو، داۋىنچى، رودىن، مېشترووۋىچ ۋە پىكاسسوغىچە ھەممىسى ئاساسەن بىرلا تېما بىلەن يەنى ئىنساننىڭ خاراكتېرى ۋە ئىچكى دۇنياسى بىلەن مەشغۇل بولغان ئىدى. مونالىزانىڭ شۆھرىتى ئىچكى دۇنيانىڭ سىرىنى تەسۋىرلەش تەشەببۇسلىرىنىڭ بەلكىم ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا چىققانلىقىدىن بولغان. يېقىنقى

ئون يىلدا ئامېرىكا سەنئىتىدە بولۇپمۇ رەسىم سەنئىتىدە بولۇپ ئۆتكەنلەر بەزى كىشلەر تەرىپىدىن «ئىنسان خاراكتېرىنىڭ دىرامىغا ئايلىنىشى» دەپ تەرىپلەنمەكتە. بىراق سەنئەتكە نىسبەتەن بۇ ئەھۋال نورمال بىر دەۋرى خاراكتېرلىك ئايلىنىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەربىر سەنئەت ئەسىرىنىڭ تېمىسى ھەر ۋاقىت روھى ۋە شەخسىي بولۇپ، ھېچقاچان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئەمەس. پىلان ۋە زىننەت ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن سەنئەت ھەر ۋاقىت ئىپادىنىڭ مەنىۋى تەرىپىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھەتتا سەنئەت بەدەننى تەسۋىرلىگەن ۋاقىتتىمۇ مەنىۋىلىككە ئىگە. بەزىلەر نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىگە ئالدىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، رۇبېنسنى «بەدەن رەسسامى» دېسە، رەمبراندتنى «روھ رەسسامى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەر قانداق رەسسام شەخسىيەتنى، يەنى روھنى «تەسۋىر»لەيدۇ. ھەر قانداق دىرامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىنساننىڭ ئىچكى ئەركىنلىكى بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ دېتېرمىنىزمى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. بۇ دىرامىنىڭ دىنى مەنبەلىك ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. «شېكىسپېر»نىڭ ئويۇنلىرىدا ھەرىكەتلەر ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدىكى سەۋەبلەر، يوشۇرۇن روھلار چىرىكلەشكەن ھالىتى بىلەن شۇنچىلىك ھەقىقىي كۆرۈنىدىغان بولۇپ، ئادەمنى ھەقىقەتەن جەلپ قىلىدۇ» (چارلېس لامب). «ھەرىكەتلەر بىلەن كارىم يوق، ماڭا خاراكتېر ئوبرازلار بولسىلا بولدى» دېگەن ئېگېن ئونېيىلمۇ ئوخشاش نەرسىنى كۆزدە تۇتقان.

بۇ خاراكتېرلار ھېچقاچان ئوبيېكتىپ بولۇپ باققان ئەمەس. سەنئەت ئۇ يالغۇز مەن بىلەن سەن سۆپىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ (مارتىن بۇبېر: مەن ۋە سەن). سەنئەتكار بىلەن تاماشىبىنلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ تۈگىتىلىشىگە، ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقىۋاتقاندا تاماشىبىنلارنىڭمۇ ئەسەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشى سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن، زەڭگىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر ئۇسۇل ئۆمىكى مەلۇم بىر ئافرىقا يېزىسىغا ئويۇن قويغىلى كەلگەندە ئەتراپىدىكى تاماشىبىنلار پەيدىنپەي ئويۇنغا ئىشتىراك قىلىپ، ئۇسسۇلچىلار بىلەن تاماشىبىنلار ئارىسىدىكى پەرق يوق بولىدۇ. ئويۇندىن ھېچكىممۇ ئايرىلىپ قالمايدۇ، بۇ يەردە ھەممە ئادەم ئىشتىراكچى بولىدۇ. ئەسەر، سەنئەتچى ۋە تاماشىبىن بىرلىكى پىرىنسىپىدىن ئىبارەت. بۇنىڭغا سەنئەتنىڭ مېتافىزىكىلىق ماھىيىتى سەۋەب بولىدۇ.

سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەت دەپ تەرىپلەنگەن نەرسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى

مەزكۇر پىرىنسىپنىڭ ماھىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ماتېرىيالىست پەن ۋە پەلسەپە مەزكۇر پىرىنسىپتىن مۇتلەق مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا چىقارغان «ئوبيېكتىپلىق» دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇ ھەقىقەت، سەنئەتكە نىسبەتەن (دىنغا نىسبەتەن بولغىنىغا ئوخشاش) يالغۇز سەنئەتنىڭ بىر كۆرۈنۈشى، بىر زىنىنىتى ھېسابلىنىدۇ، خالاس. سەنئەت ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنىش، نىجاتلىققا ئېرىشىش ۋە غايىب بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئەبەدىلئەبەد تىرىشىشىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. بىر ئاز بۇرۇن قەيت قىلىنغىنىدەك، ھەر قانداق رەسىم خاراكتېر دېيىلىۋاتقان مۆجىزىنى تەسۋىرلەشتە ئاجىز كېلىدۇ. جانسىز تەبىئەتتە ياكى يالغانچى، غەيرى شەخسىي بىر دۇنيادا شەخسىيەت ۋە بۇ مۇناسىۋەت سەۋەب بولغان توقۇنۇش ھەر قانداق رەسىمنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. سەنئەتنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى بولمىسا سەنئەتمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. پەقەت تېخنىكىدىن ئىبارەتلا بولۇپ قالىدۇ. رەمب رادىنىنىڭ مەشھۇر رەسىملىرى بىلەن بازارلاردا ئەرزان باھادا سېتىلغان لېكىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن دوراپ سىزىلغان رەسىملەر ئارىسىدا روشەن پەرق بار. دەرۋەقە، ھەر قانداق بىر رەسىم ئاڭ، شەخس ۋە ئەركىنلىك دەپ تەرىپلىنىدىغان، دۇنيا ۋە تەبىئەت بىلەن زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتتە بولغان ھەقىقىي ئىنساننى تەسۋىرلەشكە مايىل كېلىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، بۇ پسىخولوگلار كۆزدە تۇتقان «پسىخىكا» ئەمەس. بۇ ئىنسان شەرىپى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ھەقىقىي «روھ» (قۇرئان9/32) تۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل دىنلار، پەيغەمبەرلەر ۋە شائىرلار كۆزدە تۇتقان روھتۇر. بۇ جۇڭ بىلەن دوستويېۋسكى ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ. بىر تەرەپتە جۇڭ تەكىتلىگەن «پسىخىكىلىق ئوبرازلار»، يەنە بىر تەرەپتە «جىنايەت ۋە جازا» دىكى خاراكتېرلار بار. بىر تەرەپتە تەبىئەت بىچارىلىرى، سۈنئىي ۋە ئىككى تەرەپلىك مەۋجۇداتلار، يەنە بىر تەرەپتە گۇناھ بىلەن ئەركىنلىك ئارىسىدا تولغىنىپ تۇرىدىغان ئىنسانلار، يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بار.

## سەنئەتكار ۋە سەنئەت ئەسىرى

سەنئەتنىڭ مېتافىزىكىلىق مەنبەسىدىن پەرقلىق بولغان بۇ خىلدىكى غەلىتە، غەيرى ئەقىل، غەيرى تەبىئەت تەرىپى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلانغان ۋاقتىمىزدا،

سەنئەت ئەسرى تاشقى دۇنيا ئەسرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە بۇ سەنئەتنىڭ ئەسلىدىكى غايىسى بولمايدۇ. غايە ئىجادىيەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئەسەر بولسا ئۇنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قوشۇمچە مەھسۇلاتى. سەنئەتنىڭ ئۆزى مايىللىق بولۇپ، تاشقى دۇنيادا ئەمەس ئىچكى دۇنيادا ساقلانغان بولىدۇ. يەنى روھنىڭ ئىچىدىكى نەرسىدۇر. سەنئەت سەنئەت ئەسرى بولمىغان تەقدىردىمۇ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بۇ خىلدىكى ئىجادىيەت ئىستەكسىز بولسا سەنئەتنى ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. پوللىك(1) رەخت (رەسىم ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تۈرى) ئۈستىدە مېڭىپ يۈرۈپ ياكى رەخت ئۈستىدە بوياق قۇتۇلىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ رەسىم سىزاتتى. راۋۇسچېنبېرگ(2) بىر قېتىملىق رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئوخشىمىغان چوڭلۇقتىكى قۇرۇق ۋە ئاپئاق رەسىم رەختى بىلەن ئاچقان ئىدى. يىۋېس كلېيىن(3) 1954 - يىلى مادرىدتا بىرلا رەڭدە ئون سەھىپىدىن تەشكىل تاپقان بىر ئالبوم ئېلان قىلدۇرغان ئىدى. ئامېرىكىلىق رويالچى جون كاگ (4) «تۆت مىنۇت ۋە 33 سېكۇنت» ناملىق ئىجادىيىتىدە پىيانىنونى چالماستىن پىيانىنو بېشىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتكەن. هاملېت(5) نىڭ «ھەرىكەتتىكى ھەرىكەتسىزلىك» ياكى ئالېكساندىر چېخوف (6)نىڭ دىراممىلىرىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئازلىقى دەل بۇ تۈرگە كىرىدۇ. چېخوفنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە سەھنىلەر سۈكۈتتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. سەھنىدە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ. چۈنكى ھەرىكەت ئىچكى دۇنيادا جەريان قىلىدۇ. ئۈمىد، پۇشايمانلىق، ئاچچىق، غەزەپ، نەپرەت، .ئىللەت، ئۈمىدسىزلىك ھادىسىلەر بولماستىن ئىچكى تەجرىبىلەر كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. ياپون نو - درامىسىدا سۈكۈناتلىق سەھنىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، 20 مىنۇتتەك ھېچ ئىش قىلماستىن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. پەقەتلا ئۆز ئىچىدە جەريان قىلغان بوران چاپقۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ. ناچار سەنئەتتە مەۋجۇت بولغان بۇ خىلدىكى قاراش (ئىچكى ۋە سۇبيېكتىپلىقنىڭ تەكىتلىنىشى، تاشقى ۋە ئوبيېكتىپلىقنىڭ ئىنكار قىلىنىشى) نەتىجىدە بىمەنە نەتىجىلەرنى تۇغدۇرىدۇ.

غەيرى رەسمىي رەسىم سەنئىتىدە رەسىمنى تاشقى دۇنيانى ئىنكار قىلىش، دەپ

(1) Pollck
(2) Rauschenberg
(3) Yves Klein
(4) John Cage
(5) Hamlet
(6) Alek - sander Çehov

چۈشىنىش مۇمكىن. بۇ خىلدىكى ئىنكارنى ئىخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. رەسىم سىزىشنىڭ ئۆزى (رەسىمنىڭ ئۆزى ئەمەس) سەنئەتنىڭ ئەسلىدىكى غايىسى ۋە مەنىسىدۇر. بىر سەنئەت ئەسىرى ۋۇجۇدقا چىققاندىن سىرت، ئىستەك پاسسىلىدىلا قېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇنى كۆپەيتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. سەنئەت ئەسىرىنىڭ ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قېلىشى شەرت. خاس ئالاھىدىلىكى بولمىغان تەقدىردىمۇ «ئەسەر»نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا گۇمان پەيدا قىلمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلىشى ئىنكاردىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. دەل بۇ نۇقتىدا مۇنۇ خۇلاسىگە كېلىمىز: سەنئەت ئەسىرى كۆپەيتىلگەن ھامان مەنىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇنداق بولغاندا سەنئەتكارنىڭ ئىستىكى ياكى نىيىتى (كۆرۈنۈشتە ئىمزا قويۇش ئارقىلىق تەستىقلاش) سەنئەت ئەسىرىنى تەستىقلىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىشى بولۇپ قالىدۇ. سچىۋۋىتتېرس[1] «سەنئەتكار ئوتتۇرىغا چىقارغان ھەر نەرسە سەنئەتتۇر» دەيدۇ.. نىيەت (ياكى مايىللىق) ئىنسان ھەرىكەتلىرىنى تاشقى دۇنيادا مەنە، ئىپادە ۋە نەتىجىلەرگە ئۆزگەرتەلمىسىمۇ ئۆزگەرمەس قىممەت ئۆلچىمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. سەنئەت ئىجاد قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى پائالىيەتنىڭ دەل ئۆزى. خۇددى نەتىجىسى چىقمايدىغان بىر ئىشقا ياكى بىھۇدە پىداكارلىققا قىممەت ئاتا قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئەخلاق بولغانلىقىغا ئوخشاش. ئەگەر سەنئەت، دىن ۋە ئەخلاقتىن قوشۇمچە ۋە تاسادىپىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ تاشلىساق، ئىستەك، ئارزۇ ياكى نىيەتنىلا ئۇچرىتىمىز. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ھەقىقىي مەنىسى بولغان ئەركىنلىكىنى تاپالايمىز. دىن، ئەخلاق ۋە سەنئەتنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش يەنى ئىنسانىيەت.

مەدەنىيەتنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە تەكرارلىنىدىغان ئەسەرلەرمۇ سەنئەتكارنىڭ خاراكتېرى ۋە كىشىلىكى تۈرتكىسىدە يېڭىلىنىدۇ. ئارتۇ رۇبىنستېين[2] بىر قېتىم بىتخوۋېننىڭ تۆتىنچى رويال كونچېرتوسىنى ھەر قېتىم ئىجرا قىلغاندا باشقىچە تۇيغۇ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. مېيېرخولد بىر ئىجادىيەت (مەسىلەن، ھاملەتنىڭ) ئوخشىمىغان رېژىسسورلار تەرىپىدىن سەھنىگە قانچىلىك ئېلىپ چىقىلسا شۇنچىلىك يېڭى ئەسەر بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ سەنئەت ئەسىرىدە ئەمەس، بەلكى سەنئەتكارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ۋە خاراكتېرىدە پەيدا بولىدىغانلىقى،

(1) Schvvitters
(2) Arthur Rubinstein

كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ پەقەتلا ئەركىنلىككىلا ئىنتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى، سەنئەت ئەسىرىنىڭ سەھنىدە قويۇلۇشى ھەم سەنئەتكارغا نىسبەتەن، ھەممە تاماشىبىنلارغا نىسبەتەن ھەر دائىم يېڭى ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەر ئۈستىدە گەپ چىقىپ قالغاندا، سەنئەتكار ئۈستىدە كۆپرەك توختىلىمىز. پىكاسسو، كىزبىزانىنېنىم رەسىملىرىگە ھەر قېتىم نەزەر سالغىنىمدا، كىزبىزانىنېنىمنىڭ بۇ رەسىملەرنى سىزغاندا قانداقراق ھېسسىياتتا ئىگە بولغانلىقىغا قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. «رەسسامنىڭ نېمىنى سىزغانلىقى مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى رەسسامنىڭ دەل ئۆزى، يەنى ھېسسىياتى». ئۇنىڭچە، سەنئەت ئەسىرى سەنئەتكارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىش نۇقتىسىدىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەتتا ئەسەردە سەنئەتكارنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. «ئەسكى ئادەمدىن بۈيۈك شائىر چىقمايدۇ» (بورىس پاتېرناك). چۈنكى، ئەسەر دېگەنلىك يازغۇچى ياكى سەنئەتكارنىڭ ئۆزى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئەھۋالغا نورمال پاراڭدىمۇ شاھىت بولىمىز. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ ئىسمىنى بېرىشنىڭ ئورنىغا «بۇ كىزبىزانىنېنىم، دۈرېر، رۇبېنستۇر» دەيمىز. «كېچە نۆۋىتى» دېيىشنىڭ ئورنىغا رېمبىراندت دېگەن ۋاقتىمىزدا، رەسىم ھەققىدە دېيىشكە تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى دەپ بولغان بولىمىز. ماھىيەت دېگەن ئەسلىدە بۇنى كۆرسىتىدۇ. قالغىنى ئۇنىڭغا چېتىشلىق مۇناسىۋەتتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

سەنئەت ئىچكى دۇنيارىمىزنىڭ ھەقىقەتلىرىگە تەۋە بولۇپ، ھەرگىزمۇ رېئاللىقلارنىڭ تاشقى دۇنياسىغا ئەمەس. شۇڭلاشقا، سەممىي ۋە غەيرى سەممىي سەنئەت ئوتتۇرىسىدا، ئىلھامغا تايانغان بىر شېئىر بىلەن بىراۋنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يېزىلغان شېئىر ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق مەۋجۇت. نېمە ئۈچۈن «ھەر كۆچۈرمىكەشلىك ناچار ئىشتۇر؟»[1] (ئاللايىن). ئەسلى نۇسخا بىلەن كۆپەيتىلگەن نۇسخا ئارىسىدا ۋۇجۇدقا چىقىرىش نۇقتىسىدىن پەرق مەۋجۇت. لېكىن ئوبيېكتىپلىق نۇقتىسىدىن ھېچقانداق پەرق يوق.

كىچ[2] قا مۇناسىۋەتلىك ئىشمۇ دەل بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئورنىنى ئوبيېكتىپلىقنى ئاساس قىلىپ ئىنقىلاب چىقىش تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىدۇ.

(1) Allain
(2) Kitsch

چۈشىنىش مۇمكىن. بۇ خىلدىكى ئىنكارنى ئېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. رەسىم سىزىشنىڭ ئۆزى (رەسىمنىڭ ئۆزى ئەمەس) سەنئەتنىڭ ئەسلىدىكى غايىسى ۋە مەنىسىدۇر. بىر سەنئەت ئەسىرى ۋۇجۇدقا چىققاندىن سىرت، ئىستەك پاسىلىدىلا قېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇنى كۆپەيتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. سەنئەت ئەسىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قېلىشى شەرت. خاس ئالاھىدىلىكى بولمىغان تەقدىردىمۇ «ئەسەر»نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا گۇمان پەيدا قىلمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلىشى ئىنكاردىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. دەل بۇ نۇقتىدا مۇنۇ خۇلاسىگە كېلىمىز: سەنئەت ئەسىرى كۆپەيتىلگەن ھامان مەنىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇنداق بولغاندا سەنئەتكارنىڭ ئىستىكى ياكى نىيىتى (كۆرۈنۈشتە ئىمزا قويۇش ئارقىلىق تەستىقلاش) سەنئەت ئەسىرىنى تەستىقلىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىشى بولۇپ قالىدۇ. سچىۋۋىتتېرس[1] «سەنئەتكار ئوتتۇرىغا چىقارغان ھەر نەرسە سەنئەتتۇر» دەيدۇ.. نىيەت (ياكى مايىللىق) ئىنسان ھەرىكەتلىرىنى تاشقى دۇنيادا مەنە، ئىپادە ۋە نەتىجىلەرگە ئۆزگەرتەلمىسىمۇ ئۆزگەرمەس قىممەت ئۆلچىمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. سەنئەت ئىجاد قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى پائالىيەتنىڭ دەل ئۆزى. خۇددى نەتىجىسى چىقمايدىغان بىر ئىشقا ياكى بىھۇدە پىداكارلىققا قىممەت ئاتا قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئەخلاق بولغانلىقىغا ئوخشاش. ئەگەر سەنئەت، دىن ۋە ئەخلاقتىن قوشۇمچە ۋە تاسادىپىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ تاشلىساق، ئىستەك، ئارزۇ ياكى نىيەتنىلا ئۇچرىتىمىز. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ھەقىقىي مەنىسى بولغان ئەركىنلىكنى تاپالايمىز. دىن، ئەخلاق ۋە سەنئەتنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش يەنى ئىنسانىيەت.

مەدەنىيەتنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە تەكرارلىنىدىغان ئەسەرلەرمۇ سەنئەتكارنىڭ خاراكتېرى ۋە كىشىلىكى تۈرتكىسىدە يېڭىلىنىدۇ. ئارتۇ رۇبىنستېيىن[2] بىر قېتىم بىتخوۋېننىڭ تۆتىنچى رويال كونچېرتوسىنى ھەر قېتىم ئىجرا قىلغاندا باشقىچە تۈيغۇ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. مېيېرخولد بىر ئىجادىيەت (مەسىلەن، ھاملەتنىڭ) ئوخشىمىغان رېژىسسورلار تەرىپىدىن سەھنىگە قانچىلىك ئېلىپ چېقىلسا شۇنچىلىك يېڭى ئەسەر بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ سەنئەت ئەسىرىدە ئەمەس، بەلكى سەنئەتكارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ۋە خاراكتېرىدە پەيدا بولىدىغانلىقى،

(1) Schvvitters
(2) Arthur Rubinstein

كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ پەقەتلا ئەركىنلىككىلا ئىنتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى، سەنئەت ئەسىرىنىڭ سەھنىدە قويۇلۇشى ھەم سەنئەتكارغا نىسبەتەن، ھەمدە تاماشىبىنلارغا نىسبەتەن ھەر دائىم يېڭى ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەر ئۇستىدە گەپ چىقىپ قالغاندا، سەنئەتكار ئۇستىدە كۆپرەك توختىلىمىز. پىكاسسو، كىزىېزانىيېنىم رەسىملىرىگە ھەر قېتىم نەزەر سالغىنىدا، كىزىېزانىيېنىمىنىڭ بۇ رەسىملەرنى سىزغاندا قانداقراق ھېسسىياتقا ئىگە بولغانلىقىغا قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. «رەسسامنىڭ نېمىنى سىزغانلىقى مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى رەسسامنىڭ دەل ئۆزى، يەنى ھېسسىياتى». ئۇنىڭچە، سەنئەت ئەسىرى سەنئەتكارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىش نۇقتىسىدىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەتتا ئەسەردە سەنئەتكارنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. «ئەسكى ئادەمدىن بۈيۈك شائىر چىقمايدۇ» (بورىس پاتېرناك). چۈنكى، ئەسەر دېگەنلىك يازغۇچى ياكى سەنئەتكارنىڭ ئۆزى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئەھۋالغا نورمال پاراگدىمۇ شاھىت بولىمىز. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ ئىسمىنى بېرىشنىڭ ئورنىغا «بۇ كىزىېزانىيېنىم، دۈرېر، رۇبېنىستۇر» دەيمىز. «كېچە نۆۋەتى» دېيىشنىڭ ئورنىغا رېمبراندت دېگەن ۋاقتىمىزدا، رەسىم ھەققىدە دېيىشكە تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى دەپ بولغان بولىمىز. ماھىيەت دېگەن ئەسلىدە بۇنى كۆرسىتىدۇ. قالغىنى ئۇنىڭغا چېتىشلىق مۇناسىۋەتتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

سەنئەت ئىچكى دۇنيارىمىزنىڭ ھەقىقەتلىرىگە تەۋە بولۇپ، ھەرگىزمۇ رېئاللىقلارنىڭ تاشقى دۇنياسىغا ئەمەس. شۇڭلاشقا، سەمىمىي ۋە غەيرى سەمىمىي سەنئەت ئوتتۇرىسىدا، ئىلھامغا تايانغان بىر شېئىر بىلەن بىراۋنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يېزىلغان شېئىر ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق مەۋجۇت. نېمە ئۈچۈن «ھەر كۆچۈرمىكەشلىك ناچار ئىشتۇر؟»(1) (ئاللايىن). ئەسلى نۇسخا بىلەن كۆپەيتىلگەن نۇسخا ئارىسىدا ۋۇجۇدقا چىقىرىش نۇقتىسىدىن پەرق مەۋجۇت. لېكىن ئوبيېكتىپلىق نۇقتىسىدىن ھېچقانداق پەرق يوق.

كىچ(2) قا مۇناسىۋەتلىك ئىشمۇ دەل بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئورنىنى ئوبيېكتىپلىقنى ئاساس قىلىپ ئىنقىلاب چىقىش تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىدۇ.

(1) Allain
(2) Kitsch

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۈكلاشقا، ئابراھام مولېس[1] «كىچ ئوبيېكتىپ بىر نەرسە بولماستىن، ئىنسان بىلەن ئوبيېكتىپ نەرسە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسىم بولماستىن بەلكى سۈپەتتۇر» دەيدۇ.

مەيلى رەسىمنىڭ ئۆزى بولسۇن مەيلى ۋۇجۇدقا چىقىش شەكلى بولسۇن، ھەر قانداق بىر سەنئەت نە ساختا بولمايدۇ نە ھەقىقىي. لېكىن، سەنئەتكارنىڭ دۇنياغا ۋە ئۆز ئەسىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى سەنئەت ئەسىرىنى ساختا قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. تەكرارلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى ئاكادېمىكلەشتۈرۈش قاتارلىقلار ئەسەرنىڭ ئىسىم جەھەتتىكى ئۇسلۇبى ياكى شەكلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ساختا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي ئىلھام ۋە ئەركىنلىك ئېگىدىن مەھرۇمدۇر. ئەركىنلىك سەنئەتتە ئىچكى دۇنيانىڭ شەرتى بولۇپ ئورنىنى ھېچقانداق بىر نەرسە باسالمايدۇ. ئاكادېمىكلەشتۈرۈش دېگەنلىك ئۆلۈم بىلەن باراۋەر» (جىن كاسسو Jean Cassou).

سەممىيەتسىز سەنئەتكار ئۆلۈك تۇغۇلغان بىر ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقارغان بولىدۇ. بۇ نامازغا ئوخشايدۇ. ھاياجان ياكى خۇشۇئ ئىچىدە ئوقۇلمىغان ناماز قايسى دۇنيادا ۋە قايسى ئاتدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر مەنىلىك بولمايدۇ. دىندا رىياكارلىق ياكى شەكىلۋازلىق قانداق بولسا، سەنئەتتىمۇ ئاكادېمىكچىلىك شۇنداق بولىدۇ.

روھنىڭ ھەرىكىتى بولغان ئىجادىيەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تاشقى دۇنيادا رېئاللىقتىن ئىبارەت بولغان ئەسەرنىڭ قوشۇمچە ئەھمىيىتى، چۈشىنىش تەس بولغان سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يەردە مۇنۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ قويايلى. ھازىرغىچە تولۇق چۈشىنىشلىك بولغان (باشقىلار تەرىپىدىن تولۇق چۈشىنىلگەن) بىرەرمۇ سەنئەت ئەسىرى بولۇپ باققان ئەمەس. دەرۋەقە، «سەنئەت ئەسىرى ئالدى بىلەن بىر ئىچكى مەسىلە، بىر سىر ۋە بىر ئېتىقاد مەسىلىسىدۇر» (فىرانسۇز ھەيكەلتىراش ئادەم). سەنئەت ئەسىرى بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا ئىنسانلار تەرىپىدىن قىسمەن بولسىمۇ چۈشىنىشلىك نەرسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. «رەسىملىرىمنى دۇنيادا بىرلا كىشى چۈشىنەلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ مەن». ئىتالىيەنىڭ تونۇلغان رەسساملىرىدىن دې چىرىكو «مېتافىزىكا رەسىم سەنئىتىنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر» دەيدۇ. تىراگېدىيە يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان دىراملار (ئەگەر ھەقىقىي بولسا)

(1) Abraham Moles

يالغۇز يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشلىرىدىن بىر بۆلەك، خالاس. ئىگنازىيو سىلونې[1] مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ھاياتىم توغرىسىدا ھېچقانداق يەردە ئېغىز ئېچىپ باقمىغان بولساممۇ، رومانلىرىمدا بارلىق پېرسوناژلار مېنىڭ ھاياتىمدىن ئېغىز ئاچىدۇ». شېئىر سەنئىتى مونولوگ ۋە كۆپ قېتىملىق سۈكۈناتلىقتىن ئىبارەت. بىراق شائىرغا نىسبەتەن مونولوگ ھەقىقەتتىن ئىبارەت. ئالبېرتو گىياكومېتتى[2] كۆزسىز ھەيكەلچىلىكتىن نېمىنى دېمەكچى بولغىيتتى؟ گىياكومېتتى سەنئەتنى «بىمەنە پائالىيەت» بىلەن «ئىمكانسىز نەرسىلەرنى ئىزدەش ۋە ئوتنى تۇتۇشقا، روھىي دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە بىھۇدە تىرىشىشتىن ئىبارەت» دەپ تەرىپلەش ئارقىلىق سوئالىغا قىسمەن بولسىمۇ جاۋاب بەرگەن ئىدى. تاماشىبىن ياكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ «چۈشىنىكسىز» بىر شېئىر، رەسىم ياكى ئوبرازغا نارازىلىقى ئاساسەن دىگۈدەك سەنئەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەسلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بۇ سەۋەبتىن ئىجادىيەتنىڭ ئۆزى سەنئەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق غايىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەسەر بولسا «سەنئەتنىڭ تاماملانمىغان سىمۋولى»، خالاس. ئىجادىيەتتە سەنئەت تولۇق نامايان بولسا، خۇشاللىقمۇ كەم بولمايدۇ. ئەسەردە بۇنىڭدىن پەقەتلا ئاز بىر قىسمىلا مەۋجۇت. بۇ ئەھۋال سەنئەتكارغا نىسبەتەن قايغۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە بىر ئوبراز ياكى ھەيكەلنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىش ئىنتايىن تەس. چۈنكى ئەسەر سەنئەتكار ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن تامامەن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ. كۆرگەزمە زاللىرىغا قىلغان زىيارەتلىرىمىز بىزنىڭ قىزىقىشىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ يەردە «ئەبەدىي ئاتەش» يانمايدۇ. «بىر زامانلاردا رەسىم ئىدى لېكىن ھازىر ئۇنداق ئەمەس» دەيدۇ جىن دۇبۇففېت. بىر سەنئەت ئەسىرى بىر روھ ئىچىدە يانغان ئوتنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەسەرنىڭ ئۆزى بۇ ئوت ئەمەس. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەر ئوتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا شاھىت بولۇپ، ئوت قالدۇرۇپ قويغان ئىزدۇر.

## ئۇسلۇب ۋە ئۇنۇم

سەنئەتكار بىلەن ئەسەر، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپ پرىنسىپلار ئارىسىدىكى زىددىيەت، مەلۇم بىر سەنئەت ئەسىرىدە ئۇسلۇب ياكى ئۈنۈمنىڭ ئۈستۈنلۈكى

(1) İgnazio Silone
(2) Alberto Giacometti

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەققىدە ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئىختىلاپنىڭ تۈرتكىسىدە تەتقىق قىلىنىشى مۇمكىن. ئۇسلۇب بىلەن ئۇنىۋم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنسان بىلەن ئوبيېكتىپ نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. ئۇسلۇب خۇسۇسىي بولغان بولسا ئۇنىۋم غەيرى شەخسىي ئوبيېكتىپ بولغان بولىدۇ. ئۇسلۇب يارىتىلىدۇ. رول تەھلىل قىلىنىدۇ، تەتقىق قىلىنىدۇ ۋە قۇرۇلىدۇ. ئۇسلۇب ھاياجان بىلەن تولغان بولىدۇ، ئۇنىڭدا سەممىيلىك، تەجرىبە، قويۇق ئىشتىياق بولىدۇ. ئۇنىۋم بولسا تېخنىكا نۇقتىسىدىن مۇكەممەل بولۇشى مۇمكىن. ئۇسلۇبقا يېتىش تەس، ئىزاھلاش تېخىمۇ تەس. رولنى ئىزاھلىغىلى بولىدۇ.

بىر - بىرىدىن ئايرىم، مۇستەقىل ئىككى پائالىيەت شەكلى بار بولۇپ، ئۇلار گۈزەللەشتۈرۈش بىلەن تېخنىكا مۇكەممەللىكى. بىرسى ئىنساننىڭ ئىزاھلىنىشى مۇمكىن بولمايدىغان گۈزەللىك ۋە شەكىلگە بولغان ئىستىكىنىڭ قاندۇرۇلۇشى، يەنە بىرى ئىنساننىڭ ئېھتىياجىنىڭ ئىپادىسى بولغان رولنى نەزەردە تۇتۇش. بىرى خىلمۇ خىللىققا ۋە شەخسلىككە، يەنە بىرى بىر خىللىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ. پەقەت گۈزەللەشتۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ رولنى ساقىت قىلىپ شەكىل بېرىش ئاسانلا بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۈنئىي ۋە ئاجىز تەسىر بېرىدىغان بىر بىنانى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە، پەقەتلا رولغىلا ئەھمىيەت بېرىلگەن تېخنىكا مۇكەممەللىكىنىڭ نەتىجىسى، بىر خىللىققىلا يۈز تۇتقان سوغۇق ۋە خاراكتېرسىز ئوبيېكتىپلىق ياتىدۇ. فونكسىيالىزم تەرەپدارلىرىدىن بىرى بولغان مىياس ۋان دېر روخې «ئەگەر چېركاۋنى ئوبدانراق ياساپ چىقمىز دەيدىكەنمىز، ياسىلىدىغان چېركاۋ زاۋۇتلاردىن قىلچىمۇ پەرقى بولماسلىقى كېرەك» دەيدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، دۇنيانىڭ ئۆمۈرلۈك بۇ ئىككى زىددىيىتى ئۇسلۇب بىلەن رول ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە تەكرارلانماقتا.

## سەنئەت ۋە تەنقىد

رېئاللىقلار تەنقىدنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ۋە پاسسىلىنى ئىزاھلاپ بېرىشى مۇمكىن. تەنقىد سەنئەت ئەسىرىنى ئىزاھلاپ بېرىشقا كۈچەيدۇ. بىراق لوگىكىلىق ئۇسۇلى سەۋەبىدىن پەرەز قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم. شۇڭا «تەنقىد ئەسەرنى ئۆلتۈرىدۇ»

دېگەن گەپ بار. تەنقىد، چۈشەنچە مېۋىسى بولمىغان نەرسىگە «مەنە بېرىشكە» تىرىشىدۇ[1] . ئوبزورچىغا نىسبەتەن ئەسەر ئوبيېكتىپ بىر نەرسە ياكى «پسىخىكىلىق ھادىسە» دەپ قارىلىدۇ. سەنئەتكارغا نىسبەتەن بولسا، قايغۇ ھەسرەت ۋە بېشىدىن بولۇپ ئۆتكەنلەرنىڭ تەسىرىدە ھەرىكەتلەنگەن ئىچكى ھادىسە يەنى سۇبيېكتىپلىق سانىلىدۇ.سەنئەت تەھلىل ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، «قايغۇ ۋە ئازابنىڭ مېۋىسىدۇر» (پىكاسسو). شۇڭا، ئوبزورچىلار مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى سەۋەبلىك سەنئەت ئەسىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن بەكرەك خۇنۇكلەشتۇرۇۋېتىدۇ. ئېينىشتيىن ، كافكا ئىسىملىك بىر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاغرىنىدۇ: «ئۇنى پەقەتلا ئوقۇيالمىدىم. ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىنساننىڭ روھى يېتەرلىك دەرىجىدە مۇرەككەپ ئەمەس» (توماس مان يازغان مەكتۇپتىن ئېلىندى). بىراق ئوبزورچىلار كافكانىڭ ئۆزىدىنمۇ «ئۇستۇنلۇككە» ئېرىشىدۇ. ئالفرېد كەيسىنمۇ، بەزى ئوبزورچىلارنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كافكانى ئوقۇش تۈزۈكرەك، دېيىشىدۇ. «كافكا ئوبزورچىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئىنسانلىقتىن ئۇزاق ئىكەنلىكلىرىنى ئىسپات قىلىدىغان مىسال سۈپىتىدە بەرگەن». سەنئەتتە تەنقىد قانداق مۇمكىن بولمىسا، ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلى دىنىدىمۇ تېئولوگىيە شۇنداق مۇمكىن بولمايدۇ. (فالكنېر ئوبزورچىلارنى بازار بىلەن سېلىشتۇراتتى). دىن ئىلمي بولمايدۇ. ھەقىقي دىنى ۋە ئەخلاقي مەسىلىلىرىنى دىراما، تىياتىر ۋە رومان مۇۋاپىق شەكىلدە ئىزاھلىيالىشى مۇمكىن. ئىنجىل بىلەن قۇرئان تېئولوگىيە كىتابى ئەمەس. بۇ خۇسۇس دىن بىلەن سەنئەت ئارىسىدا ئالاقە، ھەتتا بېقىندىلىق نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. خىرىستىيانلىق ھەقىقي مەنىدە تېئولوگىيە ئەمەس، پەقەتلا ئىسا ھەققىدىكى تارىخ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولالايدۇ. ئىسا بىلەن ئىنجىل بىر تەرەپتە بولسا، پاۋۇل بىلەن چېركاۋ يەنە بىر تەرەپتە ئورۇن ئالىدۇ.

دىن بىلەن سەنئەت ئارىسىدىكى ئۇچرىشىش نۇقتىلىرى ھەققىدىكى بۇ ئانالىزنى يەكۈنلىگەندە مۇنۇلارنى تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار: سەنئەت، ئىنسانىي ئىزدىگەندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىمۇ ئىزدەيدۇ. بەزى سەنئەتكارلارنىڭ ئاتېئىست بولۇشى بۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. دەرۋەقە، «سەنئەت ھەرىكەت

(1) ئاندرې مارچاند: «رەسسام زىيالىيلاردىن ئەمەس. رەسىم سەنئىتىدە ئەقىل ۋە زېرەكلىكنىڭ ئورنى يوق، روھ ئىچىدە ئايدىڭلىق چوقۇم بولۇشى كېرەك.» رىسسېر: رەسىم سەنئىتى ئىنسانىي ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدۇ. سىجىل مەنبەگە قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئەڭ چىن ۋە ھەقىقي بولغان ئۇدۇر. مەدەنىيەت ئاكادېمىك خاراكتېرگە ئىگە. بىر زىيالىي ئەمەلىي سەنئەتنى قەتئىي چۈشىنىپ بولالمايدۇ.»

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇسۇلى بولۇپ، تەپەككۇر شەكلى ئەمەس» (ئالاين). دىنى بولمىغان رەسىم، ھەيكەل، شېئىر بولسىمۇ، لېكىن دىنى بولمىغان سەنئەت قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس. ئاتېئىست سەنئەتكار (سانى ئىنتايىن ئاز) ئىنساننىڭ مۇقەررەر زىددىيىتىگە خىتاب قىلغاندىن سىرت، ئىنساننىڭ ئاڭلىق مەنتىقىسىگە غەيرى ئىختىيارى ۋە ئومۇمىي مايىللىقتىن نىسپىي مۇستەقىللىقكە ئىنتىلىشىگە خىتاب قىلىدۇ. بۇ غەيرى ئىختىيار، ئومۇمىي مايىللىق «ئاسمان بىلەن يەرنىڭ» بارلىق بېسىمىغا ئىنساننىڭ جاۋابىنى تەييار قىلىدۇ. دىنى ھەقىقەتلەر مەۋجۇت بولمىسا، سەنئەت ھەقىقەتتىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

# تۆتىنچى باب: ئەخلاق

## مەسئۇلىيەت ۋە مەنپەئەت

پۈتكۈل ھەقىقەتنى ئۆزلىرىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىككى سىستېمىنىڭ تاشقى تەرەپلىرى تولۇق ئايدىڭلاشقىنى يوق. بىر تەرەپتە ھۆررىيەتنى، غەيرى ئىختىيارىيلىقنى، ئاڭنى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقنى يارىتىش ئالدىنقى پىلانغا چىققان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتى، ئادالەت، ئوخشاشلىق ۋە تاكامۇللۇق ئالدىنقى پىلانغا چىقىدۇ. بۇ زەنجىرلەرنىڭ يەنە ئىككى ھالقىسى بار بولۇپ، ئۇلار مەسئۇلىيەت ۋە مەنپەئەتتىن تەشكىل تاپىدۇ. ئالدىنقىسى ئەخلاقنىڭ، كېيىنكىسى سىياسەتنىڭ مەركىزى ئۇقۇمىدۇر.

بىر - بىرىنىڭ زىتى بولغان مەسئۇلىيەت ۋە مەنپەئەت ھەر ئىنسانىي ھەرىكەت شەكلىنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىككىسىنى پىرىنسىپ جەھەتتىن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مەسئۇلىيەت ھەر قانداق ۋاقىتتا مەنپەئەتچىلىكتىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئەخلاق نە فۇنكسىيەلىك ئەمەس، نە ئەقلىي ئەمەس. ئەگەر ھاياتىمنى خەۋپكە ئىتتىرىپ قوشنامنىڭ بالىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئوت كەتكەن ئۆيگە كىرىپ قۇچىقىمدا ئۆلگەن بالا بىلەن قايتىپ چىقسام، نەتىجىسىز قالغان ھەرىكىتىمنىڭ قىممىتى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ پايدىسىز پىداكارلىقتا، نەتىجىسىز قالغان بۇ ھەرىكەتكە قىممەت بېرىدىغان نەرسە دەل ئەخلاقتۇر. خۇددى «خارابىلىكلەرنى گۈزەل قىلغان نەرسىنىڭ بىناكار بولغانلىغا» ئوخشاش. (ئا، پېررېت).

مەغلۇپ بولغان ئادالەت (بۇ خىل ئەھۋالدىمۇ قەلبلىرىمنى تامامەن ئەسىر ئالىدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ دۇنياغا تەۋە بولمىغان ھەقىقەت سۈپىتىدە ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. ئادالەت ۋە پەزىلەت يولىدا جېنى پىدا قىلغان قەھرىمانىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ قايسى خىل دۇنياۋى، تەبىئىي، لوگىكىلىق، ئىلمىي ۋە ئومۇمىي سەۋەبلەر بىلەن توغرىلىقى ئىسپاتلىنىدۇ؟ ئەگەر ماكان ۋە زامان ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان بۇ دۇنيا بىلەن، ھەق ۋە ھەقسىزلىق ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان تەبىئەت مەۋجۇتلا بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئادالەت يولىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈنلا بۇ دۇنيادا مەغلۇپ بولغان قەھرىمانىنىڭ پىداكارلىقى مەنىسىز بولۇپ قالامدۇ؟ بۇنىڭدىن باشقا، قەھرىمانىنىڭ ھەرىكىتى (مەنىسىز ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقىمىزدىن) قانۇنىيەت ۋە مەنپەئەتنى مەركەز قىلغان تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن مەنىسى ۋە قانۇنىيەتلىرى باشقا بىر دۇنياغا تەۋە (ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىگە ئوخشاش) خەۋەر سۈپىتىدىلا قالىدۇ. بىز ئىزاھاتىنى بىلمەي ۋە بۇنىڭغا ئېھتىياجمۇ ھېس قىلماستىن مەزكۇر «مەنىسىز» ھەرىكەتنى تەستىقلاپ، بارلىقىمىز بىلەن ئۇنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئالىمىز. بۇ ئاجايىپ ئىش بولۇپ، يا پەقەتلا چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ياكى پۈتۈنلەي چۈشەنگىلى بولىدۇ. قەھرىمانلارچە قىلىنغان بىر ھەرىكەتنىڭ چوڭلۇقى ئۇنىڭ نە پايدىلىق بولۇشىغا(چۈنكى كۆپىنچە ھاللاردا پايدىسىز) نە يوللۇق بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولمايدۇ. ئىنساننىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋە ئۆتكۈزۈلگەن تىراگېدىيەلەر بۇ دۇنيادا ئىلاھىي نەرسىلەرنىڭ ئەڭ روشەن ئىشارىتى بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئەبەدىي ۋە ئالەمشۇمۇل قىممىتى ۋە مەنىسى دەل بۇ نۇقتىدا ياتىدۇ.

بۇ دۇنيادا كۈرەش قىلىپ ئازاب ئوقۇبەت چەككەن بۈيۈك شەخسلەرنى مەغلۇپ بولغۇچى ئەمەس، غالىب كەلگۈچى ھېسابلايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىتى ئېنىقمۇ ئاشكارا بولغان بولامدۇ؟ ئۇ غالىپلار؟ بىراق قەيەردە، قايسى دۇنيادا غالىب كەلدى؟ خاتىرجەملىكى، ئەركىنلىكى، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر كىشى قانداقسىگە غالىب كەلگەن بولىدۇ؟ بەلكىم بۇ دۇنيادا بولماسلىقى مۇمكىن... ئۇ دۇنيانىڭ خەۋەرچىلىرى، بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە تەبلىغچىلەرنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ. ئۇلارنىڭ ھاياتى بولۇپمۇ پىداكارلىقلىرى بىزنى مۇنۇ مۇشكۈل سوئالغا دۇچ كەلتۈرىدۇ: يا ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ ۋاقىتقا باغلىق، چەكلەنگەن، تار، نىسپىي ۋە مەخپىي مەنىسىدىن باشقىچە مەنىسى بار، ياكى داۋاملىق ھەۋەس قىلىدىغان بۇ بۈيۈك شەخسلەر ئىقتىدارسىزلار ئۆلگىسى بولغان بولىدۇ. بىراق ئىش ئىككىنچى پەرەزدەك بولسا پۈتكۈل دۇنيا ۋەيران بولۇشقا باشلايدۇ.

ئەخلاق ھادىسىسى ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىتى بولۇپ تۇرۇپمۇ، ئەقلىي نۇقتىدىن ئىزاھلىنالماسلىقىدا دىنغا نىسبەتەن بىرىنچى ۋە بەلكىم بىرلا دەلىل ئىسپاتى بار. چۈنكى ئەخلاققا ماس ھەرىكەت قىلىش يا مەنىسىزلىك ياكى ئاللاھ مەۋجۇت بولغانلىقتىن مەنىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى تاللاش يوق. شۇڭا يا ئەخلاقىي تەييار ھۆكۈملەر يىغىندىسى سۈپىتىدە «چۆرۈۋېتىشىمىز» ياكى «ئەدەبىياتنىڭ ئىشارىتى» سۈپىتىدە سىمۋوللۇق مۇۋازىنەت تۈسى بېرىشىمىز كېرەك. بىراق ھاياتنىڭ ئەبەدىيلىكى ۋە ئىنساننىڭ ئۆلۈمسىزلىكى، يەنى ئاللاھنىڭ ۋە بۇ دۇنيادىن ئايرىم يەنە بىر دۇنيانىڭ بولۇشى شەرتى ئاستىدا ئىنساننىڭ ئەخلاقىي ھەرىكىتىنىڭ (مەيلى ئازغىنە مەنپەئەتتىن ۋاز كەچسۇن، مەيلى ھاياتىدىن ۋاز كەچسۇن) چوقۇم مەنىسى بولىدۇ.

ئازغىنە ئاز سانلىقلار ئىنسانىيەتنىڭ ۋە ھەر ئىنساننىڭ غۇرۇر مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. تۇرمۇشىمىزدا پەقەت پەزىلەت قانۇنىغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلغان ۋاقتىمىز ھەقىقەتەن ئاز. بىراق بۇنىڭ ئەكسىچە، مەنپەئەت ۋە پايدىمىزنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىمىزدىن ھالقىپ ئۆتكەن بۇ پەيتلەر ۋە ئەسلىمىلەر قانچىلىك ئاز بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھاياتىمىزنىڭ يېگانە قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئەسلىمىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان ھېچقاچان ئەخلاقىي جەھەتتىن «بىتەرەپ» بولۇپ باققان ئەمەس. شۇنداقلا ئۇ دائىم يا ھەقىقەتەن ئەخلاقىي ھەرىكەت قىلىدۇ، ياكى كۆرۈنۈشتە ئەخلاقلىقتەك ھەرىكەت قىلىدۇ، يەنى يالغان بولىدۇ. ھەر ئىككىلىسى رېئال تۇرمۇشتا داۋاملىق كۆرۈلىدۇ. ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ھەر خىل شەكىلدە ھەرىكەت قىلىنىغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ ھەر ۋاقىت ئادالەت، ھەقىقەت، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ئالدىنقى پىلانغا چىقىرىلغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ دانىشمەنلەر بىلەن قەھرىمانلار سەمىمىيەت ۋە ھەقىقەتنى كۆزلىگەندە، سىياسەتچىلەر بىلەن قۇتراتقۇ باشلىقلار رىياكارلىق ۋە مەنپەئەتنى كۆزلىگەندە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

قۇتراتقۇچىلار بىلەن ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ يالغان ئەخلاقىمۇ، بىز ئۈستىدە توختىلىۋاتقان نۇقتىدىن پەقەتلا ساۋاق بەرمەيدۇ. بۇ يالغان ئەخلاق، ئەخلاق ماسكىسى ۋە ئادالەت، باراۋەرلىك، گۇمانىزم ئىبارىلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملاشقان بۇ رىقابەت، ئەخلاق

www.uyghurkitap.com



ھەقىقەتنى قەھرىمانلار بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ ئازاب ئوقۇبەت بىلەن تولغان تۇرمۇشىغا ئوخشاشلا ئىسپاتلايدۇ. سىياسىي تارىخ ۋە يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر، ئەركىنلىك دۈشمەنلىرىنىڭمۇ بېسىم ۋە جاسۇسلۇق ۋاستىلىرىغا پاراللېل ھالدا، ئەركىنلىك ۋە ئادالەتنى ياقلايدىغان تۈزۈمنى ھەرىكەتلەندۈرگەنلىكىنى، ھاكىمىيەتنىڭ ئاز سانلىقتىن تەشكىل تاپقان بىر گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قولغا كىرگۈزۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك پىلانلارنى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە ئادالەت يولدا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش سۈپىتىدە كۆرسەتكەنلىكلىرىنى كۆرستىپ بېرىدىغان مىساللار بىلەن تولۇپ تاشقان. ھەتتا قورقۇنچلۇق جىنايەتلىرى سەۋەبىدىن «چار تەختىدىكى جاللات» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئىۋانمۇ، خىيانەت بىلەن ئەيىبلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان 400 ئېسىلزادىنى دارغا ئېسىشتىن ئىلگىرى مەزكۇر قارارىنىڭ ھەقلىق ياكى ئەمەسلىكىنى ئەتراپىدىكىلەردىن سورىغان ئىكەن. ئىۋاننىڭ رەھىمسىزلەرچە قىلمىشىنىڭ ئادىل ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا ئېھتىياجى بارمىدى ياكى (قۇتراتقۇلۇق سەۋەبلەردىن) خەلقنى ئويلاپ بۇنىڭغا ئېھتىياج ھېس قىلدىمۇ؟ ئەخلاق مەھكىمىسىدىن قېچىشنىڭ ئىمكانسىزلىقى بىلەن ئەخلاقىي جەھەتتىن باشقىلارنىڭ تەستىقلىشىغا ئېھتىياج ھېس قىلىش ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا مەۋجۇت. يالغان ئەخلاقنىڭ ئىپادىسى بولغان ئىككى يۈزلىمىچىلىك ھەقىقىي ئەخلاقنىڭ قىممىتىدىن ئېغىز ئاچىدۇ. خۇددى يالغان پۇلنىڭ قىممىتى ۋاقىتلىق بولسىمۇ راست پۇلنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا باغلىق بولغانلىقىغا ئوخشاش. ئىككى يۈزلىمىچىلىك ھەر كىمنىڭ ھەر كىمدىن ئەخلاقتا ئۈيغۇن ھەرىكەت قىلىشنى كۈتىدىغانلىقىغا ياكى تەلەپ قىلىدىغانلىقىغا ئىسپاتتۇر.

## نىيەت ۋە ئەمەل

تەبىئەت دۇنياسىدا شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ (ئەتۈرىسىگە ئەمەس). بىز بۇنى خالىساقمۇ خالىمىساقمۇ، ياخشى كۆرسەكمۇ كۆرمىسەكمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. بىز ھەتتا بۇ رېئاللىقتىن نەپرەت قىلىشىمىزمۇ مۇمكىن. بىراق ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز ۋە قەتئىي ئۆزگەرتەلمەيمىز. ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئەمەلىيەتلەر مەنىسىز كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ئىشارىتى يوق، شۇڭلاشقا ئۇلار ئەخلاقىي جەھەتتىن مەۋجۇت ھېسابلانمايدۇ. ئىنسانىي ئىچكى دۇنيارىمىزدا نەرسىلەر ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولمايدۇ. سۆزنىڭ تەبىئىي مەنىسىدە ئۇلار پەقەتلا مەۋجۇت ئەمەس. بۇ يەردە بىز ۋاستىسىز ئىشتىراكچى بولۇپ، مەزكۇر دۇنيانىڭ كۆرۈنۈشى بىۋاستە بىزگە باغلىق. بۇ يەر ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ ساھەسى ھېسابلىنىدۇ.

مەجبۇر قالغان ئىشلارنى قىلىدىغان، باي بىلەن نامرات، ئەقىللىك بىلەن ئەقىلسىز، مەلۇماتلىق بىلەن ساۋاتسىز، ئاجىز بىلەن كۈچلۈك شەخسلەردىن تەشكىل تاپقان تاشقى دۇنيادىن پەرقلىق ھالدا، ئىچكى دۇنيادا تولۇق ئەركىنلىك ۋە پۇرسەت باراۋەرلىكى مەۋجۇت. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان بارلىق رېئاللىقلار ئىرادىمىزدىن مۇستەسنا بولۇپ، ھەقىقىي كىشىلىكىمىزنى ئىپادە قىلمايدۇ. ماددىي چەك چېگرا بولمىغان، خالىس نىيەت ۋە ئىستەكلەردە ئەركىنلىك تولۇق مەنىسىنى تاپىدۇ. ھەر قانداق ئىنسان بىر قاتار ئەخلاق قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش ئارقىلىق ۋىجدانىغا ماس ھالدا ياشاشنى ئارزۇ قىلىشى ۋە بۇنىڭغا مايىللىقى بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ قايسى خىل قانۇنىيەتلەردىن بولۇشى مۇھىم ئەمەس. ھەممە ئادەم ياخشىلىق قىلمايدۇ، لېكىن ھەممە ئادەم ياخشىلىق تەلەپ قىلىشى ۋە بۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىشى مۇمكىن. كۆپلىگەن كىشى ناھەق ئىشلارنىڭ ئوڭشىلىشىغا كۈچ چىقىرىپ قويمايدۇ. بىراق ھەر قانداق ئىنسان ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا قىلىنغان ناھەقچىلىكنى تەنبىھ قىلىشى ياكى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشى مۇمكىن. (بۇ يەردە پۇشايمانلىقنىڭ مەنىسى ياتىدۇ). ئەخلاق ئەمەلىي ھالدا ئۆزىدە مەۋجۇت بولماستىن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىنساننىڭ توغرا ۋە دۇرۇس تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىشىدا، ئىرادىسىدە، تىرىشچانلىقىدا، نىجاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىدا ياتىدۇ. مۇكەممەل، گۇناھسىز بولۇش ئىنسانىي ئەمەس، گۇناھ قىلىش ۋە تەۋبە قىلىش ئىنسانغا تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ ئىنسانىي ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزىمىز خالىماي تۇرۇپ قىلىپ سالغان شۇنچىلىك كۆپ ئىشىمىز بار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇ تەرەپتە (ئىچكى دۇنيارىمىزدا) شۇنچىلىك خالىساقمۇ ھېچقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدىغان شۇنچىلىك كۆپ نەرسە بار... يەنى ئوخشىمىغان ئىككى ئايرىم دۇنيا: مەسىلەن، قەلب بىلەن تەبىئەت. بىر نىيەت ھېچقاچان ئەمەلگە ئاشمىسىمۇ، قەلب دۇنياسىدا ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇپ، بۇ تولۇق ھەقىقەت ھېسابلىنىدۇ. ئوخشاشلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر غەرەزسىز ئىشمىز پۈتۈنلەي تەبىئەت دۇنياسىدا ئىشقا ئاشسىمۇ، بۇنىڭ ئىچكى دۇنيارىمىز بىلەن ئالاقىسى يوق، دېگىلى بولىدۇ.

ئىستەك بىلەن ئەمەل ئارىسىدىكى بۇ زىددىيەت ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى ئەبەدىي زىددىيەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ زىددىيەت ئوخشاش شەكىلدە ئەخلاق، سەنئەت ۋە دىن ساھەسىدىمۇ مەۋجۇت. نىيەت، سەنئەت مۇددىئاسى ۋە دىندارلىق ماھىيەتتە بىر - بىرىگە تەۋە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە دۇنياۋى شەكلى بولغان ھەرىكەت، سەنئەت ئەسىرى ۋە دىنى مۇراسىملار بىلەن ئوخشاش مۇناسىۋەت ئىچىدە. ئالدىنقىسى روھى تەجرىبىلەر، كېيىنكىسى تاشقى دۇنيادىكى ھادىسىلەردۇر. بىرىنچىسىدە ئەمەللەر نىيەتكە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئىككىنچىسىدە ئەمەللەر نەتىجىلەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ . بىرىنچىسى دىنىنىڭ چاقىرىقى بولغان بولسا، ئىككىنچىسى سىياسەت ياكى ئىنقىلابنىڭ روھىدۇر. بۇ نۇقتىدا بىر - بىرىگە زىت ئىككى مەنتىق بولۇپ، بىرسىدە دۇنيانىڭ ئىنكارى، يەنە بىرسىدە ئىنساننىڭ ئىنكارى ئىپادە قىلىنىدۇ.

پەن بىلەن ماتېرىيالىزم ئىنساننىڭ ھەرىكىتىدىكى نىيەت ھەقىقىتىگە مۇقەررەر ھالدا گۇمان بىلەن قارايدۇ. نىيەتنىڭ نە ئەسلى نە ھەقىقىي ئەمەسلىكىنى، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىزاھلىنىشى زۆرۈر بولغان، سەۋەب ئەمەس نەتىجە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئىنسان ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى نىيەتتە ئەمەس، ئاڭنىڭ سىرتىدىكى نەرسىدە، يەنى ئومۇمىي دېتېرمىنىزم (قارارچىلىق)نىڭ مەلۇم قىسمىدا.

دىنغا كۆرە يۇقىرىقىنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، ھەربىر ئىنساننىڭ ئىچىدە ئىچكى مەركەز مەۋجۇت، بۇ ھەر جەھەتتىن باشقا بارلىق دۇنيادىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەربىر ئىنساننىڭ چوڭقۇر قاتلىمى ۋە روھىدۇر. نىيەت ئىنساننىڭ چوڭقۇرلۇقىغا، روھىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەرىكىتىنى ئۆزى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، تەستىقلايدۇ ۋە ئىچكى جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرىدۇ. بۇ جەرياندىن كېيىن ھەرىكەت يا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ياكى چىقمايدۇ. بىراق ئىچكى دۇنيادا قايتىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ. بۇ «ئۆزىگە مەسلىھەت» سالماستىنلا ئىنسانىڭ ھەرىكىتىدىن مۇستەسنا ۋە ۋاقىتلىق دۇنيادا مېخانىكىلىق ھەرىكەت ياكى تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىققان ئەسەر سۈپىتىدە قالىدۇ.

ئىنسان، قىلغان ئىشى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە ئاۋۋال خالىغىنىنى قىلىدىغان ۋە مايىللىقى بولغان مەخلۇقتۇر. يازغۇچى دىققىتىنى يالغۇز ھەرىكەتكىلا مەركەزلەشتۈرمەيدۇ، پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يەنى روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ساقلانغان مۇددىئاغا چۆكىدۇ. بۇنداق قىلمىغاندا، ئەدەبىي ئەسەر ئەمەس، پەقەت ۋەقەلىكلەر تىزىسى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولىدۇ.

گوللاندىيەلىك ئەخلاقشۇناس ئارنولد گېئۇلىنكس، ئەخلاقتا نىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي ئۆزىمىز يالغۇز ئىدراك ۋە ئىرادىدىن ئىبارەت. ئىگىمىزدىن خالىي بولغان پائالىيەت قابىلىيىتىمىز يوق. ھەرىكىتىمىز ئاساسەن دېگۇدەك قولىمىزدىكى ئىش ئەمەس. تامامەن ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. شۇڭلاشقا، ئەخلاققا مۇناسىپلىق توغرا ھەرىكەتتە بولماستىن، توغرا نىيەتتە.

بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر قاراشنى ھۇمې ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «بىر ھەرىكەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەخلاقىي قىممىتى يوق. بىر كىشىنىڭ ئەخلاقىي ھالى ۋە قىممىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىگە قارىشىمىز كېرەك. بىراق بۇنى بىۋاستە قىلىشقا ئەپسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، دىققىتىمىزنى قىلغانلىرىغا مەركەزلەشتۈرسەك بولىدۇ. بۇلارمۇ ئىستەك ۋە ئەخلاقىي ھۆكۈملەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشارەتلەر بولۇپ، بۇ شەكىلدە خاتىرىلىنىپ قالىدۇ (دېۋىد ھۇمې، ئىنسان تەبىئىتىگە ئائىت مەخسۇس ئەسەر).

بىز ئىشنى قىلىشنى نىيەت قىلغان ھامان، ئەبەدىي ھاياتىمىز نۇقتىسىدىن شۇ ئىشنى نىيەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈنلا قىلغان بولىمىز. بۇنىڭ سىرتىدا ۋۇجۇدقا چىققان بولسا دۇنياۋى، يەنى شەرتلىك ئەسلى بولمىغان، تاسادىپىي ۋە مەنىسىز ئۇنسۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان بولىدۇ. ئىستەك ۋە نىيەت ھۆر بولىدۇ، ۋۇجۇدقا چىقىش بولسا چەكلىمە، قانۇن ۋە شەرت - شارائىتلارغا باغلىق. نىيەت تامامەن بىزگە تەۋە بولغان بولسا، ۋۇجۇدقا چىقىش يات ۋە تاسادىپىي ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئەخلاق ئىستەك بولۇپ، ھەرگىزمۇ ھەرىكەت شەكلى ئەمەس. ئۇنداق بولمىغاندا ئاغۋاتنى پاكىز، ئاشقازان بىمارىنىڭ ئەقلى ھوشىدا جايىدا، دەپ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ بۇنداق بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىنسان ياخشى بولۇپ، ئەگەر ئۆزى چۈشەنگىنىدەك بولسىمۇ ياخشىلىقنى ئويلىسا، بۇ باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدىن خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىنسان ئەسكى بولۇپ، ئەگەر ئۆزى چۈشەنگىنىدەك بولسىمۇ ئەسكىلىكنى ئويلىسا، بۇ باشقىلار نۇقتىسىدىن ياخشى بولسىمۇ، نىيەت يەنىلا ئۆزگەرمەيدۇ. ھەر ۋاقىت تېما بولغان نەرسە ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدۇر بۇ. باشقىلارغا تەۋە دۇنيا ئەمەس، ئۆزىگە تەۋە دۇنيادۇر. بۇ يالغۇز روھى مۇناسىۋەتتىلا ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا مۇتلەق مەنىدە ۋە ئوخشاش شەكىلدە ھۆر ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىنسان چوقۇم مەسئۇل بولغان ۋە سارتېرنىڭ «دوزاختا نە گۇناھسىز ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلار، نە گۇناھسىز مەھكۇملار يوق» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ دەل مۇشۇنداق (ج.پ. سارتېر. ھۇيىس كىلوس)(1).

## چىنىقتۇرۇش ۋە تەربىيە

بۇرۇنقى كىتابلاردىكى ئەڭ تەسىرلىك ۋە ئەڭ كۆپ قىزىقىش قوزغىغان نەرسىلەر، ھىدايەت تېپىش ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن قايتىدىن تۇغۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەردۇر. چوڭ گۇناھكارلار ۋە زالىملار ئىزاھلاش مۇمكىن بولمىغان ئىچكى ھەرىكەتلىنىش ۋە غىدىقلىنىش تۈرتكىسىدە تۇيۇقسىزلا مۇلايىم دەرۋىشلەر ۋە ئادالەت پېشۋالىرى بولغان. بۇ ئىشلار ھەر ۋاقىت تۇيۇقسىز مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەر ئىدى. بۇ يەردە ھەر قانداق بىر قايتىدىن تەربىيە، جەريان، تەسىرگە ئۇچراش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.ئۇ روھنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھادىسە بولۇپ، تۆگىمەس كۈچى بىلەن ئىنساننى ئۆزگەرتىدىغان، تامامەن ئىچكى ئېنېرگىيە ۋە بۇلارغا پاراللېل مەۋجۇت بولىدىغان تەجرىبە تۈرتكە بولىدۇ. ھاسىل بولغان ئۆزگىرىش ئىنسانغا تەۋە بولۇپ، بۇ يەردە جەريان، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى، شارائىتقا باغلىق بولۇش، ھەتتا ئەقلىي ئىزاھاتىمۇ يوق. بۇ تامامەن ئەسلىدىنلا ئەركىنلىك ۋە ياراتقۇچى ئالاھىدىلىكى بولغان نەرسىدۇر.

ياخشىلىققا ئوخشاشلا ئەسكىلىكمۇ ئىنساندا تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسان ھەر قانداق بىر تاشقى تەسىر، شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ، مەجبۇرى كۆندۈرۈش ، قانۇنلار،

(1) J.P. Sarte, Huis Clos

زورلۇقلار بىلەن «ئىسلاھ» قىلىنمايدۇ. پەقەتلا ھەرىكەتنى ئۆزگىرىشى مۇمكىن. گۇناھ بىلەن پەزىلەت، ھىيپولىت تايىن ۋە زولانىڭ ئويلىنىغىنىغا ئوخشاش «كىسلاتا ۋە شېكەرگە ئوخشاش مەھسۇلاتلار» ئەمەس. تولستوي «تىرىلىش» ناملىق ئەسىرىدە مەھبۇسلارنىڭ «قايتىدىن تەربىيە قىلىنىشى» نىڭ ئىنسانلارنى سۇيىئىستېمال قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى، نەتىجىدە ئىنسانلارغا زىيان بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يېڭىدىن تۇغۇلۇش، مۇسۇلمان بولۇش روھ ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، روھتا ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. دىن نۇقتىسىدىن قارىغانلا رەزىللىكنىڭ تۈگىتىلىشى ئۈچۈن قىلىنغان ھەر قانداق تاشقى تەسىر نەتىجىسىز قالىدۇ. خىرىستىيانلىق ۋە بۇددىزمدىكى «رەزىللىككە قارشى ئاجىزلىق» نىڭ ھەقىقىي مەنىسى دەل مۇشۇنداق.

شۇڭلاشقا، مەجبۇرى تېڭىلغان تەربىيە نەتىجىسىز قالىدۇ، ئەسكەرلەرنى مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق بەرداشلىق بېرىدىغان، چىدامچان، ماھارەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بىراق، شان شەرەپ، ھاياجان، غۇرۇر ۋە قەھرىمانلىق تۇيغۇسى يېتىلدۈرمەك تەس. چۈنكى بۇلار روھنىڭ ئالاھىدىلىكىگە كىرىدۇ. تارىختا، بىر ئېتىقادنى ياكى يۈرۈش - تۇرۇشنى قانۇنلار، تېررورلۇق، بېسىم ۋە زۇلۇم بىلەن مەجبۇرىي تېڭىپ نەتىجە كۆرگەنلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ھەر پېداگوكلارنىڭ تەكىتلىگىنىدەك، بالىنى مۇئەييەن تەرەپكە مەجبۇرىي ھالدا يېتەكلەش بالىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە بالا تامامەن قارشى تەرەپكە مايىل بولىدۇ. بۇ خۇسۇس، ئىنساننىڭ «ئىنسانىي» خاراكتېرىدىن بەكرەك ئالدىنقى پىلانغا چىقىدۇ. ئىنساننى بىر ئىشقا مەجبۇرىي كۆندۈرۈش نەتىجىسىز قالىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ روھى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇ چارىسىزلىك ۋە تەربىيەنىڭ قانداق بولۇشىنىڭ مۇجمەل بولۇشىدا ئىنساننىڭ روھى بىلەن، يەنى ئەركىنلىك بىلەن چەمبەر - چاس باغلانغانلىقىغا دائىر روشەن ئىسپاتى بار.

بۇ سەۋەبتىن ھەر ھەقىقىي تەربىيەنىڭ ئۆزىدىلا تەربىيەۋى قىممەت بار بولۇپ، بۇ «مەجبۇرىي تەربىيە» ئۇسۇلىنىڭ ئىنكارى ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي تەربىيەنىڭ نىشانى ئىنساننى بىۋاستە ئۆزگەرتىش بولماستىن (مۇنداق ئەھۋال قەتئىي مۇمكىن ئەمەس)، مىسال، نەسىھەت ياكى ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىچكى ھادىسىلەر (روھى دۇنيا رىمزىنى كۆرسىتىدۇ) جەريانىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ياخشىلىقنى كۆزلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىنسان ياخشى بولۇپ، ئەگەر ئۆزى چۈشەنگىنىدەك بولسىمۇ ياخشىلىقنى ئويلىسا، بۇ باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدىن خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىنسان ئەسكى بولۇپ، ئەگەر ئۆزى چۈشەنگىنىدەك بولسىمۇ ئەسكىلىكنى ئويلىسا، بۇ باشقىلار نۇقتىسىدىن ياخشى بولسىمۇ، نىيەت يەنىلا ئۆزگەرمەيدۇ. ھەر ۋاقىت تېما بولغان نەرسە ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدۇر بۇ. باشقىلارغا تەۋە دۇنيا ئەمەس، ئۆزىگە تەۋە دۇنيادۇر. بۇ يالغۇز روھى مۇناسىۋەتتىلا ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا مۇتلەق مەنىدە ۋە ئوخشاش شەكىلدە ھۆر ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىنسان چوقۇم مەسئۇل بولغان ۋە سارتېرنىڭ «دوزاختا نە گۇناھسىز ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلار، نە گۇناھسىز مەھكۇملار يوق» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ دەل مۇشۇنداق (ج.پ. سارتېر. ھۇيىس كىلوس)(1).

## چېنىقتۇرۇش ۋە تەربىيە

بۇرۇنقى كىتابلاردىكى ئەڭ تەسىرلىك ۋە ئەڭ كۆپ قىزىقىش قوزغىغان نەرسىلەر، ھىدايەت تېپىش ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن قايتىدىن تۇغۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەردۇر. چوڭ گۇناھكارلار ۋە زالىملار ئىزاھلاش مۇمكىن بولمىغان ئىچكى ھەرىكەتلىنىش ۋە غىدىقلىنىش تۈرتكىسىدە تۇيۇقسىزلا مۇلايىم دەرۋىشلەر ۋە ئادالەت پېشۋالىرى بولغان. بۇ ئىشلار ھەر ۋاقىت تۇيۇقسىز مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەر ئىدى. بۇ يەردە ھەر قانداق بىر قايتىدىن تەربىيە، جەريان، تەسىرگە ئۇچراش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.ئۇ روھنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھادىسە بولۇپ، تۇگىمەس كۈچى بىلەن ئىنساننى ئۆزگەرتىدىغان، تامامەن ئىچكى ئېنېرگىيە ۋە بۇلارغا پاراللېل مەۋجۇت بولىدىغان تەجرىبە تۈرتكە بولىدۇ. ھاسىل بولغان ئۆزگىرىش ئىنسانغا تەۋە بولۇپ، بۇ يەردە جەريان، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى، شارائىتقا باغلىق بولۇش، ھەتتا ئەقلىي ئىزاھاتىمۇ يوق. بۇ تامامەن ئەسلىدىنلا ئەركىنلىك ۋە ياراتقۇچى ئالاھىدىلىكى بولغان نەرسىدۇر.

ياخشىلىققا ئوخشاشلا ئەسكىلىكمۇ ئىنساندا تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسان ھەر قانداق بىر تاشقى تەسىر، شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ، مەجبۇرى كۆندۈرۈش ، قانۇنلار،

(1) J.P. Sarte, Huis Clos

زورلۇقلار بىلەن «ئىسلاھ» قىلىنمايدۇ. پەقەتلا ھەرىكەتنى ئۆزگىرىشى مۇمكىن. گۇناھ بىلەن پەزىلەت، ھىيپولىت تايىن ۋە زولانىڭ ئويلىنىغىنىغا ئوخشاش «كىسلاتا ۋە شېكەرگە ئوخشاش مەھسۇلاتلار» ئەمەس. تولستوي «تىرىلىش» ناملىق ئەسىرىدە مەھبۇسلارنىڭ «قايتىدىن تەربىيە قىلىنىشى» نىڭ ئىنسانلارنى سۇيىئىستېمال قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى، نەتىجىدە ئىنسانلارغا زىيان بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يېڭىدىن تۇغۇلۇش، مۇسۇلمان بولۇش روھ ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، روھتا ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. دىن نۇقتىسىدىن قارىغانلا رەزىللىكنىڭ تۈگىتىلىشى ئۈچۈن قىلىنغان ھەر قانداق تاشقى تەسىر نەتىجىسىز قالىدۇ. خىرىستىيانلىق ۋە بۇددىزمدىكى «رەزىللىككە قارشى ئاجىزلىق» نىڭ ھەقىقىي مەنىسى دەل مۇشۇنداق.

شۇڭلاشقا، مەجبۇرى تېڭىلغان تەربىيە نەتىجىسىز قالىدۇ، ئەسكەرلەرنى مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق بەرداشلىق بېرىدىغان، چىدامچان، ماھارەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بىراق، شان شەرەپ، ھاياجان، غۇرۇر ۋە قەھرىمانلىق تۇيغۇسى يېتىلدۈرمەك تەس. چۈنكى بۇلار روھنىڭ ئالاھىدىلىكىگە كىرىدۇ. تارىختا، بىر ئېتىقادنى ياكى يۈرۈش - تۇرۇشنى قانۇنلار، تېررورلۇق، بېسىم ۋە زۇلۇم بىلەن مەجبۇريي تېڭىپ نەتىجە كۆرگەنلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ھەر پىداگوكلارنىڭ تەكىتلىگىنىدەك، بالىنى مۇئەييەن تەرەپكە مەجبۇريي ھالدا يېتەكلەش بالىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە بالا تامامەن قارشى تەرەپكە مايىل بولىدۇ. بۇ خۇسۇس، ئىنساننىڭ «ئىنسانىي» خاراكتېرىدىن بەكرەك ئالدىنقى پىلانغا چىقىدۇ. ئىنساننى بىر ئىشقا مەجبۇريي كۆندۈرۈش نەتىجىسىز قالىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ روھى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇ چارىسىزلىك ۋە تەربىيەنىڭ قانداق بولۇشىنىڭ مۇجمەل بولۇشىدا ئىنساننىڭ روھى بىلەن، يەنى ئەركىنلىك بىلەن چەمبەر - چاس باغلانغانلىقىغا دائىر روشەن ئىسپاتى بار.

بۇ سەۋەبتىن ھەر ھەقىقىي تەربىيەنىڭ ئۆزىدىلا تەربىيەۋى قىممەت بار بولۇپ، بۇ «مەجبۇريي تەربىيە» ئۇسۇلىنىڭ ئىنكارى ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي تەربىيەنىڭ نىشانى ئىنساننى بىۋاستە ئۆزگەرتىش بولماستىن (مۇنداق ئەھۋال قەتئىي مۇمكىن ئەمەس)، مىسال، نەسىھەت ياكى ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىچكى ھادىسلەر (روھى دۇنيارىمىزنى كۆرسىتىدۇ) جەريانىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ياخشىلىقنى كۆزلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



روھىي دۇنيانى ئاساس قىلغان قارار چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇلار بولماي تۇرۇپ ئىنساننىڭ ھەقىقىي مەنىدە ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، ھەرىكەت ۋە يۈرۈش تۇرۇشتا ئۆزگىرىش بولىدۇ، بىراق بۇ يالغان ياكى ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئەڭ چوڭقۇر ئارزۇلىرىمىزنى ھەرىكەتلەندۈرەلمىگەن يالغان ھەرىكەت ۋە يۈرۈش تۇرۇش تەربىيە بولماستىن، پەقەتلا كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت، خالاس. دەرۋەقە، تەربىيە شەخسىي تىرىشچانلىقىمىز، غەيرىتىمىز ۋە بىۋاستە ھەرىكەت قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، تەربىيەنىڭ نەتىجىسى ھەر خىل ۋە قىياس قىلغىلى بولمايدۇ.

ئىندىۋىدۇئالىزمچىلار ئىنساننىڭ يۈرۈۋاتقان يولىدىن قايتىدىغانلىقىغا، روھى تىرىلىشكە، پوزىتىۋىزمچىلار (ئەمەلىيەتچىلەر) بولسا قايتىدىن تەربىيەسىگە، ھەرىكەت ۋە يۈرۈش تۇرۇشىنىڭ ئۆزگىرىشكە ئىشىنىدۇ. بۇ قانائەتلەرنىڭ تېگىدىكى پەلسەپە ناھايىتى روشەن بولۇپ، ئەگەر جىنايەت ئەركىن تاللاشنىڭ ۋە يامان ئىرادىنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئۇنداقتا تاشقى تەربىيە ئارقىلىق تەربىيەنى ئۆزگەرتىشكە مۇۋەپپەق بولۇش ئېھتىمالى ئىنتايىن ئاز. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر جىنايەت تۇرمۇش شارائىتى ۋە ناچار ئادەتلەرنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئۇنداقتا جىنايەتچىنى ئىسلاھ قىلىش مەۋجۇت شارائىتنى ئۆزگەرتىش ياكى ئۇنى ئادەتلەرگە كۆندۈرۈش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

ھەقىقىي ئەسلىگە قايتىش ۋە مەجبۇرىي كۆندۈرۈش ئارىسىدىكى پەرق يوقىرىقىدەك بولىدۇ. دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە بىلەن ساقچى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق بىر قايتىدىن تەربىيە خىزمەتلىرى ئەمەلىيەتتە مەجبۇرىي كۆندۈرۈش بولۇپ، تەربىيە ھېسابلانمايدۇ. تەربىيە ئىنسان روھى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، سۆيگۈ، ئۈلگە بولۇش، ئەپۇ قىلىش، ھەتتا جازالار سايىسىدە ئىجرا قىلىنىدىغان، روھىي پائالىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ۋە ئىنساننى ئۆزگەرتىدىغان ناھايىتى ئىنچىكە تەسىر قىلىش پائالىيىتىدۇر. مەجبۇرىي كۆندۈرۈش تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ھايۋانىي بولغانلىقتىن، ئىنساننى مۇئەييەن شەكىلدە ھەرىكەت قىلىشقا، گەپ - سۆز، يۈرۈش تۇرۇشتا توغرا ھەرىكەت قىلىشقا يېتەكلەيدىغان ياكى مەجبۇر قىلىنىدىغان تەربىيە شەكلى بولۇپ، ھەرىكەت شەكلى تامامەن سىستېمىلىقتۇر. تەربىيە ئىنسانغا خاس بولغان بولسا، مەجبۇرىي كۆندۈرۈش ھايۋانغا خاستۇر. مەجبۇرىي كۆندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق پەقەت قورقىشتىن ياكى

كۆنۈپ قېلىش سەۋەبىدىن (ھۆرمەتتىن ئەمەس) قانۇنلارغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرالار يېتىشتۈرۈلۈشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى خاراب بولغان، ھېسسىيات مەنبەسى تامامەن قۇرۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار قەتئىي قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلمايدۇ. سەل قارىمايدۇ. چۈنكى مۇشۇ خىل شەكىلدە كۆندۈرۈلگەن. توغرا، دۇرۇس لېكىن ئەخلاقىي جەھەتتىن قۇپقۇرۇق پۇقرالار بىلەن تېگىدىن ئېسىل ۋە ياخشى، ئەمما جىنايەت سادىر قىلغانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئەدەبىياتنىڭ پۈتمەس تۈگىمەس تېمىسى بولۇپ كەلگەن. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئادالەتمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. ئىنسانىي ۋە ئىلاھىدۇر.

ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى ئەبەدىيدۇر. ئەڭ ۋەھشىي جىنايەتلەرنى سادىر قىلالىغىنىغا ئوخشاش، ئەڭ يۈكسەك پىداكارلىقمۇ قولىدىن كېلىدۇ. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ياخشى نەرسىنى ئارزۇ قىلىشىدا بولماستىن، بەلكى تاللاش ئىرادىسى بولغانلىقىدا. ئىنساننىڭ بۇ خىل ئىرادىسگە تەھدىت سالغان ھەر كىم ھەقىقەتەن ئىنساننى پەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئىستەكتىن مۇستەسنا بولغان ياخشىلىق مەۋجۇت بولمايدۇ ۋە مەجبۇرى ھاسىل قىلىنمايدۇ. ياخشىنىڭ شەرتى ئەركىنلىكتۇر. زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ئەركىنلىك بىر يەردە قەتئىي مەۋجۇت بولمايدۇ. «دىندا زورلاش يوقتۇر»(قۇرئانى كەرىم). ئوخشاش پىرىنسىپ ئەخلاقىمۇ خاس. مەجبۇرىي كۆندۈرۈش توغرا يۈرۈش تۇرۇشنى ۋە قىلىقنى سىڭدۈرگەن تەقدىردىمۇ تەبىئىتى نۇقتىسىدىن غەيرى ئەخلاقى ۋە غەيرى ئىنسانىدۇر.

## ئەخلاق ۋە ئىنسان ئەقلى

«ئىنسان ئەركىنلىكى» ئۇقۇمى ئەخلاق قارىشىدىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ. ئەخلاق تارىخىدا، مەزكۇر قاراش بىر قاتار ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەركىنلىك بارلىق ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلاردا ئۆزگەرمەس قىممەت ئۆلچىمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. ئەركىنلىكنى رەت قىلىش ئوخشاشلا ئەخلاقنىمۇ رەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. فىزىكىغا نىسبەتەن ماكان ياكى مىقدار قانچىلىك مۇھىم بولغان بولسا، ئەخلاققا نىسبەتەنمۇ ئەركىنلىك شۇنچىلىك مۇھىم.[1] ئەقىل ماكان ۋە

(1) ماددىنىڭ ماھىيىتى ئېغىرلىق بولغىنىغا ئوخشاش، روھنىڭ ماھىيىتىمۇ ئەركىنلىكتۇر (ھېگىل)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىقدارنى ئىدراك قىلالىغىنى بىلەن ئەركىنلىكنى قىلالمايدۇ. ئەقىل بىلەن ھەقىقەتنى، ئەخلاق ئارىسىدىكى ئايرىلىش دەل مۇشۇ نۇقتىدا باشلىنىدۇ.

ئەركىنلىك ئەقىل كاتېگورىيەسىدىن خالىي بولۇپ، ئەقىلنىڭ فۇنكسىيەسى تەبىئەتنى، مېخانىزمنى ھېسابلاش ۋە تەڭپۇڭلۇقلارنى كەشىپ قىلىپ چىقىشتىن سىرت، ئاخىرقى نەتىجىدە ھەممە نەرسىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى كەشىپ قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭلاشقا، ئەقىل توختاۋسىز بىر دائىرىدە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى تەبىئەت دۇنياسىدا ئۆزىدىن يەنى مېخانىزمدىن تېخىمۇ چوڭ بىر نەرسە تاپالمايدۇ. كۆپلىگەن ئەخلاق نەزەرىيەلىرىنىڭ زىتلىقى بۇنىڭ بىلەن ئىزاھلىنىشى مۇمكىن. مەزكۇر نەزەرىيەلەر مۇرەككەپ پىلانلارنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق قاراشلىرىغا خاتىمە بېرىدىغان مۇنۇ خۇلاسىگە كېلىدۇ: پىداكارلىق=شەخسىيەتچىلىك، لەززەتنىڭ ئىنكارى= لەززەت. بۇ خۇلاسە ۋولتايىرنىڭ «بىمەنىلىككە تەڭلەشتۈرمەك» دېگەن ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تۈرتكە بولغان.(1)

بۇ قاراشقا ئاساسەن بولغاندا، ئەخلاق ھادىسىسىنىڭ ئەقلىي تەھلىلى، ئەخلاقنى بەلكىم تەھلىل قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرۇپ تەبىئەتكە، مەنپەئەتپەرەسلىككە، شەخسىيەتچىلىككە يۈزلەندۈرۈشى مۇمكىن. ئەقىل يالغۇز تەبىئەتنى يەنى ئومۇمىي ۋە ھەر يەردە مەۋجۇت بولغان سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ، ئىنساننىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىككى رەھبىرى بولغان ئازاب ۋە لەززەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كەشىپ قىلىدۇ، بۇلار ئىنساننىڭ قۇللۇقىنى ۋە ئەركىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە رول ئوينايدۇ. يۇقىرىقى چۈشەنچە ئاللاھنى تۈنجى سەۋەب (ھەرىكەتسىز ھەرىكەت)، روھنى پسىخىكا، سەنئەتنى ئەسەر ۋە تېخنىكا سۈپىتىدە كۆرسىتىدىغان چۈشەنچە سىستېمىسىدۇر. ئەخلاقنى ئەقلىي ئاساسلارغا تاياندۇرۇش تەشەببۇسى بىزنى ئىجتىمائىي ئەخلاق دېيىلىدىغان نەرسىگىچە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم بىر گۇرۇپپىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەرىكەت قائىدىلىرىگىچە، يەنى بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگىچىلا ئاپىرىدۇ. بۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ.

---

(1) - مەلۇم چۈشەنچىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئەكسىنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاشتىن يەكرەك، بۇ قارشى چۈشەنچىنى لوگىكىلىق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئەمەس، بىمەنە مىساللار ئارقىلىق باشقىلارغا بىمەنە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن يوققا چىقىرىش مېتودىدىن ئىبارەت (تەرجىماندىن).

ئەخلاق ئەقىلنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس، بۇ پرىنسىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن جەھەتتىنمۇ مۇشۇنداق... ئەقىل پەقەتلا شەيئى ھادىسىلەر ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى تەتقىق قىلالايدۇ ۋە ئېنىقلاپ چىقالايدۇ. ئەخلاقىي جەھەتتىن تەستىقلاش ياكى رەت قىلىنىش توغرا كەلسە، ئەقىل ھەقىقىي مەنىدە ھۆكۈم بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئىنسانلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ئاددىيلا ۋە بىر خىللا قىلىش جائىز بولمىغان پرىنسىپ ئەخلاقىي جەھەتتە ھەممە ئادەمگە نورمال بىلىنىش بىلەن بىرگە، ئەقلىي جەھەتتىن قەتئىي ئىسپاتلىنالمايدۇ. بىر نەرسىنىڭ (ئەخلاق نۇقتىسىدىن) «ياخشى بولماسلىقىنى» ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. گۈزەل بىلەن كۆرۈمسىز نەرسە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلاپ چىقىش مۇمكىن بولمىغىنىغا ئوخشاش، سەنئەت نامى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان قىممىتى يوق ئەسەرلەر بىلەن سەنئەتكە ئىلمىي جەھەتتىن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. تەبىئەت (ياكى ئەقىل ئوخشاش) يوللۇق بىلەن يولسىزنى، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىمايدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى تەبىئەتتە مەۋجۇت ئەمەس. ياكى دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كەلمەيدىغان ئىنسان، پەنگە نىسبەتەن قانداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ پەن ئەھلى بۇ پەرەزنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلسا، بۇنىڭدىن تېخىمۇ يۈكسەك (ئىنسان) بولۇشى كېرەك. ياخشى ئىنسان دائىم خۇشال يۈرىدۇ، ناچار ئىنسان دائىم قايغۇلۇق يۈرىدۇ دەيدىغان مەشھۇر ئەخلاقىي قاراشنى ئەقلىي جەھەتتىن چۈشەنگىلى بولمايدۇ. خىرىستىيان ئەقلىمۇ پەن تەلەپ قىلغاندەك ئېتىقاد سىستېمىسى ئەمەس. خىرىستىيانلار ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرلا شەخستە، ھەزرىتى ئىسانىڭ يۈكسەك كىشىلىكىدە، يەنى ئۆگىنىلگەن ئەمەس، تۇرمۇشتىن كەلگەن ئەخلاق ئۈلگىسى بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. فىرانسۇز ئىنقىلابىنىڭ مەشھۇر ئۈچ پرىنسىپى بولغان «باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، قېرىنداشلىق» قاتارلىقلار پەننى مەنبە قىلمىغىنىغا ئوخشاش، پەن تەرىپىدىنمۇ ئىسپاتلىنالمايدۇ. پەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان نەرسە ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بېرىلغاندا، پەن بەكرەك بۇلار (باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، قېرىنداشلىق) غا زىت ئۈچ پرىنسىپ، يەنى مۇكەممەل شەكىلدە تەشكىللانغان جامائەت ئىچىدە ئەزالارنىڭ باراۋەرسىزلىكى، مۇتلەق ئىجتىمائىي ئىنتىزامى ۋە مىزانسىزلىقى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن ئىدى. جىن ۋالجېن (ۋ.ھۇگو: لېس مىسېراھبلبولېس) دۇچ كەلگەن ئەخلاقىي مۇئامىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن پەننى ياردەمگە چاقىرىلامتى؟ ئادەتتىكى لېكىن گۇناھسىز بىر كىشىنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنىشى ئۈچۈن بۇنچىلىك كۆپ كىشىنىڭ مەنپەئەتىنى

پىدا قىلىش كېرەكمىدى؟ مۇشۇنداقمۇ ھەل قىلىش يولى بولامدۇ؟ بۇ مەسىلىدە پەن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشى كېرەكتىغۇ؟ نە تىلغا ئېلىنغان مەسىلە پەننىڭ تېمىسى بولالمايتتى. نە پەننىڭ جاۋابى(بولغان تەقدىردىمۇ)ھەر ئىنساننىڭ روھىنىڭ ئىستىكىگە ماس ھالدا بولمايتتى. ھۇگونىڭ «بىر باش سۆڭىكىنىڭ ئاستىدىكى بوران - چاپقۇن»دا ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ بىزگە چۈشەندۈرمەكچى بولغان نەرسە مۇنداق: بىر ئىنساننىڭ ئەقلىدە ئىچكى توقۇنۇش مەۋجۇت ئەمەس، ئىنساننىڭ ئەقلى بىلەن روھى ئارىسىدىكى توقۇنۇش ئىنساننىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىگە تەۋە دەلىللەرنى يوق قىلىش تىركىشىشىدىن ئىبارەت. ئەسلىدە بۇ ئەقىل بىلەن ۋىجدان ئارىسىدىكى دىيالوگىدىن ئىبارەت. ماھىيەت جەھەتتە، بىر - بىرىگە زىت ئىككى مەنتىقنىڭ تېپىلغۇسىز دەلىللىرى بۇ يەردە بىر - بىرىنى كۆزىتىدۇ. بىراق بۇ بەس - مۇنازىرە ئەمەلىيەتتە ھېچ لوگىكىلىق ۋە ماتېماتىكىلىق ئەمەس. شۇڭا ئاخىرقى ھېسابتا ھېچقانداق يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى دەلىللەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىككى خىل بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمىغان ئىككى تۈرگە تەۋە، شۇڭلاشقا بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى، جەملىگىلى ۋە بىرگە قاراپ تۇرۇپ يەنە بىرىدىن خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئوخشىمىغان ئىككى ئالەمگە تەۋە، يەنى بىرى ئاسمانغا يەنە بىرى زېمىنغا. بۇ ئېچىنىشلىق چىگىشلىكتە ئىنسان پەقەت ئۆزىلا ئۆزى ئۈچۈن ۋە ئۆز ئىچىدە تاللاش ئېلىپ بارالايدۇ. جىن ۋالجىېنى ئاخىرىدا ئەقلىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى، ئىنساننىڭ غالىبىيىتىنى چىقىش قىلىپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ غەلىبىنى ئەقلىي جەھەتتىن ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ ياكى يوللۇق كۆرسەتكىلى بولىدۇ. بىراق پۈتكۈل ئىنسانلار سۈكۈت ئىچىدە تەستىقلاپ، ئۇنىڭغا مايىل بولىدۇ.

ئەركىنلىكىمىز ھەققىدە ھېچقانداق گۇمانىمىز يوق. تولۇق ئىشەنچ قىلالىغان لېكىن تولۇق ئىزاھلىيالمىغان بۇ ھېسنى ئەمدى ئىلمىي يول بىلەن ئىسپاتلاشقا ۋە ئىزاھلاشقا ئۇرۇنۇپ باقايلى. ھەممىمىز ئاساسەن دېگۈدەك ئادىللىق ۋە ئىنساب بىلەن شۇنى قوبۇل قىلىمىزكى، قەستەن بىر ئىش سادىر قىلمىغان بىرىنى جاۋابكارلىققا تارتماسلىق كېرەك. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە بۇنداق مەنتىقىدىكى پوزىتسىيەنى ئىلمىي جەھەتتىن يوللۇق كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. ھەر ئىنساننىڭ ۋىجدانى سۈرۈشتە قىلماستىنلا قوبۇل قىلىدىغان نەرسىنى ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلاش ۋە ئىزاھلاش زۆرۈر تېپىلغاندا، ھالقىپ ئۆتۈش ئىمكانسىز بولغان توسالغۇلارغا دۇچ كېلىمىز. بۇ ئەھۋالدا، «ئەقىل، مەنىۋى سادايىمىزغا قۇلاق سالمىدى ياكى مۇۋاپىق كۆرمىدى»دەپ ۋەزىپىمىزدىن ۋاز

كېچەمدۇق؟ ئەگەر ۋاز كەچمىگەن تەقدىردە، سەۋەبىنى بىلمەيلا ۋىجدانىمىزغا قۇلاق بېرىپ ئەقلىمىزگە قارشى پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالىمىز.

ئەقلىنىڭ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ سوئالغا ھۆيۈم ناھايىتى ئېنىق ۋە مەنتىقلىق جاۋاب بېرىدۇ: بىر جىنايەت ئەقلىگە نىسبەتەن، مۇئەييەن بىر كىشىلىك خاراكتېر ۋە قىلمىشقا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار موتىۋ، چۈشەنچە ۋە ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت، خالاس. بىز بۇلار ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەتنى كۆزىتىپ، جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ۋۇجۇدقا چىقىرىلىشىنى ئىزاھلىيالايمىز. بىراق قىلمىش ياكى ھەرىكەتنى ئەخلاق نۇقتىسىدىن يامانلىق دەپ تەرىپلەيدىغان قارىلاش پوزىتسىيەسى بولىدىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ھېسسىياتىمىزغا قۇلاق سالساق مەيدانىغا كېلىدۇ». باشقا بىر يەردە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى كەشىپ قىلىشتىن باشقا ئىش قىلىشقا قادىر ئەمەس. قىممەت ئۆلچەملىرىگە يېقى بىر ئۇنسۇر قوشۇلغاندا يورۇش تۇرۇش ۋە ھەرىكەتتە مەۋجۇت بولمىغان بىر ئۇنسۇر پەقەت ھېسسىياتنىڭ كۈچى بىلەن ئىزاھلىنىشى مۇمكىن». ھۇتچېسون مۇنداق دەيدۇ: «تاماق لەززىتىگە سېلىشتۇرغاندا سەنئەت ياكى پەندىن لەززەت ئېلىشنىڭ قىممىتىنى ئاسانلا ھېس قىلالىغىنىمىزغا ئوخشاش، ئەخلاقىي جەھەتتىن ياخشى بولغان نەرسىنى باشقا نەرسىلەردىن بىۋاسىتە ئايرىۋالالايمىز».

ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەخلاقنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتى ئۈچۈن ئەقىل ۋە تەلىم - تەربىيە شەرت ئەمەس. قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئەخلاقىي قىممەت ئۆلچەملەر ۋە ھۆكۈملەر ئەقلىنىڭ ۋاسىتىسىدە ئەمەس، ۋاسىتىسىز بولىدۇ.

پەن بىلەن ئەخلاق ئارىسىدىكى زىتلىق تەبىئەت دۇنياسىدا تامامەن ئۆزىگە خاس مەسىلىلەردىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. پەن سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇلغان پىروبىركا بوۋاقلىرىنى ۋە ئۆلۈمنىڭ ئاسانلاشتۇرۇلۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇلارنى پەنسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان پەن بولۇپ، ھەر ئەخلاقنىڭ دىن بىلەن بولغان تاشقى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇ ئۇسۇللارنى ئىنسان ھاياتى تايىنىدىغان پىرىنسىپلارغا زىت نەرسىلەر سۈپىتىدە رەت قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا، ئەخلاق دىن ۋە سەنئەت بىلەن تەبىر جەھەتتىن پەرقلىق بولسىمۇ لېكىن بىرلىشىدۇ. سۈنئىي ھايات ۋە سۈنئىي ئۆلۈم (مەجبۇرىي) دىن تەرىپىدىن قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ھايات بىلەن ئۆلۈمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئىنساننىڭ ئەمەس

ئالاھنىڭ سالاھىيىتى بولىدۇ. سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋە ئۆلۈمنىڭ ئاسانلاشتۇرۇلۇشى ئەخلاقىي نۇقتىدىن گۇمانىزمنىڭ سەل قارالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار ئارقىلىق ئىنسان ئوبيېكت شەيئى سەۋىيەسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئاقىۋەتتە مونوپولىيە ۋە سۇيىئىستېمالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سەنئەتكارغا نىسبەتەن ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆلۈمى سىر بولۇپ مۇشۇ پېتى قېلىشى كېرەك.(1) ھاملەتنىڭ ئەڭ تونۇلغان ئۈچ مونولوگى ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆلۈم پەن نۇقتىسىدىن، فىزىكىلىق ھەقىقەت (ئۆلۈمنىڭ ئىلمىي تەبىرلىرى ھەققىدە ئازاق ئويلىنىپ باقايلى) ۋە بىيولوگىيەلىك ھادىسىدۇر. تامامەن ئايرىملىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ھەر قانداق ئىشقا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئىنسان ئىرقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر ئاغۋاتلاشتۇرۇشلار، ئىنسان ئۇستىدىكى سىناقلار ۋە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئاسانلاشتۇرۇلۇشى تامامەن ئەقلىي ۋە مەنتىقىلىق ئىشلار بولۇپ، بۇلارغا قارشى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغان ھەر قانداق بىر ئەقلىي ۋە ئىلمىي دەلىللمۇ يوق. ئەھۋال بۇنداق تۇرۇقلۇق، پەن ئۆزىنىڭ سۇيىئىستېمال قىلمىشلىرىغا قانداقمۇ توسالغۇ بولالىسۇن؟ فىرانسىيە ئەخلاقىي ۋە سىياسىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشقا قارشى چىقىپ، «سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئائىلە، تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت تايانغان ئاساسلارغا سەل قاراشتەك كەيپىيات يارىتىدۇ» دېيىش ئارقىلىق غەيرى ئىلمىي دەلىل ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدە كىئېنوتمۇ تەبىئىي ئۆلۈم ھەققىدە مۇنۇلارنى دېگەن ئىدى: ھايات ۋە ئائىلىققا قارشى ھۆرمەتنىڭ مەنتىقە ۋە پەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بەزى ئەھۋاللاردا ئۆزىنى مۇقەررەر تاگىدىغان ئۆلۈمنىڭ ئاسانلاشتۇرۇلۇشى ھېچقاچان قانۇنلۇق بولمايدۇ» (لىيۇسىن كىئېنوت). تەبىئىي بولمىغان ئۆلۈم، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش، پىچىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى، بەدەن ئەزاسىنى كۆچۈرۈش، بالا چۈشۈرۈۋېتىش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر پەقەت تېخنىكا نۇقتىسىدىنلا ئىلمىي مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ تەتبىقى ئەخلاقىي مەسىلىلەر كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغان بولۇپ، پەن ئۇنى ھەل قىلالمايدۇ. «ئىنسانلارغا ھايۋانغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشقا ئىنتىرىدىغان تەييار پىلان، بىزگە ھەم پەس ھەمدە كۈلكىلىك كۆرۈنمەكتە ۋە شان شەرىپىمىزگە ئېغىر ھاقارەت قىلماقتا»(2)

(1) يارلىق كۆلتۈرلەردە ماتەم تۇتۇش شەكىللىرى بار بولۇپ، مەسىلەن، زەڭگىلەرنىڭ جىنازا مۇراسىمى، گىرېتسىيەلىكلەر ياش تۆكۈش مۇراسىمى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك تۆرلۈك ئادەتلىرى. يەھۇدىيلار يېقىن تۇغقىنى ئۆلۈپ كەتسە ئۆيىدىن 7كۈنگىچە چىقماي ماتەم تۇتىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇللىرى دادىسى ئۈچۈن تولۇق بىر ئاي دۇئا قىلىشىدۇ.

(2) جىن روستاند،If biologie et I'Avenir humain

سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش مال دوختۇرلۇق ئىلمىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولۇپ، بۇ يەردە گۇمانىزم بىلەن بىيولوگىيەزم، شەخسىيەتچىلىك بىلەن ماتېرىيالىزم ئارىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت. بۇ ئەھۋالدا ئىنسان يەنە ئۇ ئەبەدىي چىگىشلىك ئىچىدە قالىدۇ. مەنپەئەتمۇ، مەنىۋى بۇيرۇقمۇ؟ بىيولوگىيە ئىنسانغا «ئىلگىرىلەش» ئۈچۈن قوراللار تەقدىم قىلىدۇ، بىراق روھىنى ۋە شان - شەرىپىنى سېتىش شەرتى بىلەن. «ئىنسان، قولىنى شۇنداق يېقىن بولغان بۇ ئىلگىرىلەشكە، پەس ۋە شەرمەندە ۋاسىتىلار بىلەن ئېرىشكۈچە، رەت قىلىشنى ئەلا بىلىدۇ. بىراق ئەتە ۋە ھەر زامان رەت قىلالامدۇ؟ (ج. روستاند).

خىرىستىيانلار، شائىر ۋە سەنئەتكارلار ئوخشاشلا پەننىڭ بۇ رولىدىن قاتتىق چۆچۈيدۇ. بۇ خىرىستىيانلارغا نىسبەتەن «ئىبلىسچە ناتۇرالىزم» ھېسابلانسا، شائىرلارغا نىسبەتەن «سىستېمىلىق ۋەھشىيلىك» (مەسلەن، ئا. ۋوۋنېسېنشكىم «ئوزا» ناملىق شېئىرىدا) سانىلىدۇ. ماتېرىيالىستلارغا كەلسەك، ئۇلار مەنتىقسىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، پەن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئالدىدا قاتتىق ھاياجانلىنىدۇ.

پەننىڭ ئىلگىرىلىشى قانچىلىك تېز، زور ۋە گەۋدىلىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئەخلاق ۋە دىننى كېرەكسىز ۋە پايدىسىز قىلالمايدۇ. پەن ئىنسانلارغا ھاياتنى قايسى شەكىلدە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۆگەتمەيدۇ ۋە ھەر قانداق بىر قىممەت ئۆلچىمى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. دىن بولمىغان بولسا، بىيولوگىيەلىك ھاياتنى ئىنسانىي ھاياتنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزگەن بۇ قىممەت ئۆلچەملىرى، مەجھۇل ۋە چۈشىنىكسىز بولۇپ قالغان بولاتتى. چۈنكى، دىن تېخىمۇ مۇقەددەس بولغان باشقا بىر ئالەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە «مەلۇمات» بولغان بولسا، ئەخلاق ئۇ ئالەمنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى «مەلۇمات» تۇر.

## پەن ۋە پەن ئەھلى ياكى كانتنىڭ ئىككى تەنقىدى

ئەقىل ئىككى خىل بولۇپ، بىرى «ساپ ئەقىل»، يەنە بىرى «ئەمەلىي» ئەقىلدۇر.

چۈشەنچە ئاللاھنى ئىنكار قىلىدۇ، ئىنسان ۋە ھايات بولسا ئاللاھنىڭ مەۋجۇت-لۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىلىم ئەھلىنىڭ شەخسىي چۈشەنچىسى بىلەن مېتود ياكى نەتىجىلەرنىڭ يىغىندىسى بولغان بىلىم ئارىسىدا پات - پات كۆرۈلىدىغان پەرقنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەرھى دەل بۇ نۇقتىدا ياتىدۇ.

پەن ئەھلى دېگەن، ئويلىغان ۋە ئىشەنگەن ھەر قانداق نەرسىنىڭ چوقۇم پەن بولۇشى شەرت ئەمەس. پەن ئەھلىنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى ئومۇمىي تەسىراتىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا پەننى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ قىسىم ئەقلىمىزنىڭ تەنقىد ، سېلىشتۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش رولىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت. بۇ روللارنى ئۆتەۋاتقاندا ئەقلىمىز تەبىئەتتىن ھالقىغان ئىزاھلارنى تەقەززا قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى رەت قىلىدۇ ۋە يالغۇز تەبىئىي سەۋەب ۋە نەتىجىلەر زەنجىرىگە ۋە مۇمكىن بولسا تەجرىبە ۋە تەتقىقاتقا تايانغاننى قوبۇل قىلىدۇ. ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان بۇ شاللاشتىن كېيىن قېلىپ قالغىنى پەن بولىدۇ. بىراق مەزكۇر مېتود تۈپەيلى، پەن ھەر قاچان يالغۇز تەبىئەتنىلا تاپالايدۇ. باشقا ھەر قانداق نەرسە قولدىن قاچىدۇ ياكى «سۈزگۈرۈلۈپ» غايىب بولۇپ كېتىدۇ. پەننىڭ چەك - چېگرالىرى دەل يۇقىرىقىدەك بولىدۇ.

پەن ئومۇمەن بۇ چەك - چېگرالاردا توختايدۇ. پەن ئەھلى بولسا ئىنسان بولغانلىقتىن يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئوپپېنخېيمېرنىڭ ئاتوم بومبىسى ياسىلىۋاتقاندا ھىند پەلسەپىسگە ئېھتىياجى يوق ئىدى. بەلكىم بومبىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىشىگە دائىر مەسىلىلەرگە كەلگەندە بۇ پەلسەپىگە ئېھتىياجى چۈشۈشى مۇمكىنتى، ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاتوم ئىلمىنى تاشلاپ، ئۆزىنى تامامەن ھىند پەلسەپىسگە ئاتىۋەتكەن ئىدى... ئېينىشتېين بولسا دوستويېۋىسكىنىڭ ئەسەرلىرىگە ۋە «ئاكا - ئۇكا كارامازوفلار»غا ناھايىتى قىزىقاتتى. بۇ مەشھۇر رۇس يازغۇچىسىنىڭ ئەسىرىنىڭ ماسسا بىلەن ئېنېرگىيە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، نۇر تېزلىكى قاتارلىق تېمىلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتى. ئېينىشتېين ئۇنىڭ كاراموزوفنىڭ ئەخلاق مەسىلىلىرىگە پەن ئەھلى سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە، ئىنسان سۈپىتىدە ياكى سەنئەتكار سۈپىتىدە (مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ھەر ئىنسان سەنئەتكاردۇر) قىزىقاتتى.

ئىلمىي تەتقىقات بىلەن ئىشلىتىش ئارىسىدا روشەن پەرق مەۋجۇت. بىرسىنىڭ مەقسىتى دۇنيانى چۈشىنىش، يەنە بىرىنىڭ مەقسىتى دۇنيادىن پايدىلىنىشتۇر. بۇ سەۋەبتىن، پەن پەنجىگە نىسبەتەن باشقا نەرسە بولسا، باشقا پۈتكۈل ئىنسانلارغا نىسبەتەن باشقا نەرسىدۇر. خەلققە نىسبەتەن پەن، پەقەت ئېرىشكىلى بولىدىغان، ئومۇمەن سان ۋە مېخانىكىلىق نەتىجىلەرنىڭ يىغىندىسى بولسا، پەنجىگە نىسبەتەن

كۆزىتىش، تەجرىبە، غەيرەت، ئىستەك، ھەممىدىن ۋاز كېچىش قاتارلىق ھاياتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى پەنچىلىك نىسبەتەن بىلىم، بايقاش، كەشىپ قىلىش خۇشاللىقى، يەنى ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەڭ چوڭ قىممەتكە ئىگە چوڭقۇر تۇيغۇدۇر. ئىنسان بۇ خۇشاللىقنىڭ تۈرتكىسىدە، پەنجە سالاھىيىتىدىن ھالقىپ، تەپەككۇر قىلىشقا باشلايدۇ، شائىر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىلىم ئەھلى ئۆزى ئۈچۈن كەشىپ قىلىپ چىققان نەرسە بىلەن پۈتكۈل دۇنيا ئۈچۈن كەشىپ قىلىپ چىققان خۇسۇسلار ئارىسىدا، كۈتۈلمىگەن پەرق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

لېكىن، پەن ھاياتتىن يىراقلاشقان، غەيرى شەخسىي ۋە ئوبيېكتىپ مەلۇمات ۋە نەتىجىلەرنىڭ مەجمۇئەسى بولغاندا پەرۋاسىزلىشىپ، غەيرى دىنى رول ئۆتەيدۇ. پەن، مېتافىزىكىنى تەبىئىي ھالدا رەت قىلىش بىلەن بىرگە، تۈگۈنلۈك مەسىلىلەر ھەققىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان سۈكۈناتنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، بىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا بولمىسىمۇ، خەلق ئارىسىدا ئاتېئىست پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بۇ زىتلىقنىڭ يەنى چۈشەنچە بىلەن ھايات ياكى تەبىئەت بىلەن ئەركىنلىك ئارىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ كىلاسسىك مىسالى كانتنىڭ ئىككى تەنقىدىدۇر. ھەممىگە ئايانكى، كانت بىرىنچى تەنقىدىدە دىنى پىكىرلەرگە قارشى چىقىدۇ. ئىككىنچى تەنقىدىدە ئاللاھ، ئۆلۈمسىزلىك ۋە ئەركىنلىككە مۇناسىۋەتلىك پىكىرلىرىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىراق كانت «ساپ ئەقىل»نىڭ تەنقىدى ھەققىدە لوگىكچى پەن ئەھلى سۈپىتىدە سۆز قىلسا، «ئەمەلىي ئەقىلنىڭ تەنقىدى»دە ئىنسان ۋە پەيلاسوپ سۈپىتىدە ئېغىز ئاچىدۇ. بىرىنچى تەنقىد ئەقىلنىڭ ۋە لوگىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىلىرىنى، ئىككىنچىسى بولسا، ھاياتنىڭ ھېسسىياتىنى، تەجرىبىلىرىنى ۋە ئۈمىدلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچىسى ھەقىقەتنىڭ تەھلىل، ئوبيېكتىپلاشتۇرۇش ۋە ئاتوملارغا ئايرىشنىڭ نەتىجىسى بولسا، يەنە بىرسى، بىر پۈتۈن ھالدا كۆزىتىلگەن ۋە دۇنيانىڭ پۈتكۈل مەسىلىلىرىگە جاۋاب سۈپىتىدە روھتا شەكىللەنگەن ئىدراك ۋە توغرىلىقنىڭ مېۋىسىدۇر.

بۇ ئىككى تەنقىد بىر - بىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ. دەرۋەقە، ئۇلار ھەر ۋاقىت بىرلىكتە مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ئۆزىگە خاس بىر شەكىلدە ئىنسان دۇنياسىنىڭ ئومۇمىي زىتلىقىنى تەستىقلاپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئەخلاق ۋە دىن

دېمەككى، ئەخلاق داۋاملىق دىنغا تايىنىدۇ. ئەمما، ئەخلاق ۋە دىن ئوخشاش نەرسە ئەمەس. پىرىنسىپ جەھەتتە ئەخلاق دىنسىز مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەخلاق تەتبىق ۋە شەخسىي قىلىق سۈپىتىدە بىۋاستە دىندارلىققا باغلىق ئەمەس. ئۇلارنى بىر - بىرىگە چېتىشلىق قىلغان نەرسە مۇنۇ ئورتاق دەلىلدۇر: ئالاھىدە باشقا بىر دۇنيا... «باشقا» دېگەن تەبىر بويىچە بۇ دۇنيا دىنى بولسا، «ئالاھىدە» دېگەن تەبىر بويىچە ئەخلاقىدۇر. بۇ مۇناسىۋەت دىن بىلەن ئەخلاق ئارىسىدا ھەم ئۆز - ئارا بېقىندىلىق ھەمدە مۇستەقىللىق سەۋەبىدۇر. ئاپتوماتىك، ماتېماتىكىلىق، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىك بولمىغان ئەمەلىي بىر ئىچكى بىردەكلىك مەۋجۇت. بۇ يەردە بەزى ئېغىشلار كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بىراق بىردەكلىك ۋە ماسلىق ھامان بىر كۈنى تەكرار مەيدانغا كېلىدۇ. ئاتېئىزم چوقۇم بىر كۈن ئەخلاقنى ئىنكار قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە بولسا، ئەخلاقىي ئويغىنىش دىنى ئىسلاھات بىلەن باشلىنىدۇ. ئەخلاق ئارزۇ - ئىستەكلەر ۋە يۈرۈش تۇرۇش قائىدىلىرىگە ئايلاندۇرۇلغان دىندۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق،ئۇ ئىنساننىڭ ئىچىدىن خالاپ قىلغان ھەرىكىتىگە ياكى ئاللاھنىڭ بارلىقى ھەقىقىتىگە ماس ھالدا باشقا ئىنسانلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىدۇر. چۈنكى ۋەزىپەمنى پۈتكۈل قىيىنچىلىق ۋە خېيىم خەتەرلەرگە قارىماستىن ئورۇنداش تەلەپ قىلىنسا (بۇنىڭغا مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان ھەرىكەتتىن پەرقلىق ھالدا ئەخلاق دەيمىز)، بۇنداق بىر تەلەپ ۋە ئىستەك پەقەت بۇ دۇنيانى ۋە بۇ ھاياتنى يالغۇز بىرلا دۇنيا ۋە بىرلا ھايات كۆرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن يوللۇق كۆرۈلىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ خۇسۇس ئەخلاق ۋە دىننىڭ ئورتاق ھەرىكەت نۇقتىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەخلاق چەكلىمىلەردىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كۈنىمىزگىچە چەكلىمە پېتى داۋاملىشىپ كەلدى. چەكلىمە ھەم ماھىيىتى ھەمدە مەنبەسى نۇقتىسىدىن دىندۇر. «ئاللاھنىڭ ئون بۇيرۇقى»دىن سەككىزى چەكلىمىدۇر. ئەخلاق دائىم ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھايۋانىي تۈيغۇلىرىغا قارشى تۇرۇلگەن چەكلەش ۋە مەنئى قىلىش پىرىنسىپىدۇر. بۇنىڭغا، خىرىستىيان ئەخلاقى (ئەلۋەتتە بۇ دىنلا ئەمەس) روشەن مىسال بولالايدۇ.

قەدىمى دىنلارنىڭ تارىخى، بىزگە نىسبەتەن مەنىسى بىلىنمىگەن، تۈرلۈك

چەكلىمىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مىساللار بىلەن تولغان. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەخلاق نۇقتىسىدىن مەنىسىز چەكلىمە مەۋجۇت ئەمەس. ئەلۋەتتە، بىر چەكلىمىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق تەرەپلىرىمۇ بار. بىراق پايدىلىق بولۇش ھېچقاچان چەكلىمىنىڭ ئەسلىدىكى غايىسى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئەخلاق ستىئوئاجىلارنىڭ داۋاملىق تەرىپلىگىنىگە ئوخشاش «تەبىئەت بىلەن گارمونىك مۇناسىۋەتتىكى ھايات» ئەمەس. ئەگەر «تەبىئەتنى» ھەقىقىي مەنە سۈپىتىدە كۆرگىنىمىزدە، ئەخلاقنىڭ تەبىئەتكە قارشى ھايات ئىكەنلىكىنى ئېيتالىغان بولاتتۇق. ئەخلاقمۇ، ئىنسانغا ئوخشاش ئەقىلدىن مۇستەسنا، غەيرى تەبىئىي ۋە تەبىئەت ئۈستىدۇر. تەبىئىي ئىنسان ۋە تەبىئىي ئەخلاق مەۋجۇت ئەمەس. تەبىئەتنىڭ چېگرالىرى ئىچىدە بولغان ئىنسان ئىنسانلىقتىن چىقىدۇ. ناۋادا بولۇپ قالغان تەقدىردە ئەقىل بىلەن قوراللانغان ھايۋاندۇر، خالاس. تەبىئەتنىڭ چېگرالىرى ئىچىدىكى ئەخلاقمۇ ئەخلاق ئەمەس، بەلكى شەخسىيەتچىلىكتۇر. تەبىئەتتىكى ئەخلاق شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئەقلى ۋە روشەن شەكلىدۇر [1].

دارۋىنچى «ھايات قارشى» دا ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئەڭ ياخشى بولغانلار ئەمەس، ئەڭ كۈچلۈك، تەبىئەتكە ئەڭ ياخشى ماسلاشقانلار غالىب كېلىدۇ. بىيولوگىيەلىك ئىلگىرىلەش ئىنسانىي شان - شەرەپكە ۋە (ئىنسان شان - شەرىپى ئەگەر ئەخلاقنىڭ مەنبەلىرىدىن ھېسابلانغان تەقدىردە) ئەخلاققا ئاپارمايدۇ. دارۋىنچى ئىنسان بىيولوگىيەلىك تەرەققىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن. ئۈستۈن ئادەم بولالىشى مۇمكىن. بىراق ئىنسان سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن، ھەتتا ئىنسان شان - شەرىپىدىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى بۇ قىممەتلەرنى ئىنسانغا پەقەتلا ئاللاھ بېرەلەيدۇ.

ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشمۇ، بىيولوگىيەلىك ئىلگىرىلەشنىڭ ھالقىسى سۈپىتىدە ئەخلاق بىلەن ئوخشاش مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئىنگلىز ئەخلاق ئىلمىي مۇتەخەسسىسى ماندېۋىللې، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەخلاقنىڭ قانداقمۇ مەنىسى بولسۇن، دەپ سورايدۇ ۋە بۇنىڭغا «ھېچقانداق، ھەتتا زىيانلىق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ماندېۋىللېنىڭ قارىشىچە، ئومۇمەن گۇناھ

(1) «تەبىئەت» كەلىمىسىنىڭ 51 خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ ئەسىرىمىزدە «تەبىئەت» ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ سىرتىدا جۈملە ھەقىقىتى بولۇپ، ئىنسانىمۇ دۇنياغا تەۋە سۈپىتى بىلەن، يەنى بەدىنى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى،تەبىئىي ئېھتىياجلىرى،ئەقلىنى كۆرستىدۇ .

دەپ تەرىپلەنگەن ۋاستىلار جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئەڭ كۈچلۈك شەكىلدە تەشەببۇس قىلىدۇ. دەرۋەقە «ئىنساننىڭ تەرەققىياتىنى ئەڭ ئاز تەشەببۇس قىلىدىغان خۇسۇسلار ئېھتىياجلىرىنى داۋاملىق كۆپەيتىپ تۇرغۇچىلاردۇر». ياكى تېخمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا: «دۇنيانىڭ ئەخلاقىي ۋە تەبىئىي بالايى ئاپەتلىرى بىزنى ئىجتىمائىي مەخلۇق قىلغان ئەڭ ئاساسلىق يېتەكلىگۈچى كۈچتۇر»(1).

دەسلەپ بىيولوگىيەلىك ساھەدە، ئارقىدىن تېخنىكا ساھەسىدە ۋۇجۇدقا چىققان بارلىق ئىلگىرىلەش پائالىيەتلىرى مەۋجۇتلۇقنى تەبىئىي شاللىنىش، ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن يېتىم قالدۇرۇلۇشىدا، ھەتتا پۈتۈنلەي يوق قىلىنىشىدا نامايان قىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئەخلاق ئىلگىرىلەشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بۇ ئاساسلىق نۇقتىلارغا قارشى چىقىشى شەرتتۇر. ئەخلاق ھەر ۋاقىت ئاجىزلارنىڭ ھىمايە قىلىنىشى، مەرھەمەتنى، ھۆرمەتنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاجىزلارنىڭ ۋە قابىلىيىتى ئاز بولغانلارنىڭمۇ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنىڭ داۋاملىشىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئەخلاق ۋە تەبىئەت بىر - بىرىگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ. بۇ رېئاللىق ھەر ۋاقىت مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەن. «ۋىجداندىن، مەرھەمەتتىن، كەچۈرۈمدىن، ئىنسانلارنىڭ بۇ روھى زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇڭ، ئاجىزلارنى داۋاملىق بېسىم ئاستىدا تۇتۇڭ، جەسەتلىرى ئۈستىدىن يۇقىرىغا يامىشىڭ...» (نىتزى). بۇ يەردە ئەخلاققا جەڭ ئېلان قىلىنغان. «ئاجىزلارنى يوق قىلىڭ» ۋە «ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىڭ» بىر - بىرىگە زىت تامامەن ئىككى ئىستەك ۋە تەلەپتۇر. بىيولوگىيە بىلەن مەنىۋى، زوئولوگىيە بىلەن ئىنسانىي، تەبىئەت بىلەن كۈلتۈر، پەن بىلەن دىن دەل بۇ نۇقتىدا ئايرىلىدۇ. بىيولوگىيەلىك قانۇنلارنى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن تەتبىقلىيالىغان ۋە ئاخىرغىچە بۇ قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ قوغداپ كېلەلىگەن بىرىدىنبىر مۇتەپەككۇر نىتزى ئىدى(2). خۇلاسە: سۆيگۈ ۋە كەچۈرۈمنىڭ پۈتۈنلەي ئىنكار ۋە رەت قىلىنىشى، زۇلۇم ۋە نەپرەتنىڭ يوللۇق قىلىنىشى.... نىتزىغا نىسبەتەن خىرىستىيانلىق ۋە خىرىستىيان ئەخلاقى «يۇكسىلىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ قۇۋۋەتلىك

(1) ماندېۋىللى، جەمئىيەت ئاساسلىرى ھەققىدە تەتقىقات. ئىنگلىز مۇتەپەككۇر ت. بوكول ئەخلاق قائىدىلىرىنىڭ ئىستاتىك (ئۆزگەرمەس) بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن ھەرىكەت قىلىپ، ئەخلاقنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئاستىلىتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. ئىلگىرىلەش ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش دېگەنلىكتۇر. ئەخلاق بولسا ستاتىكتۇر (ھېنرى توماس بوكول: ئەنگلىيەدە مەدەنىيەتنىڭ تارىخى). بۇ ئارقىلىق «رەزىللىك، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ھەرىكەتلەندۈرگەن كۈچنىڭ نامايان بولغان شەكلىدۇر» دېگەن، ھېگېلنىڭ قارىشىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ.

(2) ئەگەر نىتزىنىڭ پەلسەپىسى دارۋىنىزمنىڭ پەلسەپىۋى داۋامى بولسا، ئۇ ۋاقىتتا گىتلىر ۋە ئۇنىڭ ناتسىونالىزمى ھەر ئىككى ئىدىيەنىڭ سىياسىي تۇغۇندىسىدۇر).

ۋۇجۇدىغا ھەر قانداق دەۋردە سىلىنغان زەھەرلەرنىڭ ئەڭ ئىپسىلىدۇر».

ئەپلاتۇن ھەقىقىي ئەخلاق چۈشەنچىسىنى مەنتىقىلىق ھالدا ئىزاھلىغان. ئادەتتىكى قەھرىمانلىق قورقۇنچاقلىقتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس، خالاس. ئادەتتىكى مۆتىدىللىق ۋە سوغۇققانلىق پەقەت لەززەت ئىچىدە ياشاش ئۈچۈن يوشۇرۇن ئارزۇدىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى پەزىلەت پەقەت سودا خاراكتېرىنى ئالىدىغان بولۇپ، پەزىلەتنىڭ سايىسى، قۇللارنىڭ پەزىلىتىدۇر. ھەقىقىي ئەخلاقلىق كىشىنىڭ بىرلا ئارزۇسى بولۇپ، بەدەندىن ئۈزاق تۇرۇپ مەڭگۈلۈككە يېقىن بولۇشتۇر. بەدەن روھنىڭ مازىرىدۇر. روھ بۇ دۇنيادا قەتئىي نىشانىغا يېتەلمەيدۇ. ھەقىقىي مەرىپەت پەقەت ئۆلۈمدىن كېيىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا ھەقىقىي ئەخلاقلىق كىشى قەتئىي ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. پەلسەپە بىلەن بەند بولۇش ۋە ھەقىقىي مەنىدە ياشاش ئۆلۈمگە تەييارلىنىش دېگەنلىكتۇر. رەزىللىك دۇنياغا ھۆكۈمران قۇۋۋەتتۇر. ئەخلاق بولسا ئىنساننىڭ تەبىئىي ئىمكانىيىتى ئەمەس، ئۇ ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلمايدۇ.[1]

ئەخلاق توغرىلىقنى ئىسپات قىلالايدىغان ئەقلىي دەلىلگە ئېرىشەلمىگەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ئىمكانىيەتمۇ يوق. ئەپلاتۇن ئانتروپولوگىيەلىك (ئىنسانشۇناسلىق) دەلىللەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا مېتافىزىكىلىق دەلىللەردىن مەدەت كۈتۈشكە مەجبۇر بولغان بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا تېئولوگىيەلىك (ئىلاھىيەت) ئاساسقا تايانغان ئەخلاقنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ مۇقەررەر مۇشۇنداق بولاتتى. ھەممىگە ئايانكى، ئەپلاتۇن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەۋجۇداتلار ئۈستىدە توختىلىدۇ. بۇنىڭچە بولغاندا، ھەر قانداق بىلىم خاتىرىلىنىشتىن ئىبارەت، خالاس. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىدە ۋە ئىدىيەنىڭ تولۇقلايدىغان قىسمى ياكى زۆرۈر شەرتى ئۆلۈمسىزلىككە ئىشىنىشتۇر.

ئەپلاتۇننىڭ ئەخلاق ھەققىدىكى تەپەككۇرى ئۇنى بىۋاسىتە دىن مەركەزلىك تەپەككۇر قىلىشقا تۈرتكە بولغان ئىدى[2]. بۇ يۆنىلىشتىكى تەپەككۇر قەدىمىي دەۋرنىڭ باشقا ئىككى بۈيۈك ئەخلاقشۇناسى ئېپىكتېت ۋە سېنېكاينى مۇئەييەن بىر دىنغا، خىرىستىيانلىققا يۈزلەندۈرگەن. ئېپىكتېتنىڭ يوشۇرۇن خىرىستىيان بولغانلىقىغا

(1) بۈيۈك ئىسلام ئالىمى ئىبنى رۇشد بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالاھىدە توختالغان ئىدى. ئالەمشۇمۇل دىنىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنىڭ ئەخلاق ئىكەنلىكى ھەممە تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.
(2) پىيېئىر ئابېلارد (XII - .XI ئەسىر) ئەپلاتۇننى خىرىستىيان، دەپ ئويلاپ قالغان.

www.uyghurkitap.com



دائىر قايىل قىلارلىق دەلىللەر مەۋجۇت. سېنېكانىڭ بولسا ئەزىز پاۋۇل بىلەن خەت يېزىشقانلىقى بىلىنمەكتە.

خرىستىيانلىق يۈكسەك دىن (religion) بىلەن يۈكسەك ئەخلاق ئارىسىدا مۇكەممەل گارمونىك مۇناسىۋەت، كۈچلۈك رىشتە ۋە كۈچلۈك بىرلىك بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان مىساللار بىلەن تولغان. تامامەن خرىستىيانلىقتىن ئىلھام ئالغان مەرىپەت ئۆيغىنىش دەۋرىدىكى سەنئەتلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

تارىخى نۇقتىدىن نەزەر سېلىنغىنىدا، ئەخلاق چۈشەنچىسى ئەڭ قەدىمى بولغان «ئىنسان» چۈشەنچىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەر يالغۇز ئىلاھ ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بولۇپ، ئۇمۇ ئىنسانغا ئوخشاشلا قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى چۈشەنچە قەدىمدىن كۈنىمىزگىچە بىر - بىرىگە ئەڭ كۈچلۈك شەكىلدە باغلىنىپ كەلگەن. تارىختا ئاساسەن دېگۈدەك، دىنغا بولغان قارىشىنى يا ئەخلاق پىرىنسىپىنى بەرپا قىلىشتا دىنىنى كەم بولسا بولمايدىغان قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەرگەن، ياكى بۇنىڭ تەتۈرىسىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلىگەن بىرەر ئەخلاقشۇناس ئۆتكەن ئەمەس. ئەخلاق تارىخى دىنى ۋە ئەخلاقى چۈشەنچىلەر بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ۋەقە، ھادىسە ۋە ھېكايىلەردىن تەشكىل تاپقان. مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە ئىستاتىستىكىنى دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلمىغان تەقدىردىمۇ، دىندار ئەخلاقشۇناسلارنىڭ تەسىرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلىكىنى، دىنسىزلارنىڭ بولسا ئاساسەن دېگۈدەك تەسىرىنىڭ يوقلىقىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

فىرانسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيەدە 19 - ۋە 20 - ئەسىرلەردە لايىك (دىندىن خالىي) ۋە ئەخلاقنىڭ دىندىن مۇستەقىل ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان قاراشلارنى كۈچەپ تەكىتلىگەن ئەخلاقىي ھەرىكەتلەر (ئانگلو - ساكسون دۇنياسىدا Settlements , Ethical Societies ، ، societies for Ethical Culture قاتارلىقناملار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان) ئەخلاق ساھەسىدە ھەر بىر تەپەككۇر ياكى پائالىيەتنىڭ تەبىئىي ھالدا دىن تۈسىگە كىرىشكە ياكى دىنغا يېقىنلىشىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. فىرانسىيەدە دىن دەرسلىرى ئورنىغا ئاتالمىش ئەخلاق دەرسلىرى دەسسىتىلگەن، دۆلەت مەكتەپلىرىدە دەرسلىك كىتابلار، خرىستىيان مەكتەپلىرىدە ئوقۇتىلىدىغان دىنى كىتابلارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن. كىتابىمىزدا بۇ قاراشلارنىڭ تەرەققىياتىنى، زىتلىققا تولغان يۆنىلىشىنى،

دىن بىلەن پەن ئارىسىدا كۆرۈلگەن ئارسالدىلىقنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە ۋاقتىمىز يوق. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاندىن سىرت، دىنغا قارشى مۇستەقىللىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان جەھلى بىلەن ئۇرۇنۇپ بېقىشلىرى، ئاخىرىدا بىلىپ بىلمەي يەنە دىنغا يېقىنلاشقانلىقلىرى كۆرىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال، ئۈستىدە توختىلىۋاتقان تېما ئۈچۈن تولىمۇ مەنىلىك مىسال بولالايدۇ.

يۇقىرىقى قاراش بويىچە بولغاندا ،سەممىي دىندار كىشى ئەخلاقسىز كىشى، ئەكسىچە بولسا سەممىي بىر ئەخلاق ساھىبى دىنسىز بىرى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. دىن بىلىش ۋە تەستىقلاشتىن ئىبارەت بولسا، ئەخلاق بۇ بىلىش بىلەن بىردەكلىك ئىچىدە بولغان تەتبىق ، ھايات دېگەنلىكتۇر. ھەر يەردە كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، بىلىش ۋە تەتبىق ئارىسىدا ئايرىلىش ۋە ماسلاشماسلىق كۆرۈلۈشى مۇمكىن. دىن قانداق تەپەككۇر قىلىش ۋە قانداق ئىشىنىش، ئەخلاق بولسا نېمىگە يۈزلىنىش، مايىل بولۇش، قانداق ياشاش، قانداق ھەرىكەت قىلىش دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ دۇنيا ھەققىدىكى ئۇچۇر ۋە خەۋەر ھەر دائىم چوڭقۇر ۋە ئەبەدىي بىراق بۇ چۈشەنچە بىلەن بىردەكلىك ئىچىدە ياشاش تەلىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق بۇ تەلەپ مەزكۇر چۈشەنچىنىڭ ئۆزى ئەمەس. ھەزرىتى ئىسانىڭ ئەخلاقىغا ئوخشاش يۈكسەك بىر ئەخلاق كۈچلۈك دىنى ئاڭنىڭ بىۋاستە نەتىجىسىدۇر. بىراق چېركاۋ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ دىنى زىتلىق ئىچىدە كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، ئىنتايىن سەممىي ئىدى. «ئىمان ئېيتىڭ ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭ» دېگەن ئايەت دەل ئىنسانلارنىڭ تەتبىقتا بىر - بىرىدىن ئايرىماقچى بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرلىكتە بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تەكىتلەيدۇ. مەزكۇر ئايەت، دىن (ئىمان ئېيتىڭ) بىلەن ئەخلاقنى (ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭ) ئايرىش بىلەن بىرگە، بۇلارنىڭ بىرلىكتە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق قۇرئانى كەرىم مەسىلىگە تەتۈرسىدىنمۇ قاراش ئارقىلىق دىنىنىڭ ئەخلاقتا كۈچلۈك شەكىلدە قوللاشقا ئېرىشىدىغانلىقىغا ۋە تېزلا ئومۇملىشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ: «ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىڭلاردىن سەدىقە بەرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر»، يەنى ئىمانغا كەلسەڭ ياخشى ئىنسان بولالايسەن، دېمەيدۇ، دەل ئەكسىچە، ياخشى ئىنسان بولساڭ، ئىمان ئېيتقان بولسەن، دېمەكچى. قانداق ئىمانغا كېلىمەن، ئىمانىمنى قانداق قىلىپ كۈچلەندۈرىمەن، دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى مۇنداق: ياخشىلىق قىلغىن، ئاللاھنى تەپەككۇر يولى بىلەن تېپىشتىن بەكرەك، ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق تېپىش تېخىمۇ ئاسان.

www.uyghurkitap.com



## «ئاممىۋى مەنپەئەت» ۋە ئەخلاق

ئەخلاقنى ئىنكار قىلىشنىڭ يەنە بىر شەكلى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئەقلىي ئىنكاردۇر. بۇ خىلدىكى ئىنكار ۋەزىپە - مەنپەئەت زىتلىقىنىڭ تۈگىتىلىشى، ئەخلاقتىن پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن پايدىلىنىش بىلەن بولىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەخلاقنىڭ مۇستەقىل ئورنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئارىستوتىلدىن رۇسسېلغىچە بولغان بارلىق ئەخلاق تارىخىي بويىچە كۆرۈلگەن بۇ يۈزلىنىش ۋە مايىللىقنى غەربنىڭ ئەڭ بۈيۈك تۇنجى ماتېرىيالىست يازغۇچىلىرىدىن بولغان دىيترىچ ئۇون هولباك(1) ئەڭ ئوچۇق شەكىلدە ئىزاھلىغان: «ئىنسان ھەرىكەتلىرىنىڭ بىردىنبىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى مەنپەئەتتۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بىزگە مۇنۇ سېخىمىنى تەقدىم قىلىدۇ: «ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ نەرسىلەر ھەققىدە ھاسىل بولغان ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ بەزىلىرى گۈزەل بولسا، يەنە بەزىلىرى ئاچچىقتۇر. بەزىلىرىنى قوبۇل قىلىپ داۋام قىلىشنى ياكى تەكرارلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، قالغانلىرىنى بولسا قوبۇل قىلماي، ئامال بار ئۇلاردىن ئۇزاق تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھېس تۇيغۇلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ۋە ئۇلارغا سەۋەب بولغان نەرسىلەرنى سۆيىدۇ، بەزىلىرىدىن ۋە ئۇلارغا سەۋەب بولغان نەرسىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئىنسان جەمئىيەتتە ياشايدىغان بولغانلىقتىن، ئۆزىگە ئوخشاش ۋە ئۆزىدەك سەگەك كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇشنى، ئازاب ئوقۇبەتتىن ئۇزاق تۇرۇشنى خالايدۇ. خۇشال بولۇشىغا تۈرتكە بولغان ھەر قانداق نەرسىنى «ياخشى»، قايغۇغا سەۋەب بولغان ھەر نەرسىنى «رەزىل، ناچار» دېيىشىدۇ. داۋاملىق مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى پەزىلەت، ئۆزگىلەرنىڭ خاراكتېرىدە بولغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىگە زىيان بېرىدىغان ھەممە نەرسىنى ناچار، دەپ سۈپەتلەيدۇ....» هولباكنىڭ قارىشىچە، «ۋىجدان ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكىلەر ۋە ئۆزىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلاشتىن كېلىپ چىققان تۇيغۇدۇر...» ۋىجدان ئازابى بولسا «ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ مۇھىتىمىزدىكى ئىنتىقام ۋە نەپرەتنى ئۆزىمىزگە

(1) Dietrich von Holbach

قارشى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى ئويلىشىلىشتىن كېلىپ چىققان قورقۇش تۇيغۇسىدۇر» (ھولباك).

مەنپەئەتچىلىك ئەخلاقىنىڭ ئىدېئولوگى ھېسابلىنىدىغان جېرېمي بېنتامنىڭ بۇ خۇسۇستا قاراشلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئىنسانىيەت تەبىئەت تەرىپىدىن ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ ھاكىمىيىتىگە تاپشۇرۇلغان: ئازاب ۋە لەززەت. بىزنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇلار بەلگىلەيدۇ» (جېرېمي بېنتام[1]، «ئەخلاق ۋە قانۇن تۈزۈش پىرىنسىپى).

ھېلۋېتىيۇسنىڭ [2] قارىشىچە، ئىنسان مۇئەييەن بىر شەكىلدە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق خۇشال بولىدىغانلىقىغا ياكى ئازابىنى يەڭگىللىتىدىغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلمىسا، پاسسىپ ھەرىكەت قىلىدۇ ياكى ھېچكىم ھېچنېمە قىلمايدۇ. سۇ يۇقىرىغا قاراپ ئاقمىغىنىغا ئوخشاش ئىنسانمۇ بۇ قانۇنىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلالمايدۇ.

بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا ئەخلاق پەقەت شەخسىيەتچىلىكتىن، شەخسنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مەنپەئەتىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئەلۋەتتە، لەززەت ئىستىكىنىڭ ئەخلاق ئىستىكىگە ئايلاندۇرۇلۇشى ئۇچۇن ئەقىلدىن مەدەت تىلەنسە بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئىدراك قابىلىيىتى ۋە ئەسلىمىسى، ئۇنىڭغا پەقەت ھازىرقى ھالىنى ئەمەس، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىنىمۇ كۆرۈش ۋە ھەرىكەتلىرىدە يالغۇز ھازىرقى مەنپەئەتىنى ئەمەس، ئومۇمىي سائادىتىنى نەزەردە تۇتۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىنسان ئازاب ۋە لەززەت ھېسلىرىنى (يەنى بىيولوگىيەلىك، زوئولوگىيەلىك ، دارۋىنچى «رېئاللىقلار»نى) ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇقۇملىرى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، بىر ئەقىل، بىر چۈشەنچە ۋە بىر مۇددىئا ئۈچۈن ھاسىل بولغان لەززەت ۋە ئازابتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. مەنپەئەتچىلىك ئەخلاقىي تامامەن تەبىئەت ۋە دۇنياۋى دائىرە ئىچىدە قالىدۇ ۋە ھېچقاچان ھەقىقىي مەنىدە ئەخلاق سۈپىتىدە مەنپەئەتنىڭ چەك - چېگرالىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ماتېرىيالىست قاراشلار، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق ھەققىدە ئېرىشكەن ئاساسەن دېگۈدەك بارلىق تەجرىبىلىرىگە زىتتۇر. ئىنسانلار كۆپىنچە

(1) jeremy Bentham
(2) Helvetius

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەقۋالىق، بويتاقلىق، ماددىي پىداكارلىقلار، روزا تۇتۇش، پىداكارلىق، ھەر تۈرلۈك ئىنتىزام، پىرىنسىپ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى بەدىلىگە قىلىنغان پىداكارلىق قاتارلىق تەبىئەتتىن ئىنسانغا يېقىملىق كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئەخلاق، دەپ سۈپەتلىشۋالىدۇ. مەنپەئەتچىلىك ئەخلاقىي مەدەنىي ئىنساننىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىگە قانداق قارشى چىقسا ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىگىمۇ شۇنداق قارشى چىقىدۇ.

بولۇپمۇ، ئىپتىدائىي ئىنسان بىر قاتار چەكلىمە، مەبۇد، مەھرۇملۇق، مەسئۇلىيەت بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكى قانچىلىك ئېنىق بولغان بولسا، پايدىلىق ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق تەرىپىمۇ شۇنچىلىك يېپىق.

ئەخلاق كىلاسسىك مەنىدە «پايدىلىق» ئەمەس. «ئالدى بىلەن ئاياللار ۋە بالىلار!» ياكى «ئالدى بىلەن ياردارلار ۋە ياشانغانلار» قائىدىسىنى ئىجتىمائىي نۇقتىدىن پايدىلىق دېگىلى بولامدۇ؟ ناھەقچىلىك ياكى يالغان پايدىلىق بولىدىغان ئەھۋاللارنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس. مەسىلەن، دىنىي، سىياسىي، ئىرقىي ۋە مىللىي كەڭ قورساقلىق، كەلمىنىڭ نورمال مەنىسى نۇقتىسىدىن پەقەتلا پايدىلىق ئەمەس. ئېھتىمال، قارشى چىققۇچىلارغا كەڭ قورساقلىق قىلىش ھېچقاچان «مەنپەئەتنىڭ تەقەززاسى» بويىچە بولماي، پىرىنسىپنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىنسانىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ يەنى «غايىسىز مەقسەتكە مۇۋاپىق» سەۋەبتىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ياشانغانلار بىلەن ئاجىزلارنىڭ ھىمايە قىلىنىشى ياكى كاردىن چىققانلار بىلەن ساقىيىشى مۇمكىن بولمىغان كېسەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قەتئىي پايدىلىق ئىشلاردىن ھېسابلانمايدۇ. ئەخلاق، پايدىلىق ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەنمەيدۇ. ئەخلاقىي ھەرىكەت بەزىدە پايدىلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق بىر ھەرىكەت ياكى قىلىقنىڭ ئەخلاققا مۇۋاپىق ھالدا كۆرسىتىلىشىنى، ئىنسان ئەمەلىيىتىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىتتا پايدىلىق بولۇپ چىقىشىغا ئاساسەن ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. ئارىسىدا ناھايىتى ئاز ۋە تاسادىپىي بىردەكلىك بولىدۇ.

دۇرۇسلۇق بىلەن مەنپەئەتنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا، دۇرۇسلۇقنىڭ «ئەڭ ياخشى سىياسەت» ئىكەنلىكىگە دائىر ئۈمىدۋار ئەقىدىنىڭ ئىنتايىن گۆدەكلەرچە، ھەتتا زىيانلىق ئىكەنلىكى دەلىللەندى. ئىنسانلار ئىزچىل بۇنىڭ ئەكسىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ قالغانلىقتىن بۇ ئەقىدىگە گۇمان بىلەن

قارالماقتا. ئىنسانلارنى بۇ خىلدىكى مەنپەئەتچىلىك قاراشلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزۇش كېرەك. ھەقىقىي مەنىدىكى دۇرۇس ئىنسان، پىداكارلىقتا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا مەنپەئەتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ پىرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرىدىغان كىشىدۇر. پەزىلەت ماددىي پايدا ئېلىپ كەلگەن بولسا ئىدى، مەككار ھىيلىگەرلەر پەزىلەت تىمسالى بولۇش ئۈچۈن جېنىنى بەرگەن بولاتتى. بىراق ھەممىمىزگە ئايانكى، بۇنداق ئىش كۆرۈلۈپ باقمىغان. (1)

جىنايەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى ھەم ئىبرەتلىك ھەمدە ئىنتايىن ئاچچىقتۇر. چىكاكو ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتتا، 1951 - يىلى چىكاكودا ئەنگە ئېلىنغان ئوغرىلىق ۋە ئۆي بۇلاڭچىلىقىنى سادىر قىلغانلارنىڭ 90%ى قانۇن تورىدىن قېچىپ كەتكەن. كىفوۋېر راي سىناش نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكىدا قانخورلار مىليونلىغان دوللارنى بۇلاپ، خاتىرجەم خەجلەپ يۈرۈشىدىكەن. «جىنايەت سادىر قىلىشقا ئەرزىيدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان جىنايەت مۇتەخەسسىسلىرى مۇنۇلارنى ئىلاۋە قىلىشىدۇ: «بولۇپمۇ جىنايەتنى شەخسىي سادىر قىلمىغانلار (بۇ يەردە جىنايەتلەرنى تەشكىل قىلغان قارا جەمئىيەت گۇرۇھى ، ئالدامچى گۇرۇھلىرىغا ئوخشاش تەشكىلاتلار كۆرسىتىلىدۇ). مەلۇم بىر ئامېرىكىلىق جىنايەت مۇتەخەسسىسى، «شۇنىسى جەزىملەشتىكى، بىر ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى قانچىلىك مەنپەئەت ئېلىپ كەلسە، جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ قولغا چۈشۈرۈلۈپ جازالاندۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك ئاز ئېھتىماللىق بار» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئەمدىلىكتە بولسا، قانۇنلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا سادىر قىلىنغان، سېرىق فىلىم، سېرىق ئەدەبىيات، جىنايەت رومانلىرىغا ئوخشاش جىنايەتلەردىن كېلىدىغان ئىقتىسادى مەنپەئەتلەر توغرىسىدا نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟ بىر سېرىق فىلىمنىڭ ئىشلىنىش تەننەرخى نورمال فىلىمنىڭ ئىشلىنىش تەننەرخىگە سېلىشتۇرغاندا 10 ھەسسە ئەرزان، كېلىدىغان ئىقتىسادىي كىرىم بولسا نورمال فىلىملەرگە سېلىشتۇرغاندا 10 ھەسسە كۆپ (1976 - يىلى پارىژدا ئېلىپ بېرىلغان خەلق راي سىناش نەتىجىسىگە كۆرە). ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش يولىدا جىنايەتلەردىن پايدىلىنىش، كىرىمى

(1) بۇ ئەھۋال خەلقىنىڭ ئېغىزىدا ھەممە تەرىپىدىن بىلىنىدىغان مۇنۇ ئىبارىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «دۇرۇس ۋە ساراڭ قېرىنداشتۇر». ئەخلاقىي مەنپەئەتچىلىكتىن مۇستەسنا ھالدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەھۋالدا، خەلقىنىڭ ھېكمىتى دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە پەسكەشلىكنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن مەنىلىك بىر ئىشتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىنتايىن ياخشى بولىدىغان ئىش. (قىمارخانا، پاھىشىخانىلارغا ئوخشاش). ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئومۇمەن قانۇن جەھەتتىن ھەر قانداق خەتىرى يوق. ئىشغالىيەتچىلەر، مۇستەملىكىچى ئورۇشلار، ئازسانلىقلارنى باستۇرۇش قاتارلىق كوللېكتىپ سادىر قىلىنغان جىنايەتلەرمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم جىنايەت تەشكىل قىلىدۇ. مېكسىكىلىق ئىندىيانلارنىڭ ئىسپانىيەلىكلەرگە ياكى شىمالىي ئامېرىكىدا يەرلىك خەلقنىڭ سىستېمىلىق بىر شەكىلدە يوقىتىلىشىنىڭ شۇ يەردە ياشىغان ئاق تەنلىكلەرگە ۋە ياكى ئېزىلگەن مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكە قىلىنىپ تالان تاراج قىلىنىشىنىڭ پۈتكۈل مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرگە زور ئىقتىسادىي پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ، دېگىلى بولامدۇ؟ قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جىنايەتنىڭ زور ئىقتىسادىي پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاللاھ يوق بولغان تەقدىردە... ( قەتئىي مۇمكىن ئەمەس).

مەنپەئەتچىلىك ئەخلاقنى پەقەت ئەقىل ئارقىلىقلا بەرپا قىلىش مۇمكىن. بىراق، پىداكارلىق ئەخلاقنى يەنى ھەقىقىي ئەخلاقنى نوقۇل ئەقىلگە تاياندۇرۇشقا قەتئىي مۇمكىن بولمايدۇ.

«نىكوماكھوس[1] ئەخلاقى»دا ئارىستوتىلنىڭ زىددىيەتلىكى ئاشكارا بولۇپ قالغان. بۇ يەردە ئارىستوتېل سېخىيلىقنى شەخسىيەتچىلىككە باغلايدۇ (چۈنكى «سېخىيلىق ئۆز خاراكتېرىمىزدىن باشلىنىدۇ» ئارىستوتېل) ۋە بۇنىڭغا مۇنۇلارنى ئىلاۋە قىلىدۇ: «ئەخلاقلىق بىر كىشى دوستلىرى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشنى قىلىدۇ. مال دۇنيا سەرپ قىلىدۇ. ھەتتا بېشىغا دەرتمۇ تېپىۋالىدۇ. ھوقۇق ۋە شان شۆھرەتنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا باشقىلار ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن جېنىنىمۇ پىدا قىلىدۇ». ئارىستوتېلنىڭ ئەخلاققا تۇتقان پوزىتسىيەسى تازا روشەن بولمىغان ۋە ئوخشاش مەنبەدىن كەلمىگەن. ئىچىدىكى زىددىيەتنى كۆپلىگەن كىشى پەرق ئېتەلىگەن. سىچلېيماچېر، ئارىستوتېلنىڭ «پەزىلەت جۈغلانمىسى» نى تەنقىد قىلىدۇ. ف. جودل[2] بولسا، ئارىستوتېلنىڭ ئەقىلگە تايانغان ئەخلاقىي شەخسىيەتچىلىك پىرىنسىپىدىن قەھرىمانلىقنى قىياس قىلىپ زىددىيەتلىك ئەھۋالغا كىرىپ قالغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. چۈنكى «بۇنداق بىر خۇلاسە بۇ خىلدىكى پىرىنسىپتىن قەتئىي چىقمايدۇ» دەيدۇ.

(1) Nikomakhos
(2) F.Jodl

«بىز قەھرىمانلارچە ھەرىكەت قىلغاندىمۇ شەخسىيەتچىلىك دائىرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيمىز، دەرۋەقە، باشقىلار ئۈچۈن جېنى پىدا قىلغانلارمۇ گۈزەل ۋە بۈيۈك بولغىنىنى ئۆزى ئۈچۈن تاللايدۇ». ئارىستوتېل بۇ سۆزلىرىدە شەخسىيەتچىلىك ئۇقۇمىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان شەكىلدە نورمال ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدىكى مەنىسىنىڭ سىرتىغا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر ئۇقۇمنى ئىنكار قىلىدىغان نەرسىگە، يەنى شەخسىيەتچى بولماسلىققا، پىداكارلىققىچە كېڭەيتەلىگەن. بالا قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئوت كۆيۈۋاتقان ئۆيگە كىرگەن بىرسىنىڭ شەخسىيەتچىلىك ئىلھامى ياكى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلدى ، دەپ قانداقمۇ ئېيتقىلى بولسۇن؟ توغرا، خۇسۇسىي بىر مەنىدە ئېيتقىلى بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر ۋەزىپە ئېڭىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ياخشىلىق نامىغا ھەرىكەت قىلىش ھەر كىمنىڭ، ھەتتا ئۆزىنى پىدا قىلغان كىشىنىڭمۇ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى بولۇپ قالغان تەقدىردە ئاندىن مۇشۇنداق بولىدۇ... .ئەمما رېئاللىقتا ئۇچرىتىپ باقتىڭىزمۇ؟ بۇنداق بىر ئالاھىدە ئەھۋالدا پىداكارلىق ۋە مەنپەئەت بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشمايدۇ. بىراق بۇ ئەھۋالدىمۇ ئادەتتىكى مەنپەئەت ئەمەس، مۇتلەق مەنىدىكى ئەخلاقىي مەنپەئەت ئالدىنقى پىلانغا چىقىدۇ. ئادەتتىكى مەنپەئەت بىلەن ئەخلاقىي مەنپەئەتنى ئايرىش ئۈچۈن، چەكلىك بولغان بۇ دۇنيا بىلەن ئەبەدىي بولغان ئۇ دۇنيانى ئايرىش شەرت. پەقەت ئۇ دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى شەرتى بىلەن پىداكارلىقتىن ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ قىلىنغان ھەرىكەت سۈپىتىدە بولىدۇ. بۇ بولماي تۇرۇپ ھالقىپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان بىر پاسىل بار. ئۇ بولسىمۇ ھايات.

ھەقىقىي ئەخلاقنىڭ شەخسىي مەنپەئەتكە زىت ھالدا ھەرىكەت قىلىشنى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، شەخسىي مەنپەئەتتىن مۇستەقىل ھەرىكەت قىلغانلىق بولىدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. لېكىن، بۇ يەردە كۆرۈنۈشتە ناھايىتى چوڭ ئوخشاشلىق بولسىمۇ، ماھىيىتىدە باشقىچە ھادىسە يەنى ئىجتىمائىي ھەرىكەت ياتىدۇ. بۇ يەردە ئىنساننى ھەرىكەتلەندۈرگەن بىۋاسىتە شەخسىي مەنپەئەت ئەمەس، جەمئىيەت مەنپەئەتىدۇر. بىراق شۇنى جەزىملەشتۈرىمىزكى، جەمئىيەت مەنپەئەتى يەنىلا شەخسىي مەنپەئەتكە زىچ باغلىق. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى، ۋاستىلىك شەخسىي مەنپەئەتتۇر. ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئېھتىياجلارنىڭ قامدىلىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ۋە جەمئىيەت ئاساسىدا بولىدۇ. جەمئىيەت پۈتكۈل شەخسىي مەنپەئەتلەرنىڭ ئىپادىسى ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يىغىندىسىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شەخسىي مەنپەئەت تېخىمۇ ئۇنۇملۇك هالدا قامدىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالدا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ زىممىسىگە يېڭى مەسئۇلىيەتلەر چۈشىدۇ. بۇ تەبىر ئەخلاقىي ۋەزىپىلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. شەخسىي مەنپەئەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تەييار ئامىللار ئەمدىلىكتە جەمئىيەت ۋاستىسى بىلەن ۋەزىپە ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلەر سۈپىتىدە ئىپادىلەنمەكتە. بۇلارنىڭ بەزىدە شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ئوخشىماسلىق ئېچىدە بولغانلىقى (مۇناسىپ بولمىغان پىداكارلىقلارنىڭ تەلەپ قىلىنىشىغا ئوخشاش)، ھەتتا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ ئەكسىچە بولىدىغانلىقى، شەخسنىڭ ئۇ ۋاقىتقىچە مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، مۇقەددەس نەرسە، يۈكسەك پىرىنسىپ بەدىلىگە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىگە دائىر تەسەۋۋۇرلار قىلىنىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەت شەخسىي مەنپەئەتلەرنىڭ ئالاھىدە قامدىلىش ۋە تەمىنلىنىش شەكلىدۇر. بۇ شەكىلنىڭ ئېچكى قىسمى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ يەردە ئاساسلىق نىشان ھېسابلىنىدىغان شەخسىي مەنپەئەتنىڭ تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى مەقسىتىدە شارائىتلارنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە تەڭشەپ تۇرۇلۇشىلا ئۆزگىرىدۇ. ئومۇمىي مەنپەئەت ئاخىرقى ھېسابتا شەخسىي مەنپەئەتكە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ يەنە بىرىگە ئوخشاش شەخسىيەتچى ۋە غەيرى ئەخلاقىي ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنپەئەت ئۇزۇن مۇددەتلىك لايىھەلەنگەن ۋە ھېسابلانغان، زور نەتىجىلەر كۆزلەنگەن ئاساستا كاپالەت ئاستىغا ئېلىنغان، قىياس ھېسابلاردا كۆرۈلگەن خاتالارنىڭ خەۋپىگە قارشى سۇغۇرتا قىلىنغان، ئوخشاش گۇرۇپپىغا مەنسۇپ باشقا كۆپ ساندىكى ئىنسانلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بىلەن قوللاشقا ئېرىشىلگەن بولۇپ، بەھۇدە يوقىتىشلار، كۈچلۈكلەرنىڭ توقۇنۇش ۋە ئىختىلابلىرىدىن يىراقتۇر. ئۇ ئەقىل ۋاستىسى بىلەن (كۆڭۈل ياكى روھ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس) بۇ يەردە يېڭى پائالىيەت شەكلى (كوللېكتىپ پائالىيەت) ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ كوللېكتىپ پائالىيەتنىڭ پىلانىدا خاتالىق كۆرۈلمىسىلا (پىلان خاتالىقلىرى ياكى ئىجتىمائىي پائالىيەتنى چۈشەندۈرىدىغانلار سۈيىئىستېمال قىلمىسا) جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ «ئەڭ چوڭ شەخسىي مەنپەئەتىنىڭ» ئىشقا ئېشىشىغا ۋەسىلە بولىدۇ.[1]

ئىنسان ھاياتىدا ئەقىل ۋاستىسى بىلەن چالا ھالەتتە تەمىنلىنىپ كېلىۋاتقان

(1) بۇ مەشھۇر فورمۇلا ئىنگلىز ماتېرىيالىست يازغۇچى ج. بېنتامغا تەۋە.

نەرسە ھايۋاناتلار دۇنياسىدا تەبىئىي خۇسۇسىيەت تۈرتكىسىدە مۇكەممەل ھالدا تەمىنلىنىپ كەلمەكتە. چۈمۈلە بىلەن ھەرىلەرنىڭ ياكى توپ ھالەتتە ھەرىكەت قىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ھايۋانلاردا ئىجتىمائىي ھەرىكەت شەكلى كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. بۇ ھەقىقىي مەنىدە ئەخلاقىي ھەرىكەتنىڭ تېمىسى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، ئۇ ئاساسىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىجتىمائىي ھەرىكەت مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت شەكلى بولغان بولسا، ئەخلاقىي ھەرىكەت مەنپەئەتكە تامامەن قارشى بولۇپ، مەنپەئەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بىرى شەخسىيەتچىلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت بولسا، يەنە بىرى ۋەزىپە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتتۇر. ئالدىنقىسى پايدىغا، ھېسابقا، ھېكمەتكە، ئىنتىزامغا، ئەقىلگە تايىنىدۇ، كېيىنكىسى بولسا، پەقەتلا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدۇ.

بۇ پەرقنى ئاسانلاشتۇرىدىغان يەنە بىر ئەمەلىيەت بار بولۇپ، ئەخلاقىي ھەرىكەت دائىم شەخسىي مۇكەممەللىككە تايىنىدۇ ۋە ياخشىلىق، ھەقىقەت ۋە ئادالەت غايىلىرى بىلەن بىردەكلىك ئىچىدە بولىدۇ. كوللېكتىپ ھەرىكەت، ئىنتىزامنى ئاساس قىلغان بولىدۇ، بەلكىم جىنايەت ماھىيىتىمۇ بولۇشى مۇمكىن. كۆپىنچە ھاللاردا غەيرى ئەخلاقىي ياكى ئەخلاقتىن مۇستەسنا بولىدۇ[1]. ئومۇمىي مەنپەئەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى بولماستىن، چەكلىك، بېكىنمە، سىياسىي، مىللىي سىنىپقا ياكى بىر گۇرۇپپىغا تەۋە بىر ئىجتىمائىي گەۋدىنىڭ مەنپەئەتى، خالاس. تولستوي «دۆلەتنىڭ سەتچىلىكى» ياكى «ئومۇمىي مەنپەئەت سەتچىلىكى» ئۈستىدە توختىلىدۇ[2].

مەلۇم بىر گۇرۇپپىنىڭ ياكى مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى باشقا بىر گۇرۇپپىنىڭ ياكى مىللەتنىڭ مۇستەملىكە قىلىنىشىنى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشىنى، قۇل قىلىنىشىنى، ھەتتا يوق قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىشى مۇمكىن. يېڭى دەۋرنىڭ مىللىي دۆلەتلەر تارىخى ۋە بولۇپمۇ جاھانگىرلىك تارىخى ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ ناھايىتى ئوچۇق جىنايەت ماھىيىتى تۈسىگە كىرەلەيدىغانلىقىغا دائىر مىساللار بىلەن تولغان.

---

(1) ئەخلاق ھەققىدىكى ھەر تەتقىقاتتا لېيبنىزنىڭ مەشھۇر فورمۇلاسى كەم بولسا بولمايدىغان ئاملدۇر. «ئىنسانىنىڭ مۇكەممەللىككە يۈزلەنگەن بىر پائالىيەت ئەخلاقىي جەھەتتىن ياخشىدۇر». مۇكەممەللىككە قاراپ ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقنىڭ پايدا ياكى مەنپەئەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، بۇ ئىنسان روھىنىڭ ماھىيىتىگە تايىنىدۇ.

(2) تولستوي، خىرىستىيان ئەقىدىسى. س. 61.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يېقىن تارىختا، «ئومۇمىي مەنپەئەت» ياكى «غايە» پرىنسىپىنىڭ ئىنسانلارغا تىراگېدىيەلىك ئاقىۋەتلەرنى، قالايمىقانچىلىقنى ۋە چوڭ تۇزاقنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ناھايىتى گەۋدىلىك بىر مىسال بار. كوممۇنىست خىتابنامىسى تۈنجى بولۇپ پرولېتارىياتنىڭ ئەخلاقنى بۇرژۇئازىيە تۈزىقى دەپ رەت قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. ئىككىنچى ئىنتېرناتسيونال بولسا، ھەققانىيەت پرىنسىپىنى رەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇ پوزىتسىيەسىنى ئازراق بولسىمۇ ئۆزگەرتكەن. بىراق لېنىن پرولېتارىياتنىڭ زەپىرىگە ھەسسە قوشقان ھەر قانداق نەرسە ئەخلاق بولىدۇ، دېيىش ئارقىلىق قايتىدىن كوممۇنىست خىتابنامىگە قايتىپ، ئەخلاقنى پۈتۈنلەي رەت قىلىپ قايتىدىن غايىنى ئۆلچەم سۈپىتىدە بېكىتكەن. لېنىننىڭ بۇ قائىدىسىنى تەتبىقلىغان ستالىن، پرولېتارىياتنىڭ زەپىرى ئۈچۈن مۇنۇلارنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە بۇنىڭ ئەخلاق بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: كوپېراتسىيە لاگېرلىرى قۇرۇش، دۆلەت ۋە ساقچى سىستېمىسىنى ئۇ ۋاقىتقىچە زور دەرىجىدە كۈچەيتىش، ئەڭ يۇقىرى رەھبەردىن ئەڭ تۆۋەن رەھبەرگىچە ھاكىمىيەتنىڭ ھەر قانداق بىر شەكىلدە تەنقىد قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە رەھبەرنىڭ خاتالاشمايدىغانلىقىغا دائىر قانائەتنى داۋاملاشتۇرۇش، رەھبەرگە چوقۇنۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە رەھبەرگە ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىش، ھەر قانداق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەنسىزلىك ۋە قورقۇش پسىخىكىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، قارا تىزىملىكتىكى كىشى، گۇرۇپپا ياكى مىللەتلەرگە داۋاملىق زەربە بېرىش، يۇقىرى مائاش ۋە باشقا ئىمتىيازلار بىلەن ئارمىيەنى، ساقچىلارنى، سىياسىي سىستېمىلارنى ۋە زىيالىيلاردىن ئىتائەتكار بولغانلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئامبار تۇتۇش، خەلق ئاممىسىنى سۈيىئىستېمال قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، بارلىق ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرى ، مەتبۇئات، رادىيو - تېلېۋىزورلارنى دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، گۇمانىزم، باياشات تۇرمۇش، پارلاق كېلەچەك ، رەھبەر ۋە ئۇلارنىڭ «پەزىلەت»لىرىنىڭ توختىماي تەشۋىق قىلىنىشى ئۈچۈن مونوپول قىلىش، باشقا مىللەتلەرنى «ئەركىن ئىپادە قىلىنىۋاتقان ھۆر ئىرادىلىرىگە ماس ھالدا» كونترول ئاستىدا تۇتۇش قاتارلىقلار... يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «پرولېتارىياتنىڭ زەپىرى» ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇش ۋە بۇنى توختىماستىن تەكرارلاپ تۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر بولۇشتىن سىرت، «ئەخلاقىمۇ» ماس كېلىشى ۋە

مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن[1].

دىنى ئەخلاق رەزىللىككە قارشى تۇرۇش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، (بۇ پرىنسىپ مەيلى ئوچۇق شەكىلدە بولسۇن مەيلى يېپىق شەكىلدە بولسۇن دىنى ئاساسقا تايانغان بارلىق ئەخلاقلاردا مەۋجۇت). مەنپەئەتچىلىك ئەخلاقى بۇنىڭغا تامامەن زىت پرىنسىپ ئىلان قىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئۆز - ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىدۇر. مەنپەئەتچىلەر ئوچۇق ھالدا «ئەخلاقنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ھېچكىممۇ ئىتائەت قىلمىغان ۋاقىتتا ناۋادا بىرەرسى بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ قالغان تەقدىردە ئۇ كىشى ئەقىلگە زىت ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ» دەپ جار سېلىشىدۇ. بۇ مەنپەئەتچىلىك نۇقتىسىدىن ناھايىتى نورمال بىلىنىدۇ. بىراق بۇ ئەھۋال مەنپەئەتچىلىك ئەخلاقىنىڭ ھەقىقىي ئەخلاق ئەمەسلىكىنى، بەكرەك سىياسەتنىڭ رېئاللىقلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، ئەخلاقىي ھەرىكەتكە «ئۆز - ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش» پرىنسىپىنى قويۇش، ئەخلاقتا نىسپىي بولسىمۇ مەنە ۋە قىممەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئەخلاقنىڭ شەرتسىز ھالدا نۇقتىلىق كۈچى تايانغان پرىنسىپتىن ئۇنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

مەنپەئەتچىلىك ئەخلاقىي ئىنگلىز ئەدەبىياتىدا «نەتىجىلەر ئەخلاقىي» دەپ تەرىپلەنگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا قائىدە سۈپىتىدە نەتىجىلىرى ياخشى ياكى يامان نەرسىلەر ئەخلاقىي ياكى غەيرى ئەخلاقىي بولىدۇ. بىراق يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىمىزدەك، ھەقىقىي ئەخلاق نەتىجىلەرگە قەتئىي قىزىقمايدۇ، بۇ ئەھۋال كۆپىنچە ھاللاردا قىلىقنىڭ تاشقى ئىپادىسى بولغان ھەرىكەتنىڭ ئىنكارىغا سەۋەب بولىدۇ. ھەقىقىي ئەخلاق ئاخىرى ھېسابتا پەقەت نىيەتلەرگە، مەقسەتلەرگە مەركەزلىشىدۇ. ئىنساندىن تەلەپ قىلىنغان يالغۇز غەيرەت ۋە تىرىشچانلىقتۇر، ئىشنىڭ ئەخلاقىي تەرىپى بۇ نۇقتىدا ئاخىرلىشىدۇ. نەتىجە بولسا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر.

---

(1) سوۋېت پۇقرالىرى ئۈچۈن يازغان بىر كىتابىمدا ئىشچى سىنىپىغا ساداقەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ئوقۇۋېمىز. بۇ «ئەڭ يۇكسەك ۋەزىپە» ئەخلاقىي بولماستىن، سىياسەتنىڭ تەقەززاسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىراق ئۆزىنى ئىشچى سىنىپىنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ ۋەكىلى ياكى نامايەندىسى دەپ جاكارلىسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇ ھاكىمىيەتكە ساداقەتنىڭ ھەر پۇقرانىڭ ئەڭ يۇكسەك ۋەزىپىسى ئىكەنلىكى ئاسانلا ئايدىڭلىشىدۇ. ستالىننىڭ سۈيىئىستېماللىرى مۇشۇنداق باشلىنىپ مۇشۇ يېتى داۋاملاشقان. يېقىنقى زاماندا بۇنىڭغا چۈشىدىغان مۇنداق بىر مىسال بار: ۋېنگىرىيەدە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ماركسىزم ئەخلاقى دەيدىغان بىر كىتابتا (1978)، بىر بالا ھەر قانداق سەۋەب بىلەن ئانىسىنى ئۆلتۈرسە بولمايدۇ، ئانىسى سىنىپ خائىنى باشقا، دەپ تەكىتلىنەتتى. مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ كىتاب قاتتىق بەس مۇنازىرە قوزغىغان، نەتىجىدە رەسمىي ئورۇنلار كىتابنى دەرسلىكتىن چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئىلاھسىز ئەخلاق

ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆپىنچە ھاللاردا دىنى ئەقىدىلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان كىشىلەردە ۋە ئاتېئىستلاردا ئەخلاقىي مۇۋاپىق ھال ۋە ھەرىكەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئاغزاكى ئارزۇلىرى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارىسىدا كۆپىنچە ھالدا روشەن ئىختىلاپ كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شۇنچىلىك كۆپ كىشىلەر باركى، ھەقىقىي دىندار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، دىنى ئەقىدىلەرنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ تۇرۇپمۇ، ھەرىكەت ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ئەخلاق نۇقتىسىدىن تامامەن نامۇۋاپىق بولغان ماتېرىيالىستلارغا ئوخشايدۇ. ياكى دەل ئەكسىچە، ئىدىيە جەھەتتىن ماتېرىيالىست بولغان بەزى كىشىلەرمۇ ئۆز ئەمەلىيىتىدە ھەر تۈرلۈك پىداكارلىقتا جان دەپ يۈگۈرۈشكە ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەشكە مايىل بولىدۇ. ئەڭ زىيالىي ۋە ئەڭ دۇرۇس مۇتەپەككۇرلارنىڭمۇ قايمۇقتۇرۇپ كېلىۋاتقان غەلىتە ئىنسانىي كومېدىيەسى، دەل بۇ چىگىشلىك ۋە ئاساسسىزلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئېتىقادىمىز بىلەن ھەرىكەت ۋە يۈرۈش تۇرۇشلىرىمىز ئارىسىدا ئاپتوماتلاشقان ئىنتىزامچانلىق يوق. ھەرىكىتىمىز، قىلىقىمىز، ئەخلاقىمىز ئاڭلىق تاللاشنىڭ ياكى تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ فۇنكسىيەسى ئەمەس. بۇ پەلسەپە ياكى سىياسىي ئىرادىلىرىمىزنىڭ ئەسىرى بولۇشتىن بەكرەك ئۆسمۈرلۈك چېغىمىزدىكى تەربىيەنىڭ ۋە شۇ ۋاقىتدىكى چۈشەنچىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بىر ئىنسان ئەگەر كىچىك ۋاقتىدا ئائىلە ئىچىدە چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشقا، ۋەدىسىدە تۇرۇشقا، ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا، تەڭتۇشلىرىنى سۆيۈشكە ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا، يالغان سۆزلىمەسلىككە، ئىككى يۈزلىمچىلىكتىن نەپرەتلىنىشكە، غۇرۇرلۇق ۋە كەمتەر بولۇشقا كۆنگەن بولسا، ئۇ ۋاقىتدا بۇلار كېيىنكى سىياسىي ئىرادىلىرى، تاللاشلىرى ۋە قوبۇل قىلغان قارىشى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئاساسەن كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەخلاقى دىندۇر، ئۆز دىنى بولمىغان تەقدىردىمۇ كېيىن قوبۇل قىلغان دىندۇر. تەربىيە ئاساسەن دېگۈدەك بەزى دىنى ئەقىدىلەرنى تارقىتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەخلاقنىڭ ئاساسى بولغان دىننى يېيىشقا ياكى يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچەيتىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان. دىنىنىڭ ۋاز كېچىلىشىدىن ئەخلاقنىڭ ۋاز كېچىلىشىگە ئۆتۈش ئۈچۈن پەقەت بىرلا قەدەمگە ئېھتىياج بار. بەزى كىشىلەر بۇ قەدەمنى ئۆمۈر بويى تاشلىيالمايدۇ. تۇرمۇشىدىكى

ئىختىلاپ، زىددىيەت دەل بۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق ئاچچىق بىر رېئاللىق بار بولۇپ، تەتقىق قىلىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ: ئەخلاقلىق ئاتېئىستلار بىلەن ئەخلاقسىز دىندارلار.

ئىلاھسىز ئەخلاق مەسىلىسى، زور بىر ئېھتىماللىقتا، رېئاللىقتا مەڭگۈ تەتقىق قىلغىلى بولمايدىغان ياكى ھەر قانداق بىر تارىخى تەجرىبىگە تايىنىغان نەزەرىيەۋى بەس مۇنازىرە سۈپىتىدە قېلىپ قالىدۇ. چۈنكى تارىختا تامامەن دىندىن خالىي جەمئىيەت بولۇپ ئۆتمىگەنىدەك، بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخى تەجرىبىمىزمۇ يوق. ئەۋلادلىرى رەسمىي قوبۇل قىلىنغان ئاتېئىست ئىدېئولوگىيەگە تايانغان، دىنغا قەتئىي كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ھەتتا نەپرەت تۇيغۇسى بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن جەمئىيەتلەرمۇ، دىندىن خالىي ئەخلاق بارمۇ ياكى پەقەتلا ئاتېئىست كۈلتۈر ۋە ئاتېئىست جەمئىيەت مۇمكىنمۇ دېگەن سوئالغا ئېنىق جاۋاب بولالمايدۇ.

بۇ خىلدىكى جەمئىيەتلەرمۇ، بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئۆز ئەتراپىدا قوپۇرۇپ چىققان سېپىللىرىنىڭ ئەكسىچە، ماكان ۋە زاماندىن خالىي بولالمايدۇ. شۇنى ئېنىق دېيەلەيمەنكى، ئەزەلىرى دىن جەھەتتىن تامامەن ئۇزاق مۇھىتتا ياشىغان بىر جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەت قائىدىلىرى، قانۇنى، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى بىز بىلىدىغان ۋە ئۆزىنى دىنغا باغلىق تەرىپلەيدىغان مەملىكەتلەردە ۋە ئوخشاش شەكىلدە ئۆزىنى ئومۇمەن ئاتېئىست ئىدىيەنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا بىلىدىغان رايونلاردا ئۇچراتقان ئىشلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ ۋە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ [1].

ناۋادا، نۇرغۇنلىغان دىنسىز كىشى، ھەقىقىي مەنىدە ئاتېئىست جەمئىيەتنىڭ غايىلىرى ۋە ھوقۇقىدىن خەۋەردار بولغان بولسا ياكى باش ئاخىرى بولغان بىرەر ئاتېئىست دۇنياسى بىلەن تۇيۇقسىز تونۇشۇپ قالسا، چوقۇم ھەيران قالاتتى.

ئەخلاقلىق ئاتېئىست بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئەخلاقلىق ئاتېئىزم بولمايدۇ. دىندىن خالىي كىشىنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشىنىڭ مەنبەسىمۇ دىندۇر. بىراق بۇ خىلدىكى دىن پەقەتلا ئۆتمۈشتىلا مەۋجۇت ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى ئىنسانىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىمۇ

(1) تىلمۇ، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەقەتلا رولىغىلا تەڭلەشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، كۈنىمىزدىكى لۇغەتنىڭ يۈزدە بىرىگە تەڭلەشتۈرۈۋەتتى. تىلنىڭ بۇ خىل شەكىلدە نامراتلاشتۇرۇلۇشىغا كۈنىمىزدە تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي ئىلىملەر ساھەلىرىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئاتالمىش ئىختىساسلاشقان تىلمۇ سەۋەب بولماقتا. تىلنىڭ نامراتلىشىشى شەھەرلىشىش بىلەن ياكى تىلنىڭ داۋاملىق يېڭىلىنىشى ۋە بايلىشىشىغا مەنبە بولىدىغان يېزىلارنىڭ يوق قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە باغلىق ئامىللاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يوقتى. بۇ خىلدىكى دىن مۇھىت، ئائىلە، ئەدەبىيات، فىلىم ۋە بىناكارلىقتا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ ۋە بۇنىڭ تەسىرى ھېلىھەم داۋاملاشماقتا. بۇ خۇددى قۇياش پاتقان يەردىمۇ كېچىنىڭ بارلىق ئىسسىقلىقى يەنە قۇياشنىڭ تەسىرىدە بولغانغا ئوخشاش. ئۆيدىكى ئوچاقتىكى ئوت ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆي يەنىلا ئىسسىق تۇرىدۇ. كۆمۈرنىڭ «يەر ئاستى ئۆيدە قۇياش»بولغىنىدەك، ئەخلاقمۇ زاۋاللىقتا يۈز تۇتقان دىن، دىن ئامىلى كۈچلۈك بولغان دۇنيا قارىشىمىزدىنمۇ ئاكتىپ بولغان ھەرىكەت شەكلىدۇر. ئۆتمۈشنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنىڭ تامامەن يوق قىلىنىشى ئارقىلىق بىر نەسلىنىڭ ئاتېئىست سۈپىتىدە يېتىشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن پىسخىكىلىق شەرت شارائىتلار تەييارلىنىشى ۋە ۋۇجۇدقا چىقىشى شەرت. ئىنسانىيەت 20مىڭ يىل داۋاملىق دىنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشىغان، ھەمدە ئۇ دىن، ئەخلاق، قانۇن، چۈشەنچە، ھەتتا تىل قاتارلىق ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە مۇنۇ سوئالنى سوراش مۇۋاپىق، دەپ قارايمەن: مۇشۇنداق بىر ئۆتمۈش بار بولغان ئەھۋالدا، زېمىندا ھازىرقىدەك شارائىتلار ئاستىدا تامامەن ئاتېئىست نەسىل يېتىشتۈرۈپ چىقىش مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق بىر ئىش پەقەتلا پىسخولوگىيەلىك مەھرۇملۇق شەرتى ئاستىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. كىتابى مۇقەددەسنى ياكى قۇرئانى كەرىمنى بىر چەتكە قايرىپ تۇرايلى. مۇشۇنداق بىر نەسلنى ھەر قانداق بىر سەنئەت ئەسىرىنى كۆرۈش، ھەر قانداق بىر سىمفونىيەنى ئاڭلاش، سوفوكلېستىن باشلاپ بېكېتتىكىچە بولغان بارلىق دىراممىلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش شەرت ئىدى. ئىنسانىيەت كۈنىمىزگىچە بارلىققا كەلتۈرگەن ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ بولغان بارلىق ئىمارەتلەرنى ۋە ئاساسەن بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بۇ نەسلدىن ئۇزاق تۇتۇلغاندا، بۇ ئىنسانلار كۈلتۈر مېۋىلىرى ياكى ئىپادىسى بولغان ھەر قانداق نەرسە ھەققىدە مەلۇماتسىز قالاتتى. شېكىسپىرنىڭ «ھاملەت»تىدىن ئۆلۈم ھەققىدە مونولوگ ئاڭلاش ياكى مايكىل ئېنگېلونىڭ تام رەسىملىرىدىن بىرىگە نەزەر سېلىش ۋەياكى «قانۇنسىز جىنايەت بولمايدۇ»، دېگەن پىرىنسىپنى ئۆگىنىشمۇ، ئىنساننىڭ دىنى «ئېزىپ كېتىشى»سەۋەبلىك، نەسلنىڭ مەنىۋى كۆزلىرى ئالدىدا ئاتېئىست كائىناتتىن پەرقلىق بىر كائىناتنىڭ نامايان بولۇشىغا يول ئېچىپ بېرىشى مۇمكىنتى. (ھالبۇكى، بىلىمگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالمۇ مۇشۇ شەكىلدە ئىدى. كېلەچەكتىكى ئاتېئىستلارنىڭ ماتېماتىكا، تېخنىكا ئىلىملىرىنى ئىگەللىشىدىن ۋە ئۆزگەرتىلگەن ۋە قىسقارتىلغان جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە سىياسىي ئىقتىسادلارنى ئۆگىنىشىدىن كېلىپ

چىقىدىغان ھەر قانداق خەۋپ بولمايتتى).

خىتايدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ غايە ۋە نەتىجىلىرىگە ھۆكۈم قىلىش ھازىرچە بالدۇرلۇق قىلىش بىلەن بىرگە، شەك شۈبھىسىزكى رەسمىي پەلسەپە ۋە ئىدېئولوگىيەگە شۇنچىلىك زىت بولغان ئۆتمۈشنىڭ مەنىۋى مىراسىنى يوق قىلىش، ئىنقىلابىلارنى قوزغىغانلارنىڭ غايىلىرىدىن بىرى ئىدى[1]. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» پىكىرمۇ سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي ئىنقىلابتىن پەرقلىق ھالدا ئەسلىدىكى مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلە ئاتېئىزم پەقەت ئىېغىزدىكى نەرسە سۈپىتىدە بىر چەتتە قېلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. خەلقنىڭ ھاكىمىيىتىنى، قانۇنلىرىنى، سەنئىتىنى، ئەدەبىياتىنى، ئۆز ئىچىگە ئالغان كۇلتۇر ئەنئەنىسى سۆكۈنات ۋە مۆتىدىل بىر دىن ۋاستىسى بىلەن نۇر چېچىشىنى داۋاملاشتۇرغان ئەھۋالدا، باش ئاخىرى بولغان ئەقلگە مۇۋاپىق بىر ئاتېئىست سىستېمىسى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ماركسنىڭ قايسى مەنىۋى ۋە ئىلمىي مەنبەلەردىن ئىلھام ئالغانلىقىمۇ ھازىرچە نامەلۇم. بىراق ھۇمانىست تەربىيە ۋە ئەدەبىياتنىڭ تەسىرلىرى تۇنجى ئەسەرلىرىدە شۇنداق گەۋدىلىك[2]، ھەممىگە مەلۇمكى، ماركسنىڭ ياتلىشىش نەزەرىيەسى ئاساسەن دېگۇدەك ئەخلاقىي ئۇيغۇن ھۇمانىست نەزەرىيە ھېسابلىنىدۇ. ماتېرىيالىست بىر مۇتەپەككۇرنىڭ بۇ خىلدىكى قاراشنى ياقلىشىنى قەتئىي تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ماركسنىڭ ئۆزى ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ياشلىقىدىكى «نىزامسىزلىقلارنى، ئېزىشلارنى» تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ئوبزورچىلار تەرىپىدىن تەرىپلەنگىنىگە ئوخشاش، «ياش ماركس» بىلەن «پىشىپ يېتىلگەن ماركس» ئارىسىدىكى پەرق ئالاھىدە گەۋدىلىك. بۇ پىشىپ يېتىلىش ھەقىقەتەن ئىدېئالىزم (دىنى ۋە ئەخلاقىي) يۆكىدىن قۇتۇلۇش جەريانى ۋە ماتېرىيالىست دۇنيا قارىشىنىڭ پەيدىنپەي مۇئەييەن ئاساسقا تايانغان ھالدا تەتبىق قىلىنىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ھازىرقى ئەۋلادلار رەسمىي دىنىدىن خالىي، ھەتتا ئاتېئىست بولسىمۇ، دىن نۇقتىسىدىن مەلۇماتسىزلىق ئىچىدە ئەمەس، دىنغا قارشى نەپرەت مۇھىتىدا چوڭ

(1) ھەممىگە ئايانكى، بۇ ئىنقىلاب چەكلىگەن ئەسەرلەر ئارىسىدا تولستوي، شېكسپىر ۋە بېتخوۋېننىڭ ئەسەرلىرىمۇ بار.
(2) ماركس ئاسچىيلوس، شېكسپىر ۋە كىشۇتنى ئەڭ ياقتۇرىدىغان شائىرلاردىن ئىكەنلىكىنى دەپ يۈرەتتى. ئاسچىيلوسنى ھەر يىلى گىرېكچە ھومېر ۋە ئوۋىدنى يادقا ئوقۇيدىكەن. ماركسىزمنىڭ روئۇس - سىجۇ مەنبەلىرى (مەسىلەن، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، مۈلۈكنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى پىكىرلەر) بۇ ئىدىيەدە تاپقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولىدۇ. ھەزرىتى ئىسانىڭ سۆيگۈ، قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تامامەن رەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ پىرىنسىپلارنى چۈشىنىكسىز بىر ئالدىنىش ئىچىدە پەن نامى ئاستىدا قوغدىغان. شۇڭلاشقا، ئاتېئىست كۈلتۈرنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ دەلىل بولالايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۈلتۈرمۇ ئۇنىڭ ياقلىغۇچىسى بولغان نەسلىدە بولغىنىغا ئوخشاش، دىن ۋە بۇيۇك ئەخلاقىي پىرىنسىپلارنىڭ داۋاملىق، لېكىن تونۇپ يېتىلمىگەن، ئاز بولسىمۇ ھەقىقىي بولمىغان تەسىرى ئاستىدا تەرەققىي قىلماقتا. قىسقىسى، يېڭى ئەۋلادنىڭ پەقەت ئىدېئولوگىيەسىلا يېڭى بولىدۇ. تەربىيەسى بولسا ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. يېڭى بولغىنى پەقەت پىلاندىن ئىبارەت، خالاس. بۇ تەبىئەت دۇنياسىدا ھەر بىر سىستېما تايىنىدىغان پىكىر ۋە خىتابنامىلەرگە ئوخشاشتىن بەكرەك ئۇنى تۈرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرگەنلەرگە ئوخشايدۇ. ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ (ئىدېئولوگىيەسى ياكى سىياسىي ئىرادىسى ئەمەس) ئۆز ئەخلاقىي بولىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىمىزدا، ھازىرقى دۇنياغا مەنا بېرىدىغان نەرسە بولسا يېڭى پىكىرلەر بىلەن بۇرۇنقى ئىنسانلار بولغان بولىدۇ.

بۇلار ئىدېئالىزم ۋە پىداكارلىقنى قەتئىي رەت قىلىدىغان پىكىرلەرنىڭ تەتبىق قىلىنىشىغا ئىدېئالىزم ۋە پىداكارلىقنى كىرگۈزۈپتىدۇ. شۇڭا، كونىمىزدە خىتاي ۋە رۇسىيەدە «مەنىۋى ئاگاھلاندۇرۇغۇچىلار» دېيىلىۋاتقان ۋە ماددىي نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ۋە ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلغان تەدبىرلەرنى خەلققە سىڭىپ كەتكەن دىنى ھېسسىياتنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا سۇيىئىستېمالى سۈپىتىدە كۆرگەنلەر تامامەن يوللۇق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇنداق بولمىسا، ماددىي تەشۋىق تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ ۋە مەنىۋى نەرسىلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ ئاتېئىزم نۇقتىسىدىن قانداقمۇ ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ناھايىتى روشەنكى، دىنى غايىلەرنى ئىدېئالىزم بىلەن، ماددىي نەرسىلەرنى بولسا ھېسابقا، مەنپەئەتكە ماس ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرالىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقىسى باش ئاخىرى يوق بولۇپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمايدۇ.

دىندىن خالىي ئەخلاق مەسىلىسى دىنىنىڭ ئاللاھ نامىغا ئىنساندىن تەلەپ قىلغان نەرسىنىڭ ئىنسان ئۈچۈن تەلەپ قىلىش ياكى قىلماسلىق شەكلىدىمۇ ئوتتۇرىغا

چىقىشى مۇمكىن. ماتېرىيالىستلار ئەخلاقنى بەرپا قىلىشقا ھەرىكەت قىلغاندا، بىلىپ تۇرۇپ مەزكۇر فورمۇلادىن پايدىلانغان. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى ئاساسسىزلىقىنىڭ ۋە ئۇنتۇغاقلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپ قالغان.

ئۇلار توغرا ھەرىكەتنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچى ئۈستىدە توختالغاندا، ئاللاھ قورقۇسى ۋە ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئورنىغا ۋىجداننى، ئىنسانىنىڭ ياخشىغا بولغان سۆيگۈسىنى (ئاك ئىچىدە ۋە قورقۇمسىز) تەۋسىيە قىلىدۇ. بىر ئاتېئىزمچى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇنى كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئىنسانىنىڭ ۋە ئىنسان ئەخلاقىنىڭ تېخىمۇ ئېسىللىشىشى ئاتېئىزملىق ھادىسىدۇر. ئەگەر مەن ئۆز ئىچىمدە ئەركىن بىر مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە ھېچكىمنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماستىن ئىچكى دۇنيارىمدىن بىر ئاۋاز ئاڭلىسام ۋە بۇ ئاۋاز ماڭا ئوغرىلىق قىلما ياكى ئادەم ئۆلتۈرمە دېسە، مەيلى ئىجتىمائىي بولسۇن مەيلى ئىلاھى بولسۇن ھەر قانداق بىر «مۇتلەق»لىككە تاياناستىن رىئايە قىلغان بولسام، ئۇ ۋاقتىدا مەن بۇ ھەرىكىتىمنى ئىنسانىنىڭ خارلىقى، دەپ قارىمايمەن. (ئاتېئىستلار بىلەن دىنشۇناسلار 1971 - يىلى ماي ئېيىدا بېلگرادتا ئۆتكۈزگەن بەس - مۇنازىرە يىغىنىدا پروفېسسور دوكتور ۋۇك پاۋىچېۋىچنىڭ سۆزلىرى).

بۇ ئەھۋالدا «ئەھۋالىنى ئوبدانلا ئاڭقىرىپ تۇرۇپ، يەنە بۇ ئۇقۇملارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن كىم بولغىيتتى؟ »دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. ئاك ۋە ۋىجدان قاچاندىن بېرى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيانىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى؟ ئاللاھنىڭ ئورنىغا ئىنساننى دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلىش ھەقىقەتەن كېرەكسىز ۋە بىمەنە ئىش بولماسمۇ؟ ئىنسانغا ئېتىقاد قىلىش، دىنىنىڭ ئەڭ بىمەنە شەكلى بولمىسا باشقا يەنە قانداق شەكلى بولالايتتى. ماتېرىيالىستلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئورنىغا «ئىنساننى كۆزلەپ» ئەخلاقى ھەرىكەتنى تەشەببۇس قىلىشى ماركس تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن «ئىنسانىنىڭ ئابستراكتنى ئىنسانلىقىقا مۇناسىۋەتلىك ئۇمىدىنىڭ دىنى خىيالدىن تۆۋەن تۇرىدىغان خىيال ئەمەس» دېگەن قارىشىنىڭ زىتى بولۇپ قالامدۇ؟ ئەگەر بۇ ئىككى ھادىسە ئارىسىدا ئۆز - ئارا بېقىندىلىق ۋە باغلىنىشىنىڭ بارلىقى ئېتىراپ قىلىنغان تەقدىردە، ماركسىنىڭ قارىشى جىڭغا توختىغان بولاتتى (ئاللاھ يوق بولسا، ئىنسانمۇ يوق، دېگەن پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا). ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئەخلاق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق دېگەن لېنىنىنىڭ قارىشى

بىلەن ئىشچىلار ئەخلاقنى رەت قىلىدۇ دېگەن خىتابنامىدە نىمىلەرنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقى ھەممىگە ئايان. كوممۇنىزم تارىخى تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكىدىن بارلىققا كېلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي سەۋەبلەردىن ئەمەس. ماركسىزمنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە، ماركسىزمچىلار ھازىرقى كۈندە ئىستېمال ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى ۋە ھەر ئىنسان شارائىتى يار بەرگۈچە، يەنى توسالغۇغا ئۇچرىغۇچە، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقى ناھايىتى روشەن بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، دېمەككى، بۇ نۇقتىدا ۋىجدان، باشقىلارنى ئويلاش، ھۆرمەت، ئېتىبار، تەبىئىي ھۇمانىزمغا ئوخشاش نەرسىلەرگە قىلچىمۇ ئورۇن بېرىلمىگەن. ئېكسپلاتاتسىيە، ئوبيېكتىپ مۇناسىۋەتلەر ئۆزگەرگەندە، ئاندىن ئۆزگىرىدۇ. ئەكسىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ نە ئىرادىسىگە نە ئەخلاقىي ياكى بۇنىڭغا ئوخشاش سۇبيېكتىپ قىممەت ئۆلچەملىرىگە (تەربىيە، كىشىلىك خاراكتېر، پەلسەپىگە ئوخشاش) ۋە نە ئۇلارنىڭ ئۆز - ئارا مۇناسىۋەتلىرىگە (ئائىلىۋى، مىللىي قاتارلىق) باغلىق ئەمەس.

ماركسنىڭ «كاپىتال» (خىزمەت كۈنى دېگەن بۆلۈمدە) تىلغا ئالغان مىساللىرى ئارىسىدا بالىلارنىڭ «ئاچ ئانىلىرى تەرىپىدىن» سۈيئىستېمال قىلىنغانلىقى، شۇڭا بۇنىڭ ئالدى ئېلىنىش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ئارىلىشىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىشى، ئەمەلىيەتتە كىشىگە قەستەن ئوتتۇرىغا قويۇپ قويغاندەك تەسىر بېرىدۇ. ماركس بۇ بىمەنە قارشى بىلەن، جەمئىيەتتىكى ئېكسپلاتاتسىيە قانۇنىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىمەكچى بولغان. بۇ ئەھۋالدا بەزى ماركسىزمچىلارنىڭ كۆز ئالدىمىزدىلا ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن لايىك (دىنىدىن خالىي) ئەخلاق بەرپا قىلىشقا كۈچەپ كېتىشى ھەقىقەتەن غەلىتىلىك ھېسابلىنىدۇ[1].

ماركس ئىنسان، گۇمانىزم، ۋىجدان قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىشنىڭ دىنغا پاراللېل بولغان بىر ئىدېئالىزم شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى داۋاملىق تەكىتلەپ كەلگەن ئىدى. بۇ نۇقتىدا ماركسقا قوشۇلىمىز. بىراق، كۈنىمىزدىكى ماركسىزمچىلار ئەمەلىي شارائىت

(1) «ئۆزىنىڭ ھېس تۇيغۇلىرى ۋە ۋىجدانىغا قۇلاق سېلىش ئاساسىغا تايانغان» ئەخلاق ھەققىدە ئېنگېلسنىڭ چۈشەنچىسىمۇ ئۇنچىلىك ئىجابىي ئەمەس. «ئاساسەن ھەربىر سىنىپ، ھەتتا ھەربىر كەسپنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەخلاقىي بولىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بىرلەشتۈرۈش رولىنى ئويناپدىغان سۆيگۈ بولسا، توقۇنۇش، ئۇرۇش، ئائىلە ئىختىلاپلىرى، ئاجرىشىشلار ۋە بەزىلەرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن سۈيئىستېمال قىلىنىشى قاتارلىق سەلبىي ئىشلاردا ئۆز ئىپادىسى تاپماقتا» (ئېنگېلسنىڭ «لۇتۋىگ فېيرباخ ۋە گېرمان كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرلىشىشى».

ۋە سەۋەبلەر تۈپەيلى، بۇ خۇسۇستا ماركس بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئەمەس. چۈنكى ئۇلار، ماركسنىڭ پەرقلىق ھالدا، ھازىرقى شارائىت كەلتۈرۈپ چىقارغان، تۇرمۇشنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە تۇرمۇشقا تەتبىقلاشتا كېلىپ چىققان بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ماركسقا نىسبەتەن، خىزمەت ئۈستىلى ياكى ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسىدىن چىقماي تۇرۇپلا «ئەخلاق دەپ بىر نەرسە يوق» دېيىش ھەقىقەتەن ئاسانغا توختىسا كېرەك. بىراق ماركسنىڭ پىكىرلىرىنى تەتبىقلاشقا ۋە بۇنىڭغا ماس بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئاتلانغانلار، ھەقىقىي ماتېرىيالىست ئىدىيەگە ئاساسەن مەنتىقلىق بولغان بۇ پىكىر ۋە قاراشلارنى ئاسانلا ئىزاھلىيالمايدۇ. ئۇلار ماركس تەشەببۇس قىلغان جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن تالاي قېتىم ئىنسانلاردىن ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر دىن ئۈچۈن تەلەپ قىلغان زور پىداكارلىق ۋە ئىدىيىلىزمدىنمۇ كۆپ نەرسە تەلەپ قىلىپ كەلدى. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار بەزىدە شۇنچىلىك كۈلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىكى، ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولغان ماتېرىيالىزملىق تەلەپلارنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ. يەنى، بىر ئاتېئىست (ماتېرىيالىست) نىڭ ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىشى ۋە ئارزۇ قىلىشى، بۇنى قوغداشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىشى ۋە بۇ قارىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇمكىن ياكى ئەمەسلىكى مەسىلىسى بولماستىن، بۇ يەردىكى مەسىلە شۇ ئاتېئىستنىڭ يۇقىرىقىلارنى ماتېرىيالىزمنىڭ پاسىللىرىنىڭ سىرتىغا چىقماي تۇرۇپ ئېلىپ بېرىش ياكى بارالماسلىق مەسىلىسىدۇر. ئېپىكۇرنىڭ پەلسەپىسى ھەققىدىكى ئىختىلاپلار، ماتېرىيالىزم بىلەن ئەخلاق ئارىسىدىكى بىردەكلىكنىڭ ۋە باغلىنىشىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ مەشھۇر يۇنان پەيلاسوپى (مىلادىدىن ئىلگىرى 341 - 270)دۇنيانى ئىزاھلاش نۇقتىسىدىن ماتېرىيالىست قاراشقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئىزاھلاشتا ئىككىلىنىپ قالغان ئىدى. شاگىرتلىرىغا خوشاللىقنىڭ زوق ۋە لەززەتتە بولىدىغانلىقىنى تەلىم بەرگەندە، لەززەت ۋە زوقنىڭ «تۇرغۇنلۇقىنى» روھىي خاتىرجەملىكتە ئىزدەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۆزىمۇ مەنىۋى زوق ۋە لەززەتلەرگە ھېسسىي زوق ۋە لەززەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوقۇغۇچىلىرى، بۇ زىددىيەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئەخلاق چۈشەنچىسىنى سائادەت پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن ئىزاھلاشقا تىرىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ئېپىكۇرىزم كۆنىمىزدە ناھايىتى مەنتىقلىق بولغان تۇرمۇش پەلسەپىسى سۈپىتىدە ئاڭلاش زوقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە لەززىتى بىلەن ئوخشاش مەنىگە كېلىدۇ. «كائىنات ۋە دۇنيادىكى ھادىسىلەر ماددىلارنىڭ قۇرۇق پىلانبېتادىكى مېخانىك ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر، خالاس» دېگەن ئېپىكۇرنىڭ ماتېرىيالىست تەلىماتى بىلەن سائادەت پەلسەپىسى ئارىسىدا لوگىكىلىق بىر باغلىنىش ياكى بىردەكلىك مەۋجۇت. يەنە بىر تەرەپتە ئېپىكۇرنىڭ ماتېرىيالىزملىق تەلىماتى بىلەن خاتىرجەملىك ياكى مەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ ئۈستۈنلىكى ئارىسىدا بۇنداق بىر ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئېپىكۇرنىڭ شاگىرتلىرى ئۇستازىنىڭ تەلىماتىنى ۋەيران قىلدى، دېگەن قاراشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق.

يۇقىرىقىلاردىن مۇنداق ئىككى يەكۈننى چىقىرىشىمىز مۇمكىن: بىرىنچىسى، دىن بولماي تۇرۇپ پرىنسىپ ۋە پىكىر سۈپىتىدىكى ئەخلاق قەتئىي مەۋجۇت بولمايدۇ. تەتبىقلاشتا بولسا، «ئەخلاقىيلىق» مۇمكىن بولىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ ئەمەلىي ئەخلاقىيلىق ئىنتايىن كارغا كەلمەس بولۇپ، ھەرىكەت كۈچىنى ئالغان مەنبەدىن قانچىلىك ئۇزاقلاشسا ئۆزىمۇ شۇنچىلىك كۈچسىز قالىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاتېئىزم ئاساسى ئۈستىگە ھەر قانداق بىر سىستېما قۇرۇلمايدۇ. بىراق، ئاتېئىزم ئەخلاقىيلىقنى ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ ئاددىي شەكلى بولغان ئىجتىمائىي ئىنتىزامنى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. بۇنى تەتبىقلاش ئارقىلىق، جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ھەرىكەت قىلىنغان ھامان، مەۋجۇت ئىجتىمائىي ئەخلاق شەكىللىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوغداش پايدىلىق، دەپ قارىلىدۇ. كوممۇنىزدىكى سوتسىيالىست دۆلەتلەردىكى تەتبىق خىزمەتلىرى بۇ رېئاللىقتا ئىسپات بولالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، كۆنلەرنىڭ بىردە ئەخلاقلىق بولۇش پرىنسىپىمدىن گۇمان قىلىنىشقا باشلىنىپ قالسا، ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئاتېئىزمنىڭ قولىدا ھېچقانداق قورال يوق بولۇشتەك ئاچچىق ھەقىقەتمۇ بار. ئاتېئىزم مەنپەئەتچى، شەخسىيەتچى، غەيرى ئەخلاقىي ياكى ئەخلاقتىن خالىي تەلەپلەر ئالدىدا تامامەن ئاجىز ۋە پاسسىپ ھالەتتە تۇرىدۇ. شۇڭا ئاتېئىزم بۇنداق ئەھۋالغا كۈچ بىلەن قارشى تۇرىدۇ، ھەرگىزمۇ پىكىر ۋە قاراشلار بىلەن تۇرالمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق كۈچى يوق. بۇنداق رەھىمسىز ۋە كۈچلۈك نەرسىگە قارشى نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ ئەگەر پەقەت بۈگۈنلا ياشايدىغان بولسام ۋە ئەتە ئۆلۈپ كېتىپ پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان بولسا ۋەياكى شارائىتىم بار تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن خالىغانچە ۋە مەسئۇلىيەتتىن خالىي ياشىمايمەن؟ شەھۋانىلىق يەنى «يېڭى ئەخلاق» دېيىلىۋاتقان جىنسىي ئەركىنلىك ياكى جىنسىي مەسئۇلىيەتسىزلىك دولقۇنى، سوتسىيالىست

دۆلەتلەردە مەجبۇرىي ھالدا چەكلىمىلەر بىلەن، يەنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن ئالدى ئېلىنماقتا. ھەر قانداق بىر ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ بۇ دولقۇنغا تاقابىل تۇرۇشى تەس. ئەگەر بۇنىڭغا پىكىرلەر بىلەن كۈرەش قىلىنسا ، بۇ پىكىرلەر باش ئاخىرى يوق ئاساسسىز ۋە ئۈنۈمسىز بولۇپ چىقىدۇ، بۇ پەقەت ئەركىن تەنقىد ئارقىلىقلا مۇمكىن بولىدۇ. بۇلار ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ھېلىھەم مەۋجۇت بولغان ۋە ھاكىمىيەت تەرىپىدىن مەجبۇرىي داۋاملاشتۇرۇلغان كونىچە ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىن ئىبارەت. مىراس سۈپىتىدە قالغان بۇ ئەخلاق سىستېمىسى ياكى ئەخلاقىي چۈشەنچە شەكلى رەسمىي پەلسەپە بىلەن زىددىيەت ئىچىدە بولىدۇ، شۇڭا مەنتىق نۇقتىسىدىنمۇ سىستېمىنىڭ ئىچىدە ئورنى بولماسلىقى كېرەك.

قىسقىسى، ئەخلاق دىنىنىڭ باشقا بىر ھالىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب: كۇلتۇر ۋە تارىخ

## ئىپتىدائىي گۇمانىزم

ئەقلىيەتچىلەر بىلەن ماتېرىيالىزمچىلار تارىخنى تۈز سىزىق ئۈستىدە سەير قىلىدىغان ئۆزگىرىش سۈپىتىدە كۆرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى نۆلدىن باشلانغان. تارىخمۇ ئاستىن - ئۈستۈن ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە پات - پات ئارقىغا چېكىنىپ دولقۇنسىمان ھالەتتە بولسىمۇ، لېكىن ئىزچىل ئىلگىرىلەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۆتمۈشكە نىسبەتەن تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان، كېلەچەككە نىسبەتەن تېخىمۇ ئارقىدا قالغان. ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ تارىخ تەبىرىدە، ئىنسان ھاياتىدىكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ، يەنى ماددا تەرەققىياتىنىڭ (بۇلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىنساننىڭ تارىخنى ئەمەس) كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، ئۇلارنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز. بىراق، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ كۇلتۇر تارىخي بولماستىن، مەدەنىيەت تارىخى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان ۋە كۇلتۇر تارىخى بولسا، نۆلدىن باشلانمايدۇ ۋە تۈز سىزىق ئۈستىدە سەير قىلمايدۇ. ئىنسانىيەت تارىخى «ئەرشتىكى پرولوگ»[1] بىلەن باشلىنىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار جەمئىيىتى تەبىئەتتىن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ھايۋانىي ئەجدادىدىن بىر ئاز ياخشى ئەھۋالدا بولۇش بىلەن بىرگە، ئىنسانلارغا خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئەخلاقىي قىممەت ئۆلچەملىرىگە ئىگە ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران تالدۇرىدىغان ئەھۋال. ئىنسان تارىخ سەھنىسىگە چىققاندا ئۇ دەۋرگە

(1) ئەرشتىكى پىرولوگ (ئەرشتىكى مۇقەددىمە): ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرشتىكى ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنى ئېپتىدائىي دەۋرگە نىسبەتەن مول ئەخلاقىي بايلىققا ئىگە ئىدى. بۇ بايلىقنى نە ئۆزى مەيدانغا كەلتۈرمىگەن نە ئەجدادلىرىدىن مىراس قالمىغان. پەن، ئىنسانىي بىلەن ھايۋانىي ئالاھىدىلىكلىرى بىر - بىرىگە پاسسىل بولغان ئۇ قەدىمى دەۋرلەردىكى ئىنسان توپلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاددىي ئىنسانلىق ھالىنى ئىنقىلاب چىققان ۋە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيەت ۋە مەنبەسىنى ھېچقاچان ئىزاھلاپ بېرەلمىدى. بىلىمنىڭ دىنى تەسەۋۋۇرلارنى «ئالدىن تەسەۋۋۇرلار»[1] بولغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىشى، بۇ ھادىسىنىڭ ئىزاھلىنىشى ۋە ئايدىڭلىشىشنى تەقەززا قىلىدىغان يولنىڭ ئېتىلىشىگە سەۋەب بولغان.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تارىختىن ئىلگىرىكى جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق ھۆججەتلىرى بولغان قەبىلىلەرنى تەسۋىرلىگەن لېۋىس مورگان (قەدىمى جەمئىيەت، دېگەن كىتابىدا) مەزكۇر جەمئىيەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ھاياتىغا دائىر تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرنى بايان قىلىدۇ.

قەبىلە رەئىسىنى سايلاپ چىقىدۇ ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا قوغلايدۇ. قوغلانغان رەئىس ئادەتتىكى جەڭچى بولىدۇ.

جىنسى مۇناسىۋەتلەر قەبىلە دائىرىسىدە چەكلەنگەن. بۇ چەكلىمىگە ئاڭلىق ھالدا رىئايە قىلىنىدۇ.

قەبىلە ئەزالىرى ئارىسىدا بىر - بىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە ياردەملىشىش، زۆرۈر تېپىلغاندا جېنى پىدا قىلىدىغان ئىشلار بار.

جەڭچىلەرنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە ئەسىرلەرگە (ئۇرۇشتا ئەسىر بولغانلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ) ياخشى مۇئامىلە قىلىش گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى.

قەبىلەنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرى ئەركىن ئىنسانلار بولۇپ، ئوخشاش ھەق - ھوقۇقلارغا ئىگە بولغان ۋە بىر - بىرىگە قېرىنداشلىق رىشتىلىرى بىلەن باغلانغان.

قەبىلىگە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىنغىنىدا دىنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. دىنى مۇراسىملاردا ئۇسسۇل ۋە ئويۇنلار ئوينىلىدۇ.بۇتلارغا چوقۇنۇلمايدۇ.

قەبىلە مەجلىسى ۋەكىللەردىن تەشكىل تاپىدۇ.

(1) مەنە جەھەتتىن ئالدىن دېگەنلىك بولىدۇ. پەلسەپىدە، سىناق ۋە تەجرىبىدىن ئىلگىرىكى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەجلىس ئورتاق ئىشلار ھەققىدىكى قارارلارنى ئومۇمىي سورۇندا ۋە قەبىلە ئەزالىرى ئالدىدا بېرىدۇ. قارارلار ھەممىنىڭ بىردەك ئاۋازى بىلەن بېرىلىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپىنىڭ بۇ دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك ئىنقىسز ئەسلىمىلەر بىلەن ئالتۇن دەۋر دېيىلگەن دەۋرگە ياكى (مۇقەددەس كىتابتا قەيت قىلىنغان) پاترىخال دەۋرگە تەۋە كىلاسسىك ئەپسانىلەر ئاساسەن دېگۈدەك پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە ۋە چۆچەكلىرىدە ئەكس ئەتكەن. بېرتاراند رۇسسېل «ئۆتمۈشنىڭ ناچار ئىكەنلىكىگە دائىر ئومۇمىي قاراش تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى بىلەن بىرلىكتە ئومۇملاشقان» دەيدۇ. مورگاننىڭ ئىزاھاتى ئىپتىدائىي قەبىلىنىڭ كىلاسسىك شەكلى دەپ قوبۇل قىلىنغان شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىروكېزلەر قەبىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك.

بۇ تەسۋىرگە ھەيران قالغان فېدرىخ ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قەبىلە تۈزۈمى پۈتكۈل گۇناھسىزلىقى ۋە ئاددىيلىقى بىلەن نېمە دېگەن گۈزەل! ئەسكەرسىز، ژاندارمسىز، ساقچىسىز، ئېسىلزادىسىز، پادىشاھسىز، ۋالىيسىز ۋە سوتچىسىز بىر قەبىلە تۈزۈمى... تۈرمىلار يوق، سوتلار يوق، پۈتكۈل ئىشلار تەبىئىي يۆنىلىشىدە سەير قىلىدۇ. بارلىق ئۇرۇش - جېدەل ياكى ئىختىلاپلار ئۆز ئارىسىدا ھەل قىلىنىدۇ. نامراتلىق ۋە مەھرۇملۇقتىن ئەسىر يوق.كوممۇنىست جەمئىيەت ۋە قەبىلە ياشانغانلار، كېسەللەر، ئۇرۇشتا يارىلانغانلار ئالدىدا ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. ئاياللار بولۇپ ھەممە كىشى ئوخشاش ھەق - ھوقۇقلارغا ئىگە بولغاندىن سىرت، تامامەن ئەركىندۇر. قۇللار تېخى بارلىققا كەلمىگەن، يات قەبىلىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراش ياكى بېسىۋېلىش ھادىسىسى يوق. مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتنىڭ قايسى خىلدىكى ئەر ۋە ئاياللار يېتىشتۈرگەنلىكىنى ساپ ئىندىيانلارغا باغلاپ تۇرۇپ ئىزاھلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن ھەر قانداق بىر ئاق تەنلىكنىڭ، بۇ ياۋايىلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە، سەممىيىتىگە، كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە ۋە قەھرىمانلىقىغا بولغان ھەيرانلىقى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. (ف. ئېنگېلس،«ئائىلىنىڭ يىلتىزى، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەت» نىيۇيورك، 1948).

مورگاننىڭ كىتابىدا قەيت قىلىنغان ئەھۋال، يۇرتدىشى بولغان ج. فېنىمور كوپېر تەرىپىدىن رومانلىرىدا جانلىق ۋە تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن، ر. ۋ. ئېمېرسومۇ «ئىنسان تەبىئىتىنى ھەر خىل شەكىلدە كۆردۈم ، ھەر جايدا ئوخشاش ئىكەن، قانچىلىك ۋەھشىي بولسا، شۇنچىلىك پەزىلەتلىك ئىكەن» دەيدۇ، ئۇ بۇ يەردە ئامېرىكىلىق

ئىندىيانلارنى كۆزدە تۇتقان.

تولىستويمۇ ئەسەرلىرىدە ئىپتىدائىي رۇس يېزىلىرىنىڭ تېخى بۇزۇلمىغان تۇرمۇش شەكلىنى ئىجتىمائىي ئۈلگە، دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. بۇ ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي قىممەت ئۆلچەملىرى بۇ يەردىمۇ، ھەر يەردە بولغىنىغا ئوخشاش، ماددىي ۋە ئومۇمىي جەھەتتە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەسى بىلەن پاراللېل ھالدا سەير قىلماقتا ئىدى.

ب د ت پەن - مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى تەرىپىدىن تەييارلانغان «ئافرىقىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (سەككىز جىلدتىن ھازىرغىچە ئىككى جىلد نەشردىن چىقتى) ناملىق ئەسەردە ئافرىقىلىق ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ كۈلتۈرىگە مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى جەلپ قىلارلىق خۇسۇسلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، زەڭگى خانلىقلاردا ياتلارغا مەيلى ئاق تەنلىك بولسۇن مەيلى زەڭگى بولسۇن ناھايىتى ئىززەت ئىكرام قىلىناتتى ۋە ياتلار يەرلىك خەلقلەرگە ئوخشاش ھەق - ھوقۇقلار ئىگە ئىدى. ئوخشاش دەۋردە بولسا، رىم ياكى گرېتسىيەدە ياتلار قۇل بولۇپ ئىشلەيتتى. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش رېئاللىقلار مەشھۇر نېمىس ئېتنوگراف ۋە ئافرىقا مۇتەخەسسىسى لېئو فروبېنيۇسنى «مەدەنىيلىك زەڭگىلەرنىڭ ئەجدادلىرىدا يىلتىز تارتقان، ئۇلارنىڭ قالاق ئىكەنلىكى چۈشەنچىسىنى ياۋروپالىقلار ئىجاد قىلغان»[1] دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. ھازىر ئامېرىكىلىق ئىندىيانلاردا، ئافرىقىنىڭ يەرلىك قەبىلىلىرىدە، تاختىدا، ئىپتىدائىي رۇس يېزىلىرىدا، ھەتتا ھىندىستاننىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىجتىمائىي تەبىقىلىرىدە ئۇچرايدىغان بۇ قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ مەنبەسى زادى نېمە؟، تارىخنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قەيەردىن كەلگەن ۋە تارىخى تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن مىقدار نۇقتىسىدىن نېمە ئۈچۈن ئازىيىپ كېتىدۇ؟ بىر ئىندىيان قەبىلىسى بولغان ئىروكېزلەردە ياشانغانلار بىلەن كېسەللەرنىڭ ھىمايە قىلىنىش پىكرى قەيەردىن كەلگەن؟ ھايۋانىمۇ ئەمەسمۇ؟ بەزى ھايۋانلاردا ئۇچرايدىغان ھەر خىل «ھالىدىن خەۋەر ئېلىش» شەكىللىرى ھەر ۋاقىت پايدىلىق بولۇشنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى پىكىر ياكى پىرىنسىپنى چىقىش قىلغان «ئىنسانلىق» يوق. مورگان مەشھۇر كىتابىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ: «باشقۇرۇشتا دېموكراتىيە، جەمئىيەتتە قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك ۋە ئومۇمىي تەلىم -

(1) فروبېنئۇس بۇ يەردە «مەدەنىيلىك» تەبىرى ئاستىدا كۈلتۈرنى كۆزدە تۇتقان.

www.uyghurkitap.com



تەربىيە جەمئىيەتنى تەجرىبە، ئەقىل ۋە بىلىم قاتارلىق توختاۋسىز ئىلگىرىلەيدىغان يۈكسەك سەۋىيەگە يەتكۈزىدۇ. بۇ بولسا قەدىمى قەبىلىلەرنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىق پرىنسىپلىرىنىڭ تېخىمۇ جانلىق ھالدا قايتىدىن جانلاندۇرۇلۇشى بولىدۇ».

مورگان مۇستەقىل مەدەنى جەمئىيەتلەرنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىقنىڭ ئۈچ كۈچتىن كېلىدىغانلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇلار تەجرىبە، ئەقىل ۋە بىلىمدىن ئىبارەت. ھازىر ھېچ بولمىغاندا مۇنداق ئىككى نەرسە ئېنىق بولۇپ، بىرىنچىسى، قەدىمي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىقى تەجرىبە، ئەقىل ۋە پەننىڭ ئالدىدا كەلمەيدۇ... ئىككىنچىسى بولسا، مورگان كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىنكى (قەدىمى جەمئىيەت 1877) دەۋر تەجرىبە، ئەقىل ۋە پەن دەۋرى بىشارەتلىرىنى قەتئىي دەلىللىمەيدۇ. پەقەت ئىجتىمائىي ۋە تېخنىكىلىق تەرەققىياتنىڭ بىر - بىرىگە زىت قۇتۇپلىرىدىن سىرت ، يەنە ياخشى بىلەن رەزىللىك ئارىسىدىكى زىتلىقنىمۇ ياۋايىلىق ۋە مەدەنىيلىكتە ئۇچرىتالايدىغانلىقىمىزغا دائىر ئومۇملاشقان ئالدىن ھۆكۈمنىڭ، بەلكىم تارىخنىڭ ياۋايىلار تەرىپىدىن ئەمەس مەدەنىيەتلىكلەر تەرىپىدىن يېزىلىشىدەك ھەقىقەتتىن كەلگەنلىكىنى كېسىپ ئېيتالايمىز. ئەگەر بىرسى كۈلتۈر ئەسەرلىرىنى يوق قىلسا بىز بۇ ۋەھشىيلىككە ياۋايىلىق دەيمىز ۋە بۇنى مۇشۇنداق تەرىپلەش ئارقىلىق مۇۋاپىق ئىپادە ئىشلەتكەنلىكىمىزنى ئويلايمىز. يەنە كېلىپ بۇنىڭ ئەكسىچە، مەرھەمەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك كۆتكەن تەرەپتىن «مەدەنىي بىر مىللەت»تەك مۇئامىلە قىلىشنى كۈتىمىز. تولىمۇ ئەپسۇسكى، شۇنچە كۆپ رېئاللىق دەل ئەكسىنى كۆرسىتىپ بەرسىمۇ مۇشۇنداق خىياللار يەنىلا ئومۇملاشقان. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تارىخى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا بىزنى تەتۈر بىر ھۆكۈمنى چىقىرىشىمىزغا يېتىدۇ. مەدەنى ئىسپانىيەلىكلەر, ۋەھشىيلەرچە مايا ۋە ئازتېكنىڭ كۈلتۈرلىرىنىلا ئەمەس، بۇ رايوننىڭ مىللەتلىرىنىمۇ يوق قىلىۋەتكەن ئەمەسمىدى؟ ئامېرىكىدا يېڭى ئولتۇراقلاشقان ئاق تەنلىكلەر (مەدەنى مەملىكەتلەردىن كەلگەن ئاق تەنلىكلەر دېيىش كېرەكمۇ قانداق؟) يەرلىك ئىندىيانلارنى ۋە مورگان قەيت قىلىنغىنىدەك ئاجايىپ ھەيۋەتلىك قەبىلىلەرنى يېقىنقى زاماندا سىستېمىلىق ۋە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە يوق قىلىۋەتكەن ئىدىغۇ؟ تېخى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىندىيانلارنىڭ ھەر باش تېرىسى ئۈچۈن مۇكاپات تارقىتىپ كەلگەن ئىدى. ياۋرو -

ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئاتلانتىك ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان، 1865 - يىلى ئاران ئاخىرلاشقان نومۇس قىلارلىق قۇل سودىسى 300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا 13 مىليوندىن 15 مىليونغىچە بولغان ھۆر كىشى (ئېنىق سانىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ياكى بىلىنىشى ناتايىن) بۇ ئىنسان ئوۋچىلىقىدا تۇتۇلۇپ قۇل قىلىنغان. بۇ نۇقتىدىمۇ مەدەنى ۋەھشىيلىك ئەركىن ۋە ئىنائەتچان ئىپتىدائىي ئىنسان بىلەن ئۇچراشقان ئىدى.

بۇ يەردە زامانىۋى مۇستەملىكە ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا كېرەك بارمۇ؟ ئۇ پەقەت ھەر يەردە ياۋروپا مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن ئارقىدا قالغان، مەدەنىي بولمىغان ياكى ئاز مەدەنىيلەشكەن مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرما سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ھەر يەردە زۇلۇم، ئالداش، ئىككى يۈزلىمچىلىك، بويۇن ئەگدۈرۈش ۋە ئاجىز ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنى يوق قىلىش شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئوتتۇر ئەسىر ھەققىدىكى ھۆكۈمىمىز ئاساسەن دېگۈدەك ھەر ۋاقىت ئوخشاش. ئەجەبا، ئوتتۇرا ئەسىر ھەقىقەتەن بىر جاھالەت ۋە پالاكەت دەۋرىمىدى؟ بۇ بىر نۇقتىئىنەزەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئاتالمىش مەدەنىي كۈچلەرگە نىسبەتەن ھەر ھالدا «شۇنداق» بولۇشى مۇمكىن. ياۋروپانىڭ تۇنجى ماتېرىيالىست پەيلاسوپلىرىدىن بىرى بولغان ھېلۋېتىيۇسنىڭ قارىشىچە، ئوتتۇرا ئەسىر«ئىنسانلار ھايۋان بولغان» بىر دەۋر بولغان بولسا، قانۇنلار «بىمەنە شاھ ئەسىرى» ئىدى. خىرىستىيان بىردجايىۋ ياكى رەسسام ج.ئارپ ئوخشاش دەۋرگە تامامەن پەرقلىق باھا بەرگەن.[1] ئۇلارغا نىسبەتەن، ئوتتۇرا ئەسىردە نامراتلىق، خاتىرجەمسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيەتلىرىدە ئىچكى بىقىندىلىق ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. بۇ دەۋر ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى خېلىلا باي بولغان بىر دەۋر بولۇپ، ئۇ بولماي تۇرۇپ غەربلىكلەرنىڭ ئېنېرگىيە ۋە تىرىشچانلىقلىرىنى چۈشىنىش مۇمكىن بولمايتتى. سەنئەت ساھەسىدە بۈيۈك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن ۋە بۈيۈك بىر پەلسەپە (يۇنان پەلسەپىسى) بىلەن بۈيۈك بىر دىن بولغان خىرىستىيانلىقنىڭ بىرلەشمىسى ۋۇجۇدقا چىققان. «ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى بولغان» (كىلارك)

(1) ج، ئارپ: «مەن مېخانىكىلىق شەكىلدە ياسالغان ۋە خىمىيە فورمۇلالىرىغا قارشى تۇرىمەن. ئوتتۇرا ئەسىرنى، تاملارنى ۋە ھەيكەللەرنى ياخشى كۆرىمەن».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گوتىك (بىر خىل سەنئەت چۈشەنچىسى)، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تىپىك نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدە ئىلگىرىلەش كۆرۈلمىگەن چاغدا، ئا.ن. ۋايھەد تەرىپىدىن «ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش» دەپ تەرىپلەنگەن نەرسە ۋۇجۇدقا چىققان. (ئا.ن ۋۋ، «دىنىنىڭ كەلگۈسى»).

غەربلىكلەردىكى فوستچىلىق ( دەۋرنىڭ پۈتكۈل بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئاتلانغان، سېھىرگەرلىككە مايىل، بىلىم ئىشقىدا كۆيىدىغان، ھەر ئىشقا سەلبىي تەرەپتىن قارايدىغان كىشى) نىڭ ئاساسىي، ئوتتۇرا ئەسىردە بۈيۈك مەنىۋى ۋە سىياسىي توقۇنۇشلاردا شەكىللەنگەن ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر بولماي تۇرۇپ يېڭى دەۋرنى، بىلەلىشىمىز ناتايىن، ھېچ بولمىغاندا بىز بىلىدىغان شەكىلدە بولمايتتى.[1]

## سەنئەت ۋە تارىخ

كۈلتۈر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، زاماندىن ۋە تارىختىن خالىي بىر ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەگرى توقايلىق بىلەن تولغان بولۇپ، دولقۇنسىمان شەكىلدە مەۋجۇت بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ نە تەرەققىياتى يوق نە تارىخى يوق. سەنئەتتە پەندە بولغىنىغا ئوخشاش «مەلۇمات، ئۇچۇر» ياكى تەجرىبە بىرىكمىسىمۇ يوق. ئىزاھلاش كۈچىنى تەرەققىيات نەتىجىسى سۈپىتىدە كۆرگىلى بولمايدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تاش دەۋرى ۋە ئاتوم دەۋرى بار. كۈلتۈردە بولسا بۇنداق بىر تەرەققىيات مەۋجۇت بولمايدۇ. تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئىلگىرىلەش ھېسابلانسا، سەنئەت نۇقتىسىدىن ئارقىغا چېكىنىش ھېسابلىنىدۇ. كونا تاش قورالالار دەۋرى سەنئىتى يېڭى تاش قورالالار سەنئىتىدىن قانچە مىڭ يىل ئىلگىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېخىمۇ ھەقىقىيدۇر. شېئىر سەنئىتى ھەر يەردە نەسىرنى ئالدىنقى پىلانغا قويىدۇ. ئىنسانلار ھېكايە ئېيتىشتىن ئىلگىرى ناخشا ئېيتىشاتتى. شېئىرنىڭ نە تەجرىبىگە نە مىسالغا ئېھتىياجى يوق. زاماندىن خالىيلىق ئەخلاق پرىنسىپلىرىدا، ھەتتا دىنى تەلىماتلاردىمۇ مەۋجۇت. ھەربىر دىن دەسلەپتە چىن ۋە ساپ بولىدۇ، كېيىنچە تەتبىق ئەسناسىدا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا نۇرغۇن مىساللارنى بېرەلەيمىز

(1) بۇ يەردە ياۋروپادىكى ئوتتۇرا ئەسىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھىندىستاندىن ئىسپانىيەگىچە سوزۇلغان ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان كەڭ كەتكەن رايونلاردا ئوتتۇرا ئەسىر بۇ شەكىلدە ئەمەس ئىدى.

(بىر خۇدالىقنىڭ ئەڭ قەدىمى دىن ئىكەنلىكىگە دائىر نەزەرىيە). بۇ يەكۈنلەر ئاندرېۋ لاڭ، ۋ.سچمىيادت، كونراد پرېئۇس قاتارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن چىقىرىلغان. بۇنىڭدىن، بىر «كۈلتۈر تارىخى» نىڭ ئۇقۇم سۈپىتىدە زىددىيەت پەيدا قىلىدىغانلىقى يەكۈننى چىقىرالايمىز. لېكىن كۈلتۈر ئىپادىلىرى مۇئەييەن تارىخى دەۋردە نامايان بولىدۇ.

جەكۇۋېس رىسلېر مۇنداق دەيدۇ: نىل ۋادىسىدىن تېپىلغان 4000 ياكى 5000 يىللىق قەدىمي مىسىر قاپارتما ۋە ھەيكەللەرنىڭ ھەقىقي قىممىتى، ئەسەرلەر تېپىلغان ھامانلا بىلىنگەن ئىدى. كۆپلىگەن سەنئەتكار مازارلىقلارنىڭ تاملىرىدىن، سىزىلغان قاپارتمىلاردىن، لاي، مەرمەر ۋە ئالتۇندىن ياسالغان نەپىس رەسىملەردىن ئىلھام ئالىدۇ. بۇ سەنئەت ئەسەرلىرى بەزىدە شۇنداق سېھىرلىك ۋە نەپىس(.II Tutmozis, III. Tutmozis)، بەزىدە ئىنتايىن ھەيۋەتلىك (Cheops)، يەنە بەزىدە تېخىمۇ چىن ، لېكىن سىمۋوللۇق تۈسى (Echnaton)تېخىمۇ ئاز.

ئامېرىكا قىتئەسى بايقالغاندا مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قەدىمي دۇنياغا سېلىشتۇرغاندا 5000 ياكى 6000 يىل ئارقىدا بولۇپ، مىس قوراللار دەۋرگە تېخى يەتمىگەن ئىدى(ھ. گ. ۋېلس). بىراق بۇ دەۋر ئۆلچىمى ئامېرىكا سەنئىتىگە كەلمەيتتى. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ قەدىمى سەنئىتى بولغان رەسىم ئەسەرلىرى تېپىلغان بونامپاكتا ئىنتايىن گۈزەل تام رەسىملەر مەۋجۇت. 1966 - يىلى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن فېرمېنت ھەيكەلچىلىك سەنئىتى كۆرگەزمىسى «مەدەنىيەتلىك» بولالمىغان يۇكسەك كۈلتۈر ھادىسىسىنى ھەقىقي تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. «ناھايىتى نازۇك بولغان بۇ سەنئەت، ھازىرغىچە سىر پېتى ئاشكارىلانماي تۇرماقتا. چۈشەندۈرگۈچى جەدۋەل ھاياجان بېرىدىغان چىنلىقتىن باشلاپ ئەڭ يۇكسەك باروك (بىر خىل قەدىمى سەنئەت ئۇسلۇبى) زىننەتلىرىگىچە بولغان سەۋىيەنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ سەنئەتنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان جەلپ قىلارلىق ئۇسلۇبى بىلەن دىنى مەركەزلەرنى، پىرامىدا ئۇستىدىكى ئىبادەتخانىلارنى، زىننەتلىك ھەيكەلچىلىك ئەسەرلەرنى، رەسىم بىلەن ئىپادىلەنگەن يېزىقنى ۋە بۇ يېزىقتىكى رەقەملەرگە مۇناسىۋەتلىك چوڭقۇر ئىلمى بىلەن پېتىن ۋە چىياپاس ئورمانلىرىدا 4 - ئەسىردە مۇكەممەل ھالدا قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ھېچكىممۇ ئىزاھلاپ بېرەلمىگەن. پارىژ فېرمېنت ھەيكەلچىلىك سەنئەت كۆرگەزمىسىدە بىر قانچە گۈزەل ئەسەر بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ، قاپارتمىلار، قىيا تاشلىق ھەيكەللەر ۋە سۇنئىي مەرمەرلەردىن ياسالغان، ئاق رەڭلىك ۋە قەدىمى زامانلاردىن خۇددى بىرەر سىگنال بېرىدىغاندەك تەسىر پەيدا قىلىدىغان ماسكىلار.....فىرمېنت ھەيكەلچىلىك سەنئىتىدە بىر - بىرىگە ئاساسەن دېگۇدەك زىت ئىككى تەرەپنى ئۇچرىتىمىز. بىرسى قاپارتمىلاردا مازار تاشلىرى، يەنە بىرسى باشلارغا تەۋە ئۇسلۇب. بىرىنچىسىدە بىر مۇنچە ئادەتلەردىن تەشكىل تاپقان مۇراسىم سەنئىتى كۆرىلىدۇ. بۇ خىلدىكى سەنئەت تۈرىدە ئىنتايىن ئاددىي ياسالغان باشلار بىلەن سۇنئىي مەرمەرلەردىن ياسالغانلار زىتلىق مەۋجۇت. بۇنىڭدىن باشقا، ھەم تىراگېدىيە ھەممە سۇكۇنات ئىپادە قىلىدىغان بۇنداق بىر ماسكا رېئاللىقدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق تۈرۈپمۇ رەسىمدەكلا كۆرۈنىدۇ . ئىنتايىن جانلىق بولغان ۋە گىروتېكىيۇلارنىڭ باروك ئۇسلۇبىدا ياسالغان باشقا ئىككى باش، بۇ مىسلىسىز گۈزەل ئەسەرلەرنى تېخىمۇ جانلاندۇرماقتا»( نوۋۋېل رەسەتخانىسىدا كۆرگەزمىگە دائىر ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتتىن ئېلىندى).

نېتىزىنىڭ قارىشچە (تىراگېدىيەنىڭ تۇغۇلۇشى) يۇنان تىراگېدىيەسى سەنئەتنىڭ ھەقىقىي يۈكسەك پەللىسىنى نامايان قىلىدۇ. ئىنسان كۇلتۇرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى پەقەت ئېلىن كۇلتۇرىدە نامايان بولىدۇ.(1) «ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ ھېچبىرى ھومېرنىڭ ياكى يۇنان تىراگېدىيە يازغۇچىلىرىنىڭ شۆھرىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ» (ئاندرې ماۋروئىس). ھەيران قالارلىقى، سەنئەت ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ شەپقىدە يۈكسەك پەللىگە يېتىدۇ. ھېگېل قەدىمى يۇناننى «پەلسەپىنىڭ ئالتۇن دەۋرى» دەپ تەرىپلەيدۇ. روگېر كايللويت بولسا مۇنداق دەيدۇ: «پەلسەپە توغرىسىدا گەپ بولغاندا – كۆپىنچىسىگە ئوخشاش - شۇ ھۆكۈمگە بارىمەن، پەلسەپە ئەپلاتۇندىن كېيىن ھېچقانچىلىك ئىلگىرىيەلمىدى. ئىلگىرىلىيەلمەسلىك سەنئەتنىڭ تەبىئىتىدە بولمىغانلىقتىن مۇشۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھەر ۋاقىت شۇ روشەن بولۇپ كەلدىكى، سەنئەت ھەمىشە يېڭىدىن باشلىنىدۇ». چىچېروننىڭ ئەخلاق ھەققىدىكى يازغانلىرى ھازىرقى كۈندىمۇ ئوخشاش پائالىيەت بولۇپ تۇرۇقلۇق، خىزمەتنىڭ تەشكىللىنىشى ياكى دۆلەتكە دائىر پىكىرلىرى (تىپىك مەدەنىيەت تېمىلىرى) تولۇق

(1) ماركسمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: قەدىمى دەۋر سەنئەت ئەسەرلىرى «يەتكىلى بولمايدىغان ئۆلچەم ۋە مىساللار»دىن تەشكىل تاپىدۇ. ماركس بەلكىم قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۆز ئىزاھاتىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بولسا كېرەك. كۇلتۇر، مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى ياكى ئۇنىڭ ئۈست قۇرۇلمىسى ئەمەسمىدى؟ جاۋاب «شۇنداق» بولسا، ئۇنداقتا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى «يەتكىلى بولمايدىغان مىساللار» قەيەردىن كېلىدۇ؟).

مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا زاماندىن خالىي بولىدۇ.

نامسىز بىر رىم يازغۇچىسىنىڭ ئەسىرى بولغان ۋە باشقا مەسىلىلەردىن سىرت ئۇرۇش قوراللىرىغا مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «De rebus bellicis» (ئۇرۇش قوراللىرى)ناملىق كىتابىنىڭ پەقەتلا تارىخى قىممىتىلا بار. سىنېكانىڭ «سائادەت ھەققىدە» ناملىق كىتابى بىلەن ئوخشاش دەۋرگە ئائىت ۋىرگىلنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە يۇقىرىقىدەك يەكۈننى چىقارغىلى بولمايدۇ. ئۇرۇش ياكى بىۋاستە ئۇنىڭدىن قالغان سازلار مىلادىدىن ئىلگىرى 3 - ئەسىرگە تەۋە. 7 - ۋە 8 - ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن ۋە 4000دىن ئارتۇق لىرىكىلىق شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياپون ئانتولوگىيەسى «Manyoshy» («يوپۇرماقلار ») كۈنىمىزدىمۇ دۇنيا شېئىر سەنئىتىنىڭ شاھ ئەسەرلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

10 - ئەسىردىلا (ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى ياكى ئەڭ تۆۋەن باسقۇچى - رۇسسېل) ياۋروپا بىناكارلىقى يۇقىرى پەللىگە يېتىپ مىسلىسىز گۈزەل ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردۇ.(1) بۇ ھەيۋەتلىك تاش تۆپىلىكلەر، تاختاي ئۆيلەرنىڭ كىچىك يىغىندىسى ئىچىدىن يۈكسەلگەن ئىدى (كىلارك). «سوفوكلېس ۋە ئاسچايلوسنىڭ تىراگېدىيەلىرىنى ھەر دەۋرگە ماسلاشتۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن، پەقەت كېيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزگەرتسىلا بولىدۇ». ئېۋرىپىد «تىرويا ئايالى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن ئىدى. ج.ر سارترېمۇ ئوخشاش تېما ئاستىدا ئېپىزوت يازغان. دېمەك، سەنئەت ساھەسىدە بىر - بىرىدىن يىگىرمە ئەسىر پەرق بىلەن ياشاپ ئۆتكەن ئىككى سەنئەتكار ئوخشاش ئەسەرنىڭ يازغۇچىلىرى بولالايدۇ. بىلىمدە بولسا بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئارىستوتېلنىڭ فىزىكىسى، پىتولېمېينىڭ ئاسترونومىيەسى، گالېننىڭ مىدېتسىناسىدىن كۈنىمىزگىچە نېمىلەر يېتىپ كېلەلىدى؟ رۇسسېل ئارىستوتېلنىڭ بىلىم ساھەسىدە ئىككى كىتابى («فىزىكا» ۋە «ئاسمان ھەققىدە») ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ بىر جۈملىسىمۇ ھازىرقى زامان بىلىم ساھەسىدە ناھايىتى تەسلىكتە قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن». ئارىستوتېل «ئاسمان ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە، ئاينىڭ ئاستىدىكى نەرسىلەرنىڭ تۇغۇلۇشقا ۋە

(1) تارىخچىلار 10 - ئەسىرنى ئاساسەن دېگۈدەك 7 - ئەسىرگە ئوخشاشلا جاھالەت، ئەسىرى دەپ تەرىپلىشىدۇ. سەۋەبى 10 - ئەسىرنى سىياسىي تارىخ ۋە يېزىق نۇقتىسىدىن ئانالىز قىلىشى ئىدى. رۇسكىننىڭ «سەنئەت كىتابى» دېگەن كىتابىنى ئوقوغىنىمىزدا پەرقلىق تەسىراتقا ئىگە بولىمىز. دەرۋەقە، 10 - ئەسىر تەخمىن قىلىنغانىنىڭ ئەكسىچە، باشقا ئەسىرلەرگە ئوخشاشلا پارلاق ۋە تېخنىكا نۇقتىسىدىن ئىلغار ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن...سەنئەت ئەسىرىنىڭ سانى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.» (كېنىرفېت كىلارك، 1977:34 )

ئاخىرى يوق بولۇشىغا مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى، ئاينىڭ ئۈستىدىكى ھەر نەرسىنىڭ تۇغۇلمىغان ۋە ۋەيران قىلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ياكى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىنى «ھەر جىسمىنىڭ تەبىئىي يېرى بىلەن «ئۆتنە ئېلىنغان» يېرى مەۋجۇت بولىدۇ. تاش چۈشكەندە تەبىئىي يېرىنى، يەنى يەر يۈزىنى ئىشغال قىلىشقا يۈزلىنىدۇ» دېگەن جۈملىلەر بىلەن ئىزاھلايدۇ. ئەجەبا بۇ نەزەرىيەسىنىڭ نيۇتوننىڭ نەزەرىيەسى بىلەن قانداقمۇ مۇناسىۋىتى بولسۇن؟

سەنئەت تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردىن تەرەققىي تاپقان رايونلارغا قاراپ سەير قىلىدۇ. يەنى شەرقتىن غەربكە ياكى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بىلىم بولسا دەل ئەكسىچە بولۇپ، نەرسىلەرنىڭ يۈكسەك سۈركىلىش مەركىزىدىن تۆۋەن سۈركىلىش مەركىزىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىنغىنىغا ئوخشاش. شەرق مېلودىيەسى، ھانت خەلق مۇزىكىسى، نېگىرلارنىڭ ناخشا - ئۇسۇللىرى ۋە ئويۇنلىرى، ئوكيانىيە سەنئىتى غەربكە سوقۇنۇپ كىرمەكتە. تانزانىيەنىڭ ماكوندە قەبىلىسىگە تەۋە نادان سەھرالىقلار ياساپ چىققان ئۆزگىچە ھەيكەللەر دۇنيانى فەتھ قىلماقتا.(1) دۇنيانىڭ ئەڭ قالاق رايونلىرىدىن بىرى بولغان ئوكيانىيەنىڭ سەنئىتى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ كۆرگەزمە زاللىرىدا مەدەنىيەتلىك رايونلارنىڭ ئەسەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۇ چىن سەنئەتكە تاقابىل تۇرۇش كۈچى يوقتەك تۇرىدۇ. نېگىرلارنىڭ سەنئىتى زامانىۋى ياۋرو - ئامېرىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەندىن سىرت، مەلۇم مەنىدىن غەرب سەنئىتىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ھەرىكەتنىڭ مەنبەسى بولغان (ياۋروپا بىلەن ئافرىقىنى بىلىم، ئىقتىساد ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات جەھەتتە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس). ئەللىيى فاۋرې مۇنداق دەيدۇ: پىل چىشى قىرغىقىدىكى بىر نېگىرنىڭ ماسكىسى بىلەن شىكىستىن چېركاۋنىڭ تورۇسىدىكى تام رەسىملەر كىشىگە ئوخشاش تەسىر بېرىدۇ. (ئې. ف «شەكىللەرنىڭ روھى»). 1966 - يىلى داكاردا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا نېگىرلار سەنئەت فېستىۋالى (39 دۆلەت قاتناشقان ئىكەن) ئەڭ ئىلغان كۈلتۈر ھادىسىسى

(1) دۇنيانىڭ ئەڭ تونۇلغان سەنئەت كۆرگەزمىلىرى، كىيىنكى مەزگىللەردە مېكوندې قەبىلىسىنىڭ دارۇسسالام رايونىدىكى ئىنسانلار يول بويىغا سېلىنغان كىچىك ئاددىي ئۆيلەر ئىچىدە ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ياغاچ ئويۇش ئارقىلىق روياپقا چىقارغان قالتىس ئەسەرلىرى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەنئەتكارلار كىشىنى ھەيران قالدۇرۇلغان ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ ئابوزۇن (تىروپىك بەلباغدا يېتىشىدىغان بىر خىل دەرەخ) دەرىخىدىن ئويۇپ چىققان رەسىملىرىدە ياخشى بىلەن يامان، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈم، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ، توقۇنۇش بىلەن تىنچلىق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەيدۇ...پۈتكۈل تانزانىيەلىكلەر مېكوندېلىق سەنئەتكارلارنىڭ يۇقىرى ماھارىتى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن نادىر ئەسەرلىرىگە قايىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، قەبىلىنىڭ قەدىمكى سېھىرگەرلىرىنىڭ قالتىس ھۈنەر ۋە كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى بولۇشمۇ قەبىلىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

ھېسابلىناتتى. لېكىن قارا قىتئەنىڭ (ئافرىقا قىتئەسى) سانائەت ياكى سودا يەرمەنكىلىرى بەلكىم ھېچكىمنىڭمۇ دىققىتىنى تارتالماسلىقى مۇمكىنتى. نېگىرلار دۇنياسى بىلىم ۋە تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىي تاپمىغان بولسىمۇ، لېكىن سەنئەت نۇقتىسىدىن تەرەققىي قىلمىغان ئەمەس. چۈنكى سەنئەت «تەرەققىي تاپقان» ۋە «تەرەققىي تاپمىغان» دېگەن ئۇقۇملارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. قارا قىتئە فولكلور، مۇزىكا، ناخشا - ئۇسۇل جەھەتتىن ھەقىقىي مەنىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچتۇر.

ئىرىياننىڭ (ھىندىنۇزىيەلىكلەرنىڭ يېڭى گىنىگە بەرگەن نامى) ئورمانلىق رايونلىرى ئىنسان كۈلتۈرىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرگە تەۋە ئەڭ ياخشى ساقلانغان تەبىئىي مۇزېيى سۈپىتىدە بىلىنىدۇ. ئۇ مەزگىللەردە مەدەنىيەتتىن سۆز ئېچىشقا بالدۇرلۇق قىلاتتى. كۈلتۈرنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ بۇ جايدا 20يىلدىن ئارتۇق ياشىغان مىسسىيونېر دېيىرا بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا گۈزەللىك تۇيغۇسى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەدەبىياتىمۇ بار بولۇپ، لېكىن سەنئەتنىڭ پۈتكۈل ئىنچىكە نۇقتىلىرى، پىكرى ۋە شەكىل موللىقىدىن ئۇزاق. ناھايىتى نەپىس تاش ۋە ياغاچ ھەيكەللەر بىلەن ئىنتايىن گۈزەل رەسىم، ئويما ئەسەرلىرى ۋە كىچىك ھەيكەللىرى بار. مۇرەككەپ ئۇسۇللىرىدا چوڭقۇر مەنا يوشۇرۇنغان...».

پەن ئەھلىلىرى يالغۇز ئۆز دەۋرىگىلا تەۋە بولسا، شائىرلار پۈتكۈل دەۋرلەرگە تەۋەدۇر.

## ئەخلاق ۋە تارىخ

كۈلتۈر «نېمە ئۈچۈن ياشايمەن؟» دېگەن سوئالغا مۇناسىۋەتلىك ئۆزگەرمەس تېما بولسا، مەدەنىيەت ئېھتىياجلىرىمىزنىڭ تەمىنلىنىش ئۇسۇلىنىڭ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك. بىرسى ھاياتنىڭ مەنىسى، يەنە بىرسى تۇرمۇشنىڭ شەكلى مەسىلىسىدۇر. مەدەنىيەت ئىزچىل يۇقىرى يامىشىۋاتقان لىنىيە ئۈستىدە سەير قىلىدۇ. ئوتنىڭ بايقىلىشىدىن باشلاپ، سۇ تۈگمىنى ۋە تۆمۈر، يېزىق، ماشىنا، ئاتوم ئېنېرگىيەسى ۋە ئالەم سەپەرلىرىگىچە... كۈلتۈر ھەمىشە ئىزدىنىدۇ، قايتىدۇ ۋە يېڭىدىن باشلىنىدۇ. كۈلتۈرنىڭ ھامىيسى بولغان ئىنسان، تېپىك كەمچىلىكلىرى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەزىلەتلىرى بىلەن، گۇمانلىرى ۋە خاتالىقلىرى بىلەن، يەنى ئۆزىنى تەشكىل قىلغان بارلىق نەرسىلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ ئىزچىل ۋە ئۆزگەرمەس بولىدۇ.

ئەخلاق كۆنىمىزدىكى پۈتكۈل مۈشكۈلات ۋە مەسىلىلەر بىلەن ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى بەند بولۇپ كەلمەكتە. كۇڭزى، سوقرات، ھەزرىتى ئىسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ، كانت، تولستوي، گەندى، مارتىن بۇبېر، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردىن ھازىرغىچە (مارتىن بۇبېر 1965 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ياشاپ ئۆتكەن ئىنسانىيەتنىڭ بۇ بۈيۈك زاتلىرى ئۆمرى بويىچە ئىنسانىيەتكە ئەخلاقنى تەشۋىق قىلغان ۋە ئۆگەتكەن. ئەخلاق ھەقىقەتلىرى جەمئىيەت تۈزۈلمىسى قائىدىلىرى ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئەبەدىي ھېسابلىنىدۇ.(1) بۇنىڭ سەۋەبى، تېپىشقاق تۈنجى قېتىم يارىتىلغاندا، «سامادىكى مۇقەددىمە»دە، يەنى ئىنسانىيەت تارىخىغا مۇقەددىمە بولغان ئۇ ھەرىكەتتە قەيت قىلىنغان بولۇشى ئىدى. ئەقىل، تەلىم - تەربىيە، تەجرىبە قاتارلىقلار ئۆز ئالدىغا ئۇلارنى توغرا چۈشىنىشىمىزگە ياردەم قىلالمايدۇ. ھەزرىتى ئىسا ھەقىقەتلەرنى بوۋاق ۋاقتىدىلا جاكارلىغان، ئۇلۇمگە ھۆكۈم قىلىنغىنىدا بولسا ئەمدىلا ئوتتۇز ياشتىن ئاشقان ئىدى. ئاللاھ ۋە ئىنسان ھەققىدىكى بۈيۈك ھەقىقەتلەرنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشى ئۈچۈن ئىساغا نە بىلىم نە تەجرىبە كېرەك بولمايتتى. چۈنكى مەزكۇر ھەقىقەتلەرنى بىلىم ۋە تەجرىبە ئارقىلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار «ئەقىللىق ۋە مەلۇماتلىقلارغا يوشۇرۇن، سەبىيلەرگە ئوچۇق ئاشكارا» ئەمەسمىدى (ئىنجىل، لۇكا 10/21). ئەخلاقنىڭ ئەسلىدىكى تەلەپلىرى ۋاقىت، ماكان ۋە ئىجتىمائىي شەرت شارائىتلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈملەر، ئۆزگىرىش سەۋىيەلىرى، ئېتىقاد ۋە دىنى سىمۋوللارنىڭ خىلمۇ - خىللىقى بىلەن ئەخلاقىي پىرىنسىپلار دۇنيا مىقياسىدا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشاپ كېتىدۇ.(2) ئېپىكتېت ۋە مارك ئاۋرېل، بىرى قۇل يەنە بىرى خان، بۇلار ئوخشاش ئەخلاقنى ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش ئىپادىلەر بىلەن ئۆگەتتى. مەسىلەن، مەسىلىگە تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن قارالغىنىدا، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك، ھالال بىلەن ھارامنى چۈشىنىشتىكى پەرقلەر ئەھمىيەتسىز خۇسۇسلاردا گەۋدىلىنىدۇ.

---

(1) «رېئال »دۇنيادا ھەر نەرسە تەتۈر بولىدۇ. ئۆزگىرىش ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى» (ج.ك. گالبرايت).

(2) «ئىنسانلار بەزىدە تەگرى ھەققىدە پەرقلىق ھەر خىل قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرۈپ باقسىمۇ، لېكىن تەگرىنىڭ ئۆزىدىن ئېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى دائىم ئوخشاش شەكىلدە چۈشىنىدۇ (تولستوينىڭ قارىشىچە).

ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ تارىخى ۋە باشقا ئەھۋاللارغا باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىساللار ئەخلاقنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى بىلەن ئەمەس، پەقەتلا شەكىل ياكى ھەرىكەت شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەڭ مۇھىم خۇسۇسلاردا بولسا، ئالاھىدە ماسلىشىشچانلىق ۋە ئۆزگەرمەسلىك ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ.(1)

بۇ قارىشىمىزنى كانتنىڭ مەشھۇر «قەتئىي بۇيرۇقلىرى» بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەتقىق قىلىپ باقايلى. بۇ پرىنسىپنى كانت تۇنجى قېتىم «ئەخلاق مېتافىزىكىسىنىڭ يەرپا قىلىنىشى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ھەر ۋاقىت ئومۇمىي قانۇن بولۇشنى ئارزۇ قىلغان دەستۇرغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلغىن» كېيىنچە «ئەمەلىي ئەقىلنىڭ تەنقىدى» ناملىق ئەسىرىدە، «شۇنداق ھەرىكەت قىلغىنكى، ئىرادەڭنىڭ دەستۇرى ھەر ۋاقىت ئومۇمىي قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ پرىنسىپى بولسۇن». بۇ پرىنسىپنى ئەڭ قەدىمى مۇتەپەككۇرلاردا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

يەتتە دانىشمەن كىشىدىن بىرى بولغان تېيلىس، (مىلادىدىن ئىلگىرى 624 - يىلى تۇغۇلغان)، ئەڭ ئادالەتلىك ياشاش شەكلى قايسى دېگەن سوئالغا، «باشقىلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدە كۆرۈلگەن يېقىمسىز ئىشلارنى قىلماسلىق» دەپ بەرگەن. (Diogenes Laer - tius, I. 36). مىتىلەنلىك پىتتاكوس (ئۇمۇ يەتتە دانىشمەن كىشىدىن بىرسى)، ئوخشاش قاراشنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «باشقىلارنى تەنقىد قىلغان نەرسىدىن قەتئىي ئۇزاق تۇرۇشۇڭ كېرەك». تەخمىنەن ھەزرىتى ئىسا دەۋرىدە پەلەستىندە ياشاپ ئۆتكەن يەھۇدىي مۇتەپەككۇر ھىللىل،دىنىنى يىغىنچاقلاپ ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلغان بىر پۇرسەتپەرەستكە مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىكەن: «ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەن ئىشنى، باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمە، يەنى تەۋراتتا مەزكۇر ئىپادىدىن باشقا بارلىق بايانلار پەقەت شەرھىدىنلا ئىبارەت» (بابىل تالمۇدۇ،

(1) بۇ يەردە بىر نەچچە مىسال بېرەيلى: ھەقىقەتنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغىن، تەپرەتنى بېسىقتۇرغىن، كەمتەر ۋە ئاددىي - ساددا بولغىن، باشقىلارنى ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ كۆرگىن، باراۋەرلىككە ئەھمىيەت بەر، ئەركىنلىك ئۈچۈن غەيرەت قىلغىن، ئۆز ھەق ھوقۇقىڭنى ۋە باشقىلارنىڭ ھەق ھوقۇقىنى قوغدىغىن، رىسقىڭنى ئۆزۈڭ ئىشلەپ تاپقىن، باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى تەقدىرلىگىن، ئاتا - ئاناڭنى ۋە چوڭلارنى ھۆرمەت قىلغىن، ۋەدىلىرىڭنى ئىشقا ئاشۇرغىن، ئاجىزلارنى ئاسرىغىن، ئىنسانلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتقىن، باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى قازا ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكىدىن سۆيۈنمە، سائادەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ھەسەت قىلما، تەكەببۇرلۇق قىلما، مەغرۇر يۈرمە، بېشىڭغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغىن، كۈچلۈكلەرگە بويۇن ئېگىپ يالاقچىلىق قىلمىغىن، ئاجىزلارنى بوزەك قىلما، ئىنسانلارغا رەڭگى، بايلىقى ۋە نەسىبىگە ئاساسەن مۇئامىلە قىلما، ئۆز ئالدىڭغا مۇستەقىل قارىشىڭ بولسۇن، ھەر نەرسىدە مۆتىدىل بولغىن، شەخسىيەتچى بولمىغىن قاتارلىقلار. قېنى، يۇقىرىقىلارنىڭ نىسپىي ئىكەنلىكى ۋە شارائىت ياكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا ئاساسەن ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولامدۇ؟).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سابىبات قىسمى). كۆڭزىمۇ ئوخشاش نەرسىنى تەكىتلىگەن: «ئۆزۈمگە راۋا كۆرمىگەننى نەرسىنى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمەيمەن». (لۈن - يۈ، كۆڭزىنىڭ ئىدىيە ۋە نۇتۇقلىرى). بۇ پىرىنسىپنى ئەڭ ئوچۇق شەكىلدە ئىپادە قىلغان زات ھەزرىتى ئىسا ئىدى، باشقىلار سىزگە راۋا كۆرگەن نەرسىنى سىزمۇ ئۇلارغا راۋا كۆرۈڭ» (مەتتا7/2، لۇكا 6/31).

بۇ قەتئىي بۇيرۇقنىڭ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك قىسقىچە تارىخى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئەخلاقنىڭ بۇ ئاساسلىق پىرىنسىپىنىڭ ئەمەلىيەتتە تارىخىي يوق. بۇ يەردە ئۆزگەرگەن پەقەتلا ئىپادە شەكلى بولۇپ، ئاساسى ھەر ۋاقىت ئوخشاش بولۇپ كەلگەن.

كۇلتۇرى يۈكسەك، مەدەنىيىتى ئىپتىدائىي بولغان ھىندىستانىنىڭ ۋاقىتتىن خالىي، تارىختىن خالىي ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىش ئۇنچىۋالا قىيىن بولمىسا كېرەك. ھەر قەدەمدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەر زىچ بىر تۇرمۇش شەكلىگە، روھى دۇنياغا، تۇرغۇن ۋە تارىخسىز ھاياتقا دالالەت قىلىدۇ. مىدىتاتسىيە (تەپەككۇر) ۋاستىسى ئارقىلىق سىرلارغا «ئىگە» بولغىلى بولىدۇ. تەبىئەت ئۈستىدىكى قۇۋۋەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. دۇنيانى قەتئىي ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بۇددىزىم ئىجتىمائىي تۈزۈم بولماستىن، ئەخلاقىي تۈزۈمدۇر. پەقەتلا شەخسىي، مەنىۋى دۇنيا، ئەخلاقىي يۈكسەكلىكنىلا تونۇيدۇ. ھىندىستان تائۇپانىشادلار دەۋرىدىن تارتىپ، بىرلا مەسىلە بىلەن، يەنى ئىنساننىڭ كائىناتتىكى ئورنى بىلەن بەند بولۇپ كەلگەن (مىركې ئېلىيادې). ئاجايىپ بۈيۈكلۈكى ۋە مۇستەھكەملىك ئىچىدە پىرامىدا شەكلىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھىند دەرىجە تۈزۈمى ۋاقىتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، تارىخنىڭ ئىنكارىنى مەزمۇن قىلىدۇ. لېكىن روھى دۇنياغا ياكى ساماغا يۈزلەنگەن ئالەمدە سىرتتىكى «ھەقىقىي» (بۇ يەردە «خىيالىي» مەنىسىدە كېلىدۇ) دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەنلەرگە قەتئىي ئارىلاشماستىن، ئۇزۇن مۇددەت پۈت تىرەپ تۇرالىغان ئىدى.

## سەنئەتكار ۋە تەجرىبە

سەنئەتنىڭ ھاياتىدا تەدرىجىي مۇكەممەللىككە قانداق ئورۇن بولمىغان بولسا، سەنئەتكارنىڭ ھاياتىدىمۇ شۇنداق. ھەربىر سەنئەتكار يېڭىدىن باشلايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى خۇددى ھېچكىممۇ بىرەر ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقارمىغاندەك غەيرەت

قىلىدۇ. يەنى باشقىسىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئەمەس، ئۆز تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىش، تەجرىبىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە جۇغلانمىسى بىلىمنىڭ شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. سەنئەتتە بولسا يات تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىش تەقلىد، تەكرارلاش، ئاكادېمىك بولۇپ قالىدۇ. يەنى سەنئەتنىڭ ئۆلۈمى دېگەنلىك بولىدۇ.

پىكاسسو يەتمىش يىل رەسساملىق قىلغان بولۇپ، رەسساملىق قىلىش جەريانىدا كۇبىستىك، يېڭى ئىستېرېئولوۋق ، تەسىر ئېقىمى، رېئاللىقچىلىق ۋە يېڭى رېئاللىقچىلىق دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. بىراق، بۇ تەدرىجىي تەرەققىيات ناچاردىن ياخشىغا، مۇكەممەللىكتىن تېخىمۇ مۇكەممەللىككە يۈزلەنگەن تەرەققىياتنى كۆرسەتمەيدۇ. بارلىق كۈلتۈرگە ئوخشاش بۇنىڭدىمۇ داۋاملىق ئىزدىنىش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

سەنئەتنىڭ ئىجادىيەتچانلىقى، تەجرىبىدىن خالىيلىقى، ۋاقىتتىن خالىيلىقى قاتارلىق ئىنسان خاراكتېرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەيران قالارلىق بەزى رېئاللىقلار مەۋجۇت. مەسىلەن، چوڭلار ئۈچۈن پەن قانداق بولغان بولسا، كىچىكلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداق. يەنى چۈشىنىش ۋە ئارقىدىن ئۈستىدە ئانالىز قىلىش، پايدىلىنىش ۋە تەتبىقلاش ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىش ئىلىم تەھسىل قىلىشقا، ياشقا ۋە تەجرىبىگە باغلىق. ئەمما چوڭلار ۋە كىچىكلەر ئۈچۈن ئايرىم ئايرىم مۇزىكا يوق. باك، موزارت، بېتخوۋېن، دېبۇسېي ۋە كوپىننىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، باللار خۇددى چوڭلارغا ئوخشاشلا مۇرەككەپ مۇزىكىلارنى يا چۈشىنىدۇ ياكى چۈشەنمەيدۇ. بېتخوۋېننىڭ 32 سەنئەت مەجمۇئەسى ھەم ئوقۇغۇچىلارغا ھەمدە ئەڭ ئۇستا رويالچىلارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. پىكاسسو ئىككى ياشتا، يەنى تىلى چىقمىغان ياشتا، رەسىم سىزىشنى باشلىغان ئىدى. ئوۋىد، تەڭتۇشلىرىنىڭ ئاران تىلى چىققان مەزگىلدە ھېكسامېتر ۋەزنى بويىچە گەپ قىلاتتى. موزارت ئالتە ياشقا كىرگەندە كونسېرت بېرەتتى. سەنئەت بىلىمگە تايانماستىن، ئىدراكقا تايىنىدۇ. ئەقىل ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارقىلىق ئەمەس كۆڭۈل، سۆيگۈ ۋە روھ بىلەن بولىدۇ. «بەزى سەھرالىقلار ئىشلىرى تۈگىگەن ھامان قولىغا ياغاچ ئېلىپ ھەيكەل ياسايدۇ. بۇنى قىلىش ئۈچۈن مەكتەپكە بېرىشقا ھاجەت قالمايدۇ. شۇنى دېمەكچىمەنكى، سەنئەتنىڭ ئىشكى ھەممە ئادەمگە ئوچۇق. شەخسىي قابىلىيەتكە ياكى مەكتەپكە كېرەك قالمايدۇ. «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ھەممە ئادەم سەنئەتچىدۇر» (فرانسۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەسسام جىن دۇبۇففېت). بۇ ئەھۋال بىزگە تولستوينى ۋە ئۇنىڭ پولشادىكى مەكتەپنى ئەسلىتىدۇ. بۇ يەردە تولستوي [1]چوڭقۇر دىنى ۋە ئەخلاقىي ھەقىقەتلەرنى بالىلارغا چۈشەندۈرەتتى. ئۇنىڭ سەنئىتى، دىنى ۋە ئەخلاقى ئەقىل ۋە مەنتىق بىلەن مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، تامامەن روھى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك. يەنە كېلىپ بۇ يەردە ئەقىل ئەقىلگە ئەمەس، كۆڭۈل بىلەن روھ، ئۇلارغا ئوخشاش باشقا بىر كۆڭۈل ۋە روھقا دۇچ كەلگەن ئىدى.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان قاراشلار كۇلتۇرنىڭ «تەرەققىياتى» ھەققىدىكى كىلاسسىك قاراشلىرىمىزنى ئىنكار قىلىدۇ. كۇلتۇردە تارىخ يوق، ئىنسان بولسا دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگەرمەس بىر قىسمى.

(1) «لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي بالىلار بىلەن ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسى ئۈستىدە بەس مۇنازىرە ئېلىپ باراتتى. نەتىجىدە بۇ خۇسۇسلار خېلىلا ئايدىڭلىشىپ قالاتتى. ھەر پىكىر بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىناتتى، تەرەققىي قىلدۇرۇلاتتى ، ئىزاھلىناتتى ۋە ئاددىي ھالدا ئىپادىلىنەتتى.، ئارقىدىن لېۋ نىكولايېۋىچ ئۇنى خاتىرىلىۋالاتتى، شۇنداق قىلىپ پىكىرلەرنى ھەممەيلەن تولۇق ھەزىم قىلاتتى» پېترو ۋ، «تولستوي»

# ئالتىنچى باب : دىراما ۋە ئۇتوپىيە

## غايىۋى جەمئىيەت

رەزىللىك ئىنسان روھىنىڭ قاراڭغۇ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن كېلەمدۇ ياكى ئىنسان ھاياتىنىڭ ئوبيېكتىپ شەرتلىرىدىن كېلەمدۇ؟ بۇ خۇسۇستا ئىنسانلارنى ئېتىقادلىقلار بىلەن ماتېرىيالىستلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كاتېگورىيەگە ئايرىشىمىز مۇمكىن. ئېتىقادلىقلارنىڭ قارىشىچە، ياخشى بىلەن رەزىللىك تامامەن ئىنساننىڭ ئىچىدە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىراۋغا كۈچ ئىشلىتىش ئەڭ ناچار ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تاشقى نەرسىگە يەنى ۋۇجۇدقا كۈچ ئىشلىتىش خىيالى ۋە مەۋجۇت بولمىغان بىر رەزىللىككە قارشى كۈرەش قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. كۈچ ئىشلىتىشنى پەقەت تەۋبە ۋە تەقۋالىقتىن ئىبارەت روھى دۇنيايىمىزغا يۈزلەنگەن ئەھۋالدا ئويلاشسا بولىدۇ. رەزىللىكنىڭ تاشقى دۇنيادا ئىكەنلىكى، تاشقى مۇھىت ئۆزگەرگەندە ئاندىن ئىنساننىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىنساننىڭ تاشقى مۇھىتنىڭ مەھسۇلاتى ئىكەنلىكى قارشى، دىن نۇقتىسىدىن غەيرى ئىنسانىي ۋە كۇپۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ. بۇ چۈشەنچە ئىنساننى «ماددا» سەۋىيەسىگە يەنى تاشقى، مېخانىكىلىق ۋە ئاڭسىز كۈچلەرنىڭ چاكىرى بولۇشتەك سەۋىيەگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. رەزىللىك ئىنساننىڭ ئىچىدە بولىدۇ. رەزىللىك جەمئىيەتتە بولىدۇ. بۇلار بىر - بىرىگە تامامەن زىت، بىر - بىرىنى ئەقلىي جەھەتتىنمۇ چەتكە قاقىدىغان ئىككى دۇنيا قاراش ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا ماس كېلىدىغان ۋە بىر - بىرىگە تامامەن زىت ۋە بىر - بىرى بىلەن بىر يەرگە كېلەلمەيدىغان ئىككى ھادىسە بار بولۇپ، ئۇلار دىراما ۋە ئۇتوپىيەدىن ئىبارەت.(1)

---

(1) ئۇتوپىيە ئۇقۇمى بۇ يەردە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ھەرە كۆنىكى، چۈمۈلە ئۇۋىسىغا ئوخشاش مۇكەممەل ھايۋان توپلىرىغا ئاساسەن، غايىۋى تۈزۈمگە ئېرىشتۈرۈش خىيالى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىراما ئىنساننىڭ روھىدا جەريان قىلىدۇ. ئۇتوپىيە بولسا ئىنسانلار جەمئىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك. دىراما كائىناتتا مۇمكىن بولىدىغان مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەڭ يۇكسەك شەكلى، ئۇتوپىيە بولسا دۇنيادىكى جەننەت چۈشى ياكى تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت. دىرامىدا ئۇتوپىيە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇتوپىيەدىمۇ دىراما مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ئىنسان بىلەن دۇنيا، شەخس بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى زىددىيەتتۇر.[1]

ئەپلاتۇننىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق دىيالوگىدا، يەنى ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان ئەسرىدە مۇنداق دەيدۇ: «قېنى خوش، ئەمدى دۆلەتنىڭ ئاساسلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. بۇ ئاساسلار ئېھتىياجلىرىمىز بولۇپ قالىدۇ... بىراق دۆلەت بۇ ئېھتىياجلارنى قانداقمۇ تەمىنلىيەلىسۇن؟ بىرسى پۇقرا، بىرسى بىناكار ئۇستىسى، بىرسى توقۇمىچى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى باشقىلار ئۈچۈن ئۆزى ياخشى بىلىدىغان بىر ئىشنى قىلىشى كېرەك. ئەسكەرلەر دۈشمەنلەرگە قاتتىق، دوستلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشى لازىم. بۇ ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلار چوقۇم پەيلاسوپ بولۇشى شەرت. چۈنكى دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئەسكەرلەر دۆلەتنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇش ئۈچۈن تەربىيەلىنىشى لازىم. تەلىم - تەربىيەدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى دەسلەپكى قەدەمدۇر. يەنى باشلانغۇچ تەلىم تەربىيە. تەلىم - تەربىيە چۈچەكلەرنى ئېيتىش بىلەن باشلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، دۆلەت چۈچەك رەتلىگۈچىلىرىگە چەكلىمىگە قويۇشى كېرەك. رەھبەرلەر دۆلەت مەنپەئەتىگە يالغان ئېيتالايدۇ. باشقىلار بولسا قەتئىي يالغان سۆزلىمەسلىكى لازىم.... خەلق، رەھبەرلىرىگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن، كىتابلاردىكى بارلىق قارشى پىكىرلەر تامامەن چىقىرىپ تاشلىنىشى كېرەك. تەڭرىلەر بىلەن قەھرىمانلار ئالىيجانابلار ئۆلگىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىشى تولىمۇ زۆرۈر. قايغۇلۇق، يۇمشاق ۋە رىتىمى ئاستا مېلودىيەلەر چەكلىنىشى، مەردلىك ۋە ئۇرۇش مېلودىلىرى تەشۋىق قىلىنىشى لازىم... ھاراق چوقۇم چەكلىنىشى كېرەك... پۇقرا ھاياتىنى كېسەللىك ۋە داۋالىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى كېرەك. بۇنداق بولغاندا دۆلەت زىيانغا ئۇچرايدۇ. يا ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشى ياكى ئۆلۈشى كېرەك. ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل

(1) دىراما بىلەن ئۇتوپىيە ئارىسىدىكى بۇ زىددىيەت خىتايدىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئەسناسىدا تەتبىق قىلىنىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان. تىياتىر سەنئىتى ئاساسەن دېگۈدەك ئۆلگەن بولۇپ، سەھنىلەردىكى ئويۇنلارمۇ دىراما بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئىنسانلارنىڭ شەخسىي ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى تېما قىلغان ئەسەرلەر چەكلەنگەن. قەھرىمانلار مۇكەممەل شەخسلەر سۈپىتىدە مەدھىيەلەنگەن، قارا - ئاق بولغان بۇ تەسۋىر ئىچكى توقۇنۇش ۋە دىرامىنى تامامەن چەتكە قاققان.

بولىدىغان ياكى كېسەل نەسىل تۇغىدىغان بىر ئايال ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا ھەممە ئۈچۈن پايدىلىق... رەھبەرلەر ۋە ئەسكەرلەر تەربىيە ئارقىلىق تاللىنىشى شەرت. پەرزەنتلىرى چوڭلىرىغا ئوخشاش سەۋىيەگە كېلەلمىسە ئىشلەپچىقىرىش سىنىپىغا قايتىشى كېرەك... مۇشۇنداق بىر تەلىم - تەربىيە سىستېمىسىنى قوغداش ئارقىلىق، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان تۈرلىرىنىڭ يېتىشتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش، ھەر كېيىنكى نەسىل ئالدىنقىسىدىن تېخىمۇ ياخشى يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئۇتوپىيەنىڭ مېخانىزمى غەيرى ئىنسانىي بولغاندىن سىرت، مۇكەممەللىككە ئىگە. دىرامىنىڭ ماھىيىتى ئەركىنلىكتۇر. ئۇتوپىيە بۇنىڭغا زىت ئىككى ھەقىقەتتىن، يەنى تۈزۈم ۋە ئىنتىزامدىن تەشكىل تاپىدۇ.

16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا توماس مور «ئۇتوپىيە ئارىلىدا غايىۋى دۆلەت قۇرۇش ھەققىدە» ناملىق كىچىك ھەجىملىك لېكىن بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كىتاب نەشر قىلدۇرىدۇ. بىزگە نىسبەتەن كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمى تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، قىسقىچە مەزمۇنىنى ئورتاقلىشىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

«ئۇتوپىيە ئارىلى ھىلال شەكلىدە بولۇپ 54 چوڭ شەھەر بار. بۇلار شەكىل ۋە تۇرمۇش ئەندىزىسى جەھەتتىن بىر - بىرىگە شۇنداق ئوخشاش كېتىدۇ. شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا مۇنبەت ئېتىزلار، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە سايمانلىرى مەۋجۇت. يېزىلاردا خەلق قىرىق كىشىلىك كوپېراتىپلار ھالىتىدە تەشكىللەنگەن. ھەر كوپېراتىپقا بىر كىشى مەسئۇل قىلىنىدۇ، يەنى ئۆي ئىگىسىدەك. ھەر ئوتتۇز كوپېراتىپقا بىر باشلىق سايلانغان. كوپېراتىپلارغا ئىككىدىن چاكار تەقسىم قىلىنغان. ھەر كوپېراتىپتىن 20 كىشى يېزىدا ئىككى يىل قالغاندىن كېيىن شەھەرگە قايتىپ كېتىدۇ. شەھەرلەردىن كەلگەن 20 يېڭى ئەزا بولسا كوپېراتىپقا ئورۇنلىشىدۇ. بۇلارمۇ يېزىدا 2 يىل تۇرىدۇ. يەنى يېزىلاردا مۇقىم تۇرىدىغانلار يوق. چۈجىلەر چۈجە ماشىنىسىدا چىقىرىلىدۇ. ئېھتىياجتىن كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئېشىپ قالغىنى باشقا شەھەرلەرگە تارقىتىلىدۇ. مول ھوسۇل مەزگىلىدە ئىشلار بۇرۇنراق تۈگىسۇن،دەپ كۆپ ساندا شەھەرلىك يېزىلارغا بارىدۇ. پايتەخت ئامروت دېڭىزغا يېقىن جايغا جايلاشقان بولۇپ، ناھايىتى مۇستەھكەم سۇ بازىسىغا ئىگە. ئۆيلەر پەۋقۇلئاددە پاكىزە بولۇپ، ئوخشاش كەڭلىكتە بولغان كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە رەتلىك قىلىپ سېلىنغان. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە

www.uyghurkitap.com



قۇلۇپ سېلىنمايدۇ، چۈنكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يوق. ئۆيلەرمۇ ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم چەك تاشلاش ئارقىلىق تەقسىم قىلىنىدۇ. شەھەرلىكلەر باغچىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ھەر قايسى ئائىلىلىكلەر قورالىرى بۇ ئىشتا –بىر - بىرى بىلەن بەيگىگە چۈشىدۇ. ھەممە ئادەم، يەنى ئەرلەرگە ئوخشاش ئاياللارمۇ بىرەر كەسىپ ئۆگىنىدۇ. بۇ كەسىپلەر تۆۋەندىكىچە: تامچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، يۇڭچىلىق ۋە توقۇمىچىلىق. ھەر ئائىلە ئوخشاش شەكىللىك، بوي، ياش، جىنسىيەت قاتارلىقلارغا قاراپ ئۆز كىيىملىرىنى ئۆزلىرى تىكىپ كىيىدۇ. ئۇتوپىيەنىڭ ھەر بىر پۇقراسى ئاتىسىنىڭ كەسپىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. ئىشلەش ۋاقتى كۈندە 6 سائەت بولىدۇ. چۈشتىن ئىلگىرى ئۈچ سائەت، چۈشلۈك تاماق ۋە دەم ئېلىش ۋاقتى 2 سائەت ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكىسى بولسا 3 سائەت. كەچ سائەت 8 ئۇخلاش ۋاقتى، 8 سائەتتىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇش ۋاقتىدۇر.

خىزمەتتە ئېرىدىن ئىكىلگەن كىيىم كىيىلىدىغان بولۇپ، بۇ كىيىملەر 7 يىل كىيىلىدۇ. ھەر شەھەردە 600 ئائىلە بار بولۇپ، ھەر ئائىلە 10 ۋە 16 كىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئائىلە رەئىسى ئاساسەن ياشقا چوڭ كىشى بولىدۇ. ئائىلىنىڭ ئۆلچەمسىز چوڭىيىشىغا ياكى كىچىكلەپ كېتىشىگە ئائىلىلەر ئۆزى بىۋاسىتە مەسئۇل بولىدۇ. ھەر ئوتتۇز ئائىلىنىڭ ئورتاق بىر ئۆي بار. بۇ ئۆيدە باشلىق ئولتۇرىدۇ، ھەركىم دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامانلا بۇ ئۆيگە كېلىدۇ. تاماق ئۆز ئۆيدە يېيىلسىمۇ بولىدۇ. بىراق بۇنداق قىلىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماقنى ئالدىن تەييارلاش لازىم بولغانلىقتىن بۇنداق قىلىش ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش سانىلىدۇ. ئۇتوپىيەنىڭ پۇقرالىرى رەسمىي ئورگانلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەملىكەت ئىچىدە ساياھەت قىلسا بولىدۇ....».

كۈنىمىزدە بەزى جەمئىيەتلەردە بۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتلەر تەبىئىي خىيالىمىزغا كېلىپ قالىدۇ. جەمئىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەركىنلىكنىڭ چەكلىنىشى، رەھبەرگە چوقۇنۇش، ئىجتىمائىي ئىنتىزامچانلىق، ئائىلە ۋە ئاتا - ئانا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ يوق قىلىنىشى، سەنئەتنىڭ دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى، دارۋىنىزىملىق شاللىنىش، ئۆلۈمنىڭ ئاسانلاشتۇرۇلۇشى، ئائىلىۋى تەربىيەنىڭ ئورنىغا ئىجتىمائىي تەربىيە، دۆلەتنىڭ شەخستىن ئۈستۈنلۈكى، تېخنىكىلىق ئىلگىرىلەشكە يۈزلىنىش، جەمئىيەتتە ئىش تەقسىماتى جەھەتتە ئەر - ئايال باراۋەرلىكى، مۈلۈك

جەھەتتىكى باراۋەرلىك، خىزمەت مۇكاپاتى، رىقابەت، كوللېكتىپلىق، بىردەكلىك، چەكلىمە قاتارلىقلار...

دىراما ئىنساننى ئوبيېكتىپ قىلسا، ئۇتوپىيە دۇنيانى ئوبيېكتىپ قىلىدۇ. ئىنساننىڭ سىرلىق روھى دۇنياسى ئۇتوپىيەدە خىيالى ياردەم ئورنى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئىنساننىڭ روھنى ئىنكار قىلىدىغان بۇ قاراش ئۇتوپىيەنىڭ شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇتوپىيەدە ئىنسانىي مەسىلىلەر يوق بولىدۇ. بۇ ئەخلاقىي مەسىلىلەرنىڭمۇ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇتوپىيەدە ئىنسانلار ياشمايدۇ، يالغۇز رول ئوينايدۇ. ياشىمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەركىنلىك، دەپ بىر نەرسە بولمايدۇ. بۇ يەردە ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس كىشىلىكى ۋە خاراكتېرى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا «پسىخولوگىيە» بار بولىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىكى رولىغا ۋە تۇرمۇشىنىڭ قايتىدىن ئاۋۇشىغا باغلىق. «ياخشى» ياكى «رەزىللىك» تەبىرلىرىنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ئىلمىي دېيىلىۋاتقان سوتسىيالىزم قاتارلىق ھېچقانداق بىر ئۇتوپىيەدە قىممەت ئۆلچەملىرى بولمايدۇ. ھەر نەرسە سىخېما شەكلىدە بولىدۇ. ھەر قانداق ئۇتوپىيە پرىنسىپ جەھەتتىن ياخشى ۋە ياماندىن ھالقىغان بولىدۇ.

ماركىسنىڭ قارىشىچە، تارىخنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولغان كوممۇنىزم، ھەممە ئادەمگە نىسبەتەن مەھسۇلات موللىقى ۋە تامامەن ماددىي ۋەدىدىن ئىبارەت بولغان قاراشتۇر. ھېگېلنىڭ قارىشىچە، تارىخنىڭ مەنىسى ئەركىنلىك پىكرىنىڭ زەپەر قۇچىشىدا ياتىدۇ. يەنى دىرامىدۇر. سوتسىيالىزم ماددىي دۇنيا قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىنسان ۋە جەمئىيەتتە ئەكس ئېتىشىدۇر. ئەبەدىي تىنچلىق (ياكى سىنىپسىز جەمئىيەت) قا مۇناسىۋەتلىك كوممۇنىزم تەسەۋۋۇرلىرىدا، تەرەققىياتنىڭ ئاخىرىدا ماددىي دۇنيانىڭ يىراق ئىستىقبالىنىڭ تەسۋىرى تەكرارلىنىدۇ. سىنىپسىز جەمئىيەت كىلاۋسىيۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ئۈچۈر مىقدارى قانۇنىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەكس ئېتىشىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئەبەدىي تىنچلىقنىڭ ئورنىغا دىن نىھايەت قورقۇنچ ۋە سۈرلۈك مەھكىمىنى، ئومۇمىي باراۋەرلىكنى ۋە تەكشۈكلۈق ئورنىغا دىرامىنى كۆرۈشكە مەجبۇر بولغان. شۇڭلاشقا دىرامىنى ھەم پرىنسىپ جەھەتتىن، ھەمدە تارىخىي نۇقتىدىن دىننىڭ داۋامى دېسەك ھەرگىزمۇ خاتالاشمىغان بولىمىز. خۇددى ھەر ئۇتوپىيە بىرەر تەلىمات بولغىنىدەك. كىۋتېلېت جەمئىيەتشۇناسلىق ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىدە، مەنتىقلىق ھالدا «ئىجتىمائىي فىزىكا» دېگەن سەرلەۋھىنى ئىشلەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جەمئىيەت ھەققىدىكى ھەربىر تەلىمات، ئىدىيە ۋە نەزەرىيە فىزىكا ياكى زوئولوگىيەنىڭ داۋامى ۋە پەرقلىق ۋارىيانتى ، خالاس.

سىياسىي ئۇتوپىيەلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بۇنىڭ زەنجىرى ئەپلاتۇندىن باشلاپ توماس مورۇس، كامپانېللا، فىيورىيېر، سائىنت - سىمون، روبېرت ئوۋېن ۋە ماركسقىچە داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭغا بېكوننىڭ «نوۋا ئاتلانتىس» ناملىق ئەسىرى بىلەن باشلانغان تېخنىكا ۋە ئىلمىي فانتازىيەلىك تۈسى قويۇق بولغانلارنىمۇ ئىلاۋە قىلىش كېرەك.

تېخنىكا ۋە ئىلگىرىلەش غايەت زور پەن تېخنىكىلىق مېخانىزمنى كۆندىن - كۆنگە تەرەققىي قىلدۇرماقتا. بۇ مېخانىزم ئىچىدە ئىنسان مۇقەررەر ھالدا كىشىلىك خاراكتېرىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئا. ھۇكسلېي، كېلەچەكتىكى ئىنساننى سۈنئىي مەۋجۇتلۇق، ئۆزى قولى بىلەن بارلىققا كەلتۈرگەن تېخنىكىنىڭ مەھسۇلاتى ۋە قۇربانى سۈپىتىدە كۆرىدۇ. غايەت زور تەجرىبىخانىلاردا ئىنسان تۆرەلمىسى گېن ئىنژېنېرلىق ساھەسىدىكى ئىلگىرىلەشلەر سايىسىدە مۇئەييەن پىلانلارغا ماس ھالدا مۇئامىلە كۆرىدىكەن. پەننىي ئۇسۇلدا بىر - بىرى بىلەن تامامەن باراۋەر بولغان ئىنسانىي مەخلۇقلار، جانلىق «كۆپەيتىلگەن نۇسخىلار» ئىشلەپچىقىرالايدىكەن. كىشىلىك خاراكتېر ئورنىغا «ئەڭ ياخشى ئالاھىدىلىكلەر»گە ئىگە بولىدىكەن. جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتى گېن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى باشلىقى دوكتور دېيۋىد كلېيىن، پاقىنىڭ تۇخۇم ھۈجەيرىسىنى ئېلىۋېتىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا پاقىنىڭ ھۈجەيرىسىنى سېلىش ئارقىلىق تەجرىبە ئېلىپ بېرىلماقتا ۋە بۇ شەكىلدە ئارزۇ قىلىنغان گېنلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە كاندىدات شەخسلەر بارلىققا كەلتۈرمەكتە. بۇ جەريانغا ئەڭ ئاز 40 ياكى 50 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىدىكەن. دوكتور كلېيىننىڭ قارىشىچە، ئالدىن پىلانلانغان ئالاھىدىلىكتىكى ھايۋانلار ۋە ئىنسانلار پەيدا قىلىش مۇمكىن بولىدىكەن. بۇ غايىۋى نۇسخىلار بىر - بىرىگە تۇخۇم تۇخۇمغا قانداق ئوخشىسا، شۇنداق ئوخشايدىكەن. ئالدوس ھۇكسلېي تېخنىكىلىق ئۇتوپىيەنىڭ بۇ قارىشىنى تېخىمۇ مەنىسىزلەشتۈرۈپ: «2500 - يىلدا زېمىندا (ھۇكسلېي مەسخىرە قىلغان ھالدا ئېيتقان ئىدى) «يېڭى جەسۇر دۇنيا» مەيدانغا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرى باراۋەرلىك، ئوخشاشلىق ۋە مۇقىملىق بولىدۇ. ئۇ چاغدا «تۇخۇم چىقىرىش ماشىنىسى»دىن ئۆلچەملىك ئىنسانلار ۋە قانچە مىڭلىغان قوشكېزەك چىقىدۇ، ئوخشاش ئۈسكۈنىلەر ۋە ئاپپاراتلاردا ئىشلەيدۇ، ئوخشاش روللارنى ئۆتەيدۇ....»

مۇنداق بىر «قالتىس»دۇنيادا گۇناھ قىلىدىغانلار بولمايدۇ. پەقەت نۇقسانى بار كىشىلەرلا بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ھەر قانداق ئىشتىن جاۋابكار بولمايدۇ، جازاغا تارتىلمايدۇ. مۇشۇنداق بىر دۇنيادا ياخشى بىلەن رەزىللىك، ھەتتا جاپاغا چىداپ ئىشلەش، گۇمان ۋە ئىسيان بولمايدۇ. دىراما بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئۇتوپىيە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ...

## ئۇتوپىيە ۋە ئەخلاق

ئومۇمىي قاراشنىڭ ئەكسىچە، ئىنسان فۇنكسىيەلىك بىر دۇنياغا ئەمەس، فۇنكسىيەسىز بىر دۇنياغا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن قاراشنىڭ قىممىتى ھەقىقەتەن گۇمانلىق. ھەم جىنسلىقلار بىلەن بىرلىكتە ياشاش ئېھتىياجى (ئەگەر بۇنى ئىنسانلار توپى،پادا، ھەرە توپى، ھەرە كۆنىكى ئىچىدە ياشاش، دەپ چۈشەنسەك) ئىنسانىي بولۇشتىن بەكرەك ھايۋانىي، زوئولوگىيەلىك ۋە بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكتۇر. ھەرە ۋە چۈمۈلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن، ياكى ۋۇجۇدتا ھەم ئۆزى ھەمدە باشقىسى ئۈچۈن بىردەكلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن بىر توپنىڭ «ئىجتىمائىيلىقى» بىلەن قايسى نەرسىنى سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ؟ ماتېرىيالىست ھوببېس «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا ئانتى ئىجتىمائىيدۇر» دېيىش ئارقىلىق بۇ ئاچچىق ھەقىقەتنى تېپىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە ئىنسان مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا شەخسىيەتچى بولۇپ، توپ ئىچىدە ياشاشتىن يىرگىنىدۇ. ھەتتا بۇنداق قىلىش قابىلىيىتىمۇ يوق. ئىنسانلار ئىچىدە ئىنتايىن ئاز بىر تۈركۈم كىشى فۇنكسىيەنى، تەرتىپنى، ئىنتىزامنى، بىردەكلىكنى، جەمئىيەتنىڭ شەخستىن ئالدىنقى پىلاندا تۇرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. بۇ خىلدىكى ئىنسانلارنىڭ تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك بولغانلىقلىرى ئۈچۈن قاراشلىرىنى باشقىلارغا مەجبۇرىي تاڭىدۇ. ھەربىي سەپتىكى يۈز بېشىلار شائىرلارغا قارىغاندا باشقىلارغا تېخىمۇ كۆپ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ ناھايىتى ئاچچىق بىر رېئاللىق بولۇپ، بەشەرى ۋە ئىنسانىي بولغان نەرسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە كۈچسىزلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ھەربىي گازارمىدا ئەسكەرلەرنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرى تەمىنلىنىدۇ، مەسىلەن تۇرالغۇ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىش قاتارلىقلار. گازارمىدا يەنە ئىنتىزام، بىخەتەرلىك، تۈزۈم، سەھىيە تەدبىرلىرى، ھەتتا باراۋەرلىك ۋە بىردەكلىك بار. لېكىن ئىنسانلار ھەربىي گازارمىنىڭ بۇ «ئۈستۈنلۈكلىرى»نىڭ ئەكسىچە، گازارمىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ناچار تىپىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى پىكرىدە بىرلىشەلەيدۇ. كۆنىمىزدە بەزى جەمئىيەتلەر بۈيۈك ھەربىي گازارمىدىن ھېچ پەرقى يوق (ياكى بۇ يۆنىلىشتە). پەردازلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جەلپ قىلارلىق نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

گۇمانىزم ۋە ئەخلاق ئىنساننىڭ كىشىلىك خاراكتېرىگە، مەسئۇلىيەت ئېڭىغا باغلىق. جەمئىيەت ئەزاسى ياكى ئۇتوپىيە ئاھالىسى بولسا، كەلىمىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئىنسان ئەمەس. پەقەت «ئىجتىمائىي ھايۋان» ياكى «ئەقىل بىلەن قوراللانغان ھايۋان»دۇر. ئىنساننىڭ ئەخلاقى (ياكى ئەخلاقسىزلىقى)، جەمئىيەتنىڭ ئەزاسىنىڭ بولسا پەقەت فۇنكسىيەسىلا بار بولىدۇ.

ئەخلاق ھەر ۋاقىت ئۆلچەم رولىنى ئۆتەيدۇ. ھەرىكىتىمىز ۋە پائالىيەتلىرىمىز ئاڭلىق ۋە ئىرادىمىز بويىچە بولمىسا، يەنى ئۇتوپىيەدە بولغىنىغا ئوخشاش مەجبۇرىي ئىشلىسەك، ئۇنداقتا ھەر ئۆلچەم، شۇنداقلا ئەخلاقمۇ مەنىسىز بولىدۇ. كوممۇنىزمدا ئىنساننىڭ «ئەڭ ئىنسانىي» ھەرىكىتىمۇ ئەخلاقىي ئەمەس. «كوممۇنىزمدە ئەخلاق دەپ بىر نەرسە يوق ياكى مۇمكىن بولمايدۇ» دېگەن ماركسىزمچىلارنىڭ قاراشلىرىدا بۇلار ياتىدۇ. كوممۇنىزمدا ئەخلاققا ئورۇن يوق، چۈنكى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۆلچەمنىڭ ۋاستىسى بولماي تۇرۇپمۇ، بىۋاستە بولىدۇ. چۆمۈلە ئۇۋىسىدىكى ھەربىر چۆمۈلىنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇكەممەل شەكىلدە ئورۇندىشىنىڭ ئەخلاق بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. چۆمۈلە باشقىچە ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ھەرىلەرنىڭ كېسەل ياكى ماغدۇرىدىن قالغان ئىشچى ھەرىنى كۆنەكتىن قوغلاپ چىقىرىشى ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانمىغىنىغا ئوخشاش، ھەرىنىڭ ھەرە توپى ئۈچۈن ئۆزىنى «پىدا قىلىشى» مۇ ئوخشاشلا ئەخلاق ئەمەس. بۇ يەردە ئىجتىمائىي مېخانىزم ئالدىنقى پىلاندا تۇرىدۇ. «ئىلمىي سوتسىيالىزمدا زەررىچىلىك ئەخلاق يوق» دېگەن لېنىننىڭ سۆزى ئەسلىدە بۇنى كۆرسىتىدۇ. لېنىننىڭ بۇ سۆزى كۆپلىگەن ئېنىقسىزلىققا، چۈشىنىكسىزلىككە سەۋەب بولغان. بىراق بۇ سۆز كوممۇنىزم بىلەن ئۇتوپىيە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.[1]

(1) بۇنى تونۇلغان رۇس قانۇن نەزەرىيەچىسى ي. پاشۇكانىستىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: «ئەگەر شەخس بىلەن سىنىپ

ماركسىزم بولۇپمۇ ئىلمىي بولغان قىسمىدىلا ئۇتوپىيە بولالايدۇ. ھەربىر ئۇتوپىيەنىڭ سەۋەبى، ئىنسان ھاياتىنىڭ پەقەت بىر تاشقى ئىپادە ( ياكى بىر ئىشلەپچىقىرىش - ئىستېمال - تەقسىملەش مەسىلىسى) سۈپىتىدە قارىلىشىدا، بىلىم سايىسىدا ۋە ئىلمىي ئۇسۇللارنىڭ تەتبىقلىنىشىدا، يەنى سىخېملار، مۇناسىۋەتلەر، تەڭپۇڭلۇقلار، بېسىملار، قارشىلىقلار، ئۇنسۇرلار، شارائىت، ئورگانلار، قانۇنلار، تۈرمىلار ۋە تەدبىرلەر ۋاستىسى ئارقىلىق تۈزۈم بەرپا قىلىشتا ۋە مەسىلىنىڭ بۇ نۇقتىدا ئاخىرلىشىشىدا ياتىدۇ.[1]جەمئىيەتكە تەتبىق قىلىنغان ماتېرىيالىست ھۆكۈملەر سوتسىيالىزمغا ياكى كوممۇنىزمغا ئېلىپ بارىدۇ. ئوخشاش ھۆكۈملەر ئەگەر شەخسنىڭ تۇرمۇشىغا مۇۋاپىق تەتبىق قىلىنسا ئېپىكۇرىزملىك (لەززەتچىلىك) كە ئېلىپ بارىدۇ. ھەر ئېپىكۇرچى ئەمەلىيەتتە قويۇق ماتېرىيالىستتۇر. چۈنكى ئىنسان شەرتلىك ۋە نەزەرىيە جەھەتتە جەمئىيەت ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي تۇرمۇشىدا بولسا مۇستەقىل بىر شەخس، شەخسىي بىر مەخلۇق بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا مايىللىقتىن بەكرەك شەخسىي تۇرمۇشقا مايىل كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئېپىكۇرچىلىك ماتېرىيالىست پەلسەپىنىڭ شەخسى، سوتسىيالىزم بولسا ئىجتىمائىي نەتىجىسىدۇر. «ئەگەر بىرلا ھاياتىم بولىدىغان بولسا، ئۇنداق ئۇ تامامەن ماڭا تەۋەدۇر». بۇ قاراش ھازىرقى ياكى كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىلىنغان پىداكارلىقتىن تېخىمۇ مەنتىقىلىقتۇر. جەمئىيەتتە ئىنسان داۋاملىق دائىرە ئىچىدىن چىقىپ تۇرۇپ ياشاش، ئويلاش ۋە ھەرىكەت قىلىشنى ئويلايدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي نىزاملار ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىشقا مايىل كېلىدۇ. ئىنساننىڭ شەخسىي تەربىيىنى نەزەرگە ئالمىغان بۇ ئىنسانىي ھەقىقەتلەرنىڭ ئەكسىچە، پەقەت جەمئىيەت ئەزاسى سۈپىتىدىلا كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەر تۈزۈم خاتا تەسەۋۋۇرلاردىن ۋە نۇقتىئىنەزەرلەردىن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ھەرە ۋە چۈمۈلە مىسالىنى كۆرسىتىش بىمەنىلىكتۇر. ھەرە تەبىئىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولمىغان بولسا ۋە ئويلىيالىغان بولسا ئىدى، ئىشلەشتىن قاچاتتى ۋە دوستلىرى يىغىپ قويغان ھەسەلنى يېگەن بولاتتى. بىر ئاق چۈمۈلە، چۈمۈلە توپىنىڭ ياشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى خالىسانە ھالدا پىدا قىلمىغان بولاتتى. ئەگەر

ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت «مەن سىنىپ مەنپەئەتى شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا ئەخلاقىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. بۇ نۇقتىدىن، ئەخلاق، دەپ بىر نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ (يېگىنىي پاشۇكانىس، Allgemeine Rechtslehre und Marxismus).

(1) ھەم سوتسىيالىزمنىڭ ھەمدە كوممۇنىزمنىڭ ئاساسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالدا بولىدۇ: ھەر كىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەپچىقىرىش، ئىشلىگەنگە ئاساسەن (ئېھتىياجىغا ئاساسەن) سەرپ قىلىش ياكى لېنىننىڭ داڭلىق فورمۇلاسى : «كوممۇنىزم = ماركس+ ئېلېكتىرلىشىش .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاللاش يولى بولغان بولسا، ئۆلۈمنى ئەمەس ياشاشنى تاللايتتى.

ئىنسانغا كەلسەك، كۆپىنچە هاللاردا جەمئىيەت مەنپەئەتى ئۇچۇن گەپ قىلىدۇ، تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ هەرىكەت قىلىدۇ. سوتسىيالىست تۈزۈملەردە كۆرۈلگەن كۆپلىگەن قىينچىلىقلارنىڭ سەۋەبى دەل بۇ نۇقتىدا ياتىدۇ (مەسئۇلىيەت ياكى مەسئۇلىيەتسىزلىك مەسىلىسى بارلىق تۈزۈملەردە مەۋجۇت بولغان نەرسىلەردۇر).

بۇ ماسلاشماسلىق هايۋان توپلىرىدا كۆرۈلمەيدۇ. دەرۋەقە، بىر هايۋان هالقىلىق بىر پەيتتە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قارىمايدۇ. ئىنسان بولسا، تاللاش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ ئۆز مەنپەئەتىنى تاللىيالايدۇ. بۇ ئاچچىق ھەقىقەتكە سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ. شۇڭلاشقا يا تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىنسانلارغا مۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈم بەرپا قىلىنىشى كېرەك ياكى مەجبۇرىي (ياكى يوليورۇق بىلەن) بۇ ئىمكانىيەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئۇلار هەر ۋاقىت بۇ ئىككى يۆنىلىشتىن بىرىنى تاللايدۇ. سوتسىيالىست مۇتەپەككۇرلار شەخسىيەتچى پىسخىكىنىڭ ئىنساننىڭ شەخسىيەتچىلىك ۋە ئەركىنلىككە بولغان تەبىئىي مايىللىقىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كوللېكتىپ جەننەت هەققىدىكى خىياللىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا ئەڭ چوڭ توسالغۇ پەيدا قىلغانلىقىنى تولۇق هېس قىلىپ يەتكەن ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار دائىم جەمئىيەت، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، خەلق ئاممىسى، سىنىپ قاتارلىق نەرسىلەر ئۈستىدە گەپ قىلىپ، ئىنساننىڭ شەخسىي مەسىلىلىرىنى كۆرمەسكە سالىدۇ. كىشىنىڭ هەق - هوقۇقلىرىغا قارشى چىقىدىغانلار «خەلقنىڭ هەق - هوقۇقلىرى»نى تەكىتلىسە، كىشىلىك هەق - هوقۇقلىرىغا قارشى ئىنسانلار بولسا ئىجتىمائىي هەق - هوقۇقلارنى تەكىتلەيدۇ.

ئىنسانغا نىسبەتەن ئاز ياكى نا مۇۋاپىق بولغان تۈزۈمنى تاللاش ياكى ئەۋزەل كۆرۈش ۋە شەخسىي مەنپەئەتنىڭ جەمئىيەت مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇلۇشى ئېچكى توقۇنۇشنىڭ بولۇپ ئۇنىڭ ئەخلاقىي ماهىيىتى بار. بۇ ھەقىقەتكە دۇچ كەلگەن ماتېرىيالىزمچىلار ئاڭنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئىجتىمائىي ئاڭنى يەنى شەخسنىڭ مەلۇم بىر گۇرۇپپىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە پۈتكۈل هاياتىنى مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى هېس قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. هالبۇكى، ئاڭ ئەخلاقنىڭ يەنە بىر ئىسمىدۇر. شۇنداق قىلىپ، ماتېرىيالىزمچىلار ئويۇننىڭ ئاخىرىدا

ماتېرىيالىزمدا مەۋجۇت بولمىغان ۋە ئۇنىڭغا تامامەن يات بولغان بىر ئۇنسۇرنى ئېلىپ كىرىدۇ. ئىنسان ھەقىقەتەن يالغۇز جەمئىيەت ئەزاسى بولسا ياكى بولالىغان بولسا، ئۇنداقتا سوتسىيالىزممۇ مۇمكىن بولغان بولاتتى. بىراق بۇ بىرلا تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنساننىڭ بۇ شەكىلدە تەسۋىرلىنىشى ھەقىقىي بولمايدۇ. ئىنسان مۇستەقىل، ئەركىن ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە مەخلۇق بولۇپ، ھەم ياخشىنى ھەم رەزىللىكنى پەرق قىلالايدىغان ئەخلاقىي مەخلۇقتۇر، خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، «ئىنسان» بولغانلىقى ئۈچۈن سوتسىيالىزم باش - ئاخىرى ماس بىر شەكىلدە مەۋجۇت بولالمايدۇ.

## ئىتائەت قىلغۇچىلار ۋە ئىسيانكارلار

ھاياتتا شۇنداق ئىنسانلار باركى، كۆچلۈك ھاكىمىيەتكە چوقۇنىدۇ، ئىنتىزامنى ۋە ئارمىيەلەردە كۆرۈلگەن قوماندانىنى، خادىملىرى مۇقىم بولغان تۈزۈمنى ياقلايدۇ. يېڭى قۇرۇلغان شەھەر رايونلىرى، رەت نومۇرى توغرا بولغان ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى ئاساسەن ئوخشاش بولغان ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇزىكا ئەترەتلىرىنى، فورمىلارنى، ئويۇنلارنى، پائالىيەتلەرنى، پاراتتىن ئۆتۈش مۇراسىملىرىنى ۋە بۇلارغا ئوخشاش تۈرمۇشنى «گۈزەللەشتۈرىدىغان» ۋە ئاسانلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى ياقتۇرىدۇ. قىسقىسى، ھەر ئىشنىڭ «قانۇنغا مۇۋاپىق» بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇلار پۇقرالىق ئېڭى يۇقىرى ئىنسانلار بولۇپ ئىتائەت قىلىشنى، بىخەتەرلىكنى، ئىنتىزامنى، تەشكىلاتنى، رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇشنى، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىششنى ئويلايدۇ. ئۇلار يەنە شەرەپلىك، ئىنتىزامچان، سادىق، مۇلايىم ھەتتا دۇرۇس گىراژدانلاردۇر. پۇقرا ھاكىمىيەتنى، ھاكىمىيەتمۇ پۇقرانى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار باراۋەر بولۇپ، بىر پۈتۈننىڭ قىسىملىرىغا ئوخشاش. ھوقۇق بولمىغان تەقدىردىمۇ پۇقرانى ئۇنى ئىجاد قىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتە مىسكىن، بەختسىز ، قارغىشقا ئۇچرىغان ۋە دائىم ئازابلىنىپ يۈرىدىغان ئىنسانلار توپى بار بولۇپ، بۇلار ھەمىشە يېڭى ئىشلارنى تەلەپ قىلىدۇ، نانىنىڭ ئورنىغا ئەركىنلىكتىن، ئىنتىزام ۋە تىنچلىقنىڭ ئورنىغا ئىنساننىڭ كىشىلىك خاراكتېرىدىن گەپ قىلىشىدۇ. ئۆتمۈشلىرىنىڭ ھۆكۈمدارغا قەرز ئىكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوبۇل قىلمايدۇ، ھەتتا ھۆكۈمدارنى ئۆزلىرىنىڭ ھىمايە قىلىشۋاتقانلىقلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئىسيانكارلار ئومۇمەن ھاكىمىيەتنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ھاكىمىيەتمۇ ئوخشاشلا ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. پۇقرا ئىنسانلارغا، نوپۇزغا، ھاكىمىيەتكە ۋە بۇتلارغا چوقۇنسا، ئەركىنلىكپەرەسلەر ۋە ئىسيانكارلار بىر تەڭرىگە چوقۇنىدۇ. بۇتپەرەسلىك قۇللۇققا ۋە بويۇن ئەگىشكە قانداق توسالغۇ بولمىغان بولسا، ھەقىقىي دىنمۇ ئەركىنلىككە شۇنداق توسالغۇ بولمايدۇ.

بۇ ئىككى گۇرۇپپىدىن قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىڭىزگە سىز قارار بېرىڭ.

## جەمئىيەت ۋە جامائەت

شەخسلەر تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ۋە مەنپەئەت ئاساسىغا تايانغان جەمئىيەت بىلەن كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن بىر - بىرىگە باغلىق بولغان جامائەت ئارىسىدا روشەن پەرق مەۋجۇت. جەمئىيەت ماددىي ئېھتىياجغا ، مەنپەئەتكە، جامائەت بولسا مەنىۋى ئېھتىياجغا ، مايىللىققا، پىداكارلىققا تايىنىدۇ. جەمئىيەتتە ئىنسانلار مەنپەئەت ۋاستىسى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىق ياكى بىر - بىرىدىن ئايرىلغان نامسىز ئەزالار بولسا، جامائەتتە ئىنسانلار ئورتاق پىكىر، ئۆز - ئار ئىشەنچ ياكى بىر ئىكەنلىكى ھېسسىياتى بىلەن بىر - بىرىگە باغلىق قېرىنداشلاردۇر. جەمئىيەت بەرپا قىلىنىدۇ، چۈنكى جەمئىيەتتە ياشاش ئارقىلىق بىزگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە تېخىمۇ ئاسان ئېرىشەلەيمىز ياكى مەۋجۇتلۇقىمىزنى تېخىمۇ ئاسان داۋاملاشتۇرالايمىز. بالا باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز يېتىشمەيدۇ. چوڭلار بولسا باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بولماستىن ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ مەنبەسى دەل بۇ نۇقتىدا ياتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ياشاش ئىستىكى، بۇ نۇقتىغا ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىدىن ئەمەس، زۆرۈرىيەتتىن پەيدا بولىدۇ. ھوببېسنىڭ «بىرلىكتە ياشاشنىڭ ئۆزى غايە ئەمەس، ئارزۇ قىلىنىۋاتقان ۋە ئىزدىلىۋاتقان نەرسە ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىق تەرەپلىرى» دېگەن سۆزى دەل جايىغا چۈشكەن. جەمئىيەتتە كۈچلۈكلەرنىڭ قانۇنلىرى، بويۇن ئەگدۈرۈش، سۈيىئىستېمال قانۇنلىرى ياكى مەنپەئەتلەر ئارىسىدا كۈچ تەكشۈرۈلۈقى قانۇنى ھۆكۈمراندۇر. ئادالەت، ياردەملىشىش ۋە قېرىنداشلىق پەقەت جامائەتتىلا ئۆز

ئىپادىسىنى تاپالايدۇ. كۆپلىگەن ئىختىلاپلار بۇ ئىككى خۇسۇس بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن كېلىپ چىققان.(1) ھەزرىتى ئىسا ئىنسانلارغا سۆيگۈنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھوببىس ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرى بولغان جېدەللىرى ۋە توقۇنۇشلىرىدىن (ياكى ماركس دائىم ئېكسپلاتاتسىيەدىن) ئېغىز ئاچىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ يوللۇق تەرەپلىرى بار. لېكىن، ھەزرىتى ئىسا جامائەتنى كۆز تۇتقان بولسا، ھوببىس بىلەن ماركس جەمئىيەتنى كۆزدە تۇتقان. ئادەم سىمىس ھېسداشلىق ۋە ئىنتىقامنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان ئىككى قۇۋۋەت ئىكەنلىكىنى بايقاپ چىققان. بىراق ھېسداشلىق ۋە ئىنتىقام جەمئىيەتتە ئەمەس، جامائەتتە ھۆكۈمران بولغان ئامىللاردۇر.

مەدەنىيەت جەمئىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ، بىراق ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىچكى، شەخسىي، ۋاستىسىز مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، ئورنىغا تاشقى، نامسىز، ۋاستىلىك مۇناسىۋەتلەرنى دەسسىتىدۇ. دەسلەپ قەيت قىلىنغان مۇناسىۋەتلەر ئائىلە ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىق رىشتىلىرىدە، تۇغۇت، توي، ئۆلۈم قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مۇراسىملاردا ياكى بىۋاستە ياردەملىشىش ۋە كۆيۈنۈشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەدەنىيەت ئىنساننى ئىنسان قىلغان بۇ مۇناسىۋەتلەر ۋە رىشتىلەرنىڭ ئورنىغا، ساناتورىيە ۋە تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى قۇرۇپ مەخسۇس خادىملارنى تەيىنلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ئەزالىرىنىڭ ئوبيېكتىپ مەنپەئەتلىرىنىڭ ئىپادىسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنلىرى ۋە دۆلەت ياكى ئۇنىڭ ئورگانلىرى، ئائىلە ۋە مەنىۋى جامائەتنىڭ قارشى تەرىپىدە ئورۇن ئالىدۇ.

كوللېكتىپ روھ ئۈستىدە گەپلەر بولىدۇ. ھالبۇكى، كوللېكتىپ روھ دەپ بىر نەرسە يوق. مەدەنىيەت ئۆزى ئىگە بولالمىغان بىر نەرسىنى كوللېكتىپقا قانداقمۇ

(1) بۇ يەردە قەيت قىلىنغان جەمئىيەت - جامائەت ئارىسىدىكى زىتلىقنىڭ تەسۋىرى ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىرىنىڭ دىققىتىنى ئامېرىكىدا يېقىنقى زاماندا مەيدانغا كەلگەنلىكتىن پىتەرلىك دەرىجىدە ئايدىڭلاشمىغان ۋە تەكشۈرۈلمىگەن قىزىقارلىق بىر ۋەقەگە بۇرىماقچىمەن. زامانىۋى ئامېرىكىنى قاپلىۋالغان ئېتنىك مەنسۇپلۇق ۋە كۈلتۈر كۆپلۈك دولقۇنى ئۈستىدە توختىلايلى. بۇ دولقۇننى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ كۈچلۈك سەۋەب - ۋېكتور تۇرنېرنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا - جامائەتنى ئىزدەش ۋە باراۋەرلىككە بولغان ئېھتىياجدۇر. جامائەت تۇرنېرنىڭ قارىشىچە ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ «ئانتى قۇرۇلما»لىق بولۇپ، ماھىيىتى نۇقتىسىدىن ئىجتىمائىي ئورگان ياكى قۇرۇلمىغا زىتتۇر. «پەرەزدىكى ئانتى ماددىنىڭ ماددىغا زىت بولغىنىغا ئوخشاش». «باراۋەرلىك دىن، ئەدەبىيات، دىراما ۋە گۈزەل - سەنئەتلەرنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، چوڭقۇر ئىزنالىرىنى قانۇنلاردا، ئەخلاقتا، ھەتتا ئىقتىسادتا ئۇچراتقىلى بولىدۇ» (تۇرنېر)، سىمىستونىيان ئىنستىتۇتىنىڭ سېكرېتارى دىللون رىپلىي مۇنداق دەيدۇ: «ئاۋام كۈلتۈرىنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈشكە قارشى كۈچلۈك تەسىرى يوق. بىراق خەلق تۇرمۇشىنىڭ فېستىۋاللىرى كۈلتۈر كۆپلۈكى ۋە كۆپ خىللىق قۇرۇلمىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىغا ياردەم قىلىدۇ. فېستىۋاللار جامائەتلەرنى جانلاندۇرىدۇ. بۇلار شەخسلىك ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقنى دۆلەتچىلىك ۋە تەشكىلاتلار دۇنياسىدىن قوغدىيالايدىغان كۈچلۈك قەلئەلەردۇر». ئامېرىكىدا 60 - يىللاردا تامامەن ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كەلگەن ۋە نەسەبىنىڭ تەكشۈرۈلۈشىنى ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ جانلاندۇرۇلۇشىنى چىقىش قىلغان ئاممىۋى ھەرىكەت، ياقلىغۇچىلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ئېتنىك گۇرۇپپىلىشىشنى تەشۋىق قىلغان قانۇندا ئورۇن ئالغان.

www.uyghurkitap.com



بېرەلىسۇن. كوللېكتىپ ئاساسەن ئەزالارنىڭ يىغىندىسىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئەزالىرى ئاساسەن بىر - بىرىنى تونۇمايدۇ ۋە ناتونۇش پېتى كېتىدۇ. ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان يالغۇز ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، زاۋۇت بىناسى ياكى تېرىلغۇ ئېتىزلار بولۇپ، تامامەن تاشقى سەۋەبتۇر. مەن ياكى سەن دەپ بىر نەرسە يوق، ھەممىمىز پەقەتلا «ئۇلار»مىز. چوڭ شەھەرلەردە ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى يالغۇز ھېس قىلىش زىددىيىتىنى بۇ ھەقىقەت ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسانغا ھەقىقىي يېقىنلىقى مەنىۋى بولىدۇ. ماكان بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بۇنىڭغا زامانىۋى بىر بىنا مىسال بولالايدۇ. مۇشۇنداق بىر بىنادا ئىنسانلار ئوخشاش گەۋدە ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنى چۆلدىكىگە ئوخشاش يالغۇز ھېس قىلىشىدۇ. ھېيت بايراملار دىنى مۇراسىم ۋە ئويۇنلار بىلەن ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە قانچىلىك يېقىنلاشتۇرسا سىياسىي ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە «كوللېكتىپنىڭ بىرلەشمىلىرى» دېيىلىدىغان يىغىنلار ئىنسانلارنى شۇنچىلىك ئايرىيدۇ ۋە يىراقلاشتۇرىدۇ. بېلگرادتا ئەدلىيە ئىستاتىستىكىلىرىغا كۆرە ھاقارەت ۋە ئەيىبلەشلەر سەۋەبلىك سوت مەھكىمىلىرىدە ئېچىلغان سوتلارنىڭ ئۈچتە بىرىگە مۇشۇنداق يىغىنلار سەۋەب بولغان.

ئىنسانلار ئارىسىدا ھەقىقىي جامائەت پەقەت ھېسداشلىق، سۆيگۈ، پىداكارلىق قاتارلىق دىن تەشەببۇس قىلغان بەزى ھېسسىياتلارغا تايىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن ئادالەتكە قەتئىي كېرەك يوق. بىراق جامائەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر ۋە شەرتتۇر. ئادالەتسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان كۈچلۈك ۋە ئىنتىزامچان بىر جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ (ئەپلاتۇننىڭ «دۆلەت» دېگەن كىتابىنى خاتىرىلىسەك بولىدۇ). جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق پىكرىدىن ئۇزاق تۇرۇشى پۈتكۈل جەمئىيەتلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدە غەيرى ئەخلاقىي بولۇشتەك ئاچچىق ھەقىقەتتىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت بىر قۇرۇلما بولۇپ مۇقىملىق -ئەخلاقىي شارائىتلارغا ئەمەس - ماددىي ۋە تەبىئىي شارائىتلارغا تايىنىدۇ. ئىنسان ھايۋان، ھەتتا ئەڭ مۇكەممەل ھايۋان، دەپ قوبۇل قىلىنغان تەقدىردە، بۇ قانۇنىيەتنىڭ مۇتلەق قىممىتى بولىدۇ. ئىنسان قانچىلىك ئاز ھايۋان بولسا ۋە قانچىلىك كۆپ ئىنسان بولسا بۇ قانۇنىيەتنىڭ قىممىتى شۇنچىلىك ئاز بولغان بولىدۇ. نىھايەت جەمئىيەت پۈتكۈل قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىنسان كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغاندا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوپچە، گۇرۇپپا ياكى

جەمئىيەت ئىنسانلاشقان ۋاقىتىدا پۈتۈنلەي يوق بولىدۇ ۋە جامائەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قەيت قىلىنغان قانۇنىيەت ئەھۋالنىڭ پەقەت نەزەرىيەۋى تەرىپىنىلا ئىپادە قىلىدۇ. سىدام جەمئىيەت ۋە سىدام جامائەت پەقەت پىرىنسىپ جەھەتتىنلا مەۋجۇت بولىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەر جەمئىيەت ئىنسانلاردىن مەيدانغا كەلگەنلىكتىن جامائەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ، ئەمما بۇ قانچىلىك كۆپ ھەقىقىي ئىنسان تىپىلغاندا شۇنچىلىك تېز بولىدۇ. بۇنداق بىر سىدام جەمئىيەت ئۇتوپىيە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئەكسىچە، ئىنسانىي تۈسكە ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ ۋە كىيىنچە جامائەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئەڭ دەسلەپكى خىرىستىيان جامائەتلىرى مەنىۋى جامائەتلەرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسى ئىدى. لېكىن كېيىنچە بىرلىشكە باشلىغان ۋە «ئاگاپە» دېيىلىدىغان ئورتاق تاماق ئۇلارغا ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىك ئاتا قىلغان. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار، بەزى كىشىلەرنىڭ خىرىستىيانلىقنى ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە خىرىستىيانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى بولسا كوممۇنىزم سۈپىتىدە چۈشىنىۋېلىشقا سەۋەب بولغان. ئەلۋەتتە، بۇ خاتا بىر قاراش بولۇپ، شەكلىي جەھەتتە خاتا چۈشىنىۋېلىشقا ئىشارەت قىلىدۇ.

## كىشىلىك خاراكتېر ۋە «ئىجتىمائىي شەخس»

خىرىستىيانلىقنىڭ تارىخىي ئىپادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن تىراگېدىيەسى ئىككى ھەقىقەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇلار ئېنگىزىسيون (چېركاۋ سوت مەھكىمىسى) ۋە ياۋروپادا تۇنجى ئۇتوپىيەنىڭ خىرىستىيان مەنبەلىك بولۇشتىن ئىبارەت.(1)

راھىب كامپانېللانىڭ «قۇياش دۆلىتى» خىرىستىيانلىققا تامامەن زىتتۇر. چۈنكى تەڭرى ۋە روھلار ئالەمنىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھاكىمىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئىنسانلاردىن ئەمەس، جەمئىيەتتىن ئىبغىز ئاچىدۇ. «قۇياش دۆلىتى» خىرىستىيانلىقنىڭ ئەسلىدىكى غايىسىدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك بولىدۇ ۋە ياۋروپادا ۋە دۇنيادا ئىجتىمائىي -

(1) .راھىب تومماسو كامپانېللا «قۇياش دۆلىتى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىقتىسادىي نەزەرىيەلەر دەۋرىنىڭ باشلانغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

دىنىنىڭ (religion) غايىسى تاشقى دۇنيانى تەرتىپكە سېلىش ئەمەس. دىن ئىشىق ۋە مەسئۇلىيەتتۇر. راھەت - پاراغەت ۋە خاتىرجەم ياشاش شەكلىمۇ ئەمەس. ھەزرىتى ئىسا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى ئېخىمۇ ئەمەس. فرانسىيە ئىنقىلابى ۋە ئىلمىي تەرەققىياتلارمۇ ئېرىبىست رېنانىنىڭ چىن دىلىدىن ئىشىنىپ يازغانلىرىنىڭ ئەكسىچە، خىرىستىيانلىقنىڭ سۆيگۈ ۋە تىنچلىق غايىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچى بولالمايدۇ. ھەزرىتى ئىسا ئىنسان روھىنىڭ تەقدىرى ۋە نىجاتلىقىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇتوپىيە بولسا ئەبەدىي بىردەكلىك ۋە تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدىغان غايىۋى جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ساپ خىيالدىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنىڭ تارىخى بولغان دىن بىلەن ئۇتوپىيەلەرنىڭ ساختا «مۇۋەپپەقىيەتلىرى» ئارىسىدا ئورتاق بىر نەرسە يوق. بىرى تەگرى ۋە روھلار ئالەمىنى، يەنە بىرى دۇنياۋى ھاكىمىيەتنى كۆزدە تۇتىدۇ. يەنى ماھىيەت جەھەتتە بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق ئىككى تۈزۈمدۇر...

دىرامما «ئىجتىمائىي بەختەرلىك» ئۇقۇملىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. خۇددى ئۇتوپىيەنىڭ ئىنسان شەرىپى دېگەن ئۇقۇمنى ئېتىراپ قىلمىغىنىغا ئوخشاش. شۇڭلاشقا ماركس ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلاردىن، دوستويېۋسكى بولسا بويۇن ئەگدۈرۈلگەن ۋە كەمسىتىلگەنلەردىن گەپ قىلىدۇ. «ئىجتىمائىي ئۇتوپىيە ئىنسانلارنىڭ ئازاب ئوقۇبەتلىرى ۋە ئېزىلگەن ھالىتى تامامەن ئاخىرلىشىدىغان مۇناسىۋەتلەرنى بايان قىلىدۇ. تەبىئىي قانۇنىيەت بولسا خورلانغانلار بىلەن كەمسىتىلگەنلەر بولمايدىغان مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەيدۇ».

كامپانىېللا[1] غايىۋى جەمئىيەت تەسەۋۋۇرى ئۈچۈن شۈبھىسىز «يېقىن - يورۇقلىرىغا بولغان خىرىستىيان سۆيگۈسىدىن» ئىلھام ئالغان ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ بىچارە راھىب غايىۋى دۆلىتىدە نە يېقىن قوشنىلىرى يوقلىقىنى نە دوستلىرى يوقلۇقىنى تونۇپ يېتەلمىگەن. بۇلار ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال ۋە ئىش تەقسىماتى مۇناسىۋەتلىرىدە يوقاپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ يېقىن - يورۇقلىرى نە سۆيمەيدۇ، نە ئۆچ ئالمايدۇ، نە ياخشى ئەمەس نە رەزىل ئەمەس. روھسىز ۋە نامسىز ئېكىن قۇسۇرسىز شەخسلەردۇر. قۇياش دۆلىتى سىخېمىسىدا جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ

(1) Campanella

مۇئەييەن ئورنى بار بولۇپ تۇغۇلغاندىن ئۆلگۈچە ۋەزىپىسىنى كەم - كۈتىسىز ئورۇنلايدۇ.

بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا ئۇتوپىيە ھەقىقەتنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپىنىڭ تەسۋىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. خۇددى دىرامىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىڭ ھېكايىسى بولغىنىغا ئوخشاش. دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىككىنچى قاراشنىڭ، يەنى دۇنياغا دىراما سۈپىتىدە قاراشنىڭ تەسۋىرى ئۈچۈن شېكسپىر ياكى دوستويېۋسكىنى مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتەلەيمىز. دوستويېۋسكىنىڭ رومانلىرىدا ئىنسان روھى ناھايىتى ئەتراپلىق گەۋدىلىنىدۇ. ئىچكى مەسىلە يەنى روھنىڭ ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەنلەر شۇنچىلىك چوڭكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاشقى دۇنيا بايلىقى ۋە نامراتلىقى بىلەن، دۆلەتلىرى ۋە سوت مەھكىمىلىرى بىلەن، مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مۇۋەپپىقىيەتسىزلىكلىرى بىلەن بىرگە نىسبەتەن ساختا ۋە قىممەتسىز كۆرۈنىدۇ . دىراما ۋە ئۇتوپىيە تەسۋىرلىگەن دۇنيا ھاللىرىدا ھېچقانداق ئوخشاشلىق يوق. دىراما ۋە ئۇتوپىيە بىر - بىرىگە تامامەن زىت قۇتۇپلاردا تۇرىدۇ. سۈپەت ۋە سان، ئىنسان ۋە جەمئىيەت، ئەركىنلىك ۋە زۆرۈرىيەت ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشاش. ئۇتوپىيەدە دۇنيانى كۆرەلەيسىز، ئىنسان بولسا پەقەت كىچىك بىر نۇقتا بولۇپ پىلانىنى، سېخىمىنى كۆرۈشىڭىزگە ياردەم قىلىدۇ. دىرامىدا ئىنسان ئۇلۇغلۇقى بىلەن پۈتكۈل دۇنيانى ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇنداق بولغاندا دۇنيا پەقەت كۆرۈنۈش، مەنزىرە ۋە خىيال بولۇپ قالىدۇ.[1]

ئىنساننىڭ ئەقىل بىلەن تولۇق قورال‌لانغان ھايۋان ئىكەنلىكى قانچىلىك ھەقىقەت بولسا، ئۇتوپىيەمۇ شۇنچىلىك ھەقىقەتتۇر. ئۇتوپىيە ئەسلىدە «بۇ دۇنيادىن» بولغان شۇ ئىككى نەرسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىرى ۋە ئەقلى ياكى ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىرىنى (بۇلار ھەر ۋاقىت تەبىئىي ئېھتىياجدۇر) ئەقىل ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەمىنلەش ئارزۇسىدۇر. ئېھتىياجلىرى سەۋەبىدىن ئىنسان جەمئىيەتتە ياشاشقا مەجبۇر. بىراق ئەقىل ئىگىسى بولۇش سۈپىتىدە ئەڭ ياخشى تەشكىللەنگان يەنى «ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرى بولغان جېدەللىرى» بولمىغان بىر جەمئىيەتكە مايىل بولىدۇ. غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى ئەركىنلىك ۋە شەخسچىلىك بولماستىن، تۈزۈم ۋە بىردەكلىكتۇر.

(1) زېمىنى (ۋە ئىنسانىي) كائىناتنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدىغان ئاسترونومىيەنى پۈتۈن دىنلار قوبۇل قىلغان. چېركاۋنىڭ كوپېرنىككە قارشى چىقىشىمۇ بۇ سەۋەبتىن بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ ئىزاھاتلىرىمىز ئۇتوپىيە ۋە ئىنساننىڭ مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەلىرى ئارىسىدا بىۋاستە مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. (بۇ ھەقىقەتكە مەشھۇر تەبىئەتشۇناس رودولوف ۋىركوفمۇ ئىشارەت قىلغان ئىدى). دارۋىن مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا سوتسىيالىست ھەرىكەتلەرگە يول ئېچىپ بەرگەن ئىدى. سوتسىيالىست سىناقلارغا مۇۋاپىق ياكى بىر ئۇتوپىيەنىڭ ياخشى پۇقراسى بولۇش ئۈچۈن ئىنساننىڭ دارۋىنغا مۇۋاپىق شەكىلدە «يارىتىلغان» بولۇشى لازىم. ھەقىقىي ئىنسان پەۋقۇلئاددە شەخسىيەتچى ۋە ئىسلاھ قوبۇل قىلمايدىغان رومانتىك بىر مەخلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇتوپىيەنىڭ فۇنكسىيەسىگە ماس كەلمەيدۇ ياكى جەمئىيەتنىڭ «كۆڭۈلدىكىدەك» ئەزاسى بولالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسانغا خاس ھەر نەرسىنىڭ، بولۇپمۇ شەخسلىك ۋە ئەركىنلىكنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ئۇتوپىيە ئۈچۈن ئاساسلىق شەرت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇتوپىيە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەس ئاتېئىستلارنىڭ ئېتىقادىدۇر.

ئەگەر ئىنسان «مۇكەممەل ئىنسان» بولماستىن، شەخسىيەت بولسا بۇنداق بىر ئېتىقاد خام - خىيالدىن ئىبارەت، خالاس. شۇنى دېيەلەيمىزكى، غايىۋى جەمئىيەت تۇنجى يارىتىلىشتىن ۋە ئىنساننىڭ «ئىنسان بولۇشىدىن» بېرى ئىمكانسىز بولۇپ كەلدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا ئىنسان ھەر دائىم توقۇنۇش، خاتىرجەمسىزلىك ، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە دىرامما قاتارلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ.(1) غايىۋى جەمئىيەت كىشىلىك خاراكتېردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم نەسىللەرنىڭ بىر خىل رىتىمدا ئەبەدىي بىر - بىرىنى تەقىب قىلىشى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇلار تاكى «رەزىل» ئەبەدىي دۇنياغىچە كۆپىيىدۇ، ئىشلەپچىقىرىدۇ، ئىستېمال قىلىدۇ ۋە ئۆلىدۇ. يارىتىلىش ھەقىقەتى ۋە ئاللاھنىڭ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كونترول قىلىشى مەزكۇر «مېخانىزمنى» پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا پۈتكۈل ئۇتوپىيەلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە دىنغا قاتتىق قارشى چىقىشى بۇ سەۋەبتىن بولغان. جەمئىيەتنىڭ مۇكەممەل شەكىلدە تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە كاھىنلارنىڭ جەمئىيەتنى ۋە مەنپەئەتلىرىنى ئەڭ ئالىي قانۇن سۈپىتىدە ئېلان قىلىشىنىڭ ئەكسىچە، ئاللاھ ئەڭ ئالىي قانۇننىڭ «ئىنسان» بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيانىڭ ئىمتىھان يېرى بولالىشى، ئىنساننىڭ ئەڭ يۇكسەك بايلىق سۈپىتىدە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بېرىلدى. بۇ

(1) (بۇ يەردىن مۇئەييەن ۋاقىتقىچە بىر - بىرىڭلارغا دۈشمەن سۈپىتىدە كېتىسلەر.. قۇرئان، 2/36.

ئەھۋالدا ئۇتوپىيەنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىنسان روھىنىڭ ئىنكارى ئاساسىغا تايانغان بىغۇبار ئۈمىدۋارلىق دېگەنلىكتۇر. ناۋادا ئىنسان روھىنىڭ، شەخسىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەيدىغان كىشى ئىنساننى «تەسكىن» قىلىش ۋە «جازالاندۇرۇش» مېخانىزمىسىنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلالايدىغان بىر جەمئىيەت ئەزاسى قىلىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى مۇمكىن.(1) ئەكسىچە بولغاندا، ئىنسان روھىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىش، ئىتائەتسىزلىك، شۈبھە، قورقۇش، ئىسيان دەرياسىدىن ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىغا، ئىنساننىڭ ئىسلاھ قوبۇل قىلمايدىغان مەخلۇق ئىكەنلىكىگە، ئىنساننىڭ بىر خىل رىتىم ، بويۇن ئېگىش، «تەسكىن» ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا لەببەي دېمەيدىغانلىقىغا، ھۇزۇر ۋە راھەت پاراغەتكە ئېرىشكەندىمۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۇلاردىن ۋاز كېچىپ ئەركىنلىكنى، كىشىلىك ھەق - ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، «ئىنسان ھايۋان بولۇشنى قەتئىي رەت قىلىدىغان مەخلۇق»تۇر. بۇ يەردە ئاتېئىزىم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇكەممەل ھالدا تەشكىللاتلاندۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتكۈل چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە باغلىنىش بار. مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەل ئاتېئىزمدۇر.

## ئۇتوپىيە ۋە ئائىلە

ئائىلە، بەزى قەدىمى ئاساسىي قانۇنلاردا قەيت قىلىنغىنىنىڭ ئەكسىچە، جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ھۈجەيرىسى ئەمەس.(2) ئائىلە بىلەن جەمئىيەت بىر – بىرىگە تامامەن زىت ئۇقۇملاردۇر.

ئائىلە ئەزالىرىنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان نەرسە ھېسداشلىق ياكى ھېسسىياتتۇر. جەمئىيەتتە بولسا مەنپەئەت ياكى ئەقىل ۋەياكى ئىككىسى بىرلىكتە بىر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەربىر قەدەم، ئوخشاش شەكىلدە ئائىلىنىڭ

(1) بىر خۇدالىق ئېتىقادىنى باشتىن كەچۈرمىگەن جەمئىيەتلەرنىڭ ئۇتوپىيەگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. ئىتائەت، بىر خىل رىتىم ، مونوپولىيە، رەھبەرگە چوقۇنۇش ۋە مەجبۇرىي تەلىم - تەربىيەنى تېڭىش قاتارلىقلار مۇشۇنداق جەمئىيەتلەردە ئاسانلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

(2) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنى (1977)دا بۇ «ئىشلەيدىغان كوللېكتىپ»تۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىمىرىلىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئاخىرغىچە، يەنى ئۇتوپىيەگىچە تەتبىق قىلىنغان ئىجتىمائىي پرىنسىپ، ئائىلىنى قەتئىي ئىنكار قىلمايدۇ. ئىچكى دۇنيا، رومانتىك ئارزۇلار، شەخسىي مۇناسىۋەت ۋە مۇناسىۋەتلەر ئۇۋۇسى بولغان ئائىلە ئۇتوپىيەنىڭ پىلانلىرى بىلەن ئىختىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئېنگېلس ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ۋە باشقىچە مەقسەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئېتىراپ قىلىدۇ: «تارىختا ئائىلىنىڭ تەرەققىياتى دەسلەپكى زامانلاردا پۈتكۈل قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە ئىچىدە ھەر ئىككى جىنسىيەت ئارىسىدا ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى بولغان دائىرىنىڭ پەيدىنپەي تارىيىشىدىن ئىبارەتتۇر. دەسلەپتە يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ، ئارقىدىن ئۇزاق ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ، ئاخىرىدا قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتلىرى بولغان كىشىلەرنىڭمۇ دائىرىدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن كوللېكتىپ ئەر - خوتۇنلۇقنىڭ ھەر قانداقنى ئىمكانسىز قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا دەسلەپ ئاسانلا بىر - بىرىگە باغلانغان ئەر - ئايال مولېكۇلا سۈپىتىدە قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئەر - خوتۇنچىلىقمۇ تامامەن يوقايدۇ».(1)

ئۇتوپىيەدە بالا تۇغۇشمۇ ھېسسىياتتىن تامامەن ئايرىلغان بولىدۇ. بالا تۇغۇش فۇنكسىيە ياكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى سۈپىتىدە قارىلىدۇ. ئەپلاتون «دۆلەت» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «20 ياش بىلەن 40 ياشقىچە بولغان ئاياللارنى 25 بىلەن 55 ياشقىچە بولغان ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە خۇسۇسىي ئۆيلەرگە سولاپ قويۇش كېرەك. 20 ياشتىن تۆۋەن قىزلارغا ۋە 55 ياشتىن يۇقىرى بولغان ئەرلەرگە جىنسىي مۇناسىۋەت چەكلەنمەيدۇ. بىراق، بۇنداق بىر ھېسسىياتنىڭ سەمەرىسى بولغان بالىلار بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك ياكى تۇغۇلغان ھامانلا ئاچلىقتىن ئۆلىدىغان مۇئەييەن يەرلەرگە تاشلىۋېتىلىشى لازىم. ئائىلە ھاياتى ۋە سۆيگۈ كۆندىلىك تۇرمۇشتىن چىقىرىۋېتىلىشى كېرەك».(2)

بۇ خۇسۇستا ئېنگېلس تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ماتېرىيالىزمغا

(1) فېيرباخ ئىنگلىس، ئائىلىنىڭ ئاساسلىرى، نيۇيورك،1942.41.

(2) ئۇتوپىيەلەر مۇھەببەتنى تونۇمايدۇ، چۈنكى ئىنسانلار ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئەمەس شەخسىي مۇناسىۋەت بولغانلىقتىن شۇنداق قىلغانمىش. ئۇتوپىيەنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدا ئەڭ يۇكسەك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان خىتاي «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ نىشانلىرى ئارىسىدا، «بۇرژۇئازىيەنىڭ بىخلىنىشى»نى توسۇش ئۈچۈن ياشلارنى قايتىدىن تەربىيەلەش خىزمەتلىرى بار ئىدى. مۇھەببەت پەقەتلا ۋەتەن، سوتسىيالىزم ياكى رەئىس ماۋزېدۇڭغىلا بولىدۇ. مۇھەببەت بۇرۇنقى جەمئىيەتتىن قېلىپ قالغان ۋە تازىلىنىشى كېرەك بولغان «زەھەرلىك ئوت» ئىدى. ئەدەبىياتتا ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئۇزۇن ۋاقىت ناھايىتى سەزگۈر ۋە ئۆزگەرمەس تېمىلاردىن ئىدى. شۇڭلاشقا، مۇھەببەت ھەققىدىكى كىتابلار بازاردىنلا ئەمەس، كۇتۇپخانىلاردىنمۇ چىقىرىپ يوقات كەتكەن. ماۋ زېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن تولستوينىڭ «ئاننا كارېنىنا» ناملىق ئەسىرى بازارغا سېلىنغاندا ئوقۇرمەنلەر كىتابخانىلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچىرەت شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

ئاساسلانغاندا، ئەڭ ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ قايتىدىن ئىشلەپچىقىرىلىشى بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىككى خىل بولۇپ، بىر تەرەپتىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك ۋاسىتىلارنى ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ لازىمەتلىكلىرىنى تەمىنلەش، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، نەسىللەرنى داۋاملاشتۇرۇش»، ئارقىدىن «ئائىلىلەرنىڭ بىردىنبىر ئىجادلىقى ئۇچۇن تۇنجى شەرت ئائىلىلەرنى قايتىدىن خىزمەت ھاياتىغا قايتۇرۇشتۇر. بۇ بولسا ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي گەۋدە بولغان ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئورتاق مۈلۈككە ئۆتۈشى نەتىجىسىدە ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بىرلىكىگە ئايلىنىپ بولغۇچە ئېرىپ تۈگەيدۇ. خۇسۇسىي ئۆي بۇ شەكىلدە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بىرلىكى سۈپىتىدە ئاخىرلىشىدۇ ۋە ئىجتىمائىي سانائەت ماھىيىتى تۈسىگە كىرىدۇ. باللارنى بېقىش ۋە تەلىم تەربىيەسى پۈتۈنلەي ئومۇمغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ، جەمئىيەت باللارغا رەسمىي ۋە غەيرى رەسمىي بولسۇن ئوخشاش شەكىلدە كۆڭۈل بۆلىدۇ».

ماركسنىڭ قارىشىچە، ئائىلىنىڭ پەيدىنپەي ئەمەلدىن قېلىشى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلاشتۇرىدۇ ، يەنى ئىجتىمائىي مەخلۇق سالاھىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. مەۋجۇتلۇقنىڭ بارلىق ئاساسلىرى ( ئىجتىمائىي، ماددىي ۋە ئەخلاقىي) ئائىلىدىن جەمئىيەتكە ئۆتىدۇ.

فىرانسىيەدىكى ۋە دۇنيادىكى فېمىنىست (ئەر ئايال باراۋەرلىكى ئېقىمىنى تەرغىب قىلغۇچى) ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولغان فىرانسۇز يازغۇچى سىمون دې بووۋىر بۇ خۇسۇستا ناھايىتى ئاشقۇن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئائىلە ئەپسانىسى، ئانىلىق تەبىئىتى يوق بولغۇچە ئاياللا بېسىم ئاستىدا ياشاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مەدەنىيەت ئائىلىنى نەزەرىيە جەھەتتىنلا ئەمەس، ئەمەلىي جەھەتتىنمۇ يوق قىلماقتا. «ئائىلىدىن ئاۋۋال ئەر سىرتقا چىقتى، ئارقىدىن ئايال ۋە ئەڭ ئاخىرىدا باللار». ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشى بىر قانچە نۇقتىدا گەۋدىلىنىدۇ: تۇرمۇش قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، ئاجرىشىدىغانلارنىڭ ۋە خىزمەت قىلىدىغان ئايالارنىڭ كۆپىيىشى، تاق كىشىلىك ئۆيلەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى[1]... بۇلارغا يەنە مەدەنىيەتنىڭ بەزى ئېپادىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بولغان ۋە داۋاملىق مەيدانغا كېلىپ تۇرىدىغان قاتناش

(1) نيۇيوركتا نەشر قىلىنىدىغان «شەنبىلىك ئوبزور» ژۇرنىلىدا 1975 - يىلى سېنتەبىر سانىدىكى بىر سۆھبەت خاتىرىسىدە».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋەقەلىرى بىلەن يۇرەك كېسەللىكلىرى ۋە راك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆلۈملەردىكى نىسبەتنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن ياش تۇرۇپلا تۇل قېلىۋاتقانلارنىمۇ قوشۇپ قويۇشىمىز كېرەك.

1960 - يىلىدا كالىفورنىيەدە تۇرمۇش قۇرغانلارنىڭ نىسبىتى ئاجراشقانلارنىڭ نىسبىتى بىلەن تەڭلىشىپ قالغان. كۈنىمىزدە «كالىفورنىيە»گە دۇنيانىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك مەركەزلىرى بۇ جەھەتتە يېقىنلىشىپ قالماقتا. ئاجرىشىدىغانلارنىڭ نىسبىتى ئۆيلىنىدىغانلارغا نىسبەتەن ھەر يەردە داۋاملىق ۋە تېز سۈرئەتتە كۆپەيمەكتە. ئامېرىكىدا 1960 - يىلىدا 100 كىشى تۇرمۇش قۇرغان بولسا 26سى ئاجراشقان. 1975 - يىلىدا سانى 48 گە يەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1960 - يىلىدا ئاجرىشىش نىسبىتى 10%، 1973 - يىلى بولسا 27% ئەتراپىدا بولغان. شۋېتسارىيەدە كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە ئاجرىشىش نىسبىتى 2 ھەسسىگە، پولشادا بولسا كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە 4 ھەسسىگە چىققان. چېخسلوۋاكىيەدە 1945 - ۋە 1975 - يىللار ئارىسىدا ئۈچ ھەسسە ئاشقان. فىرانسىيە ئوتتۇرا مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان راي سىناشتا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە ھەشەمەتلىك ياشاش ئارزۇسى تۇنجى قاتاردىن، ئائىلە قۇرۇش ئارزۇسى ئەڭ ئاخىرقى قاتاردىن ئورۇن ئالغان. (بۇ مەلۇماتلار 1960 - يىلىدا بونىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق بىر يىغىندا ب. جاززونىڭ لېكسىيەسىدىن ئېلىندى). ستوكھولم جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتلار ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1972 - يىلى ئېلان قىلىنغان بىر راي سىناش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، نومۇسنى سېتىشنى كەسىپ قىلىۋالغان ئاياللارنىڭ ھال ئەھۋالى نورمال بولۇش بىرگە، «ھەشەمەتلىك ۋە كەيپلىك» تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلغانلىقلىرىدىن بۇ يولنى تاللىۋالغان.

ب د ت ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كېڭەشنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ پائال ئىقتىسادىي ھاياتقا كىرىشى كېيىنكى 25 يىل ئىچىدە مۆلچەردىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپەيگەن. كۈنىمىزدە (1975) دۇنيادا ئەمگەك كۈچىنىڭ 35% نى ئاياللار تەشكىل قىلماقتا. ئىشلەيدىغان ئاياللارنىڭ سانى سوۋېت ئىتتىپاقىدا نىسبەتەن كۆپ (100 ئىشلىيەلەيدىغان ئايالدىن 82 سى ئىشلەيدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي گېرمانىيە (80%)، بۇلغارىيە (74%). ۋېنگرىيە (73%). رومىنىيە (73%) ۋە پولشا (13%). بۇلاردىن كېيىن فىنلاندىيە، شۋېتسىيە،

چېخسلوۋاكىيە، دانىيە ۋە ياپونىيە كىرىدۇ. ئەنگلىيە، شىۋېيتسارىيە، ئاۋسترىيە، ئامېرىكا ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بولسا، ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشلەيدۇ (49% بىلەن 52% ئارىسىدا). يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مەملىكەتلەر ئارىسىدا تەرەققىي تاپمىغان سوتسىيالىست مەملىكەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشىغا ئىدېئولوگىيەلىك ئامىل تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ يەردە ئائىلە ۋە ئاياللارنىڭ ئىشلىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدېئولوگىيە مەۋجۇت. يالغۇز تېخنىكىلىق تەرەققىياتلار بىلەن ئىزاھلىغىلى بولمايدىغان بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر رېئاللىق بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ مۇنداق: سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكىدا نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلارنىڭ نىسبىتى (ۋە ئەڭ يۇقىرى) ئوخشاشتۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ خۇسۇستا دۇنيا بويىچە ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتكە «يېتىشىپ» قالغان. چۈنكى ئومۇمىي مەدەنىيەت يۆنىلىشى بۇ يەردە ئۆيلىنىش ۋە ئائىلىگە قارشى بولغان ئىدېئولوگىيە بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈلگەن. خىتاي، كورېيە ۋە كامبودژادىمۇ ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبلىرى ئاساسەن ئوخشاشتۇر. خىتايدا قانچە مىليونلىغان ئائىلە ۋەيران بولماقتا. ئەر بىر يەردە، ئاياللار ۋە بالىلار باشقا بىر يەردە ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ ياشىماقتا، پەقەت بىر يىل ئىچىدە بىر قېتىملا بىر يەرگە جەم بولالايدۇ. بۇنىڭغا دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئېھتىياجلىرى، خەلق ئامىسىنىڭ مەنپەئەتى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلمەكتە. ئائىلە بولسا بۇ مەنپەئەتلەرگە خىزمەت قىلمايدۇ.

بىر رايى سىناش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا ئۆيدىن قېچىپ كەتكەن بالىلارنىڭ سانى كېيىنكى 5 يىل ئىچىدە ئىككى ھەسسە كۆپەيگەن بولۇپ، 1976 - يىلىغا كەلگەندە ئىككى مىليونغا يەتكەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئەڭ قىيىن ئەھۋالغا قالدىغىنى ياشانغانلاردۇر. دۇنيا ئەسلىدە ھەم ياشلارنىڭ ھەمدە ياشانغانلارنىڭ ئىدى. لېكىن ئەخلاقىي ۋە دىنى قائىدىلەر مەھرۇم بولغان پەقەتلا ئەقلىي ئۆلچەملەرنىلا تونۇيدىغان مەدەنىيەت، دۇنيانى تەدرىجىي ياشلارنىڭ ئۆلچەملىرىگە، ئارزۇ - ئىستەكلىرى ۋە زوقلىرىغا ماس كېلىدىغان شەكىلگە كىرگۈزمەكتە. بىر يۇگوسلاۋىيەلىك پىسخولوگ «راھەتپەرەسلىك سەھنىسىدە ئەڭ كۆپ يەر ئەڭ ئاكتىپ بولغانلارغا، يەنى ياشلار ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغانلار ئاجرىتىلغان» دەيدۇ. جىنسىيەتنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىشنى كۆزلىگەن بىر ئىدىيەنىڭ بارلىق كەيپ ساپالارنى ياشلارغا ئايرىيدىغان ۋە ياشانغانلارنى مەسخىرە قىلىشى، ياشانغانلارغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ قىممىتى يوقلۇقىنى ئېلان قىلىش بولماي، زادى نېمە؟ دۇنيانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەر تەرىپىدە دىن ۋە كۇلتۇر بۇنىڭ دەل ئەكسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەگەر ئىنسان روھىي، دەپ بىر نەرسە بولمىسا، ئۇنداقتا ياشانغان بىر كىشى كېرەكسىز بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. نە دىنىنىڭ نە مەدەنىيەتنىڭ پوزىتسىيەسى قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ يەردە قىممەت ئۆلچەملىرى ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە ۋە سوئاللار مەۋجۇت.

پىلاتون دىنلار ئائىلىنى ئىنساننىڭ بۆشۈكى، ئانىنىمۇ تۇنجى ۋە ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدىغان شەخس سۈپىتىدە كۆرۈپ مۇقەددەسلەشتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە پىلاتون ئۇتوپىيەلەر ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە، يەسلى، ساناتورىيە ۋە بالىلار باغچىسى ئۈستىدە ھاياجانلىنىپ سۆز قىلىشىدۇ. پىلاتون بۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ نامى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئوخشاش تەرىپى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئانىلارنىڭ يوقلىقى ۋە بالىلارنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ قويۇلۇشىدىن ئىبارەت. ئۇتوپىيەنى تۇنجى بولۇپ ئىزاھلىغان ئەپلاتون (جۇمھۇرىيەت) ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيەنى ئەتراپلىق شەرھلەيدۇ . بۇ ئىدىيە 19 - ۋە 20 - ئەسىرلەردىكى سوتسىيالىست ماقالىلەردە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. بۇ ھادىسە تامامەن مەنتىقىلىقتۇر. چۈنكى ئەگەر ئىنسان «ئىجتىمائىي ھايۋان» بولىدىغان بولسا (نىسبەتەن مۇشۇنداق)، ئۇنداقتا مەجبۇرىي تەلىم، ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە، يەسلى، ساناتورىيە ۋە غايىۋى جەمئىيەت توغرا ھەل قىلىش يولى بولغان بولىدۇ. ئاتا - ئانا سۆيگۈسى، ئائىلە، سەنئەت ۋە دىن ۋاستىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم - تەربىيە، شەخسىيەت ۋە ئەركىنلىك بولسا ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق بىر ئىدىيە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىغان كېرەكسىز رومانتىزم ھېسابلىناتتى. غايىۋى جەمئىيەتتە ھەر شەخس رولىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل جارى قىلدۇرىدۇ. ئانا ۋە ئائىلە مۇكەممەل بولغان بۇ تۈزۈمنى ۋە تولۇق باراۋەرلىككە تايانغان بۇ «گۈزەل مەنزىرىنى» پەقەت بىئاراملا قىلالىشى مۇمكىن.

ئانا «ئىنسان»نى تۇغىدۇ ۋە چوڭ قىلىدۇ. يەسلى بولسا جەمئىيەت ئەزاسىنى، ئۇتوپىيەنىڭ كېلەچەكتىكى ئەزاسىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. يەسلى زاۋۇتتۇر، تەلىم - تەربىيە ماشىنىسىدۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل يۇقىرى ئورگانلاردا ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن ئاكادېمىك ستانىسلاۋ گۇستاۋوۋىچ سترۇمىلىن (1887 - 1974) 60 - يىللاردا مۇنداق دېگەن ئىدى: ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە ئەندىزىلىرىگە باشقا ئەندىزىلەردىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە

ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇشقا مەجبۇرمىز. بۇنى تېز سۈرئەتتە ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز كېرەك، 15، 20 يىل ئىچىدە چوڭىدىن كىچىككىچە پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى بۇنىڭدىن پايدىلانسۇن». سىرۇملىن ناھايىتى ئىپتىخارلانغان ھالدا مۇنۇ خىيالى مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ھەربىر سوۋېت پۇقراسى تۇغۇت ئۆيىدىن ئۇدۇل يەسلىگە، بۇ يەردىن بالىلار باغچىسىغا ياكى بالىلار ياتىقىغا، بۇ يەردىن ياتاقلىق مەكتەپلەرگە، ئارقىدىن مۇستەقىل تۇرمۇشقا، ئىشلەپچىقىرىشقا ياكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىشى كېرەك». بۇ يەرلەرنىڭ ھېچقايسىدا ئاتا - ئانا ۋە ئائىلىنى كۆرەلمەيمىز. چۈنكى يوق، ئىنساننىڭ تەربىيەلىنىشى ۋە ئېزىزلىنىشىنىڭ ئورنىغا، بۇ يەردە خۇددى چۈجە يېتىشتۈرۈلگىنىدەك تېخنولوگىيەلىك جەرياننى ئۇچرىتىمىز. مەدەنىيەتنىڭ ئائىلىگە قارشى بولغان بۇ ئىدىيەسى ماركسنىڭ «كاپىتال» ناملىق ئەسىرىدىكى مۇنۇ جۈملىدە ناھايىتى روشەن گەۋدىلەنگەن: «بالىلارنى باشقىلاردىن ئەمەس ئاتا - ئانىسىنىڭ تەسىرىدىن يىراق تۇتۇش تولىمۇ زۆرۈر ».

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئائىلىگە بولغان بۇ ئىدىيە ۋە پوزىتسىيەلەر باشتىن - ئاخىرى كۆزدىن كەچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ مەۋجۇت ئائىلە قارىشىدىن ئېزىپ كېتىش كەتمەسلىكتە ئىپادىلەنگەن. پىرىنسىپ جەھەتتىن مەسىلە ئېنگېلسنىڭ (ياكى سترۇمىلىننىڭ) ئائىلىنى قارغىشىنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكى بولماستىن، ئېنگېلسنىڭ ئائىلىگە نىسبەتەن باشقىچە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ياكى بولماسلىقى ئىدى. ئېنگېلس باش - ئاخىرى ماسلاشقان بىر مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان. مەدەنىيەت شەخسىيەت سۈپىتىدە ئىنساننى يوق قىلماي تۇرۇپ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. چۈنكى ئەركىن ئىنسان مەدەنىيەتنىڭ مېخانىزمىسىغا، قۇرۇلمىسىغا، ئاممىغا، ئومۇمىي مەنپەئەتلەرگە، دۆلەت ئادالىتىگە، تۈزۈم ۋە ئىنتىزامغا ماس كەلمەيتتى. ئىنسان بىلەن مەزكۇر «پىروگراممىلانغان ۋەھشىيلىك» ئارىسىدا دائىم يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق ئاشكارا ھالدا توقۇنۇش بولىدۇ.

نىكاھ، ئائىلە، تەربىيە، ئاتا - ئانا ۋە ياشانغانلارغا مۇناسىۋەتلىك قارىشىمىز ئىنسانغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمىزغا، ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك پەلسەپىمىزگە باغلىق. نىكاھ بىر قۇتۇپتا كېلىشىم (شىۋېتسىيە) بولغان بولسا، يەنە بىر قۇتۇپتا دىنى مۇراسىم(كاتالوكلاردا) ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن قايسى توغرا، دېگەن سوئالنى بەس - مۇنازىرە قىلىشتىن بەكرەك، نىكاھنى ئەقلىيەتچى پەلسەپىنىڭ كېلىشىم سۈپىتىدە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خرىستىيان پەلسەپىسىنىڭ بولسا دىنى مۇراسىم سۈپىتىدە كۆرىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلساق ئىش تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. يەنى ئېنگېلس ئائىلىنى پەيدىنپەي يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن خاتالاشقان ئىدى. سوۋېت جەمئىيەتشۇناسلىرى «بۇرۇنقى ياخشى ئائىلە»نى (رەسمىي پەلسەپە نۇقتىسىدىن) قايتىدىن جانلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ (دوكتور ئۇرلانىسقا ئوخشاش). ناۋادا ئىنسان ھەقىقەتەن مۇكەممەل ھايۋان بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا سترۇمىلىنىڭ رېتسېپى توغرا ھەل قىلىش يولى بولغان بولاتتى.

پۈتكۈل مەدەنىيەتلىك مەملىكەتلەردە تۇغۇت نىسبىتىدە تۇرغۇنلۇق ياكى چېكىنىش كۆرۈلمەكتە. سەۋەبى قىسمەن ئائىلىنىڭ ئەھۋالى، قىسمەن راھەت - پاراغەت ۋە قىيىنچىلىقسىز تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسىدۇر (بۇ دىنى ۋە كۈلتۈر قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر). پروفېسسور پېيېر سونى ئاق تەنلىكلەرنىڭ يوقاپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭچە، نېمىس مىللىتى تۇغۇت نىسبىتىنىڭ ئازىيىشى سەۋەبىدىن كېلەر ئەسىردە يوقات كېتىشى مۇمكىن ئىكەن. نوپۇس ئىستاتىستىكىلىرىغا ئاساسلانغاندا فىرانسىيە نوپۇسى 21 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھازىرقى 52 مىليوندىن 17 مىليونغا چۈشۈپ قالىدىكەن. بۇ تەخمىنلەر مۇبالىغىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئىستاتىستىكىلار يۇقىرىقىغا ئوخشاش ھۆكۈملەرنى چىقىرىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. كۆپلىگەن ياۋروپا دۆلەتلىرىدە بىر نەچچە يىلدىن بېرى نوپۇس كۆپىيىش سۈرئىتىدە ئازىيىش كۆرۈلگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. فېدېراتىپ گېرمانىيەدە نوپۇس كۆپىيىشىدە 1976 - يىلىدا 1975 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 0.33%، 1975 - يىلىدا بولسا 1974 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 0.56% چېكىنىش كۆرۈلگەن. غەربىي بېرلىندا 1.7% بولغان.(1)

شۋېتسىيە پارلامېنتى روھىي كېسەللەرنىڭ سانىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىش مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، شۋېتسىيە باللاردا ئۆلۈش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن، ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتى ئەڭ ئۇزۇن، تەلىم - تەربىيە ھەقسىز، 150 يىلدىن بېرى تىنچلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن، نوپۇس جىقلىقى مەسىلىسى بولمىغان، دۇنيادا ئەڭ ئىش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ۋە مىللىي كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان

(1) بۇ مەلۇماتلار ، ۋىيىبادېندىكى فېدېراتىپ ئىستاتىستىكا ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان.

دۆلەتتۇر. شۋېتسىيە پارلامېنتى تەرىپىدىن بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈشكە تەيىنلەنگەن مەشھۇر پسىخولوگ دوكتور ھانس لومان مۇنۇلارنى دېيىش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ: شۋېتسىيەدە تۇرمۇش قۇرغان ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشلەيدۇ، بۇ ئەھۋال ئائىلىگە ئوخشاش ھاياتى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قۇرۇلمىغا زور دەرىجىدە سەلبىي كۆرسەتمەكتە (شۋېتسىيەدە پەرزەنتلىرى ئۈچ ياشقىچە بولغان ئانىلارنىڭ 50%ى، پەرزەنتلىرى 17 ياشقىچە بولغانلارنىڭ 70%ى ئىشلەيدۇ)، لومان دوكلاتىدا، «پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سوغۇق، بالىغا دۈشمەن بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇق» دەيدۇ.

شۋېتسىيەدە (1976 - يىلى) ئاساسەن دېگۈدەك ھەر ئىككى بالىدىن بىرسى يالغۇز بالىدۇر (بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال چېخسلوۋاكىيەدىمۇ بار). بۇ مەملىكەتلەردە ئەر - خوتۇنلار ئۈچ ۋە بۇنىڭدىن كۆپ بالىلىق ئائىلىلەرنى «ئېھتىياجتىن ئارتۇق ھەشەمەتچىلىك»، «بىمەنە» ۋە «مەنتىقسىز» كۆرىدۇ. نوپۇسشۇناسلار بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، شۋېتسىيەنىڭ 1990 - يىلىدىن ئېتىبارەن نوپۇسىنىڭ «ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش»نىمۇ قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈشكە باشلايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

مەدەنىيەت ئاياللارنى ھەۋەس ياكى پايدىلىنىش ئوبيېكتى قىلىپ قويۇش ئارقىلىق، ئاياللارنىڭ تەقدىرگە ۋە ھۆرمەتكە لايىق بىردىنبىر نەرسىسى بولغان شەخسىيىتىنى تارتىپ ئالدى. بۇ ئەھۋالغا كۈندىن - كۈنگە تېخىمۇ كۆپ شاھىت بولۇۋاتىمىز. ھەر تۈرلۈك «خانىملارنى» نى تاللاشتا، مودېل ياكى رەسىم مودېلىغا ئوخشاش ئاياللارغا خاس كەسىپلەردە بۇ ئەھۋال ناھايىتى روشەن گەۋدىلەنمەكتە. بۇ نۇقتىدا ئاياللار ئىنسانغا خاس شەخسىيەتتىن چىقىپ كېتىدۇ. يەنى شەخسىيىتى يوق «ئىنسان»غا ئايلىنىپ قالىدۇ. «گۈزەل ھايۋان»دىن بىر ئاز پەرقلىق بولىدۇ، خالاس.

مەدەنىيەت ئانىلىقنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. ساتقۇچى، مودېللىق، كادىرلىق، سېكرېتارلىق، تازىلىقچى قاتارلىق كەسىپلەرنى ئانىلىق ۋەزىپىسىدىن ئەۋزەل كۆردى. مەدەنىيەت ئانىلىقنى قۇللۇق، دەپ ئېلان قىلىپ ئاياللارنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇشقا ۋەدە قىلدى. ئاياللارنى ئائىلىسىدىن ۋە بالىلىرىدىن ئايرىپ تاشلاپ كادىر ياكى ئىشچى قىلغانلىقىنى پەخىرلەنگەن ھالدا دەيدۇ. يەنە بىر قۇتۇپتا بولسا كۇلتۇر ئەزەلدىن بېرى ئانىلىقنى ئەزىزلەپ كەلگەن، ئۇنى سىمۋول ۋە سىرغا ئايلاندۇرۇپ

مۇقەددەسلەشتۈرگەن، ئەڭ گۈزەل شېئىر، ئەڭ يارقىن ئاۋازلار، ئەڭ گۈزەل رەسىم ۋە ھەيكەللەر ئانىلارغا ئاتالغان. مەدەنىيەت دۇنياسىدا ئانىلار ئازاب چېكىۋاتقان بىر پەيتتە، پىكاسسو «ئانىلىق» ناملىق نادىر ئەسىرىنى روياپقا چىقىرىپ، ئانىنىڭ كۈلتۈرگە نىسبەتەن ھازىرمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ئىدى.

ساناتورىيە ۋە يەسلىلەر ئاساسەن ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش تۈزۈمنىڭ ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ساناتورىيە ۋە يەسلىلەر بىزگە سۈنئىي تۇغۇت ۋە سۈنئىي ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ. راھەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن سۆيگۈ ۋە ئىللىقلىقنىڭ يوقلۇقى ھەر ئىككىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئائىلىگە قارشى چىقىشنىڭ ئىپادىسى ۋە ئىنسان ھاياتىدا ئاياللار رولىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاتا - ئانا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاجىزلىشىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بالىلار يەسلىسىدە ئاتا - ئانىسىز بالىلار، ساناتورىيەلەردە بولسا ئىگە - چاقىسىز ئاتا - ئانىلار... ھەر ئىككىسى مەدەنىيەتنىڭ «ئالاھىدە» مەھسۇلاتى ۋە ھەر ئۇتوپىيەنىڭ غايىلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

ئانا بىلەن ئائىلە دىنى دۇنيا قارىشىغا تەۋە بولۇپ، خۇددى بالىلار يەسلىسى ۋە ساناتورىيەنىڭ «ئۆزگە» دۇنيا قارىشىغا تەۋە بولغىنىغا ئوخشاش...

# ئىككىنچى قىسىم

# ئىسلام - قوش قۇتۇبلۇق بىرلىك

www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب : مۇسا - ئىسا - مۇھەممەد

بۇ نۇقتىدا ئىسلام تارىخى ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدىغان بولۇپ، بىرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)تىن ئىلگىرىكى دەۋرنى، يەنى بىرى كېيىنكى دەۋرنى كۆرسىتىدۇ . بىرىنچىسىنى ۋە ئۇنىڭ يەھۇدىيلىق بىلەن خرىستىيانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخىرقى قىسمىنى نەزەرگە ئالماي تۇرۇپ ئىككىنچىسىنى (ئەسلىدىكى ئىسلام تارىخىنى) تامامەن چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ تارىخى رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئىنسانلار ئۇلارنىڭ سايىسىدە تارىخنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ دۇنيانى ياكى ئىنسانىيەتنى بىر پۈتۈن هالدا كۆرۈشكە كۆنۈپ كەتكەن. ئىنسان يەنە ئۇلارنىڭ سايىسىدە ئىچكى ۋە تاشقى هاياتنىڭ، تاشقى ۋە ئىچكى ئىلگىرىلەشلەرنىڭ چوڭلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە پاسىللىرىنى ئۆگىنىشكە مۇيەسسەر بولالىغان. يەھۇدىيلىق بىلەن خرىستىيانلىقنىڭ تارىختىكى ئۇتتۇقلىرى ۋە مەغلۇبىيەتلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئىسلامىي تەجرىبىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەسلىدە ئىنسانىي بولغان پۈتكۈل نەرسىدىن تەشكىل تاپقان ئەبەدىي ئۈچ يۈزلىنىشنى نامايان قىلىدۇ.

دىنلار ئارىسىدا يەھۇدىيلىق دۇنياۋى ۋە «سول مايىللىق»نى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، دۇنياۋى جەننەت نۇقتىئىنەزەرىنى ۋەدە قىلىدۇ. كېيىنچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پۈتكۈل يەھۇدىي نەزەرىيەلىرى مەزكۇر مايىللىقتىن ئىلهام ئالىدۇ. «ئەييۇپ كىتابى» بۇ دۇنيادىلا ۋۇجۇدقا چىقىشى زۆرۈر بولغان ئادالەتنىڭ چۈشى ئىدى. يەنى ئۇ دۇنيادا ئەمەس، بۇ دۇنيا ۋە هازىر...

ئۆلۈمسىزلىك ئەقىدىسى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن هېچقاچان تولۇق قوبۇل قىلىنغان ئەمەس. سادۇقىلار[1] ئۆلۈمسىزلىكنى هەزرىتى ئىسا دەۋرىدىمۇ رەت قىلاتتى.

(1) يەھۇدىي دۆلىتى مۇستەقىللىقىنىڭ كېينكى مەزگىللىرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرى 2 ۋە 1 - ئەسىر) پەقەتلا مۇسانىڭ تەلىماتىغا تايانغان

ئوتتۇرا ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر يەھۇدىي مۇتەپەككۇرى مايمونىدېس ئۆلۈمسىزلىكنىڭ غەيرى ئىنسانىي ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. (بۇ قاراش ئاساسەن دېگۈدەك ئۆلۈمسىزلىك چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلىشى دېگەنلىكتۇر). يەنە بىر يەھۇدىي مۇتەپەككۇرى باروۇك سپىنوزا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا تەۋراتتا ئۆلۈمسىزلىكنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. رېنان ۋە بېردجايېۋ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلۈمسىزلىك پىكرىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقلىرىنى، چۈنكى بۇ پىكرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرى (ھەر زامان بۇ دۇنياغا مەخسۇستۇر) غا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھاسدېي كرېسكاس ماددىنىڭ تەڭرىنىڭ جىسمى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. بېردجايېۋ «يەھۇدىي مىللىتى شەخسىي ئەركىنلىك ۋە شەخسىي گۇناھ پىكرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ» دەيدۇ. سپىنوزا يېڭى ماتېرىيالىست پەلسەپىنىڭ يەھۇدىيلىقنىڭ باغرىدا ياكى يەھۇدىي ئەنئەنىسىنىڭ مەنبەلىرىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئەنئەنىدە دىنغا مىللىي، سىياسىي ۋە دۇنياۋى قاراشلارغا نىسبەتەن ناھايىتى ئاز ئورۇن بېرىلىدۇ. يەنى خرىستىيانلىققا تامامەن زىت ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

سپىنوزانىڭ ماقالىلىرىدە «تەڭرى» سۆزىنىڭ ئورنىغا «تەبىئەت» ئىبارىسىنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆزىمۇ يول كۆرسىتىدۇ. سپىنوزا تەڭرى ئۇقۇمىدىن شەخسىي، ئىرادە، ھەتتا ئاڭغا مۇناسىۋەتلىك پۈتكۈل نەرسىنى چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق، بۇ ئىككى ئۇقۇمنى يېقىنلاشتۇرىدۇ. چېركاۋدىن قوغلاپ چىقىرىلغان سپىنوزا ھەقىقىي يەھۇدىيدۇر(1).

ھەزرىتى ئىسادىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار كېلەچەكتىن خەۋەر بېرىدىغان تەڭرى پەرىشتىلىرىنى خرىستىيانلارغا ئوخشاش ئاخىرەتتە ئەمەس، بۇ دۇنيادا كۈتكەن ئىدى. يەھۇدىي ئاپوكالىپتىك ئەدەبىياتىدا مەسىھ ئۆچ ئالىدىغان ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغان كىشى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. مەسىھنى ئازاب - ئوقۇبەت تارتىدىغان پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئەمەس، «ئۈستۈن ۋە تاللانغان مىللەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىدىغان مىللىي قەھرىمان ۋە دۇنياۋى پادىشاھ سۈپىتىدە كۈتكەن ئىدى. دۇرۇس ئىنسانلار بەختسىز بولۇپ قالغان دۇنيانىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. بۇ

دىنى سىياسىي پارتىيە بولۇپ يەھۇدىي دىن ئالىملىرىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلاتتى.
(1) ئامستېردام شەھەرلىك ھۆكۈمىتى سپىنوزانى تەلىماتىنىڭ خرىستىيانلىققا زىت ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ، قوغلاپ چىقارغان ئىدى. بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەھۇدىي دىن ئۆلىمالىرىنىڭ سپىنوزانىغا لەنەت ئوقۇشى بولسا ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىدىن بولغان.

يەھۇدىي ئادالىتىنىڭ ۋە ھەر «ئىجتىمائىي ئادالەت»نىڭ ئاساسلىق پرىنسىپىدۇر. «بۇ ئۇقتىدا يەنى دۇنيادىكى جەننەت پىكرىدە يەھۇدىيلىق بار بولۇپ، بۇ ماھىيەت ئۇقتىسىدىنلا بولماستىن مەنبە ئۇقتىسىدىنمۇ ئوشۇنداق بولىدۇ. يەھۇدىي ئەندىزىسى ئۆتمۈشتە ئىزىلگەنلەرگە ۋە بەختسىزلەرگە قانداق كۈچلۈك چاقىرىق بولالىغان بولسا كېلەچەكتىمۇ ئوخشاش چاقىرىق بولالايدۇ. مەزكۇر ئەندىزىنى ئىزىز ئاۋگۇستىن خىرىستىيانلىققا، ماركس بولسا سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرغان.»[1] «زېمىندا جەننەت» تەلەپ قىلغان پۈتكۈل ئىنقىلابلار، ئۇتوپىيەلەر، سوتسىيالىزملار ۋە باشقىلار ئەھدى قەدىمدىن (تەۋرات) ئىلھام ئالغان، يەنى يىلتىزى يەھۇدىيلىققا تۇتىشىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىلمىي ئاساس ئۈستىگە مەرىپەت ئويغىنىشنى ۋەدە قىلغان ماسونلۇق[2] چۈشەنچىسىنىڭ يىلتىزىمۇ پوزىتىۋىزم[3] (ئەمەلىيەتچانلىق) ۋە يەھۇدىيلىققا[4] تۇتىشىدۇ. پوزىتىۋىزم، ماسونلۇق ۋە يەھۇدىيلىق ئارىسىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇنداق بولغاندا يالغۇز ئارىسىدىكى پىكرى مۇناسىۋەتلەرنىلا ئەمەس، خاس مۇناسىۋەتلەر ۋە تەسىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

يەھۇدىيلىق تارىخى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي (سودا) تەرەققىيات تارىخىدۇر. بۇ ھەقتە سومبارتنىڭ ئەسىرى ناھايىتى مۇھىم يىپ ئۇچلىرىنى بېرىدۇ. ئاتوم ئىلمىي دەسلەپتە، «يەھۇدىي ئىلمىي» دەپ ئاتىلاتتى. سىياسىي ئىقتىسادمۇ ئوخشاشلا مۇشۇنداق ئاتىلاتتى. ئاتوم فىزىكىسى، سىياسىي ئىقتىساد ۋە سوتسىيالىست پىكىرلەرنىڭ ئەڭ

(1) B.Rusellö The history fo western philosophy

(2) ماسونلۇق غەربىي ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، 1717 - يىلىدا ئېلان قىلىنغان ئاندېرسون ئاساسىي قانۇن بىلەن كۈنىمىزدىكى شەكلىگە كىرگەن. ماسونلۇق بىر قاتار ئىشارەت ۋە سىمۋوللىرى بولغان، مەجلىسلەر ھالىتىدە تەشكىللانغان خەلقئارالىق ئورگاندۇر. ماسون بولمىغانلارغا «خارىجى» دېيىلىدۇ. ياتلار ماسونلارنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشالمايدۇ. ماسونلار ئارىسىغا خالىغان كىشى كىرەلمەيدۇ. بايلار، بىيۇروكراتلار، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ھەربىيلەر، داڭلىق سەنئەتچىلەر قىسقىسى داڭلىق كىشىلەرلا ئەزا بولالايدۇ. ماسونلار «سىرلار» دەپ تەرىپلەيدىغان پەلسەپىسىنى ماسونلۇقتى تاللىغان كىشىلەرگە سىڭدۈرگەندە تەدرىجىي ئىزدىنىش يولىنى تەقىپ قىلىدۇ. بۇنى 33 دەرىجىلىك تەبىقە تۈزۈمى ئىچىدە ئېلىپ بارىدۇ. ماسون پەلسەپىسى يەھۇدىي قابالا ئەقىدىسى، خىرىستىيانلىق، خېرمېتىزم، بۇتپەرەسلىك ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاساسلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بىراق بۇ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ماسونلارنىڭ ئوخشاش پىكىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ماسونلۇقتا 1 بىلەن 33 دەرىجىلەر ئاساسلىق قائىدىلەر ۋە غايىلەر ئۆگىتىلىدىغان دەرىجىلەردۇر. 4 بىلەن 14 - دەرىجىلەردە مەشھۇر ھىرام ئەپسانىسى بايان قىلىنىدۇ. ھەممىدىن بەك يەھۇدىي ئەقىدىلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ...

(3) پوزىتىۋىزمدا مېتا فىزىكا ۋە تېئولوگىيەنى رەت قىلىدىغان، پەقەت فىزىكىلىق ياكى ماددىي دۇنيانىڭ ھەقىقەتلىرىگىلا ئايىنىدىغان بىلىم چۈشەنچىسى قويۇقتۇر. ئەڭ بۇرۇنقى پوزىتىۋىزم ئاگۇستې كومتىنىڭ 19 - ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويغان قارىشىدۇر. كېيىنكى دەۋردىكى مەنتىقلىق پوزىتىۋىزم بولسا 1920 - يىلى ۋېيانا گۇرۇھى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. پوزىتىۋىزم تېرمىنىنى تۇنجى قېتىم سايىنت سىمون ئىشلەتكەن.

(4) يەھۇدىيلىق ياكى مۇسەۋىيلىك تۇنجى بولۇپ ئىبرانىلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى (تاناھ) بىلەن كەلگەن، ئارقىدىن تالمۇدتا ۋە باشقا مۇقەددەس بايانلاردا تېخىمۇ ئەتراپلىق بايان قىلىنىپ ئىزاھلانغان ئېتىقاد، پەلسەپە ۋە تۇرمۇش شەكلىگە تەۋە بارلىق سىستېمىلارغا بېرىلگەن نامدۇر. تەرجىماندىن

مەشھۇر ئىسىملىرىنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك يەھۇدىي بولۇشى قەتئىي تاسادىپىي ئەمەس. يەھۇدىيلار ھېچقاچان كۈلتۈر تەرەپتە تۇرمايدۇ، ھەر زامان مەدەنىيەت تەرەپتە تۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەر قېتىم تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىنى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بىر مەدەنىيەتتىن يەنە بىر مەدەنىيەتكە ئۆتۈش جەريانى، دەپ ئىزاھلىساق خاتالاشمىغان بولىمىز. بۇ ئەھۋال غەرب تارىخىدىمۇ ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىپ كەلمەكتە. رۇسسېل «پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر بويىچە يەھۇدىيلار خرىستىيان مەملىكەتلىرىنىڭ كۈلتۈرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلمىدى»دەيدۇ(1). شەھەر مۇئەييەن بىر كۈلتۈر ئىچىدە يېزىغا ھۆكۈمرانلىق قۇرغان ھامان يەھۇدىيلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەھۇدىيلار پەقەت شەھەر ئۇقۇملىرىنى دائىرىسىدە ياشاپ تەرەققىي قىلالايدۇ. ھەر قانداق مۇھىم بىر شەھەرنىڭ يەھۇدىي مۇستەملىكىسى بار. قەدىمىي دەۋىردە سۇر، سايدا، ئانتاكيا، قۇددۇس، ئىسكەندىرىيە، كارتاجا ۋە رىم، مۇسۇلمان ئىسپانىيەدىكى قۇرتۇبە، غىرناتە، تولېدو ۋە سېۋىللا، يېڭى دەۋرنىڭ باشلىرىدا ئامستېردام، ۋەنەدىك ۋە مارسىلىيا، كۈنىمىزدە بولسا دۇنيانىڭ بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل چوڭ شەھەرلىرى، دەل يەھۇدىيلىق تارىخىدۇر. يەھۇدىيلارنىڭ كولومبونىڭ بۈيۈك بايقىشىنى ئىقتىساد بىلەن تەمىنلىشى ۋە باشتىن - ئاخىر مەدەنىيەتنى تەجرىبە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن يېڭى دۇنيانىڭ بايقىلىشىغا (يەھۇدىيلارنىڭ بىۋاستە) ئىشتىراك قىلىشى قاتارلىقلاردا ئاز بولسىمۇ سىمۋولىزم مەۋجۇتتۇر. (كولومبۇنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىگە دائىر كۈچلۈك ئىسپاتلار مەۋجۇت). بۇنىڭدىن باشقا يېڭى دەۋرنىڭ يەنى «ئاتوم دەۋرى»نىڭ پېشۋاسى ھېسابلىنىدىغان كىشىمۇ يەھۇدىي مىللىتىدىن بولغان ئېينىشتېيىندۇر. يەھۇدىيلار ھەر زامان ماددىي تەرەققىياتنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ كەلگەن. خۇددى خرىستىيانلارنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتلارنىڭ يېتەكچىسى بولغىنىغا ئوخشاش.

## نوقۇل دىن

يەھۇدىي ماتېرىيالىزمى (ياكى پوزىتىۋىزمى) ئىنسان ئېڭىنى بۇ دۇنياغا بۇراپ، تارىخ بويىچە تاشقى تەرسلەرگە بولغان ئېھتىياجىنى غىدىقلايدۇ. خرىستىيانلىق بولسا ئىنسان روھىنى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا بۇرايدۇ. تەۋراتنىڭ ئاشقۇن

(1) رۇسسېل، غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ تارىخى، نيۇيورك، 1945، 363 - 364).

(رادىكال) ئەمەلىيەتچانلىقى ئۈستىدىن ئىنجىلنىڭ ئاشقۇن (رادىكال) روھانىيلىقى غالىب كېلىدۇ. ئىسلام بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرلىشىشىنى ھەزرىتى مۇھەممەد بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈشى كېرەك ئىدى.

خىرىستىيانلىق بويىچە بولغاندا، ئىنساننىڭ ئارزۇ ئىستىكى ۋە ئېنېرگىيەسى بىر - بىرىگە زىت ئىككى يۆنىلىشكە، يەنى ساماغا ۋە زېمىنغا يۈزلەنمەسلىكى كېرەك. «ھېچكىممۇ ئىككى خوجايىنغا خىزمەت قىلالمايدۇ، يا بىرسىدىن نەپرەتلىنىپ يەنە بىرسىنى سۆيۈشى، ياكى بىرسىگە كۆڭۈل بېرىپ يەنە بىرىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك. سىز ھەم تەڭرىگە ھەمدە مامون (پۇل ۋە مال دۇنيا)غا خىزمەت قىلالمايسىز» (مەتتا 6/24). بۇ چۈشەنچىنى تولستوي مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئىنسان ئوخشاش ۋاقىتتا ھەم روھىي دۇنياسى بىلەن ھەمدە بۇ دۇنيالىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ. ئەگەر بۇ دۇنيالىق مەنپەئەتنى ئارزۇ قىلساڭ، روھىڭ بىلەن بەند بولۇشتىن ۋاز كەچ، لېكىن روھىڭنى قوغداشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئۇنداقتا دۇنيالىق ئىشلاردىن ۋاز كەچ. بولمىسا، ئۆزىنى ۋەيران قىلىپ ھەممىسىدىن قۇرۇق قالىسەن» ۋە ئارقىدىنلا «ئىنسانلار بەدىنىگە تۇسالغۇ بولىدىغان ۋە خالىغىنى قىلىشىغا كاشىلا بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىدىن ئۆزلىرىنى ۋە بەدەنلىرىنى قوغداش ئارقىلىق ئەركىنلىككە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەدەنىنىڭ ھىمايىسى ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر(بايلىق، يۇقىرى مەرتىۋە، نام شۆھرەتكە ئوخشاش) ئارزۇ قىلىنغان ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. ھەتتا تېخىمۇ كۆپ تۇسالغۇ بولىدۇ. تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئېرىشىمەن دەپ، گۇناھ، رەزىللىك ۋە خۇراپاتلىقلارنىڭ قەلئەسى بولغان زىندانغا تاشلايدۇ،دە، ئۆزلىرىنى بۇ زىندانغا مەھكۇم قىلىۋېتىدۇ....».

چېركاۋنىڭ پۇتكۈل بۈيۈك ھۆكۈمدارلىرى تەۋراتنىڭ روھى بىلەن ئىنجىلنىڭ روھى ئارىسىدىكى ئاساسلىق پەرقنى تونۇپ يېتىپ يەكۈنلەپ چىققان. بەزى يازغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ماركيون ئىنجىلىدىكى ماركوس ئۇنى مىسال سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. ھەزرىتى ئىسانىڭ ھەزرىتى مۇسانىڭ شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى، ئادالەت تەڭرىسى ۋە زاھىرى دۇنيانىڭ نىجاتچىسى بولغان يېھوۋانىڭ ئورنىغا غايىب دۇنيانى ياراتقان سۆيگۈ تەڭرىسىنى قويغانلىقىغا دائىر قاراشلار ئومۇملاشقان. كوۋچودنىڭ قارىشىچە، ئىنجىل باشقا كىتابلارغا سېلىشتۇرغاندا تەقۋالىق، زۇلۇم قىلماسلىق ۋە رەزىللىككە سەۋر قىلىش پىرىنسىپلىرىنى تېخىمۇ كۆپ تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ قاراش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بويىچە بولغاندا، دىن تاشقى دۇنيانى تەرتىپكە سېلىش ياكى مۇكەممەللەشتۈرۈش پرىنسىپىدىن تامامەن ۋاز كەچكەن بولىدۇ. دىن تاشقى تۈزۈم ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھەقىقىي ياخشىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش چۈشەنچىسىگە ئوچۇق ئالدامچىلىق، دەپ قارايدۇ. چۈنكى دىن دۇنيادا ۋە ئىنسانلار ئالدىدا قانداق ياشايدىغانلىقىمىزغا دائىر ئەمەس، بەلكى روھى دۇنيايىمىزدا ۋە ئۆزىمىز ئالدىدا قانداق ياشايدىغانلىقىمىزغا دائىر سوئالغا جاۋابتۇر. دىن تاغ چوققىسىدىكى ئىبادەتخانا ۋە پاناھگاھتۇر. ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن تاغ چوققىسىغا يامىشىش كېرەك. ئىبلىس ھۆكۈم سۈرىدىغان، ئىسلاھى قوبۇل بولمايدىغان بىر دۇنيانىڭ پۈتكۈل بوشلۇقلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ يۇقىرىغا يامىشىش كېرەك. بۇ دەل نوقۇل دىنىدۇر.

«بەدىنىڭىزنى، نېمە يەيدىغانلىقىڭىزنى، نېمە ئىچىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماڭ»، «كۆزۈڭ سېنى ئالدىسا ئۇنى ئويۇپ تاشلا، ئوڭ قولۇڭ گۇناھقا ئۇندىسە ئۇنى كېسىپ تاشلا»، «تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانلار، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسۇن...»، «مەن سىزگە شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، ھەر كىم بىر ئايالغان شەھۋەت كۆزى بىلەن نەزەر سالسا، ئۆز قەلبىدە زىنا قىلغان بولىدۇ».( ئىنجىلدىن ئېلىنغان). «كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن سورىدى: نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: «كىمنىڭ ئىككى قۇر كىيىمى بولسا بىرسىنى كىيىمى يوقلارغا بەرسۇن. كىمنىڭ ئارتۇق تامىقى بولسا، تامىقى يوقلارغا بەرسۇن!» (لۇكا، 3/10 - 11). ئوتتۇرىسىدىكى بەزى سوتسىيالىست پرىنسىپلار بىلەن ئوخشاشلىقى پەقەت شەكىل جەھەتتىنلا گەۋدىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ نۇقتىدا جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلەر تەكىتلەنمەيدۇ، تەكىتلەنگىنى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ روھىدۇر. دىن ئىنسانلارغا بېرىشنى ۋە تەقدىم قىلىشنى تەشەببۇس قىلسا، ئىنقىلاب تارتىپ ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنى بېرى بېرىشنى يەنە بېرى ئېلىشنى كۆزلەيدۇ. تاشقى نەتىجە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئىچكى نەتىجە پۈتۈنلەي باشقىچە.

بۇ يول پەۋقۇلئاددە ئېھتىيات تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق يول بولۇپ. پەقەت ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغۇەتكەنلەرگىلا خاس بولىدۇ. قۇرئانى كەرىمنىڭ «ئاللاھ ھېچكىمگە تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى يۈكلىمەيدۇ» (2/286) دېگەن ئايىتىدە خىرىستىيانلىقنىڭ بۇ پرىنسىپى كۆزدە تۇتۇلغان. پۈتكۈل نوقۇل دىنلار ئىككى ئورۇننى، ئىككى پىروگراممىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇدىزىمدا تاللانغانلار ئۈچۈن

«ماھايانا» (بۈيۈك يول) دېيىلىدىغان جاپا - مۇشەققەتلىك بىر يول. يەنە بىرى خەلق ئۈچۈن «ھىنايانا» (كىچىك يول) دېيىلىدىغان مۇشەققەتسىز بىر يولدۇر. لېكىن بۇلار ئىجتىمائىي بولماستىن، ئەخلاقىي تۈزۈمنىڭ ئۇقۇملىرىغا كىرىدۇ. دەرۋەقە، ئىمتىيازلىقلار ئەمەس، مەسئۇلىيەت ئىگىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئايرىملار خىرىستىيانلىقتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، روھانىيلىق، تەرىقەتلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، راھىبلار ئۈچۈن بويتاقلىق. خەلق ئۈچۈن ئۆيلىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەمما ھەقىقىي ھەل قىلىش يولى يەنىلا بويتاقلىقتۇر، ئۆيلىنىش بولسا باھانىدۇر.

ئۆز ھەققىدىن تەبىئىيلا ۋاز كەچتۈرىدىغان بۇ كۆچلۈك ئىچكى دىنامىزم تامامەن شەخسىي بولۇپ، ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. كۈچ ئىشلىتىشكە تۈنجى «ۋەھىي» قارشى بولغانلىقتىن، خىرىستىيانلىق ۋە دىن ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر دۇئا ۋە ئەخلاق بىلەن ئەمەس، پىكىر ياكى مەنپەئەت ئۈچۈن كۈچ ئىشلىتىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مەۋجۇت ئىجتىمائىي ئەھۋالنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىدا دىنىنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ جەھەتتىن يوللۇق، ئەخلاقىي جەھەتتىن يولسىز ئەيىبلەشلەر (پىسخىكىلىق نارازىلىقنىڭ ئەكسىچە ھۆكۈمدارلار ئىگە پىسخىك ئەھۋال) ئەسلىدە بۇنى كۆزدە تۇتىدۇ.

خىرىستىيانلىق ئەمەلىي تەتبىقلاشتىن ئاجىز كېلىدۇ. شۇڭا خىرىستىيانلىقنى بۇ نۇقتىدىن ئانالىز قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ھەقىقەتلىرى ھەققىدىكى «خەۋەر»دىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئانى كەرىمدىمۇ مۇشۇنداق تەرىپلىنىدۇ: «ئۆزۈڭنى قانچىلىك ياخشى كۆرسەڭ يېقىنىڭنىمۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆر»، «دۈشمىنىڭنى ياخشى كۆر ۋە سەندىن نەپرەتلەنگەنلەرگە ياخشىلىق قىل»، «بالايى - قازالارغا سەۋر قىل» غا ئوخشاش ئايەتلەر ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەمەلىي مەنتىقىسىگە شۇنچىلىك زىتتىكى، ئىنساننى ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تېپىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ ئايەتلەر ھەقىقەتەن ئۇ دۇنيادىن خەۋەر بېرىدۇ («مېنىڭ دۆلىتىم بۇ دۇنيا ئەمەس» ھەزرىتى ئىسا).

ئىنجىلنىڭ كىرىستالغا ئوخشاش سۈزۈك ۋە ماھىيەتلىك پىرىنسىپلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى تارىختا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سايىسىدە ئىنسانىيەت تۇنجى قېتىم ئىنسان قىممىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، «ماھىيەت» نۇقتىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(تارىخ نۇقتىسىدىن ئەمەس) ئىلگىرىلەش بارلىقىغا كەلگەن. شۇڭلاشقا ھەزرىتى ئىسانىڭ كېلىشى دۇنيا تارىخىنىڭ پاسىل تېشىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ۋە ئارزۇ ئۈمىدلىرى كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. غەرب مەدەنىيىتى ئازغۇنلۇقلار، ئالدىنىشلار ۋە گۇمانلارنىڭ ئەكسىچە ھەزرىتى ئىسانىڭ تەلىماتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

غەرب جەمئىيەت ياكى ئىنسان، نان ياكى ئەركىنلىك، مەدەنىيەت ياكى كۇلتۇرگە ئوخشاش سېلىشتۇرمىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئومۇمىي ۋە ئەبەدىي توقۇنۇشتا، خىرىستىيان ئەنئەنىسىگە باغلىق ھالدا ئىككىنچى يولنى (ئىنسان، ئەركىنلىك، كۇلتۇر) تۇتۇپ كەلدى.

## ھەزرىتى ئىسانى قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش

دىن «دۇنياۋى» ۋە سىياسىي بولغان تەقدىردە ئاندىن دۇنياغا زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئىسلام بۇ دۇنياغىمۇ پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بەرگەن دىندۇر. ئىسلام بىلەن خىرىستىيانلىق ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىق دەل بۇ نۇقتىدا ياتىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىسلامدا تامامەن يەھۇدىي ئامىللىرى مەۋجۇت بولۇش بىرگە، يەھۇدىيلىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئامىللارمۇ مەۋجۇت. ھېگېل دىنلارنى كاتېگورىيەگە ئايرىغاندا، ئىسلامنى يەھۇدىيلىكنىڭ داۋامى سۈپىتىدە كۆرگەن ئىدى. ھېگېلنىڭ بۇ قارىشى خىرىستىيانلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە سىپېنگلېر «ئەييۇپ كىتابى»نى ئىسلامىي كىتاب، دەپ تەرىپلىگەن.

مىرك ئېلىيادا، «ئېتىقادلار ۋە دىنى ئىدىيەلەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى (ئەڭ ئاخىرقى) باسقۇچىغا قويىدۇ. ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچىنچى باسقۇچ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنىدۇ. ئېلىيادانىڭ قارىشىچە، ئىنسان روھىنىڭ تارىخى ئومۇمىي بىر سكولارىزملىق (دىندىن خالىيلىق) باسقۇچ ھېسابلىنىدىكەن. بۇ نۇقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ (خىرىستىيانلىق) زەپىرى بىلەن يېڭى سېكولار (دىندىن خالىيلىق) دەۋر ئارىسىدىكى پاسىلدا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تارىخى

تەڭپۇڭلۇق نۇقتىسىدا يەر ئالىدۇ.

بىز ئېلىيادانىڭ مەزكۇر تارىخ قارىشىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى قوبۇل قىلالمايمىز، لېكىن بۇ قاراشتىكى ئىسلام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئوتتۇرھال» ئورنى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىزاھاتلارنىڭ ئەكسىچە، بۇ يەكۈن داۋاملىق تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ.

ھەزرىتى ئىسا قۇددۇستا ياشاشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. چۈنكى ھەممە شەھەرگە ئوخشاش قۇددۇسمۇ ئالىملار، مۇقەددەس كىتابلارغا بېرىلىپ كەتكەنلەر، ئاتېئىستلار ياكى مۇناپىقلار شەھىرى ئىدى. ئەسلىدە سوتسىيالىزم يېزىلارغا ئەمەس، شەھەرلەرگە خىتاب قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىرا تېغىدا تەپەككۇر بىلەن بەند بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىم ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇتپەرەس مەككىگە قايتىپ كېلەتتى. لېكىن مەككىدە بولۇپ ئۆتكەنلەر ئىسلامىي ھادىسىلەر ئەمەس ئىدى. ئىسلام مەدىنىدە باشلاندى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەقۋا ۋە ھەنىق (ھەقىقەت ئىزدىگۈچى، ھەقىقەتكە مايىل كىشى) زات بولۇپ، مەككىدە دىنى چۈشەنچىنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى. ۋەھيي مەدىنىدە تاماملىنىپ ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدىن ئورۇن ئالغان(1). ئىسلامنىڭ «ئىجتىمائىي ۋە قانۇن تۈزۈلمىسىنىڭ باشلانغۇچى ۋە مەنبەسى» مەككىدە ئەمەس، مەدىنىدە بەرپا قىلىنغان.(2)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆڭكۈردىن قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەگەر قايتىپ چىقمىغان بولسا ھەنىق سۈپىتىدىلا قالغان بولاتتى. قايتىپ چىققانلار ئۈچۈن ئىسلامنىڭ رەسۇلى بولالىدى. بۇ روھىي دۇنيا بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ، مىستىزىم بىلەن ئەقلىنىڭ، تەپەككۇر بىلەن ھەرىكەتنىڭ مۇجەسسەملىشىشى ئىدى. ئىسلام مىستىزىم سۈپىتىدە باشلىنىپ، سىياسىي ۋە دۆلەت پىكرى سۈپىتىدە داۋاملاشتى. دىن رېئال دۇنياغا كىرىپ ئىسلام بولدى. بۇ دەل ئىنسان ۋە ئۇنىڭ روھى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئىسا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر. مۇقەددەس كىتاب بىلەن روھ ئارىسىدا بىردەكلىك مەۋجۇت. ئىككىسى ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش سىرلارنى ھىمايە قىلىدۇ. ئۆز - ئارا ۋە سىمۋوللۇق بىر شەكىلدە بىر - بىرىگە ۋەكىل

(1) «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.» ((5/4)

(2) Stefano Baianco, Polyvalence anda flexibilitiy in the strcuture of the islamic city, WERK, شىۋېيتسارىيە،No. 19769

قىلىدىغان روھ ۋە مۇقەددەس كىتاب بىر - بىرىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.(1). ئىسلامغا كەلسەك، ئىسلام ئىنساننىڭ تەكرارىدۇر. ئىسلامنىڭ ئىنسانغا ئوخشاش، «ئىلاھىي ئۇچقۇن»نى بار بولۇپ، ھاياتنىڭ كۆرۈنمەيدىغان تەرىپى ۋە ئادەتتىكى نەرسىلەر ھەققىدىمۇ ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىدۇ. قۇرئانى كەرىم رېئالىست بىر كىتاب بولۇپ، تەتبىق قىلىدىغان ئىنسان بولماي تۇرۇپ، ئىسلامنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا مەۋجۇت بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ. ئەپلاتۇننىڭ غايىلىرى، لېيبنىزنىڭ مونادلىرى (پارچىلانماس بىرلىك) ۋە خرىستىيانلىقتا پەرىشتىلەر ئاساسەن ئوخشاش خۇسۇسقا، زامانسىز، مۇكەممەل، مۇتلەق ۋە ھەرىكەتسىز بىر ئالەمگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئىسلام بۇ ئالەمنى تەسەۋۋۇر قىلمايدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پۈتكۈل نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆگەتكەن ئىنسانغا سەجدە قىلىشىدا (قۇرئان 2/30 - 34) ناھايىتى چوڭ ھېكمەت بار بولۇپ، بۇنىڭدا ھاياتنىڭ، ئىنساننىڭ ۋە دىرامىنىڭ ھەرىكەتسىز ۋە ئەبەدىي ھالدا تەرتىپكە سېلىنغان مۇكەممەللىكنىڭ ئۈستۈنلىكى ياتىدۇ. خرىستىيانلىق بىر ئىلاھلىق ئېڭىغا ھازىرغىچە يېتەلمىدى. لېكىن خرىستىيانلىقتا ئىلاھنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ناھايىتى جانلىق تەسەۋۋۇرلار مەۋجۇت. تەڭرى ھەققىدە ئېنىق پىكرى يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى، تەڭرى ھەققىدە ئىنجىلدا مەۋجۇت بولغان ئاڭنى ئىنساننىڭ ئەقلىگە ۋە چۈشەنچىسىگە مۇۋاپىق قىلىش ۋە يېقىنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىنجىلدا ئاللاھ ئاتا سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. قۇرئانى كەرىمدە بولسا ئاللاھ رەب سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىنجىلدا ئاللاھ سۆيۈلىدۇ. قۇرئاندا بولسا ئاللاھقا ھەممىدىن ئاۋۋال چوقۇنۇلىدۇ ۋە ئاللاھتىن قورقۇلىدۇ. خرىستىيان تەڭرى چۈشەنچىسىدىكى بۇ خۇسۇس كېيىنچە بۇرۇنقى بىر ئىلاھلىق چۈشەنچىسىگە زىيان بېرىدىغان تەسەۋۋۇرلارغا ئايلىنىپ كەتكەن (ئۈچ گەۋدىلىك ئېتىقادى، تەڭرى ئانىسى ئېتىقادى، ئەزىزلەر ئېتىقادى قاتارلىقلار). بۇ خىلدىكى ئۆزگىرىش ئىسلامدا قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام كۈنىمىزگىچە دۇچ كەلگەن بوھرانلارنىڭ ئەكسىچە، بىر ئىلاھلىق دىن سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى.

خرىستىيانلىق تەڭرىنى پەقەت شەخسىي ئالەمنىڭ (ئىنسانلار بىلەن روھلارنىڭ) رەببى سۈپىتىدە كۆرەتتى. ماددىي دۇنيادا بولسا شەيتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى

(1) Henry de Lubac: İndtriduction a Origene.

داۋاملىشىۋاتاتتى (بەزى خىرىستىيان ئەپسانىلىرىدە شەيتاننىڭ مۇتلەق قۇدرىتى زىكىر قىلىنىدۇ). شۇڭلاشقا، خىرىستىيانلىقتا تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىش ئىچكى دۇنيا (روھى دۇنيا) ئەركىنلىكىنىڭ شەرتىدۇر. ئىسلامدىكى ئاللاھ ئېتىقادى بولسا تاشقى ئەركىنلىك تەلپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلامنىڭ ئىككى ئاساسلىق پرىنسىپى بولغان «ئاللاھۇ ئەكبەر» ۋە «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» ئىسلامنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ۋە ئىنقىلاب تۈسى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان نېگىزلىك قىسمىدۇر. سەيىد قۇتۇپ بۇلارنىڭ، ئىلاھقا تەۋە ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئۆزلىرىنى سۈپەتلىۋالغان دۇنياۋى ھاكىمىيەتكە قارشى جەڭ ئېلان قىلىش ۋە «روھانىيلار، قەبىلە ئاقساقاللىرى، پادىشاھلار ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرنىڭ قولىدىن بارلىق ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىش» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن سەيىد قۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» ئەقىدىسى ھەر دەۋردىكى ھۆكۈمران كۈچلەر ئەڭ كۆپ تەپرەت قىلىدىغان چاقىرىقتۇر»(1).

خىرىستىيانلىق ئىنسان بولۇش ئالاھىدىلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر ئىنساني كامىل (مۇكەممەل ئىنسان) پىكرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھەزرىتى ئىسانىڭ ئەقىدىسىنىڭ روھى ھېسابلىنىدىغان تەڭرى - ئىنسان مۇناسىۋىتىدىن، ھەزرىتى ئىسانىڭ تەڭرى ئوغلى ئىكەنلىكى نەتىجىسىنى مەجبۇرىي چىقىرىپ قويىدۇ. ئىسلامدا بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان سۈپىتىدە قالىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەردانىلىك، جەسۇرلاچە ۋە قوماندان سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلغان بولسا، ھەزرىتى ئىسا پەرىشتە تەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالمۇ مۇشۇنداق. قۇرئانى كەرىمدە (ئىنجىلدىكى مارتا ۋە مەريەمنىڭ ئەكسىچە) يالغۇز ئايال (خوتۇن) ۋە ئانىلار سۈپىتىدە، يەنى مۇئەييەن روللاردا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭلاشقا خىرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەددىن زىيادە ئىنساني تەبىئەتكە» ھۇجۇم قىلىشىمۇ، ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى قۇرئانى كەرىمدە ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ (قۇرئان:17 / 93، 18 / 111، 40 / 6) ۋە بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كېلىدىغان ھۇجۇملار تىلغا ئېلىنىدۇ: «مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى

(1) مەزكۇر چاقىرىقنىڭ مۆجىزىۋى قۇۋۋىتى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدا نامايان بولغان. ئىراندا قورالسىز خەلق قوراللىق شاھ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. خەلقنىڭ يېگانە قورالى «ئاللاھۇ ئەكبەر» ئىدى.

مەسخىرە قىلىپ) ئېيتتى: «بازارلاردا (بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟» (7/25).

ئىنجىل ۋە قۇرئاندا ئىشلىتىلگەن كەلىمىلەرنىڭ سىلىشتۇرمىسىمۇ ناھايىتى پايدىلىق يەكۈن ۋە قاراشلارغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئىنجىلدا مۇنۇ خىلدىكى كەلىمىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ: مۇقەددەس، پەرىشتە، ئەبەدىي ھايات، جەننەت، گۇناھ، سۆيگۈ، يېقىن - يورۇقلار، تەۋبە، كەچۈرۈم، سىر، بەدەن، روھ، نىجادلىق قاتارلىقلار... ئوخشاش تەدبىرلەرمۇ قۇرئانى كەرىمدە ئۇچرايدىغان بولۇپ، بۇلار دۇنيا تەسۋىرىگە زېمىن تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تەسۋىردە ناھايىتى روشەن ھالدا ئەقىل، سالامەتلىك، پاكىزلىق، قۇۋۋەت، كېلىشىم، كاپالەت، مەكتۇپ، قورال - ياراق، ئۇرۇش، كۈرەش، سودا، مېۋە، ئەستايىدىللىق، ئېھتىيات، جازا، ئادالەت، مەنپەئەت، ئىنتىقام. ئوۋ، دورا، ئۆسۈم قاتارلىق ئەمەلىي ۋە رېئاللىق ئۇقۇملار قەيت قىلىنىدۇ.

ياۋروپادىكى «چېركاۋ ئەدەبىياتى»غا ئوخشاش ئەدەبىيات تۈرى ئىسلامدا يوق بولۇپ، خۇددى نوقۇل دۇنيالىق بولغانىنىڭمۇ مەۋجۇت بولمىغىنىغا ئوخشاش. ھەر مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرى مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىلاھىيەتشۇناس[1] بولۇپ، خۇددى ھەربىر ھەقىقىي ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ سىياسىي ھەرىكەت بولغىنىغا ئوخشاش. جامە بىلەن چېركاۋ سېلىشتۇرمىسىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش يەكۈنلەرنى چىقىرىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. جامە ئىنسانلار ئۇچۇن ياسالغان جاي بولغان بولسا، چېركاۋ «تەڭرى ئىبادەتخانىسى»دۇر. جامەدە مەقسەتكە ماس بىر مۇھىت بار بولغان بولسا، چېركاۋدا مىستىك بىر مۇھىت بار. جامە دائىم ۋەقە ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدىغان مەركىزى بىر يەردە، كوچىدا، بازاردا، مەھەللە ئوتتۇرىسىغا سېلىنىدۇ[2]. چېركاۋ بولسا «يۈكسەك» يەرلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. چېركاۋ بىناكارلىقى سۈكۈنات، قاراڭغۇلۇق، يۈكسەكلىك، ئۇ دۇنيالىقنى تەكىتلەشكە مايىل كېلىدۇ. كېنىس كىلارىس مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار چېركاۋغا كىرگەندە خۇددى باشقىچە بىر دۇنياغا كىرىپ قالغانغا ئوخشاش پۈتۈن دەرد - ئەلەملىرىدىن خالىي بولىدۇ». جامەدە بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىنسانلار نامازدىن كېيىن بەزى «دۇنيالىق» مەسىلىلەر ئۈستىدە

(1) ئېرنىست بلوك : «ئاساسەن دېگۈدەك پۈتكۈل ئەرەب دىن ئۆلىمالىرىنىڭ قوشۇمچە تېۋىپتۇر» دەيدۇ. بېلگراد 1977: 58 س پەلسەپە - ئىلاھىيەتشۇناسلىق - قانۇن - مېدىتسىنا ئىلىملىرى بار).

(2) ئېزىز بېرنارد، چېركاۋ ۋە موناستىرلارنىڭ شەھەرلەردىن ئىمكانىيەت بارىچە ئۇزاق يەرلەردە بەرپا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى (ك.كىلارك. «مەدەنىيەت»).

مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشىدۇ. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانلار ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر.

پوپىنىڭ خاتالاشماسلىق پىرىنسىپى بىلەن ئىسلامدا «ئىجما»نىڭ خاتالاشماسلىق پىرىنسىپىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ (ئۈممىتىم خاتالىق ئۈستىدە قەتئىي بىرلەشمەيدۇ» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام). ئىنجىل ئىنسانغا، قۇرئانى كەرىم بولسا ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىدىغان بولۇپ، ئۈممەت، پۈتۈنلۈك، جامائەت پىرىنسىپى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ نۇقتىدا تاسادىپىي بولغان ھېچقانداق نەرسە يوق. ئالدىنقىسى (ئىنسانغا خىتاب قىلغىنى) تامامەن خىرىستىيان ئۈستۈن تەبىقە روھىغا، دەرىجە پەرقىگە، ئەزىزلەر (مۇقەددەس زاتلار)، پوپلار پىرىنسىپىغا ئۇيغۇندۇر (بۇددىزمدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال بار). ئىنسانىيەتكە خىتابتا مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇنيالىق (بۇ دۇنيا) ماھىيەت ياتىدىغان بولۇپ، ئۈممەت ئەڭ يۇكسەك ۋە ئورتاق بىر ئەقلىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ. بۇ ئەركىن تەپەككۇرنىڭ ۋە باراۋەرلىكنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام پوپ ۋە ئەزىزلەردىن ئىبارەت بولغان ئۈستۈنلەر تەبىقىسىگە ۋە بىرى ئۈستۈنلەر، يەنە بىرى خەلق ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئىككى ئايرىم پىروگراممىغا قارشى بولۇپ، بۇ خۇسۇستا باراۋەرلىك پىرىنسىپى ياتىدۇ(1).

ئىنجىل ۋە قۇرئانى كەرىم تەۋراتنىڭ ئەكسىچە (يەھۇدىيلىق مىللىيەتچىلىكتۇر) مەنىۋى جامائەت پىرىنسىپىنى تەكىتلەيدۇ(2). ئىنجىل بۇ خۇسۇستا رادىكال قاراشقا ئىگە بولسىمۇ، ئىسلام مىللەتلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن ئۆزى مىللەتلەرنىڭ ئۈستىدە يېڭى كۈچ (مۇسۇلمانلارنىڭ مىللەتلەردىن ھالقىغان بىر جامائىتى يەنى ئۈممەت) سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ(3). ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەزرىتى ئىسا تامامەن رەت قىلغان ئۇرۇق - تۇغقانلىق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەستىقلايدۇ(4).

ئىسلامنى دىن ۋە سىياسەت بىرلىكى سۈپىتىدە تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن، تارىختا ۋە كۈنىمىزدە روياپقا چىققان ھادىسىلەر ۋە شارائىتلار بىزگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئەينى چاغدا ئەرەبلەر ئاجىزلاشمىغان، سودىغا ماھىر

(1) كاتولىك چېركاۋىدا پوپلۇق تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا ئىدارە تۈزۈمىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە 2 - ۋاتىكاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ رەت قىلىنغان. بۇ تەكلىپ خىرىستىيانلىقنىڭ تەبىئىتىگە تامامەن زىتتۇر.
(2) قۇرئان، 9/10، ۋە مەتتا، 47/12، 48،49
(3) قۇرئان، 13/49
(4) قۇرئان، 1/4 ۋە 6/33

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋە دىنى مېتافىزىك ئەنئەنىلىرى ناھايىتى جانلىق بولغان بىر مىللەت ئىدى. كەبە ئەسىرلەر بويىچە دىنى مەركەز بولۇپلا قالماستىن، سودا مەركىزىمۇ ھېسابلىناتتى. تەبىئىي شارائىتلار ھايات كۈرىشىدە ئىقتىسادىي ئاملىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق ھېس قىلدۇرغان ئىدى. بۇ يەر خىرىستىيانلارنىڭ بوشلۇقى بولغان ۋە ئىنسان ئاز ئىشلىسىمۇ تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان گالىلاغا ئوخشاش باي ئەمەستى. خەلق تۇرمۇشىنى ئۆزۈن سودا سەپەرلىرىدىن سىرت، بىر غېرىچ مۇنبەت زېمىن ياكى بىر تامچە سۇغا ئېرىشىش يولدا كېچە - كۈندۈز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق قامدايتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، چۆل كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر دىندارلىقنىمۇ تەقەززا قىلىدىغان ئامىل ئىدى. بۇ خىلدىكى شارائىت ئاستىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئەرەب مىللىتىنىڭ روھىي ۋە تەبىئىتى ، يەنى بىر - بىرىگە زىت بۇ ئىككى رېئاللىق، بۇ مىللەتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەقىدىسى بولغان ئىسلام ئۈچۈن تەييار ھالەتكە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئىنجىل «سەھرا - قىشلاقلاردا زامباك گۈلىدەك ياشاڭلار» دەيدۇ. بىراق، قۇرئان«ئاللاھ نەپىقىڭىزنى ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى تېپىش مەقسىتىدە زېمىنغا تارقىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە كۈندۈزنى يارىتىپ بەردى» دەيدۇ. بۇ پۈتكۈل ئىنسانلارغا خىتاب ئىدى. قۇرئانغا ئاساسلانغاندا، ئاللاھ ئىنساننى زېمىنغا ھۆكۈمران قىلسۇن، دەپ ياراتقان. (قۇرئان: 2/30). ئىنجىلدا بۇنداق ئەمەس. ئىنسان تەبىئەت ۋە دۇنياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى پەقەت بىلىم ۋە ئىشلەش ئارقىلىق، يەنى بىلىم ۋە ئەمەل بىلەن ئورنىتالىغان ئىدى. ئىسلام بۇنى، قانۇننى ۋە قانۇنىيەتنى تەكىتلەش ئارقىلىق، پەقەت كۆلتۈرنىلا ئەمەس، مەدەنىيەتنىمۇ تەشەببۇس قىلىدىغانلىقنى نامايان قىلغان.

ئىسلامنىڭ مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان يېزىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىمۇ ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەڭ دەسلەپ ۋەھيي قىلىنغان ئايەتلەردە يېزىق تىلغا ئېلىنىدۇ (قۇرئان: 96/1) . پىرىنسىپ نۇقتىسىدىن يېزىق دىنغا پۈتۈنلەي يات بىر نەرسىدۇر. ئىنجىل ئۆزۈن مەزگىل رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن ئىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، ھەزرىتى ئىسادىن بىر ئەسىر كېيىن يېزىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئادىتتىكە ماس ھالدا ئايەتلەرنى ۋەھيي قىلىنىشىنى تەقىب قىلىپ، كاتىپلارغا كۆچۈرگۈزگەن. يەنى بۇ ھەزرىتى ئىساغا تامامەن يات بولغان ۋە چەتكە قېقىلغان «كاتىپلار»نىڭ ھەرىكەت شەكلىگە مۇۋاپىق

ئەھۋال ھېسابلىناتتى[1]. قۇرئانى كەرىمنىڭ رەزىللىككە قارشى كۈرەش چاقىرىقى ۋە زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىش بۇيرۇقىنىمۇ (قۇرئان، 42/39) غەرب نۇقتىئىنەزەرى نۇقتىسىدىن دىنى ماھىيىتى يوق. «دىنى» نۇقتىدىن كۈچ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش ۋە زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسەتمەستىن سەۋر قىلىش تېخىمۇ مەنتىقىلىق بولۇپ، بۇ پرىنسىپ ھەم ھەزرىتى ئىسانىڭ تەلىماتىدا ھەمدە ھىندۇ دىنى ئىدىيەسىدە تەكىتلىنىدۇ. ماھاتما گەندىنىڭ ساتياگرا پرىنسىپى، يەنى زورلۇق زومبۇلۇق ۋە كۈچ ئىشلەتمەستىن، مەدەنىي ئىتائەتسىزلىك يولى ئارقىلىق كۈرەش قىلىش مېتودى بۇ ئىدىيە ئەندىزىسىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. چىداشلىق بېرىش ۋە بويۇن ئېگىشنىڭ ئورنىغا ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان، ھەتتا ئۇرۇشقا بۇيرۇغان قۇرئانى كەرىم (قۇرئان، 2/16، 22/39، 60/2، 60/8 - 9، 61/10 - 11) بۇ ساھەدە دىنى ئەخلاقىي ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قانۇن مەجمۇئەسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ (بىر پۈتۈن قانۇننى بەرپا قىلغان بىردىنبىر دىن ئىسلامدۇر). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەڭگە ماھىر بىر پەيغەمبەر ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن يېزىلغان مەلۇم بىر كىتابتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 9 دانە قىلىچى، 3 دانە ئوقياسى، 7 دانە نەيزىسى، 3دانە قالقىنىنىڭ بار ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ خۇسۇستا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «جەڭگە ماھىر پەيغەمبەر» بولغان ھەزرىتى مۇساغا ناھايىتى ئوخشايدۇ[2].

ئىسلامدا ھاراقنىڭ چەكلىنىشى ئەسلىدە بىر خىل ئىجتىمائىي چەكلىمىگە كىرىدۇ. چۈنكى ھاراق ھەممىدىن ئاۋۋال بىر خىل ئىجتىمائىي بالايى ئاپەتتۇر. پرىنسىپ نۇقتىسىدىن، ھېچقانداق دىن ھاراققا قارشى چىقىپ بولالمايدۇ. (بەزى دىنلاردا كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان سۇنئىي ماددىلارمۇ جائىز دەپ قارىلىدۇ. باش چېركاۋلارنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە مۇراسىم دەرەخلىرىنىڭ پۇرىقىنىڭمۇ مۇشۇنداق مەنىسى بار. ئىسلامىي ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بەزى تەرىقەتلەرنىڭمۇ ھاراقنى چەكلىمەيدىغانلىقى بىلىنىدۇ). شەك شۈبھىسىزكى، دەرۋىشلىك (دۇنيادىن قول ئۈزگەن ۋاقىتتا) مۇسۇلماننىڭ خارلىنىشى دېگەنلىكتۇر. ئىسلام ھەزرىتى ئىسادىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاراپ ئىلگىرىلەش دېگەنلىكتۇر. دەرۋىشلىك بۇنىڭ

(1) ھەزرىتى مۇسانىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىسى بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، تەۋرات، مۇسا 2/33 ,IV، رىملارغا مەكتۇپ 10/5
(2) ھەزرىتى مۇسا بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە يەھۇدىيلىق بىلەن ئىسلام ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ پاراللېللىق مەۋجۇت. يەھۇدىيلىق بىلەن خىرىستىيانلىق ئارىسىدا بولسا بۇ ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس

www.uyghurkitap.com



دەل ئەكسىچە بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ھەزرىتى ئىساغا قايتىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ. خىرىستىيانلىقتا بولغىنىغا ئوخشاش بەزى تەرىقەتلەرنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدىمۇ ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ماددىلىرىنىڭ چەكلىنىشىنىڭ ئالاھىدە مەنىسى يوق. خىرىستىيانلارغا نىسبەتەن «شاراب ئىسانىڭ قېنىدۇر» دېگەن سەپسەتە قەتئىي غەلىتە ھېسابلانمايدۇ. بۇ نۇقتىدا ئىسلامنىڭ ھاراق چەكلىمىسىگە ئىشارەت قىلىدىغان ھېچقانداق ئىشارەت يوق. ئىسلام ھاراقنى چەكلىگەندە دىن (religion) سۈپىتىدە ئەمەس،پەن سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلغان.

ئىسلام سۈپىتىدە تەرىپلەنگەن بۇ تەركىب «ئىزچىللىقتا ئىگە بىرلىشىشتىن» ئىبارەت ئەمەس. پەقەت ئىسلامدىكى دىن ئامىلىنىڭ تەكىتلىنىشىدە ئىچكى بۆلۈنۈش خەۋپى ياتىدۇ: ئىسلامىي دۆلەت قاچانكى ئاڭ ۋە پائالىيىتى ئازايغاندا، قۇرئانى كەرىمنىڭ بۇيرۇقىغا زىت ھالدا «دۇنيادىن نېسىۋىسىنى» ئۇنتۇپ قېلىپ، بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن ھەرىكەت قىلمىغاندا باشقا دۆلەتلەردىن پەرقى قالمايدۇ، دىن ئامىلى بولسا باشقا دىنلارغا ئوخشاش رولغا كىرىپ قالىدۇ. دۆلەت ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان ھاكىمىيەت تۈسىگە كىرىدۇ، دىن بولسا جەمئىيەتنى تۇرغۇنلۇققا ۋە قالاقلىققا ئىتتىرىدۇ. ۋارىسلىق يولى بىلەن ئېرىشلىگەن خەلىپىلىك، سۇلتانلار، ئەمىرلەر، دىنسىز ئىمانسىز ئىلىم ئەھلىلىرى، روھانىيلار، مەست شائىرلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى (روھىي دۇنيا) بۆلۈنۈشنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. بۇ ئەھۋال «تەڭرىگە تەۋە بولغىنى تەڭرىگە، ھۆكۈمدارغا تەۋە بولغاننى ھۆكۈمدارغا بەرگىن» دېگەن خىرىستىيان پىرىنسىپىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ. بەزى تەرىقەتلەر ۋە ئۆلارنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئىسلامنىڭ خىرىستىيانلىششى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ھەزرىتى ئىساغا چېكىنىپ كېتىشى، دەپمۇ تەرىپلىنىدۇ. بۇنىڭغا زىت يەنە بىر خەۋپ بار بولۇپ، ئىسلامنىڭ «ماتېرىيالىزمى» دېيىلىدىغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇنسۇرلار، ئىسلام دۇنياسىنى ياۋروپادىن تارقىلىۋاتقان ماتېرىيالىست پىكىرلەرگە قارشى تېخىمۇ چىداشلىق قىلماقتا. ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى رۇسىيەدە دونكىخوت تەرزى خىرىستىيانلىق سولچىل ھەرىكەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە پەقەتلا توسالغۇ پەيدا قىلمىغان ئىدى. مۇسۇلمان مەملىكەتلەردە ماركسىزملىق ئىنقىلابلارنىڭ يوقلۇقى ياكى مۇۋەپپىقىيەتسىزلىكى قەتئىي تاسادىپىي ئەمەس. چۈنكى ئىسلامنىڭ ماركسىزمغا قەتئىي ئېھتىياجى يوقتۇر. تەۋراتتىكى رادىكال رېئالىزمنىڭ ئاز بىر قىسمى قۇرئانى كەرىمدىمۇ ئۇچرايدۇ. ياۋروپادا ماركسىزم بولسا كاتولىك ۋە ئورتودوكس

خرىستىيانلىق تامامەن تازىلاپ چىقىرىۋەتكەن تەۋراتتىكى يەھۇدىي ئاملىنىڭ بىر «ئىلاۋىسى ياكى زاپاس ئۇنسۇرى» بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە[1]. ئەقلىيەتچى پىروتېستانىزم ئىنقىلابچى تەشۋىقاتلارغا تېخىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ . بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، پىروتېستانتلىق ئىسلامغا كاتولىك دىنىغا قارىغاندا تېخىمۇ يېقىن ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي سەۋەبلەر ۋە سىياسىي توقۇنۇشلار تۈپەيلى خرىستىيانلىق بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلاردىن، ھەتتا يېقىنلىقىنىمۇ ۋاز كېچىلمەكتە. ئىسلامنىڭ ئىنجىلنى مۇقەددەس كىتاب، ھەزرىتى ئىسانى پەيغەمبەر سۈپىتىدە كۆرۈشىدىن ئىبارەت ھەقىقەتەن نەزەردىن ساقىت قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مۇۋاپىق يەكۈن چىقىرىلغان ۋاقىتتا، بۇ ئاچچىق رېئاللىق مەزكۇر ئىككى چوڭ دىن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگىچە يۆنىلىشكە بۇراپ گۈزەل مەنزىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن.

(1) تەۋرات بىلەن قۇرئانى كەرىم ئارىسىدىكى بىرلىشىش نۇقتىلىرى، ئەڭ كۆپ دىندىن خالىي ھۆكۈمدارلار بىلەن تەكەببۇر ۋە مەغرۇر بايلارغا قارشى ئىشلىتىلگەن ئىپادىلەردە گەۋدىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب: ئىسلام ۋە دىن

ناماز ئىسلامىي دۇنيا قارىشىنىڭ بىر ئىپادىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئىسلامنىڭ دۇنيانى قانداق تەرتىپكە سېلىش مەقسىتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. نامازدا ئىككى نەرسە يوشۇرۇنغان بولۇپ، بىرى ئىككى خىل ئەبەدىي ئىنسانىي مايىللىق، يەنە بىرى بۇلار مەنتىق نۇقتىسىدىن بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولۇش بىلەن بىرگە، ئىنسان ھاياتىدا بىرلىشىدۇ. پاكىزلىق بولماي تۇرۇپ ناماز بولمايدۇ، جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي تىرىشچانلىق بولماي تۇرۇپ مەنىۋى ھاياتمۇ بولمايدۇ. ناماز ئىسلامنىڭ ئىككى قۇتۇپلۇق بىرلىكىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىسى بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتنى بەلگىلەيدىغان فورمۇلا ۋە سىمۋولدۇر.

نامازنى تاھارەتسىز قىلغىلى بولمايدۇ. غەيرى مۇسۇلمانلاردىكى ئىبادەت بولسا، بەزى خىرىستىيان ۋە ھىندى تەرىقەتلەردە كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، «مەينەتلىك سوۋغىتى» بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ تەرىقەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، (ھەممىسى دىنى ماھىيەتكە ئىگە) بەدەننى تاشلىۋېتىش مەنىۋى ھاياتنى موللاشتۇرىدۇ، ئالدىنقى پىلانغا چىقىرىدۇ. ئىبادەت، پىرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جىسمانىي «شەھۋەتلەر»دىن قانچىلىك «پاكىزلانسا» شۇنچىلىك ھەقىقىي بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بەدەنگە قارشى تۇرۇش قانچىلىك تەكىتلەنسە، مەنىۋى ھاياتمۇ شۇنچىلىك تەكىتلەنگەن بولىدۇ[1].

تاھارەت ۋە ھەرىكەتلەردە نامازنىڭ ئەقلىي ئۇنسۇرلىرى بار بولۇپ، بۇلار يالغۇز ئىبادەت بولۇپ قالماستىن، ئىنتىزامدۇر، يەنە تەسەۋۋۇپلا بولماستىن، ئەمەلىي

(1) ئىبادەتنىڭ بۇ تەرىپىنى تەكىتلىگەن چېركاۋ ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ئىپادىسى ئەڭ روشەن بولغىنى ھاۋارى ياقۇپ بولۇپ، بەدەننى تاشلىۋېتىلىش خۇسۇسىدا رادىكال قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى تۆۋەندىكى قۇرلاردىن ئايدىڭلىشىدۇ: پاكىزلىقتىن نەپرەتلىنەتتى ۋە يىرگىنەتتى. ئەزىزلەر – ئەرلەرگە ئوخشاش ئايالللارمۇ سۇ يولىدىن ئۆتەپ قالمىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا - سۇغا يېقىن كەلمەيتتى دەپ پەخىرلىنەتتى» (ب.رۇسسېل، غەرب پەلسەپىسى تارىخى).

ھايات سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تاڭ سەھەردە سوغۇق سۇ بىلەن سالقىنداش ۋە ئىمامنىڭ كەينىدە رەت سەپلەردە تۇرۇپ ناماز قىلىشتا ھەقىقەتەن ھەربىي تۈزۈمگە ئوخشاش ئىنتىزام بار. قادىسىيە ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا پارسلارنىڭ ھەربىي نازارەتچىسى يىراقتىن مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنى جامائەت شەكلىدە بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا كۆرگەندە «مۇسۇلمان ئارمىيەسى تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ» دەپ يۇقىرىغا دوكلات يازغان ئىكەن(1). نامازدىكى ھەرىكەتلەر ئاددىي ۋە ئاستا بولۇپ گىمناستىكىغا ئوخشايدۇ. ناماز كۈندە بەش قېتىم، بەدەننىڭ ئەڭ كۆپ مەينەت بولىدىغان قىسىملىرىنى يۇيۇش (پاكى بوي تاھارىتى) بىلەن بىرگە، ھۇرۇنلۇق ۋە بوشاڭلىققا قارشى قاتتىق تەدبىر ئالىدۇ. نامازنىڭ بۇ «ئەقلىي» تەرىپىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ بىرلا تەرىپى يوقلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. نامازدا ئىككى تەرەپلىك ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ: ناماز تازىلىقتىن ئىبارەت. تازىلىق مەلۇمات بولۇش بىرگە پەزىلەتتۇر» (روسسىئو). ئىسلام تازىلىقنى «مېتود» نۇقتىسىدىن ئىسلامىي سۈپىتىدە كۆرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئىسلام تازىلىقنى پىكىر سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈپ، ئورگانىك ھالدا نامازغا باغلايدۇ. قۇرئانى كەرىمدە «ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئەڭ پاكىز بولغان كىشىلەردۇر (قۇرئان: 2/222). پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ پەقەت ئىسلامدىلا تەكىتلىنىدۇ. باشقا دىنلاردا بولسا بەدەن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ(2) .

رامىزاندا قىلىنىدىغان تەراۋىھ نامىزىدىمۇ سالامەتلىك ۋە تېببىي بىر غايە مەقسەت قىلىنىدۇ. مۇنداق ئەھۋال پەقەت ئىسلامدىلا مۇمكىن بولىدۇ.

ناماز ھەر كۈنى مۇئەييەن سائەتلەردە ۋە مۇئەييەن جايلارغا (كەبىگە) باغلىق بولۇش ئارقىلىق (دىنى مەنتىققە زىت ھالدا) تەبىئەت ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن ماس مۇناسىۋەتكە كىرگۈزۈلگەن. ناماز ۋاقىتلىرى روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش بەزى ئاسترونومىيەلىك ھەقىقەتلەرگە ئاساسەن بېكىتىلگەن. نەتىجىدە ناماز ماكان - زامان دۇنياسىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ماكان ۋە زامان ئىچىدە نامازنىڭ مۇۋاپىق ۋاقىت ئىچىدە قىلىنىش زۆرۈرىيىتى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە

(1) J. Risler, La Civilisation Arabe, S. 35

(2) رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمغا ئېچىۋېتىلگەن ھامام ۋە ئارشاڭلىرى خىرىستىيانلىقنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن يوقىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چېركاۋ ، ھاماملارنى تاقاتقۇزۇپ ئورنىغا موناستىر قۇرغان. بۇلارنىڭ ھېچبىرى تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئىشلار ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاسترونومىيەنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى تەقەززا قىلغان ئىدى. ئەسلى مەقسىتىنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشىمىز ئۈچۈن كۆپلىگەن سەۋەب بار.

نامازنىڭ بۇ مەنىسى (بۇ دۇنيالىق، ئەمەلىي، تەبىئىي مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ) يەنى نامازنىڭ جامائەت بىلەن قىلىنىشى ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولىدۇ. جامائەت بىلەن قىلىنغان نامازنىڭ مەقسىتى، ئىنسانلارنى ئىبادەت مەقسىتى ۋە شەخسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ۋاستىسىز ئورنىتىلىشى ئۈچۈن بىر يەرگە ئېلىپ كېلىشتىن ئىبارەت. بۇ سەۋەبتىن جامائەت بىلەن قىلىنغان ناماز شەخستىن ھالقىغان بولۇپ، ھەر قانداق ۋاستىغا ئوچۇق ئاشكارا قارشى تۇرىدۇ. تۇرمۇش ئىنسانلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تاشلىسا، جامە ئىنسانلار قايتىدىن بىر يەرگە جەم قىلىدۇ. جامە بىرلىك، باراۋەرلىك، ياخشى نىيەت ماكانىدۇر. نامازنىڭ بۇ ئىجتىمائىي مايىللىقىنى، يەنى ئىجتىمائىيلىشىش باسقۇچىنى جۈمە نامىزى تاماملايدۇ. جۈمە نامىزى شەھەرگە خاس «سىياسىي» بىر نامازدۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئومۇمەن سىياسىي بىر چاقىرىق ماھىيىتىدە بولغان خۇتبە تەشكىل قىلىدۇ. خىرىستىيانلار جۈمە نامىزىنى، ئىبادەت ماھىيىتىدىن يىراق دەپ قاراشمۇ مۇمكىن. بۇ ئىپادە خىرىستىيانلىق نۇقتىسىدىن مۇۋاپىق. بىراق ئىسلام نۇقتىسىدىن توغرا ئەمەس.

دىنىنىڭ ئىسلامغا ئايلىنىشى زاكاتتا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى مەزگىللەردە، زاكات نامراتلارغا خالىسانە بېرىلىدىغان ياردەم، يەنى سەدىقە شەكلىدە ئىدى. مەدىنە جامائىتىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن شۇ مەزگىلگىچە پەقەتلا مەنىۋى بولغان جامائەتنىڭ دۆلەت بولۇشى يولىدىكى تارىخىي پۇرسەت كەلگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زاكاتنى قانۇنىي مەسئۇلىيەت سۈپىتىدە نامراتلار ئۈچۈن بايلاردىن ئېلىنىدىغان باج (بىلىشىمىزچە تارىختا تۇنجى قېتىم نامراتلارنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ ئېلىنغان تۇنجى باج سىستېمىسى) تۈزۈمى يولغا قويۇشقا باشلىدى. خىرىستىيانلىق سەدىقە مۇئەسسەسىنىڭ ئالدىغا مەجبۇرىيەت ئىشارىتى قويغان بولسا، ئىسلام ج. رىسلەرنىڭ «La Civilisation Arabe» ناملىق ئەسىرىدە «مەجبۇرىي سەدىقە» دەپ ئاتىغان زاكاتنى يولغا قويغان. ئىبادەتنى ناماز شەكلىگە كىرگۈزگەن ئوخشاش پىرىنسىپ، ئەمەلىيەتتە سەدىقىنى زاكات ياكى دىنىنى ئىسلام شەكلىگە كىرگۈزگەن.

ئىسلامدا زاكاتنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن زاكات ئىجتىمائىي ھەرىكەت سۈپىتىدە

ئوتتۇرىغا چىققان. زاكات مەدىنىدە جامائەتنىڭ تەشكىللىنىشى نەتىجىسىدە ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولغان. مەككىدە نازىل قىلىنغان ئايەتلەردە زاكات پەقەت 8 يەردىلا ئۇچرايدۇ. مەدىنىدە نازىل قىلىنغان ئايەتلەردە 22 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ ھەقىقەت زاكات مۇئەسسەسىسىنىڭ بۇ ماھىيىتىگە روشەن دەلىل بولالايدۇ.

زاكات بىرلا تەرەپلىك بولمىغان ھادىسىگە جاۋاب بولۇپ بۇ ھادىسە نامراتلىقتۇر. نامراتلىق پەقەت ئىجتىمائىي ھادىسىلا ئەمەس. چۈنكى نامراتلىق يالغۇز مەھرۇملۇقلا بولماستىن، رەزىللىكمۇ ھېسابلىنىدۇ. مەھرۇملۇق ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بولسا، گۇناھ ئۇنىڭ ئىچكى تەرىپىدۇر. بۇنداق بولمىغاندا، باي دۆلەتلەردىكى نامراتلىقنى قانداق ئىزاھلىغىلى بولسۇن؟ ئىستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، 20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئۈچتە بىرى يېتەرسىز دەرىجىدە ئوزۇقلىنىدىكەن. سىزچە سەۋەبى نېمە؟ شارائىتنىڭ يوقلۇقىمۇ ياكى مەرھەمەتنىڭ سۇسلىقىمۇ؟ نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندا چوقۇم خاتالىقنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. يەنى پۇشايمان بولۇشنى تەقەززا قىلىشى لازىم. ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئىنسانىي ھەل قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. بۇ سەۋەبتىن جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭلا ئەمەس، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇ خىلدىكى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئىنسانلارنى تەربىيەلەش مەسىلىسى بولۇش بىرگە، مىللىي دارامەتنىڭ ئادىل ھالدا تەقسىم قىلىنىشى، تەربىيە، سۆيگۈ، ئىجتىمائىي - سىياسىي تەدبىر مەسىلىسىمۇ بولۇشى لازىم.

يوقسۇللۇق ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇش بىلەن بىرگە، گۇناھتۇر.ئۇ مال - مۈلۈكنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن ھەل بولىدۇ، لېكىن شەخسىي تىرىشچانلىق، غەيرەت ۋە ياخشى نىيەت چوقۇم شەرت. چۈنكى مال ئىگىلىرى ئۆزگىرىپ بېسىم ئارزۇسى بىلەن ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت ئىنسانلارنىڭ روھلىرىدا قېلىپ قالسا، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق بىر ئىش ۋۇجۇدقا چىققان ھېسابلانمايدۇ. خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىنقىلابلىرى بىلەن سوتسىيالىست ئىنقىلابلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىنىڭ سەۋەبى دەل بۇ نۇقتىدا ياتىدۇ. «ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى دۇنيادا رەزىللىكنىڭ مىقدارى ھېچ ئازىيىپ باقمىدى. نە ئىلاھىي نە ئىنقىلابچى بىر دۆلەت مەقسىتىگە يېتەلمىدى» (ئا. جامۇس). تارىختا دىنى ئىنقىلابلار ھەددىن زىيادە دىنى تۈسكە ئىگە بولغان بولسا،

www.uyghurkitap.com



ئىجتىمائىي ئىنقىلابلار ئوخشاشلا ھەددىن زىيادە ئىجتىمائىي تۈسكە ئىگە بولۇپ كەلگەن. سىياسەت ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقتىن قانچىلىك كۆپ ۋاز كېچىلسە، دىنىنىڭ تېخىمۇ كۆپ دىنىي بولالايدىغانلىقى چۈشەنچىسى ھۆكۈمران ئىدى. سوتسىيالىزم بولسا ئىنسانلارغا زورلۇق - زومبۇلۇقنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى، مەرھەمەتنىڭ بولسا ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشنى ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى سۈپىتىدە كۆرەتتى. ئىنساننىڭ سىياسەت بولغان دىنغا، ئەخلاق بولغان سىياسەتكە ياكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت، باج بولالايدىغان سەدىقىگە ئېھتىياجى بار. بىز بۇ جۈملىدە زاكاتنىڭ ئىزاھاتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

زاكاتتا ئىنسانىي ئالاھىدىلىكلەر ئەكس ئېتىدۇ. زاكاتنىڭ باج ياكى كىشىلەر ئارىسىدىكى خالىسانە بىر ئەمەل بولۇشى ئىنسانلارغا باغلىق بولىدۇ. چۈنكى زاكات پۇل ساندۇقلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆڭۈللەر ۋە قەلبلەرنىڭ ئېچىلىشىنىمۇ تەقەززا قىلىدۇ. زاكات يۇقىرى سەۋىيەلەردىن ئاققان ناھايىتى كەڭ بىباھا بايلىقلار دەرياسى بولۇش بىلەن بىرگە، قەلبلەرنى ، ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى باغلايدىغان شەپقەت ۋە ياردەملىشىش روھىدۇر. زاكات نامراتلارنىڭ نامراتلىقىنى، بايلارنىڭ بىپەرۋالىقىنى ۋە مەرھەمەتسىزلىكىنى ھەل قىلىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ماددىي پەرقنى ئازايتىپ، بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ(1) . ئىسلامنىڭ مەقسىتى بايلىقنى يوقىتىش ئەمەس، بەلكى نامراتلىقنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت.

ئۇنداقتا نامراتلىق دېگەن زادى نېمە؟ نورمال تۇرمۇش ئۈچۈن لازىملىق نەرسىلەرنىڭ يوقلۇقى ياكى چوقۇم لازىم بولىدىغان ئەڭ تۆۋەن مىقداردىن تېخىمۇ ئاز نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشتۇر. تۇرمۇش ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن مىقدار بولسا تەبىئىي (ۋە تارىخىي) كاتېگورىيە بولۇپ، كىشىگە ۋە ئائىلىسىگە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ۋە ماددىي شارائىتلارغا مۇۋاپىق ھالدا ماددىي ۋە كۇلتۇر ئېھتىياجلىرىنىڭ تەمىنلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك مال دۇنيانىڭ يىغىندىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، جەمئىيەتنىڭ ۋەزىپىسى باراۋەرلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولماستىن، ئالدى بىلەن ھەممە ئادەمنى زۆرۈر بولغان ئەڭ تۆۋەن مىقدار بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي تەدبىرلىرى نامراتلىقنىڭ تۈگىتىلىشىنى كۆزلەش بولۇپ،

(1) بىۋاسىتە بولغان ئىجتىمائىي مۇداخىلە (ئىنساندىن ئىنسانغا ئەمەس، دۆلەتنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن) ئىجتىمائىي ئادالەتكە يېتىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك يولدەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. لېكىن ئىجتىمائىي ئورگانلار غەيرى شەخسىي كىملىكلىرى، ئىنسانلارنىڭ بىپەرۋالىقى ۋە مەرھەمەتسىزلىكى بىلەن مۇستەھكەم بىر جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىرىنىمۇ تەۋرىتىپ قويىدۇ.

مال - مۈلۈك باراۋەرلىكىنى تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى بۇنى ئەخلاقىي ۋە ئىقتىسادىي نۇقتىدىن يوللۇق كۆرسىتىدىغان قاراش ۋە تەشەببۇسلارنىڭ قىممىتى گۇمانلىق.

ئىنتىزامچان بولغان ھەر قانداق بىر جەمئىيەت، ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي بۇيرۇقلاردىن سىرت، كۈچلۈك بۇيرۇقلىرىنىڭمۇ تەسىرى ئاستىدا ياشايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئىسلامىي جەمئىيەت پەۋقۇلئاددە يۇقىرى دەرىجىدە ھەم ئىنسانىي ھەمدە كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. ئىنسانىيەت چۈشەنچىلىرى بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا خەۋپ ئېلىپ كەلسە ياكى كۈچكە مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلەرگە ھەددىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىش ئەركىنلىك، قانۇن ۋە ئىنسانىي پرىنسىپلارغا دەخلى تەرۇز بولسا، ئۇنداق جەمئىيەت ئىسلامىي بولمايدۇ. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيەسى، بىر - بىرىگە زىت بۇ ئىككى مايىللىق، يۆنىلىش ۋە تەلەپلەرنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى بىلەن بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

كۆنىمىزدە، زاكاتقا مۇناسىۋەتلىك بەس - مۇنازىرىلەر ئاساسلىقى قايسى مالدىن قانچىلىك ئېلىش مەسىلىسىگە مەركەزلىشىپ قالدى. لېكىن زاكات مەسىلىسى ئۈچۈن نىسبەت ۋە سانلاردىن بەكرەك مۇھىم بولغان خۇسۇس، ياردەملىشىش پرىنسىپىدۇر. يەنى جەمئىيەتنىڭ باي تەبىقىسىنىڭ نامرات تەبىقىسى ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بولۇش پرىنسىپىدۇر. ھېچ شۈبھىسىزكى، شۇنداق بىر كۈن كېلىدىكى، ھەقىقىي ئىسلامىي تۈزۈم بەرپا قىلىنغاندا، مەزكۇر پرىنسىپ ئەمەلىيلىشىدۇ ۋە بۇ جەرياندا دىن ئالىملىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىۋاتقان زاكات نىسبىتى مەسىلىسىگىمۇ ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىلمەيدىغان بولىدۇ. بۇ غايىگە بايلارنىڭ زاكاتلىرىنى نامراتلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا بەرگەن ئەھۋالدا يەتكىلى بولىدۇ. نامراتلارنىڭ ھەققى بولغان زاكات (قۇرئان، 2470، 25)، باشقا ھەقلەرگە ئوخشاش زۆرۈر تېپىلغاندا مەجبۇرىي ئېلىنىدۇ[1]. ئىسلامنىڭ ئەمەلىي ساھەسىگە قويۇلغان ۋە ئادەت ھالىتىگە كەلگەن بۇ بۇيرۇق (بەزى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇرئانى كەرىمدە 82 قېتىم قەيت قىلىنغان) تۈرتكىسىدە، مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە ۋەخپە مۇئەسسەسىسىنىڭ تارقىلىشى بىلەن سوكوناتلىق بىر ئىنقىلاب ۋۇجۇدقا

(1) ئىقتىساد ئىلمىي ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلىرى بىلەن 1976 - يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مىلتون فرىيدماننىڭ «مەنپىي باج» ھەققىدىكى قىزىقارلىق پىكرىگە بىر قۇر نەزەر سېلىپ باقايلى: بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، مالىيە ئورۇنلىرى كىرىمى ئاز بولغانلارغا «مەنپىي باج» تۆلەيدۇ. «پۇللار ئۈنۈمسىز ۋە چىقىمى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە سەرپ قىلىنىشىنىڭ ئورنىغا، ھەقىقىي مۇھتاجلارغا تارقىتىپ بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئامېرىكىدا نامراتلىق ئاللىبۇرۇن تۈگەپ بولغان بولاتتى» فرىيدمان بۇ قارىشى زاكاتنى ئەسلىتىدۇ.

چىققان. مەزكۇر مۇئەسسەسىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن باشقا مەدەنىيەتلەردە بۇنىڭغا ئوخشاش مۇئەسسەسە يوق. ئاساسەن دېگۈدەك پۈتكۈل مۇسۇلمان دۆلەت ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زور دەرىجىدە مال - مۈلۈكنى ۋەخپە ھالىتىگە كەلتۈرگەن. قۇرئاندا ۋەخپە ئېنىق زىكىر قىلىنمىغان بولۇپ، بۇنداق بولۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. ۋەخپە ياردەملىشىش روھىنىڭ مېۋىسى ۋە زاكاتنىڭ تەربىيەۋى تەسىرىنىڭ بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئىنسانىي مۇئەسسەسە بەزى مۇھىم ئىجتىمائىي غايىلەرنىڭ كۈچ ئىشلەتمەي تۇرۇپمۇ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەخلاق ئاساس قىلىنغان لېكىن ماددىي قىممىتى بولغان ۋەخپە، ئىقتىسادىي ساھەدە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ ماددىي مەنپەئەت كۆزلەنمەي تۇرۇپمۇ مەيدانغا كېلەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خۇسۇستا ۋەخپە مۇئەسسەسەسى «تەبىئىي ئىقتىساد قانۇنلىرى»غا زىت بولغان بولسا، سىياسىي ئىقتىساد نۇقتىسىدىن بىنورمال ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئىككى تەرەپلىمە (ئىنسابلىق بىر ئىقتىسادىي كاتېگورىيە) نەزەرگە ئېلىنغىنىدا، ۋەخپە تىپىك بىر ئىسلامىي مۇئەسسەسە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ۋەخپە ئىنسانلارنىڭ شارائىتىنى شەخسىي تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۆزگەرتىش ئارزۇسىغا (بەزى كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى سۈرگىنىدەك) ئەجەبا سەلبىي تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟ ھەممىمىزگە مەلۇمكى، شەخسىي تىرىشچانلىق ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان ئىشلار (تۇغما مېيىپ، تەبىئىي ئاپەتلەر قاتارلىقلار) بار. بۇنىڭدىن باشقا، زاكات بۇ خۇسۇستا پۈتكۈل مەدەنىيەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك بولمىغان جەمئىيەتلەرمۇ تەشەببۇس قىلىدىغان ياردەم شەكىللىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئامېرىكىدا 1965 - يىللىق خامچوتتىن «نامرات ئامېرىكىلىقلارغا ياردەم» قىلىش ئۈچۈن بىر مىليارد دوللار ئاجرىتىلغان[1]. بۇ ياردەمنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ باي دۆلىتىدە ئىنسانلارنىڭ خىزمەت ئىرادىسىگە مەنپىي تەسىر كۆرسىتىشىدىن ھېچكىممۇ ئەندىشە قىلمايتتى.

ناماز ۋە زاكات ھەققىدىكى بۇ ئانالىزلار بۇلارنىڭ ئىچكى دۇئالىزمىنى كۆرسىتىدۇ. سىرتتىن قارىغىنىمىزدا، بۇلارنىڭ ئىسلامنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئوخشىمىغان يەرلەردىن

(1) يىللىق كىرىمى 2000 دوللاردىن ئاز بولغان تەبىقە. ئۇ مەزگىلدە 35 مىليون ئامېرىكىلىقنىڭ بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنغان.

ئورۇن ئالغانلىقى كۆرۈلىدۇ. ناماز مەنىۋى، زاكات ئىجتىمائىي ماھىيەتكە ئىگە. ناماز ئىنسانغا، زاكات بولسا ئىنسانلارغا يۈزلەنگەن. نامازنىڭ خاراكتېرى شەخسىي، زاكاتنىڭ خاراكتېرى ئىجتىمائىيدۇر. غايىلىرىمۇ پەرقلىق بولۇپ، بىرىنىڭ سۇبيېكتىپ، يەنە بىرىنىڭ ئوبيېكتىپتۇر. ناماز تەربىيە ۋاستىسى بولغان بولسا، زاكات تۈزۈمنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئىسلام ئالىملىرى، شەخسىي ئىبادەت بولغان ناماز بىلەن ئۈنىڭغا ئوڭ تاناسىپ بولغان ۋە بىر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەت شەكلى بولغان زاكات ئوتتۇرىسىدا بىرلىك بارلىقى ھەققىدە ئاساسەن بىردەك قاراشقا ئىگە. بۇ خۇسۇستا، ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى زاكات بولماي تۇرۇپ نامازنىڭمۇ قىممىتى يوقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ناماز بىلەن زاكات ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك قۇرئانى كەرىمنىڭ بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىزچىل تەكىتلىشى نەتىجىسىدە جەزملەشتۈرۈلگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بۇيرۇغان: «ناماز قىلىش ۋە زاكات بېرىش سىلەرگە پەرز قىلىندى. زاكات بەرمىگەنلەر نامازدىن نېسىۋىسىنى ئالمايدۇ». بۇ ھەدىستىن دىن بىلەن ئەمەل، ئىنسان بىلەن ئىنسانىيەتنى ئايرىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ زاكات بېرىشنى رەت قىلغان بىر قەبىلىگە كۈچ ئىشلىتىشنى قارار قىلغاندا، ئوخشاش نۇقتىنى چىقىش قىلغان ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى ، ناماز بىلەن زاكاتنى ئايرىغان ھەر قانداق كىشىگە قارشى جىھاد ئاچىمەن». «ناماز قىلىڭلار ۋە زاكات بېرىڭلار» فورمۇلا «ئىمان ئېيتىڭلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار» دېگەن تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ۋە ئومۇمىي بولغان «ئىككى قۇتۇپلۇق» يەنە بىر فورمۇلانىڭ ئالاھىدە شەكلىدۇر. بۇ فورمۇلا بولسا قۇرئانى كەرىمنىڭ دىنى، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي بۇيرۇقنىڭ ئاساسلىق ئىپادە شەكلى (1) ۋە ئىسلامنىڭ تايانچى بولغان ۋە باشقا ھەر قانداق نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان ئۇ ئىككى تۈۋرۈكنى تەكىتلەيدۇ. بۇنى ئىسلامنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ يۈكسەك قانۇنى دېسەك بولىدۇ. ئىسلام «ئىككى قۇتۇپلۇق» بىرلىككە ئىگە. ئىسلامغا كىرىش ئېلانى ماھىيىتىدىكى شاھادەت، شاھىتلار ھۇزۇرىدا ئېيتىلىدۇ. بۇمۇ شاھادەت ھەرىكىتىنىڭ ئىككى مەنىلىك بولۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ ئېلان ئارقىلىق مەنىۋى جامائەتكە ېېقىندىلىق ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. بۇ ھەرىكەت

(1) (8 - ئىراھات: 8 - قۇرئاندا مۇنداق بىر خۇسۇس قەيت قىلىنىدۇ: «ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەر قىلغان ۋە ناماز قىلىپ زاكات بەرگەنلەر، رەبلىرى ئالدىدا ئەجرى باردۇر، ئۇلارغا ئەندىشە ۋە قورقۇش يوقتۇر (قۇرئان،2/277 )

يەنە ئىجتىمائىي - سىياسىي جامائەتكە ئەزا بولۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىۋى تەرىپى بولۇپلا قالماستىن، قانۇنىي تەرىپىمۇ بار. ئۇنداق بولمىسا، بىر دىنغا كىرىش ئۈچۈن شاھىتلارغا كېرەك قالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى بىر خۇسۇسىتۇر. يەنە كېلىپ بۇ خۇسۇستا نىيەتلا كۇپايە قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئېلان قىلىش بولسا تەشۋىق ئاملى بولۇپ، باشقا ساپ دىنلار بۇ ئەھۋالغا كېرەك يوق، دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭ ئوخشاش ئەھۋال ئىسلامىي روزىدىمۇ كۆرىلىدۇ. روزا تۇتۇش مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ھەر ۋاقىت باراۋەرلىكنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ كەلگەن. شۇڭا جەمئىيەتتە بۇنىڭغا سەل قارالغان ئىشلار يۈز بېرىپ قالغاندا خەلقنىڭ دەرھال بۇ ئىشقا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ بولسا كېرەك. روزىغا سەل قاراش جەمئىيەت ھەمكارلىقىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى سۈپىتىدە كۆرۈلەتتى. ئىسلامدا روزا تۇتۇش پەقەت دىنى بىر خۇسۇس ۋە بىر ئىنساننىڭ شەخسىي مەسلىسى بولماستىن، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتتۇر. دىنى بىر قائىدىنىڭ مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىنىشى باشقا ھەرقانداق دىندا مۇمكىن ئەمەس.

تەقۋالىق بىلەن خۇشاللىقنى ۋە بەزى ئەھۋاللاردا ئارزۇ - ئىستەكنىمۇ بىرلەشتۈرەلەيدىغان ئىسلامىي روزا دۇنيادا ھەر قانداق ۋاقىتتا تەتبىقلانغان تەربىيەۋى تەدبىرلەر ئىچىدە ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك روزا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى پادىشاھ سارىيىدا بولغىنىغا ئوخشاش، يېزا - قىشلاقلاردا، بىر پەيلاسوپنىڭ ئۆيىدە بولغىنىغا ئوخشاش، بىر ئىشچىنىڭ ئۆيىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئىسلامنىڭ بەشىنچى شەرتى بولغان ھەج زادى نېمە؟ دىنى مۇراسىم، سودا يەرمەنكىسى، سىياسىي يىغىنمۇ؟ ياكى ھەممىسى بىرلىكتىمۇ؟ ھەج ناھايىتى روشەن ھالدا دىنى مۇراسىمدۇر. بىراق «ئىسلامىي» تەرىقىدە بولۇپ، ھەم بۇنى ھەمدە ئىشنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلامنىڭ دۇئالىزملىق ئالاھىدىلىكى نۇرغۇن جايدا نامايان بولىدۇ. قۇرئانى كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتكە نەزەر سېلىپ باقايلى: «ئاللاھ سىلەرنى سەۋەنلىك قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ (مۇنداق قەسەمڭلارنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كاپارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد

قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەملىرىڭلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر، قەسەملىرىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار). سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ» ( مائىدە سۈرىسى 89 - ئايەت)[1]. تاشقى دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بىراق بۇ مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا مەنىۋى بىر ھەرىكەت ئۇنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇ يەردە روزا تەۋبە، كاپارەت ۋە ئىبادەت شەكلىدۇر.

ياكى: تەۋرات ئىنتىقام ئېلىشقا، ئىنجىل ئەپۇ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قۇرئاندا بۇ «ئاتوملاردىن قانداق بىر تەركىب مۇلېكولا مەيدانغا كەلتۈرىدۇ: «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قاتچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ» (شۇرا سۈرىسى 42 - ئايەت).

يەنە بىر جايدا بىرلىك قەيت قىلىنىدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىرخىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر ئارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ» ( مائىدە سۈرىسى 48 - ئايەت).

(1) : بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: سىلەردىن بىرىڭلار بىرەر يامانلىق كۆرۈپ قالسا ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، بۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن، بۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە قەلبى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقسۇن. لېكىن بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ئالامىتىدۇر.مەزكۇر ھەدىس بۇ يەردە بۇ ئايەتكە ماس كېلىدۇ.

ياكى: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزۈڭلارغا) ھارام قىلماڭلار، (ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» (مائىدە سۈرىسى 87 - ئايەت). بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، ئىسلام ئىنسانلارغا زېمىنىنىڭ پۈتۈن بايلىقلىرىنى چەكلىگەن دىن ئەمەس. ئىسلام توپىغا لەنەت ئوقۇمايدۇ، سۇ بولماي قالسا توپا بىلەن پاكىزلىنىشنى بۇيرۇيدۇ. تەيەممۇم قىلىشنىڭ مەنىسى بەلكىم بۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئىسلامنىڭ بەزى مۇئەسسەسەلىرى ئىسمى، شەكلى ياكى مەنبەسى نۇقتىسىدىن دىنى ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەسلىدە بۇلار «ئىسلامىي» بولۇش بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. پاكىزلىق بۇيرۇقى ياكى ھاراق چەكلىمىسى بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. بۇنداق بۇيرۇقلارنىڭ مەنبەسى ئەسلىدە دىن بولمايدۇ. بۇ تاشقى، ماددىي ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بېرىلگەن ئەھمىيەتنى چىقىش قىلىدۇ. ئۇلار كۇلتۇرنىڭ بىر قىسمى بولماستىن، مەدەنىيەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كۆنىمىزدىكى چوڭ شەھەرلەرنى مەيلى شەخسىي تازىلىق بولسۇن مەيلى ئاممىۋى تازىلىق بولسۇن، بۇلار بولماي تۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھاراق بولسا پەن - تېخنىكا ۋە شەھەرلىشىش ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە ئەڭ ئېغىر مەسىلىدە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا. يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن «ئىسلام تەبىئىي ھالدا سەنئەت ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ پۈتۈنلىشىشىگە مايىل كېلىدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرالايمىز. بۇ بىرلىك ئەڭ جانلىق شەكىلدە بىناكارلىقتا نامايان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئىسلام بۈيۈك سەنئەتلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ بىناكارلىققا ئەكس ئەتكەن. بۇنىڭ بىنكارلىقنىڭ ھېچ بولمىغاندا «ساپ سەنئەت» ياكى «ئومۇمىي سەنئەت»(1) بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى سەۋەب بولغان. سەنئەت ئىنساندىكى شەخسىي، مەنىۋى ۋە ئۇ دۇنيالىق ئامىللارنى ھەددىن زىيادە تەكىتلەيدۇ. بۇ ئىسلام ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان تەڭپۇڭلۇق پىرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. بىناكارلىق «باغلىغۇچى» بىر سەنئەت بولۇپ، مۇئەييەن فۇنكسىيەگە ئىگە بولغاندىن سىرت، ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدۇ. (زىت قۇتۇپتا مۇزىكا بار بولۇپ، پۈتكۈل سەنئەتلەر ئىچىدە ئەڭ مەنىۋى ھېسابلىنىدۇ). بىنكارلىقنىڭ بۇ «قوش» ئالاھىدىلىكى ئۇنى ئىسلامىي سەنئەت سۈپىتىدە بۇرۇنلا

(1) (كېنىېس كىلارك 10:ئىزاھات كېنىس كىلارك ئۇنى مەلۇم بىر يەردە «ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ مەنىلىك قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان» سەنئەت، ھەتتا «ئىجتىمائىي سەنئەت» سۈپىتىدە تەرىپلەيدۇ (ك. كىلارك، مەدەنىيەت، 242 - بەت)

بەلگىلەپ بولغان. ئۇنىڭمۇ ئىسلامدا مەۋجۇت بولغىنىغا ئوخشاش، روھى ۋە ۋۇجۇدى بار [1]

بۇ سەۋەبتىن، ئىسلامنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرى تاسادىپىي ئەمەس. ئۇلار بىر ئاڭنىڭ، بىر ئىدىيەنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شەيئىلەرنىڭ مۇقەررەر بولغان بۇ ئىككى تەرەپلىك خۇسۇسىيىتى ئىسلام مەنبەلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىستە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئىلھام بىلەن تەجرىبە، ئەبەدىيەت بىلەن زامان، ئىدىيە بىلەن تەتبىق ياكى پىكىر بىلەن تۇرمۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىسلام ئىدىيە ئەندىزىسى بولۇشتىن بەكرەك تۇرمۇش شەكلىدۇر. قۇرئاننىڭ پۈتكۈل تەپسىرلىرىنى ھەدىسنى ئاساس قىلماي تۇرۇپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. پەقەت بىرلا ھاياتنىڭ، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ تەرىپلىنىشىدە ئىسلام ئەمەلىي بىر پەلسەپە ۋە كەڭ دائىرىلىك بىر ھايات شەكلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىجما، ھەممىگە مەلۇمكى، دىنى بىر مەسىلىدە ئالىملارنىڭ (ئىمام شافىيىنىڭ قارىشىچە پۈتكۈل ئالىملار، تەبەرى ۋە رازىنىڭ قارىشىچە، ئومۇمەن ئالىملارنىڭ) بىردەك پىكىرگە ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ . سەرخىللىق پىرىنسىپىغا سان قوشۇلمىسا، ئىسلام ئىسلام بولمايدۇ. ئىجمادىمۇ ھەم (ئاقسۆڭەكلىك، سەرخىللىق) ھەمدە سانلىق (دېموكراتىك) بىر پىرىنسىپ بولىدۇ.

بۇ «ئىككى قۇتۇپلۇق» تۈزۈمدە مەككە شەھىرى بىلەن ھىرا ئۆڭكۈرىمۇ ئورۇن ئالىدۇ. بۇلار ئىسلام دىنى يېڭى تارقالغان مەزگىلدە زاھىرى (تاشقى ياكى ماددىي) ھايات بىلەن داخىلى (روھىي ياكى ئىچكى) ھايات، ھەرىكەت بىلەن تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەككە بىلەن مەدىنىمۇ ئىسلامنىڭ ئىككىنچى تەرەققىيات باسقۇچىدا مۇشۇ خىل يوسۇندا تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى بىر - بىرىگە زىت ئەھۋال ھەر دەۋرىدە كۆرۈلۈپ كەلدى. كۈنىمىزدە بولسا، بۇنىڭغا

(1) ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى قوش ئىسمىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. ئەمەلىي «Archi - tecture »ئېھتىياجلارنى قامدىيالايدىغان بىنانىلا ئىپادە قىلىدىغان «tecturé» غا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مەنە ئىپادىلەيدۇ. بۇ شەكلى، ئۇسلۇبى، غايىسىنىڭ مۇقەددەسلىكى نۇقتىسىدىن ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىناكارلىقنى چوقۇم فۇنكسىيەلىككە ئىگە، دېگىلى بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا تەبىردە زىتلىق كېلىپ چىقىدۇ.
مەرىپەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئاساسەن دېگۈدەك پۈتكۈل بۈيۈك بىناكار ئۇستىلىرى سەنئەتكار (رەسسام ياكى ھەيكەلتىراش) ئىدى. داڭلىق ئىنگلىز بىناكار ئۇستىسى چ. ۋرېن ئوخشاش ۋاقىتتا ماتېماتىكچى ۋە ئاسترونوم ئىدى. «ۋرېننىڭ بىنالىرى ماتېماتىكا، ئۆلچەم ۋە كۆزىتىشنىڭ، يەنى بىلىمنى بىلىم قىلغان بارلىق نەرسىنىڭ بىناكارلىققا قارشى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشاش زىتلىق (ۋە بىرلىك)، دىن ۋە سىياسەت، دىنى جامائەت ۋە سىياسىي گۇرۇھى شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرى ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇقەددەس تىراگېدىيەلىك ئوبرازى بولغان شېھىت (ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغۇچى) ئەۋلىيا ۋە مۇجاھىدتۇر. بۇ نۇقتىدا روھ ۋە قان بىرلىكى، يەنى ئەسلىدە ئوخشىمىغان ئىككى تۈزۈمگە تەۋە بولغان ئىككى پرىنسىپ بىرلىشىدۇ.

## تەبىئەتكە مايىل دىن

قۇرئان ئىككى يۆنىلىشكە تايانغان پرىنسىپقا يېڭى - يېڭى شەكىللەر كىرگۈزۈپ، ئىزچىل تەكرارلايدۇ. ھازىر بولسا تەپەككۇرغا شاھىتلىكنىڭمۇ قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بىرى دىن، يەنە بىرى پەن، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلىمنىڭ باشلانغۇچى ياكى ۋەدە قىلىنىشى.

قۇرئان ھازىر پەننى ھەقىقەتلەرنىڭ ئورنىغا مۇكەممەل بىر ئىلمىي پوزىتسىيەنى تەشەببۇس قىلىدۇ، تاشقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئالدىنقى پىلانغا قويىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئەھۋال بىر دىنغا نىسبەتەن يېڭىچە ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. تەبىئەتنىكى ناھايىتى نۇرغۇن ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدىغان قۇرئانى كەرىم، ئىنساندىن ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك جاۋاب تەلەپ قىلىدۇ. پەن("ئوقۇش" بىلەن - قۇرئان)گە مۇناسىۋەتلىك تەلەپ ئەمدىلىكتە ئاللاھقا قارشى بولماستىن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بولىدۇ ("ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن" قۇرئان 96/1). ئىنسان بۇ نۇقتىدا «ياراتقۇچى» تەبىئەتنى ئەمەس، ئاللاھنىڭ بىر شاھ ئەسىرى بولغان تەبىئەتنى كۆزىتىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ كۆزىتىش ۋە تەتقىقات ئوبيېكت ، ئىستەكسىز، «ئىستەكتىن مەھرۇم» ئەمەس. بۇ پەننى ۋە دىنى قىزىقىشنىڭ بىرلەشمىسىدۇر. قۇرئانى كەرىمدە داۋاملىق تەكىتلىنىدىغان تەبىئەت تەسۋىرلىرى بۇ مايىللىقنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ (قۇرئان: 50/6 - 11, 16/65 - 69, 6/95 - 99, 26/7 21/33, 2/164, 22/45 - 88/17, 46,30/9 - 20,56/63, 68, 71).

تامامەن تەبىئەتكە يۈزلەنگەن بۇ ئايەتلەردە دۇنيانى تەستىقلاش، قوبۇل قىلىش،

تەبىئەت بىلەن توقۇنۇش ئىچىدە ئەمەسلىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ئىسلامدا ماددا نۇرغۇنلىغان گۈزەل ۋە ئۇ دۇنيالىق غايە ئۈچۈن ۋاستە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ (مەسىلەن، ناماز ئۈچۈن بەدەن، زاكات ئۈچۈن مال). ماددىي دۇنيا شەيتانىنىڭ مىلى، بەدەن بولسا گۇناھىنىڭ ماكانى دەپ قارالمايدۇ. قۇرئانى كەرىم ئىنسانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدلىرى باغلانغان ئاخىرەتنىمۇ، دۇنياۋى رەڭدارلىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن، خىرىستىيانلار ئىسلامنى بىر دىنغا مۇناسىپ بولمىغان شەھۋانىيەتلەر بىلەن ئەيىبلەيدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ ئەھۋال ئەمەلىيەتتە، ماددىي دۇنيانىڭ ئىسلامغا يات ئەمەسلىكىنى ۋە دۇنيانى رەت قىلىدىغان خىرىستىيان ئىدىيەسىنىڭ ئىسلامدا يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قۇرئانى كەرىم بەزى ئايەتلىرىدە تەپەككۇرغا قىزىقتۇرۇلۇپ، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات روھى تەشۋىق قىلىنىدۇ. (قۇرئان: 5/4 ياكى21/30). يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئايەت، بولۇپمۇ تەپەككۇر ۋە ئەقىلگە ئىشارەت قىلىدۇ. خىمىيە ئىلمىدىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. خۇلاسىلىگەندە، مۇسۇلمانلار خىرىستىيانلىقنى داۋاملىق بەند قىلىپ كەلگەن ئاساسلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى باش - ئاخىرى يوق بەس - مۇنازىرىلەرگە خاتىمە بەرگەن ۋە ئىنسانلارنى دىققىتىنى دۇنياغا بۇرىغان. بۇ مىستىك پەلسەپىدىن ئەقلىي ئىلىمگە ئۆتۈش ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان پۈتكۈل ئايەتلەردىكى ئورتاق ئۇنسۇر، كۆزىتىش ۋە ئىزدىنىش تەلىپىدۇر. كۆزىتىش بولسا ئىنسانىنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

غەربنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، بۇ كۈچ تايانغان ئامىللارنىڭ ئارمىيە ياكى ئىقتىساد ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇلار پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشتىلا ئىبارەت، خالاس. بۇ كۈچنىڭ تېگىدە كۆزىتىش، ئىزدىنىش ۋە تەجرىبە مېتودى ياتىدۇ. بۇ غەرب مەدەنىيىتىگە بېكوندىن مىراس قىلىنغان[1]. جىن فوۋراتىي مۇنداق دەيدۇ: «تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارنى كۆزىتىش، غەرب دۇنياسىدا پۈتكۈل باللار ئالىدىغان باشلانغۇچ تەلىم - تەربىيەنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدۇر... بىراخمان ياكى بۇددىست پەيلاسوپلار تاشقى دۇنياغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۇلار دىققەت ئېتىبارىنى پەقەتلا تاشقى دۇنيادىن ئىچكى دۇنياغا بۇرايدۇ... بىر مىللەتنىڭ گاللىي،

(1) ۋە بېكونغىمۇ ئەرەبلەردىن مىراس قالغان. بۇ كىتابنىڭ XI. بابىغا مۆھۈر قويۇۋېتىلگەن

پاسكال، نيۇتون ۋە كىلاۋۇد بېرناردنىڭ تەجرىبىۋي تەپەككۇر پىرىنسىپىنى ئىگىلىمەي تۇرۇپ، تەرەققىي قىلالايدىغانلىقىنى ئويلاش، ھەقىقەتەن بىمەنىلىكتۇر. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدە ھەربىر تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش ئۈچۈن كۆز قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى، ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا، ئەقلىي نەرسىلەردىن تەجرىبىۋى نەرسىلەرگە، تۇرغۇنلۇقتىن ھەرىكەتچانلىققا ئۆتۈش شەرتتۇر»(1) .

ئىپتىدائىي ئاڭ سەۋىيەسىدە ئىسلامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. نامازنى توغرا ئادا قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە ماكان نۇقتىسىدىن مۇۋاپىق شارائىت، تەرەپ ۋە يۆنىلىشنى بېكىتىش كېرەك. نامازدا ئىنسانلار مەككىگە يۈزلىنىدۇ، يەنى ماكان نۇقتىسىدىن يۆنىلىش بېكىتىلگەن. ناماز بەزى ئاسترونومىيەلىك ھەقىقەتلەر بىلەن بېكىتىلگەن مۇئەييەن بىر ۋاقىت ئىچىدە ئادا قىلىنىدۇ. روزا يىلنىڭ مەلۇم بىر ئېيىدا تۇتۇلىدۇ. زاكات ئۈچۈن ئىستاتىستىكا، ھېساب ۋە ئۆلچەم شەرت. ھەجگە كەلسەك، ئۇ سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇزۇن سەپەرنىڭ مۇشەققىتىنى ئوبدان بىلىش كېرەك. يەنى، مۇسۇلمان جامائەتنىڭ پۈتۈن بارلىق خۇسۇسىيلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئىسلامنىڭ تۆت ئاساسلىق شەرتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن مەدەنىيەتنىڭ ھېچ بولمىغاندا ئەڭ ئەقەللىي سەۋىيەسىگە يېتىش كېرەك. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشاش ۋاقىتتا ھەم مۇسۇلمان بولۇشى، ھەمدە جاھىلىيەت ھالىتىدە قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بۇ يۈزلىنىش ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. ئىسلامىي ئىلىمنىڭ تارىخنى تەتقىقات قىلىشى بىرىنچى ئەسىردە، ئاساسەن دېگۈدەك پۈتكۈل تارماقلىرىدا تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەت نۇقتىسىنىڭ ئىسلام ئەھكامىنىڭ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەستايىدىل ۋە باش - ئاخىرى ماسلاشقان شەكىلدە تەتبىق قىلىنىش تىرىشچانلىقلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ تەرەققىيات ئەڭ كۈچلۈك شەكىلدە ئاسترونومىيە ساھەسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. گۇنتېرنىڭ «تەبىئىي ئىلىملەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە، ئىسلام كۈلتۈر ساھەسىنىڭ ناھايىتى جانلىق ئاسترونومىيە ئىگىنى قېزىپ چىقارغان خۇسۇسلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئاڭ يۈنانلىقلاردا پەقەتلا يوق ئىدى.

ئىسلام، فىرات كەشتىچىلىكىدە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان 3000 يىللىق بىر

(1) Jean Fourastié, Civilisacija Sutraşnjice, Zagreb, S. 47 - 48

ئاسترولوگىيەنى قېزىپ چىقارغان. بۇنىڭدا ئاسمان جىسىملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى مۇھىم مەلۇماتلار مۇجەسسەملەنگەن. ئەمما يۇلتۇزلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى ئارىسىدا مۇناسىۋەت بارلىقىغا ئىشىنىش ئىسلامغا نىسبەتەن يات ھېسابلىناتتى. ئىسلامنىڭ بىر ئىلاھلىق ۋە ئەقلىيەتچىلىك خۇسۇسىيىتى، بۇ ئاسترولوگىيەنى ئاسترونومىيەگە ئۆزگەرتتى. مەشھۇر باغداد رەسەتخانىسى ئەتراپىدا شەكىللەنگەن باغداد ئاسترونومىيە ئېقىمى ھەققىدە قارىشىنى بايان قىلغان سېدىللوت مۇنداق دەيدۇ: «باغداد ئاسترونومىيە ئېقىمى باشتىن - ئاخىر ئىلمىيلىققا ئالاھىدە بەردى. يەنى ئىلمىي چۈشەنچىنى تەشۋىق قىلاتتى. مەلۇمدىن نامەلۇمغا يېتىش ۋە بىۋاستە كۆزىتىش قاتارلىق ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلانمىغان قاراشلارنى تامامەن رەت قىلاتتى...». ئەيۋپ ۋەفا ئاينىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىنى تىيكو بىرەيھەدىن 600 يىل ئىلگىرى ھېسابلاپ چىققان. ھەييامىنىڭ كالېندارى كۆنىمىزدە ئىشلىتىلىۋاتقان گىرېگورىيېن كالېندارىغا قارىغاندا تېخىمۇ توغرا. مۇئەللىپى ئېھتىمال ئىبراھىم ئەل زارقالى بولغان ۋە پىلانېتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تولېدو جەدۋەللىرى ياۋروپادا ئۇزۇن مەزگىل ئاسترونومىيەگە ئاساس سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن. ئەل بىرۇنى ئاسماننىڭ ئەمەس، يەرنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىبنى بەججە، پىلانېتلارنىڭ ئوربىتالىرىنىڭ چەمبىرەك شەكىلدە بولماستىن، ئېللىپس شەكىلدە بولغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان،

ئاسترونومىيە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ باشقا پەن ساھەلىرىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن. (بارلىق پەن ئاسترونومىيەنىڭ قىزى - بېرگسون). يۇقىرىقى تەرەققىياتلار دەل قۇرئانى كەرىمنىڭ بىۋاستە نەتىجىسىدۇر. تەبىئەتكە مايىل دىن، تارىخنىڭ ئەڭ پارلاق باسقۇچلىرىدىن بىرى بولغان ئىلمىي تەرەققىياتنى يېڭى ۋە بۈيۈك باسقۇچقا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن.

ئىسلامىي بولغان دىن بىلەن پەننىڭ پۈتۈنلىشىشى ئەمەلىي تۇرمۇشتا جامەلەر بىلەن مەكتەپلەرنىڭ بىرلىكتە بەرپا قىلىنىشىدا ئۆز ئىپادىسى تاپقان. چوڭ جامەلەرنىڭ يېنىدا مەكتەپلەرنىڭمۇ سېلىنىشى تۈنجى بولۇپ بۇيرۇق قىلغان ھەزرىتى ئۆمەر ئىدى. ھارۇن ئەل رەشىد (786 - 808) بۇ بۇيرۇقنى تېخىمۇ تەكىتلىگەن بولدى. جامە بىلەن مەكتەپ «نىزامىيە» (ھەربىي) مەكتەپ ئوتتۇرىغا چىققاندا بىر - بىرىدىن تامامەن ئايرىلىپ كەتكەن. مەكتەپلەرنىڭ دەرس پىروگراممىلىرى «ئىككى قۇتۇپلۇق بىرلىك»

www.uyghurkitap.com



ئاساسىغا تايىناتتى. بۇ يۈزلىنىش، ئىسلامىي كۈلتۈر ساھەسى ئېتىراپ قىلىدىغان ھادىسىدە، يەنى ياۋروپا تىللىرىدا دەل ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان (فىرانسۇزچە ئۇنىڭغا مېخانىكىلىق بىر تەركىب بولغان «mosquee - ecole» دېيىلگەن).[1] بۇ قوش فۇنكسىيەلىك ئالاھىدىلىك جامە - مەكتەپ مۇئەسسەسىدە ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ مۇئەسسەسە «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن...″ (قۇرئان 96/1) دېگەن قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايىتى بىلەن تەلەپ قىلىنغان دىن بىلەن پەننىڭ پۈتۈنلىشىشىنىڭ ئۇسۇل جەھەتتىن ھۆكۈمرانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئوخشاش چۈشەنچە ئوخشىمىغان سەۋىيەدىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرس پىروگراممى- لىرىغىمۇ ئەكس ئەتكەن. مەشھۇر باغداد «نىزامىيە» مەدرەسەسىنى، ئۇزۇن مەزگىل ئىسلامىي مەكتەپلەر ئۆرنەك قىلىپ كەلگەن. ياۋروپالىقلار «نىزامىيەنى» دىنىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، دەپ قارايتتى. ھالبۇكى، بۇ مەكتەپتە، كۈنىمىزدە ئىلاھىيەت دەپ ئاتىلىدىغان تەپسىر، ھەدىس، ئەخلاق ۋە دىنىي پىرىنسىپلار بىلەن بىرلىكتە، قانۇن، پەلسەپە، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مۇزىكا ۋە مېدىتسىنادىن ساۋات قاتارلىق ئىلىملەرمۇ پاراللېل ھالدا ئوقۇتۇلاتتى. (ج. رىسلېرنىڭ كىتابىغا قاراڭ). نۇرغۇنلىغان مەكتەپلەرگە ئۆرنەك بولغان «نىزامىيە»، ئىسلام دۇنياسىنىڭ پۈتكۈل چوڭ شەھەرلىرىدىكى ئومۇملاشقان ئالىي مائارىپ مۇئەسسەسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

مۇسۇلمان دۇنياسىدا مەكتەپلەر ياۋروپانىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسەن دۇنياۋى ۋە دىنىي دەپ ئايرىلمايتتى. ھەممە كىشىنىڭ بۇنى مۇشۇ يوسۇندا چۈشىنىشى ياكى ئۆزلۈكىدىن مۇشۇ خىلدا چۈشىنىلىشى، ھۆكۈمران دۇنيا قارشى بولغان ئىسلام سەۋەب بولغان. بۇ چۈشەنچە كۈنىمىزدىمۇ بار. ئەگەر باشقا يەردە بولۇپ قالسا، يات ئۇنسۇرلارنىڭ نەتىجىسىدە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋال بولسا ھەر دائىم دىن بىلەن پەننىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى ئاساسلىق ئىسلامىي قاراشقا ماس كېلىدۇ. ئەڭ قەدىمىي ئىسلامىي مائارىپ مۇئەسسەسەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان ۋە بۈلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان قاھىرەدىكى ئەل ئەزھەر بەزىدە جامە بەزىدە ئۇنىۋېرسىتېت دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئەل ئەزھەر دەسلەپتىلا ئومۇمىي تەلىم - تەربىيە مۇئەسسەسەسى ئىدى،

(1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز باشچىلىق قىلىپ سالدۇرغان مەسجىدى نەبەۋى، جامە بولۇش بىلەن بىرگە مەكتەپ (نامى سۇففە ئىدى) ئىكەنلىكىگە دائىر تارىخى ۋەسىقىلەر مەۋجۇت.

ئەل ئەزھەردە پەقەت ئىلاھىيەتلا ئوقۇتۇلغان ۋاقىت ئەل ئەزھەرنىڭ چېكىنگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. 1961 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ئارقىلىق مېدىتسىنا ۋە ئىنژېنېرلىق فاكۇلتېتلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئەسلىدىكى بىرلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. پاكىستاندا بولسا جامە ئىماملىرى دۆلەت تەرىپىدىن خەلقنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش سەپەرۋەرلىك پائالىيىتىگە باشلامچىلىق قىلىشقا تەيىنلىگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە، ناھايىتى توغرا ئىش ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ ئىش تەشكىلسىز، چۇۋالچاق، غايىسىز ئېلىپ بېرىلىپ سەلبىي تەسىرلەرنى ياراتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال ئىراندىمۇ ئۇچرايدۇ. ئىراندا ھەر خىل مەكتەپلەردىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ياشلار ھەربىيلىك ۋەزىپىسىنى يېزىلارغا چۆشۈپ خەلقنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش بىلەن ئورۇندايتتى. جامەلەر مەكتەپ سۈپىتىدە ئىشلىتىلەتتى.

ئىسلامنىڭ تاشقى دۇنياغا يۈزلىنىشىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى، ئۇنىڭ ئىنسان ئېڭىدىكى چىنلىق خۇسۇسىيىتىدۇر. تەبىئەتنى قوبۇل قىلىش، ئىنسان تەبىئىتىنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىك بولاتتى. دۇنيانىڭ (بەدەننىڭ) رەت قىلىنىشى ئۆزىنى ھەر قانداق دىنغا مەجبۇرىي تاڭىدۇ. دۇنيانى قوبۇل قىلىش دېگەنلىك دىن ئۈچۈن ئۆزىگە ھۆكۈمران بولۇش ۋە ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆتۈش دېگەنلىكتۇر. ئىسلام، خىرىستىيانلىقنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشىنى كۆزلەپ، ئىمكانىيەتسىز بىر ئىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. بۇ قۇرئانى كەرىمدىكى لەززەت، جىنسىي سۆيگۈ، كۈرەش، سالامەتلىككە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ ھەقىقەت دىنلار تارىخى، ھەتتا ئىنسان تەپەككۇر تارىخىدا ناھايىتى كۈچلۈك ئاملىنى تەشكىل قىلىپ، «ئىككى دۇنيا دىنى»نىڭ ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتكۈل تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىلىم نامىغا دىندىن، دىن نامىغا تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلمايدىغان ئاڭنى ۋە دۇنيا قارىشىنى تەكىتلەيدۇ. ئىسلام ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان تۇنجى تىراگېدىيەنى ۋە بۇ تىراگېدىيەگە قارشى كۈرەشنى قەتئىي نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ، ھەتتا بۇ تىراگېدىيەنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئومۇمەن ئىنساننىڭ بۈيۈكلۈكىنى، ئىززەت - ئابرۇيىنى ۋە ئېزىلىشىنى ئۇلۇغلايدىغان ئىسلام، كونكرېت ئىنسان تىلغا ئېلىنغىنىدا ناھايىتى ئەمەلىيەتچىل ۋە «ئانتى قەھرىمان (قەھرىمانلىقنى تەكىتلىمەيدىغان قاراش)» بولۇپ كېتىدۇ. ئىنسان ئىنساننىڭ تەبىئىتىدىن ھالقىغان خۇسۇسىيەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچەپ كەتمەيدۇ. ئىنسانلارنى ئېزىز ياكى

www.uyghurkitap.com



پەرىشتە قىلىۋېتىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق بىر ئىستەك خىيالدىن ئىبارەت. ئىسلام بىزنى ئىنسان قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىدۇ. ئىسلام تەقۋا كىشىلەرنى ۋە دەرۋىشلەرنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ھايات، سالامەتلىك، زېھىن، ئىجتىمائىي ھەرىكەت، خۇشاللىق ۋە لەززەتكە بولغان مايىللىقنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ. ئىسلام كۆزدە تۇتقان تەقۋالىقنى ۋە دەرۋىشلىكنى قان بىلەن روھ، ھايۋانىي بىلەن ئەخلاقىي ئارزۇ ۋە ئىستەكلەر ئارىسىدا بىر تەڭپۇڭلۇق ياراتقۇچى ئۇنسۇر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. ئىسلام تاھارەت، ناماز، روزا، جامائەت، پائالىيەت، مۇجادىلە، كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر قاتارلىقلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن، تەبىئەتنىڭ ئىنساننى شەكىللەندۈرۈش رولىنى ئۆتەيدۇ. ھېچقانداق خۇسۇستا، تەبىئەتكە قارشى ئەمەس. غايىلەر ئوخشاش بولمىسىمۇ، ھەر جايدا ئىزچىللىق ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىنىڭ بۇنداق بولۇشى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نارازىلىقلارغا سەۋەب بولدى. ئىسلام شەھۋانىيەتنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن ئەيىبلىنىدۇ. بۇنىڭغا دەلىل سۈپىتىدە قۇرئانى كەرىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن مىساللار كۆرسىتىلمەكتە. لېكىن بىز شۇنى ناھايىتى دادىللىق بىلەن دېيەلەيمىزكى، ئىسلام ئەمەلىي تۇرمۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، پوپلىقنى، راھىبلىقنى[1] رەت قىلىدىغان، بايلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، نامراتلىقنى رەت قىلىدىغان بولۇپ، تەبىئەتكە، ھەتتا زېمىنغا، مۇمكىن بولسا يۇلتۇزلارغا، پىلانېتلارغا ھۆكۈمران بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلامنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشىنىش دېگەنلىك تەبىئەت، بايلىق، سىياسەت، ئىلىم، قۇدرەت، بىلىم، سۆيگۈ، خۇشاللىق قاتارلىق ئۇقۇملارنى غەربلىكلەر چۈشەنگەندىن پەرقلىق چۈشىنىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام ئىنساندىن پۈتكۈل مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يوقسۇللۇق ۋە ئازاب ئوقۇبەتكە تولغان تەركى دۇنيالىقنى قەتئىي تەشەببۇس قىلمايدۇ.

ئىسلام ئىنسانغا «زېمىننىڭ تۇزىنى ۋە ناھايىتى تۈزلۈق دېڭىزنىڭ تۇزىنى» (ئاندېر گىدې) تېتىشنى چەكلىمەيدۇ. ئىسلام ئىنسان ئۈچۈن تولۇق ۋە تولغان بىر ھايات تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھايات بولسا ئىككى قۇتۇپ ئۈستىدە تۇرىدۇ. بىرسى خۇشاللىققا ۋە قۇدرەتكە بولغان مايىللىق، يەنى بىرى بولسا ئەخلاقىي جەھەتتە يۈكىلىش، «ئۆزىنى توختىماستىن يارىتىش»تۇر. بۇ مايىللىقلار لوگىكىدا بىر - بىرىگە تامامەن

(1) «ئىسلامدا راھىبلىق يوقتۇر» ھەدىس

زىتتۇر. ئەمما ھەقىقىي ھاياتتا بىرلىشىپ، بىر - بىرىگە نوپۇز بولۇشقا ئۇرۇنىدۇ ياكى نوپۇز بولىدۇ. بۇ ئۆز تۇرمۇشىمىزدا ياكى كۆز ئالدىدا ھەر كۈنى ساناقسىز قېتىم نامايان بولىدۇ. يەنى بۇنداق كۆپ ئىمكانىيەتلەر پەقەت ئىنسانغىلا بىرلىگەن بولۇپ، زىتلىققا تولغان بۇ مەخلۇق، پەقەت مۇشۇنىڭ بىلەنلا تەرىپلىنىدۇ.

ئىنجىل تەبىئىي ئىستەكلەرنى رەت قىلىپ روھتىنلا سۆز قىلىدۇ. قۇرئانى كەرىم بولسا ئۇلارنى تەكرار ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئېسىل نەرسىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي ۋە ئەمەلىي نەرسىلەردۇر. قۇرئان بۇلارنى ئەيىبلىمەستىن توغرا مۇئامىلە قىلغان ھالدا سۆز قىلىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانغا سەجدە قىلىشى (قۇرئانى كەرىم:34/2). ئىنساننىڭ پەرىشتىدىن ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى بىر شېئىرنىڭ گۇمانغا تولغان مۇقەددەسلىكى ئالدىدا دىرامىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ھەقىقىي بولۇشىغا ئوخشاش. ئىنسانلار نازۇك خۇيلۇق، گۈزەللىك، ياخشىلىق ئۈچۈنلا پىروگراممىلانغان مەخلۇقلار ئەمەس. ئۇلار ماددىي، قوپال، زىددىيەت ئىچىدىمۇ بولىدۇ. ئىستەكلىرى بىلەن ئىمتىھانلىرى ئارىسىدا بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرىدۇ... ئىنسانلاردىن گۇناھ ۋە خاتالىقتىن خالىي مەخلۇق بەرپا قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەندە، تولىمۇ ئەپسۇسكى قانىسىز، ھېس - تۇيغۇدىن مەھرۇم، يامانلىق قىلالمىغانلىقىغا ئوخشاش ياخشىلىقمۇ قىلالمايدىغان ساختا ئوبرازلارغا شاھىت بولىمىز. ئۇلارنى ئانا زېمىندىن مەھرۇم قىلىش بىلەن بىرگە ھاياتتىنمۇ ئايرىپ تاشلايمىز. ھايات ۋە قۇۋۋەت يوق يەردە، پەزىلەتتىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. فىروئۇد، جىنسىيەتنى يوق قىلىشنىڭ ئەمەس، پەسەيتىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى، جىمىقتۇرۇلغان جىنسىي ئىستەكنىڭ بولسا تېخىمۇ كۆپ دەرد - ئەلەم كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن ئاۋارە بولغان. خىرىستىيانلىقتا ئىپپەت ۋە نەپسىنى كونترول قىلىش تەشەببۇسى ناھايىتى مەنىلىكتەك بىلىنسىمۇ، مۇۋاپىق بولغان جىنسىي تۇرمۇشقا بولغان ئىسلامىي ئاتىڭ ئىنسانغا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا مەسىلىنىڭ ھەقىقىي ، ئەمەلىي ۋە بۇ دۇنيالىق تەرىپى نەزەرگە ئېلىنغان بولىدۇ. مەزكۇر مەسىلىدە ئىسلام دىن سۆپىتىدە ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىتى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىسلامدا جىنسىي تۇرمۇشقا پايدىلىق بولغان پۈتكۈل سەۋەبلەر ئەقلىي، ئەمەلىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. نەپسنى تىزگىنلەشكە ئوخشاش دىنىي ۋە ئەخلاقىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس.

بىز ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىۋاتقان مەسىلە، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزى بىلەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ غايىلىرىنىڭ ئۇنىڭ تەبىئىي ، ئىجتىمائىي ۋە پىكرى تىرىشچانلىقلىرى بىلەن پاراللېل بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئاساسلىق مۇناسىۋەتتىكى توقۇنۇش نىرۋىلىرىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاساسلىق مەنبەلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر مەنبەسى بولسا ئىنسان بىلەن ئەتراپىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر.

قۇرئان «ئىنسان» غا ناھايىتى ئاز، لېكىن ئىنسانلارغا ھەمىشە، نورمال بىر پۇقرا سۈپىتىدە خىتاب قىلىدۇ. ئىنسان جەمئىيەت ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ پەرزەنتىدۇر. يالغۇز ۋە شەخسىيەت بولۇش سۈپىتى بولسا ‹ئاسمان› نىڭ ئاھالىسىدۇر. ئىنسان باشقا ئىنسانلار بىلەن ئورتاق ئىگە بولغان نەرسىگە ئاساسلانغاندا ئاندىن ، ئىجتىمائىي مەخلۇق بولالايدۇ. يەنى شەخسىي ئىگە بولغانلىرىغا ئاساسەن ئەمەس. ئەگەر بىر تەرەپتە شەخس، يەنە بىر تەرەپتە جەمئىيەت ئوخشىمىغان ۋە مۇستەقىل ھالدا ۋە مۇئەييەن غايىلەرگە ئاساسەن شەكىللەندۈرۈلگەن تەقدىردە، شەخس بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش مۇقەررەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئىسلام ئىنجىلدىكى سۆيگۈنىڭ ئورنىغا ئادالەتنى ئەڭ ئۈستۈن بۇيرۇق سۈپىتىدە تەكىتلەش ئارقىلىق (قۇرئان: 4/135, 5/9, 5/45, 6/152, 7/28, 7/84)، مۇسۇلماننىڭ ئىنسان ۋە پۇقرا سۈپىتىدە تەلىم - تەربىيەسىنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوخشاش ۋاقىتتا ھەم شەخسىي ۋە ھەمدە ئىجتىمائىي پەزىلەتتۇر. (ئارىستوتېل بۇنى «سىياسىي پەزىلەت» دەپ تەرىپلەيدۇ). بۇ سەۋەبتىن، ماددىي ۋە ئەخلاقىي تەلەپلەر تەڭپۇڭلۇقنىڭ كەلگۈسى ئىپادىسى بولغان مۇسۇلماننىڭ، باشقا ھەر قانداق مۇكەممەل ئىنسانغا سېلىشتۇرغاندا، مۇھىتىغا، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ تەقەززاسىغا تېخىمۇ بەكرەك ماس ھالدا ياشىشىنى كۈتۈش ئەڭ ئەمەلىي نۇقتىئىنەزەر ھېسابلىنىدۇ. خىرىستىيان ۋە باشقا ئىدېئالىست تەلىماتلار، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئارىسىدىكى زىددىيەت سەۋەبىدىن ئۈمىدسىزلىككە ۋە ئىشەنچسىزلىككە سەۋەب بولىدۇ.غەرب دۇنياسىدىكى نىرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر بىلەن شەكىل بۇزۇلۇش ھادىسىلىرى قىسمەن خىرىستىيانلىقتىكى ئىنسان تىپى بىلەن خىرىستىيان غايىلىرىدىن مۇستەقىل ھالدا شەكىللەنگەن جەمئىيەتنىڭ نەتىجىسىدە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ چىركاۋ روھنى تەربىيە قىلىدىغان، دۆلەت بەدەننى كونترول قىلىدىغان ئەھۋالدۇر. «تەڭرى»گە تەۋە بولغاننى تەڭرىگە، ھۆكۈمدارغا تەۋە بولغاننى ھۆكۈمدارغا بەر» دېگەن پىرىنسىپقا ئاساسەن غەربلىكلەرگە شەخسىي ھاياتىدا خىرىستىيان، رەسمىي شەخس

ياكى كارخانىچى، سودىگەر بولغاندا ماكىياۋېلىست بولالايدىغانلىقى ئۆگىتىلگەن. بۇ توقۇنۇشنى ئاڭقىرالمىغان ياكى ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشى نېرۋا كېسىلى بولۇپ قالىدۇ. مۇسۇلمان دۇنياسىنى ئوبدان بىلىدىغانلار شەخسلەر بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى پەۋقۇلئاددە ماسلىقنىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى، شەخسنىڭ جەمئىيەت بىلەن پۈتۈنلىشىشى، سىنىپىي، تاشقى، سىياسىي ۋە قانۇنىي ئەمەس، بەلكى ئىچكى، ئورگانىك بىر مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىدا ئوخشاش پىكىرگە ئىگە. بۇ ھەقىقەت نامراتلىق ۋە قالاقلىقنىڭ ئەكسىچە يەنىلا مەۋجۇت.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن ھەدىسىدە ئاشقۇنلۇق (رادىكاللىق) تامامەن رەت قىلىنىدۇ. «ئىككى نەرسىدىن نەپرەتلىنىمەن: بىرى دىندار جاھىل كىشىدىن، يەنە بىرى ئىمانسىز ئالىم كىشىدىن» (بۇ ھەدىسنى ر. ۋ. ئېمېرسون «تۇرمۇش شەكلى؛ ناملىق كىتابىدا ئالاھىدە تەكىتلىگەن). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە كۆپلىگەن نەرسىدىن نەپرەتلىنەتتى: مەسىلەن، ئاجىز مۇسۇلمانلار، ئىمانسىز كۆچلۈكلەر، روھىي جەھەتتىن پاكىز، بىراق بەدەن جەھەتتىن پاسكىنا بولغانلار، كۆچسىز ئادالەت ۋە ئادالەتسىز ھاكىمىيەت.... بايلىق ۋە باياشاتچىلىققا قارشى ئەمەس ئىدى، بىراق پەزىلەتلىك بايلىقنى چوقۇم تەلەپ قىلاتتى. كۆچسىز، ھىمايىسىز، ھەيۋەتسىز پەزىلەتكە ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى. تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش شارائىتلىرى ئۈچۈن جاھالەت، كېسەللىك، نامراتلىق ۋە مەينەتلىككە قارشى كۆرەشنى ئەخلاقىي قىممەت ئۆلچەملىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قوياتتى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ناماز قىلغان ۋە روزا تۇتقاندا چوقۇم ئەۋلىيا بولۇشى شەرت ئەمەس. ئۇلار ئاددىي، ھاياتنىڭ لەززەتلىرىگە مايىل ئىنسانلاردۇر. ناماز ۋە روزا ئۇلارنى ھەمىشە يۇقىرىغا تارتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار يەنىلا يىلىكلىرىگىچە ئىنساندۇر. يەنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئىشتىراك قىلىپ قايتا - قايتا ئۇنىڭغا قايتىدۇ. ئىنسانلاردىن ئۇزاق ۋە خالىي يەرلەردە تۇرۇشنى خالىمايدۇ، ئۆزلىرىگە سەل قارىمايدۇ، «ئاللاھ ھالال قىلغان گۈزەل ۋە ياخشى نەرسىلەر» (قۇرئان: 5/90)دىن قەتئىي ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن پەقەت روھىي جەھەتتە ئەركىن بولۇشلا يېتەرلىك ئەمەس (دەرۋەقە، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ھەر كىم روھىي جەھەتتە ئەركىندۇر). ئۇلار تاشقى (ماددىي) جەھەتتىنمۇ ئەركىن بولۇشنى خالايدۇ، قۇل بولۇشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. زېمىندىكى ھاياتىمىزنىڭ يېگانە ھايات ئەمەسلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىدۇ. لېكىن ئۇلارغا سەل قاراپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىمۇ خالىمايدۇ. قۇرئان زېمىننىڭ ھەقىقىي پەرزەنتلىرىگە خىتاب

قىلىدۇ: ئۇلاركى، «زېمىندا ھۇزۇر ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ياشاپ، زۇلۇم قىلماستىن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىزدەيدۇ» (قۇرئان).

ئىسلامنى ھەم ماددىي ھەمدە مەنىۋى تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى قۇرئاننىڭ دېگىنىگە ئوخشاش بۇ دۇنيادىن نېسىۋىسىنى ئۇنتۇپ قالماستىن ئەبەدىي تۇرمۇش ئۈچۈن ياشاش، دەپ تەرىپلىگەن ۋاقتىمىزدا ئۇنداقتا دۇنيادىكى پۈتكۈل ئىنسانلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بىرەر بولغۇسى مۇسۇلمان، دەپ ئېيتالايمىز [1].

ھەر قانداق بالىنىڭ مۇسۇلمان سۈپىتىدە دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى، بىراق ئاتا - ئانىسى ياكى ياشىغان شارائىتلىرى ئۇنى باشقىچە قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى ئېھتىمال مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. ئىنسان تۇغما خىرىستىيان ئەمەس، چۈنكى «ئاللاھ ھېچكىمگە ئادا قىلالمايدىغان مەسئۇلىيەتنى بەرمەيدۇ» (قۇرئان، 2/286). ئىنسان ھەزرىتى ئىساغا ئاساسەن ياشىمايدۇ. بىراق تامامەن ئۇنىڭغا قارشى ھالدىمۇ ياشىيالمايدۇ. يەنى ئۇنى مەلۇم مەنىدىن قوبۇل قىلىپ، مەلۇم مەنىدىن رەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام دەل بۇ ئىشنى قىلىدۇ. زېمىندا ئىنساننىڭ تەقدىرى دەپ تەرىپلىنىدىغان ھەر نەرسە، بىر - بىرىگە زىت بۇ ئىككى ھەقىقەت ئوتتۇرىسىدا جەريان قىلىدۇ. ئىسلام ئىنسانغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە ئوبرازىغا ئاساسەن تەشكىل قىلىنغان (قۇرئان: 30/30). مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئىككى تەرەپلىكىگە ئاساسەن تەشكىل قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق جاۋاب پەقەت بىرلا تەرەپنى ئالدىنقى پىلانغا قويىدۇ، شۇڭا ئىنسانىي قۇۋۋەتلىرىنىڭ تولۇق جارى بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئىنسان ئىسلامغا نىسبەتەن ئەڭ ئېنىق دەلىل بولالايدۇ.

## ئىسلام ۋە ھايات

دۇئالىزم (ئىككى مەنبەچىلىك) ئەڭ يۈكسەك پەلسەپە ئەمەس، لېكىن ھاياتنىڭ

(1) ئەگەر ئىسلام بۇ شەكىلدە بولسا، ئۇنداقتا بىز ھەممىمىز ئىسلام ئىچىدە ياشايمىز،دېگەنلىكتۇر» (ج. ۋ. گىئوت).

ئەڭ يۈكسەك شەكلىدۇر. شېئىر پرىنسىپ جەھەتتىن قەلبنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئەڭ بۈيۈك شائىرلار (ھومېر، فىردەۋسى، دانتې، شېكسپېر، گېئوت) ئەقىل بىلەن تۇيغۇنى، ئىلىم بىلەن گۈزەللىكنى شېئىردا مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شېئىر جەمئىيەتكە ئەمەس ئىنسانلارغا خىتاب قىلىدۇ. ئەمما ھومېرنىڭ شېئىرلىرى يۇنان مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە، ج.گ ۋايتتېرنىڭ ئاچچىق شېئىرلىرى ئامېرىكىدا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان. ماتېماتىكا ئەقىلنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بىراق «ياخشى بىر ماتېماتىكچى مەلۇم مەنىدىن شائىر بولۇشى كېرەك» (ۋېيېسېرستراس). پۈتكۈل بۈيۈك فىزىكچى ۋە ئاسترونوملار ئوخشاش ۋاقىتتا مىستىك كىشىلەردىن ئىدى. مەسىلەن، كوپېرنىك، نيۇتون، كېپلېر، ئېينىشتېين ، ئوپوپپېنھېيمېر قاتارلىق شەخسلەر. جازا بېسىم ۋاستىسى بولۇش بىلەن بىرگە، كۈچلۈك بىر ئەخلاقىي ئامىل بولالايدۇ. جازا ئادالەتلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغاندا، جىنايەتكە ھەمدە باشقا ئىنسانلارغا نىسبەتەن تەربىيەۋى تەسىرى بولىدۇ. قورقۇش ئىنسانغا نىسبەتەن ئەقىلنىڭ باشلانغۇچىدۇر. خۇددى ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ باشلانغۇچى بولغىنىغا ئوخشاش. بەدەن چېنىقتۇرۇش جىسمانىي بىر پائالىيەت بولسىمۇ، ناھايىتى كۈچلۈك تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ۋە رولى بار.

تارىختىكى ئەڭ بۈيۈك زاتلاردىن بولغان ئەپلاتۇننىڭ نامىنىڭ ئۇلۇغلىنىشى مۇرىسىنىڭ كەڭلىكىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. كۈچلۈك ۋە كەڭ مۇرىلەر ئارىسىدا ئەڭ ئېسىل روھلا يېتىشىپ چىقاتتى. ھاياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى تەشكىل قىلغان نۇقتىدا بەدەن بىلەن روھ، ئەقىل بىلەن كۆڭۈل، پەن بىلەن دىن، فىزىكا بىلەن ھىند پەلسەپىسى بىرلىشىدۇ. نوقۇل زېھىن ياكى نوقۇل ئىلھام ھەر ۋاقىت ئېزىش ۋە چېكىنىشنىڭ ئىشارىتى بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سېكولارىزملىق (دىندىن خالىيلىق) پرىنسىپ، مۇقەددەس پرىنسىپنى قوللىشى مۇمكىن، بەدەن پاكىزلىقى روھ ساپلىقىغا خىزمەت قىلىشى مۇمكىن، ناماز بولسا ئىبادەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك شەكلىدۇر.

بۇ نۇقتىئىنەزەر دائىرىسىدە بىر نەچچە مەسىلە ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بارايلى:

تەبىئىي بولغان تەربىيەنىڭ مەقسىتى نېمە؟ روسسو بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىلىدىغان، لېكىن پۈتكۈل بۈيۈك ئىنسانلار قىلالايدىغان، يەنى جىسمانىي بىلەن مەنىۋى كۈچنى، بىر دانىشمەننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەقلى بىلەن بىر تەنھەرىكەتچىنىڭ كۈچىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت» (ژ.ژ. روسسو، «ئېمىل »). مونتايگنې پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: روھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن مۇسكۇلنى قۇۋۋەتلەش كېرەك». روسسو بولسا لوك، فىلېپۇرېي كىرۇسسا ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسىمۇ، لېكىن بۇ نۇقتىدا ئوخشاش پىكىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۆزىمۇ «ئېمىل» ناملىق ئەسىرىدە مۇنۇ قاراشنى قايتا - قايتا تەكىتلەيدۇ: «جىسمىم روھقا ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قۇۋۋەتلىك بولۇشى كېرەك. ياخشى خىزمەتچى چوقۇم كۈچلۈك بولۇشى لازىم. ئاشقۇنلۇق (رادىكاللىق) كۈچلۈك ھەۋەس قوزغىتىدىغانلىقىنى بىلىمەن، بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، بەدەنىمۇ ئاجىزلىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە رىيازەت ۋە روزا كۆپىنچە ئوخشاش نەتىجىگە ئېلىپ بارىدۇ. بەدەن قانچىلىك ئاجىز بولغانسېرى ئىستەكلەرمۇ شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ. ئەكسىچە قانچىلىك كۈچلۈك بولسا شۇنچىلىك ئىتائەتكار بولىدۇ. پۈتكۈل نەپسانىي ھەۋەسلەر ئاجىز بەدەندە بولىدۇ. ئۇلار قانچىلىك ئاز قاندۇرۇلغانسېرى، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە شۇنچىلىك قالىدۇ» (روسسو، «ئېمىل»).

قۇۋۋەتنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىن ئەخلاق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئەمما ئەمەلىي ھاياتتا كۈچسىز ئادالەت بولمايدۇ. ئادالەت ھەققانىيەت قارشى بىلەن كۈچنىڭ بىرلەشمىسىدۇر. چېركاۋ ۋە دىن ئەسىرلەر بويىچە بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن ئۇ قەدەر كۆپ ئادالەتسىزلىككە سىياسىي ھەرىكەتلەر خاتىمە بېرەلىدىمۇ؟ «باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، قېرىنداشلىق» پرىنسىپلىرى پىكىر جەھەتتىن دىنى ماھىيەتكە ئىگە. مۇبادا ھەقىقەتەن نۇقتىسىدىن بولۇپ قالسا، بۇلار ئىنقىلابنىڭ يەنى سىياسەت ۋە زۇلۇمنىڭ نەتىجىسىدۇر. دىن تەشەببۇس قىلىدىغان چوڭقۇر پىكىرلەردىن ھەر قانداق بىرى ئەمەلىي ھاياتقا ھۆكۈمران بولۇشتىن ئاجىز كېلىپ قالغاندا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار، كەمسىتىلگەنلەرنىڭ تەلەپلىرىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دىنلار ئوتتۇرىغا چىقارغان لېكىن ۋەدە ۋە خىيال پېتىلا تاشلاپ قويغان پىكىرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن ۋاستە بولغان زۇلۇم ۋە سىياسەت، بۇ نۇقتىدىن مەسىلە سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ.

ئەمدى خىزمەت توغرىسىدا توختىلايلى: ئىشلەشنىڭمۇ دەسلەپتىلا ئىككى تەرىپى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىرى پائالىيەتنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئىنسانىي بولغان ۋە پايدىغا تايانمىغان پائالىيەت شەكلى، يەنە بىرى، خىزمەتنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، پايدىلىق

ۋە ئېھتىياج بىلەن ئىزاھلىنىدىغان مەھسۇلات... بىرىنچىسى دىن، ئىككىنچىسى مەدەنىيەت تەشەببۇس قىلىدۇ.

دىن ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى تەقدىرىنى «پېشانەڭدىن ئاققان تەر ئىچىدە نېنىڭنى يېيىشىڭ كېرەك» دېگەن پىرىنسىپ بىلەن بەلگىلەيدۇ. يەن بىلەن ماتېرىيالىزم مېخانىك ئىشلەش سىستېمىسىنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئىنساننىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقىنى، ئەمگەك كۈچىنىڭ بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا قىسقىراپ بارىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نىھايەت ئىشلىمەيدىغان يېتىپ يەيدىغان بىر تۈزۈمنى ۋەدە قىلىدۇ. دىن ئىشلەشنى نوقۇل ئىش بولسۇن دەپلا، گۇناھقا قارشى ئەخلاقىي ۋاستە سۈپىتىدە تەشەببۇس قىلىدۇ. «ئەمگەكسىز كىشىنىڭ مېڭىسى شەيتان ياتقۇزىدىغان ماكاندۇر» دەيدىغان گەپ بار. بۇنىڭدىن باشقا، «ماددىي ھاياتنىڭ ئەسىرى ۋە خام ئەسىرى» دىننىڭ غايىسى ئەمەس. مەدەنىيەت بۇنىڭ ئەكسىچە، نوقۇل ئىشلەشنىڭ نەتىجىسىنى ياكى نوقۇل ئىشلەپچىقىرىشنى نەزەرگە ئالىدۇ. تونۇلغان ماركسىزمچى يازغۇچى ھېنرى لېفېبىر بۇ مەسىلە ھەققىدە توختالغاندا، ماركسىزمدا ئىشلەشنىڭ ئەخلاقىي نۇقتىدىن ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ (جەنۇۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىندا بەرگەن لېكسىيەدە). ياۋروپادا ئىشلەش ئېتىقادى پروتېستانتلىقتىن كەلگەن بولۇپ، ھەممە ئويلىغاندەك، سوتسىيالىزمدىن كەلگەن ئەمەس. دىن ئىنساندىن نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىلەن كارى بولماي ئىشلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەدەنىيەت بولسا نوقۇل نەتىجىنى تۇتقا قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە باشقىلارنى، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە قۇللارنى، يېڭى دەۋردە ماشىنىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىشلەشنىڭ ئۆزىنى چەتكە قاقىدۇ.

مەزكۇر ئانالىزىمىزدا خىزمەت تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، قىسىملارغا ئايرىلغان. ئىش بىر پۈتۈن، پايدىلىق بىر پائالىيەت بىرلىك سۈپىتىدە نەزەرگە ئېلىنغىنىدا، ئىشلەشنىڭ ئىقتىسادىي رولى بولغىنىغا ئوخشاش ئەخلاقىي رولىنىڭمۇ بارلىقى كۆرۈلىدۇ. نامراتلىققا قارشى بىر كۈرەش ئاملى بولغىنىغا ئوخشاش، بىنورمال چۈشەنچە ۋە ھەۋەسلەرگە قارشىمۇ كۈرەش ئاملى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا ئىشلەش، تىپىك بىر ئىسلامىي ماھىيەتكە ئىگە ھادىسىدۇر.

پايدىلىق ۋە ئەخلاقىي خۇسۇسىيەتلارنىڭ بىرلىكى ۋە پاراللېللىقى، ئىنساننىڭ ھەم تەبىئىي ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەۋە ھادىسىدە روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھادىسە دېگەندە ، يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ چەكلىنىشى ياكى ئائىلە مۇكەممەللەشكەنسېرى بۇ چەكلىمىنىڭمۇ تارىيىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىدا ھەم تېببىي ھەمدە ئەخلاقىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىنغان بىر ھەقىقەت مەۋجۇت. يەن بىلەن ئەخلاق بۇ خۇسۇستا بىردەكلىككە ئىگە. دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە ۋە ھەر قانداق دەۋردە يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەت چەكلەنگەنلىكتىن، بۇ دۇنياۋى ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. بۇ، «تەبىئىي ئىسلام دەپ تەرىپلىنىدىغان خۇسۇسنىڭ مىسالىدۇر. ھاياتنىڭ ئۆزى دەل بۇ نۇقتىدا ئىسلامىي يولىنى تاپقاندەك قىلىدۇ[1] .

يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ چەكلىنىشى نوقۇل ئەخلاقىي مەسىلىمۇ ياكى بىيولوگىيەلىك سەۋەبلەر بارمۇ؟ ئەگەر بۇ سەۋەبلەر ئىچىدە بىرەرسى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان تەقدىردە، مەسىلىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. بىيولوگىيەلىك سەۋەبلەر ھەر قانداق گۇماننىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. تونۇلغان رۇس بىيولوگ تىمرىيازېۋ مۇنداق دەيدۇ: «يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆيلىنىپ ئاپىرىدە بولغان بالىلارنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمايدۇ، بۇنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار. كۈنىمىزدە مۇنداق دەلىللەرگە ئېھتىياجىمىز قالمىدى. چۈنكى تەجرىبە بۇنىڭ قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ يالغۇز ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار دۇنياسىدىلا ئەمەس، ئۆسۈملۈك دۇنياسىدىمۇ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھەتتا بۇ پۈتكۈل ئورگانىك دۇنيادا ئومۇمىي بىر قانۇنىيەتتۇر. ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا بۇ ناھايىتى روشەن كۆرۈلىدۇ» (تىمرىيازېۋ، «ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتى»). بۇ چەكلىمىنىڭ ۋاقتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن بولۇشى مەسىلىگە ئەخلاقىي نۇقتىدىن قارىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. كونا زامانلاردىمۇ بۇ چەكلىمىگە ئەخلاقىي نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىنغان. خۇددى كۈنىمىزدىمۇ ئەخلاقىي ياكى نوقۇل ئەخلاقىي چەكلىمە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغىنىغا ئوخشاش. ئەگەر بۇ چەكلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا جەمئىيەتتە غۇلغۇلا پەيدا بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئەيىبلىك ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇ نۇقتىدا ئەخلاق بىلەن پەن ئارىسىدا

(1) ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ بۇ چەكلىمىگە رىئايە قىلىش ئۇچۇن ئاددىي لېكىن ئۈنۈملۈك تەبىر ئېلىش ناھايىتى ھەيران قالارلىق. مەسىلەن، ئافرىقىدىكى پاكارلار قەبىلىسى ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى يەرلىك قەبىلىلەردە ھەر ئائىلە بىر نەچچە ئائىلىدىن تەشكىل تاپقان مۇئەييەن بىر توتېم گۇرۇپپىسىغا تەۋە. بىر - بىرىگە يېقىن بىر نەچچە توتېم گۇرۇپپىسى، سىمۋولى بىر ئۆسۈملۈك ياكى بىر ھايۋان بولغان مۇئەييەن بىر نىكاھ سىنىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىر يىگىت ئۆيلەنمەكچى بولغاندا باشقا بىر نىكاھ سىنىپىدىن بىر قىز بىلەن ئۆيلىنەلەيدۇ.

مۇكەممەل بىر بىرلىك مەۋجۇتتۇر، يەنى ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەر دەپ تەرىپلەنگەن خۇسۇسىنىڭ ئۆزىنى تەشكىل قىلغان پىرىنسىپ مەۋجۇتتۇر.

تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مېدىتسىناغا مۇناسىۋەتلىك بەزى بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىقلار ۋە نەتىجىلەرگە نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇلار مېدىتسىنانىڭ «قوش ماھىيەتلىك» ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مېدىتسىنا كۈنىمىزدىكىگە ئوخشاش ئۆتمۈشتىمۇ نوقۇل بىلىم بولۇپ كەلگەن ئەمەس. يەنى ھەم ھېكمەت ، ھەم ئەخلاقىي ئىلىم، ھەمدە روھقا يۈزلەنگەن بىلىم ئىدى. مېدىتسىنا بۇنداق بولمىغان دەۋرلەردە، نوقۇل بەدەنىلا داۋالىغان. كېيىنكى مەزگىللەردە بەزى كېسەللىكلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، مەسىلە چىققان ئورگانلارنىڭ قۇرۇلمىسىدا، ئەتراپلىق تەتقىقاتلارنىڭ ئەكسىچە، ھېچقانداق بىر ئورگانىكىلىق ئۆزگىرىش بايقالمىغان. بىمار كېسەللىكىنىڭ بەدىنىدە ئەمەس، بىۋاستە روھىي كەيپىياتىدا ئىكەنلىكىنى ئىپتىپ قاخشايدىغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بەدەن بىلەن روھىي كەيپىياتنىڭ ئۆز - ئارا تەسىرىنى تەتقىقات قىلىدىغان روھىي كېسەللىك ئىلمىي ئاشقازان يارىسى، نەپەس سىقىلىش، سېمىزلىك، دىئابەت، بەزى رېماتىزم كېسەللىكلىرى ۋە ئەكس تەسىر تۈرلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەر روھىي كەيپىياتنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەر ئاساسىدا بەزى روھىي توقۇنۇش ياكى داۋالغۇشلار ياتىدىكەن، ئورگانىك ئۆزگىرىشلەر بولسا ئىككىنچى پىلاندا ئىكەن. ھەتتا بۇ خىلدىكى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدىكەن.

ئىنسانلارنى فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك داۋالاش ياكى ئوپېراتسىيە، يەنى نوقۇل مېخانىكىلىق داۋالاش ۋە ئوپېراتسىيە بىلەنلا داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ. مېدىتسىنا دۇنياسىدا «سانائەتلەشكەن تابلېت» ۋە ئىمزاسىز داۋالاشنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىگە دائىر قاراشلار بارغانچە ئومۇملاشماقتا. چۈنكى «كېسەللىكلەر ئەمەس، يالغۇز كېسەللەر بار». مېدىتسىنا ئىلمىي يەتكەن پەللە ھادىسىلەر بولماستىن، ئىنسانلاردۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيلىقتۇر. ئوخشاش سەۋەب ھەر ۋاقىت ئوخشاش نەتىجىنى بەرمەيدۇ. يەنى «ئوخشاش كېسەللىك، ھەتتا داۋالاش ئىككى كىشىدە ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا مۇقەددەس ئامانەتلەر، دۇئا، قۇربانلىق، روزا قاتارلىقلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ داۋالانغانلىقىغا دائىر كونا ھېكايىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توغرا تەرەپلىرىمۇ بار. بۇ ئەھۋال كۆنىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. پارىژدا بەزى دوختۇرخانىلاردا مۇزىكا ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدىكەن(1). چۈنكى كېسەللىك نوقۇل فىزىكىلىق هال، خىمىيەۋى ياكى فىزىيولوگىيەلىك هالەتلا ئەمەس. كېسەللىك تەرەققىياتى جەريانىدا خىمىيە ۋە ئاسترونومىيەگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. يەنى مېدىتسىنا ئاسترولوگىيەدىن پەرقلىق هالدا، كېسەللىكنىڭ ئەڭ يېڭى ئالامەتلىرى ئوتتۇرىغا چىققاندا، دائىم بۇ ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ قالىدۇ. خىمىيە بىلەن ئاسترونومىيە ماددىنى تەتقىق قىلىدىغان بولسا، مېدىتسىنانىڭ «تېمىسى» هايات، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىنسان هاياتىدۇر. ئىنسانغا تەۋە هەر نەرسىنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، مېدىتسىنامۇ بۇ سەۋەبتىن پەن بىلەن دىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلىدۇ. مەسىلىنى بۇ نۇقتىدىن ئانالىز قىلغىنىمىزدا، هەر سەنئەتنىڭ يەنە ئوخشاش ۋاقىتتىمۇ هۈنەر ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىمىز. هۈنەر بىلەن سەنئەت ئوتتۇرىسىكى پەرقنى هېچكىم ئىنكار قىلالمىغىنىغا ئوخشاش، ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق نۇقتىلارنىمۇ هېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. كۆپلىگەن سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنى هۈنەرنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئۇستىلىرىدىن هېسابلىغان ئىدى. پارىژ رەسسامچىلىق ۋە هەيكەلتىراشلىق بىرلەشمىسىنىڭ بىر نىزامنامىسىدىنمۇ (1391 - يىلى تۈزۈلگەن)، هازىرقى بىرلەشمە نىزامنامىسى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى نىزامنامە ئارىسىدا هېچقانداق پەرق يوقلۇقى چىقىپ تۇرىدۇ. نىزامنامىدە هۈنەر ئۆگىنىش، شاگىرتلارنى تەربىيەلەش ، ئىش ئورنى ئېچىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئورۇن ئالىدۇ. هەر ۋاقىت بىر - بىرىگە زىت ئىككى ئىپادە ئالاهىدە كۆزگە چېلىقىدۇ: بىرى سەنئەت بىلەن هۈنەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلىشى، ئىككىنچىسى، بۇ ئايرىلىشنىڭ هېچقاچان تولۇق مەنىدە ئىشقا ئاشماسلىقى. سەنئەت بىلەن هۈنەر بەزى ئورتاق نۇقتىلارنى ساقلاپ قالىدۇ. ئىنسان قىلغان ئىش، هېچقاچان تامامەن مېخانىكىلىق بىر هەرىكەت بولمايدۇ. ئەكسىچە بولغاندىمۇ، ئىنسان قىلغان ئىش تامامەن يېڭىلىق ۋە ئىجادىيەتلىك بىر هەرىكەتمۇ بولمايدۇ. هەر قانداق هۈنەردە چوقۇم يېڭىلىق بولىدۇ. هەر قانداق سەنئەتتە تېخنىكا بولىدۇ. ياكى يېڭىلىقسىز هۈنەر ۋە تېخنىكىسىز سەنئەت بولمايدۇ. بىر - بىرىگە زىت ئىككى قۇتۇپ يەنە باشقا ساهەلەردىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بىر تەرەپتە رەسساملار، يەنە بىر تەرەپتە رەسىم سودىگەرلىرى، رەسىمنىڭ بىر تاۋار، باهاسى بولغان

(1) مەركىزى پارىژدا بولغان «مۇزىكا بىلەن داۋالاش كومىتېتى»نىڭ پەخرىي رەئىسى مەشهۇر ئىسكىرىپكىچى ئىدى.

ئىقتىسادىي قىممەت ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىللەر... ئوخشاش شەكىلدە يازغۇچى بىلەن نەشرىياتچى، بىناكار ئۇستىسى بىلەن مەبلەغ سالغۇچى، فىلىم رېژىسسورى بىلەن فىلىم ئىشلىگۈچىلەر مىسال بولالايدۇ. بۇ مەسىلىنى يەنە كۆپەيەتكىلى بولىدۇ.

مۇزىكا تارىخىمۇ تېخنىكا بىلەن تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز - ئارا بېقىندىلىقنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىتخوۋىن، بېك، موزارت قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكانتلار مۇزىكا تېخنىكىسى ۋە ئوركېستىرنىڭ تەشكىللىنىشىنى بىۋاستە ئۆزلىرى قىلاتتى. غەرب مۇزىكىسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان بېتخوۋېن سىمفونىيەلىرى ئۈچۈن، ئىلگىرىكى مۇزىكا تېخنىكىلىرىدىن پايدىلانغانلىقى مۇقەررەر. يەنى ئىلگىرىكى مۇزىكا تېخنىكىلىرى بولماي تۇرۇپ، بېتخوۋېننىڭ سىمفونىيەلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ساز سانى ئاشۇرۇلۇپ ئوركېستىرا دائىرىسىدە گۇرۇپپىلار تەشكىل قىلىنغان. كۈنىمىزدە 150 كىشىلىك ئوركېستىرالارمۇ بار. تېخنىكا ۋە تاشقى ئامىلنى تەشكىل قىلغان ئوركېستىرا بولماي تۇرۇپ سىمفونىيەنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ھەقىقىي ھايات ھەر قانداق يەردە بىر - بىرىدىن مۇستەقىل ئىككى ئامىلنىڭ ئىچكى تەسىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ بىيولوگىيەدە فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك ئاساستىكى ئىنتېلىھىك دەپ تەرىپلىنىدىغان پرىنسىپنىڭ بىرلىكىدۇر. تارىختا بولسا بۇ ماددىي ئاساس بىلەن ئىنسانىي، ئاڭلىق ياراتقۇچى ئامىلنىڭ (كۈچلۈك تەۋسىيەلەر، ھۆكۈمران پىكىرلەر، غايىلەر) بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشى، تەرىپلىنىدۇ. تارىخىي ھادىسە ھەر ۋاقىت مۇستەقىل ئىككى كۈچنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت.

ئىنساننىڭ تارىخىنىڭ يۆنىلىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىرادە بىلەن ئاڭنىڭ دەرىجىسىگە باغلىقتۇر. تارىخىي ھادىسىلەرگە ئىشتىراك قىلغانلارنىڭ مەنىۋى قۇۋۋىتى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، تاشقى دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىدىنمۇ شۇنچىلىك مۇستەقىل بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا بېقىندىلىق كىشىنىڭ ئاڭ ۋە پائالىيىتى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. پرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئىنسان تامامەن ئەركىن مەخلۇق بولۇپ، تاشقى دۇنيانىڭ ھېچقانداق تەسىرى يوق. ئىنسانلار ئىرادە كۈچى بىلەن كېسەللىك ۋە خەۋپلەرگە تاقابىل تۇرالايتتى. مۇبادا بىرسى بىر قانچە يولۋاس ئىچىگە كىرىپ قالسا، پۈتۈنلەي تۈگەشكەن ھېسابلىنىدۇ. ناھايىتى مەنتىقلىق بولغان بۇ قانۇنىيەت

يولۋاس تەربىيەلىگۈچىسىنىڭ گېپى چىققاندا بۇ ئىش قانداق چۈشەندۈرۈلىدۇ؟ تارىخ كىچىك ئەمما ئىرادىلىك، قەتئىي نىيەتلىك، جەسۇر ۋە ئەقىللىق ئىنسان توپلىرىنىڭ ۋەقە - ھادىسەلەرنىڭ يۆنىلىشىنى قانداق ئۆزگەرتىدىغانلىقلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان باياندۇر.

سۇبيېكتىپ ئامىلنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى قانچىلىك ئاز ۋە ئىشقا يارىماس بولغانسېرى، مۇنداق قىلىپ ئېيتقاندا ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتى قانچىلىك تۆۋەن ۋە ئادەتتىكى نەرسىلەر قاتارىدىن بولۇپ قالسا، ئوبيېكتىپ شارائىتلارنىڭ تەسىرىمۇ شۇنچىلىك چوڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۆز - ئۆزىمىزگە خوجا بولالىغان تەقدىردە، تەبىئەتكە، ھەتتا تارىخقا ھۆكۈمرانلىق قىلالايمىز. ئىسلامنىڭ تارىخىي نۇقتىئىنەزەرى ئاساسەن مۇشۇنداق.

بۇ تارىخىي نۇقتىئىنەزەر (ماھىيىتى ئىسلامىي)، يالغۇز ۋەقە - ھادىسەلەرنىڭ جەريانىنى ئىزاھلاش بىلەن قالماي، ئىنسانلارنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان بىۋاستە تەسىرىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. بىز بۇ ئىبارە ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ كۈچىنى ۋە ئاجىزلىقىنى، ۋەقە - ھادىسەلەرنى تىزگىنلىشىنى ۋە بۇ تىزگىنلەشنىڭ چەك - چېگرالىرىنى، ئىنسان قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋە قىلىشقا قادىر بولغان خۇسۇسلار بىلەن تارىخىي ھادىسەلەرنىڭ ئۇنسۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىشلارنى چوقۇم ئايرىش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇ خىلدىكى ئىدىيە، پىكىر ۋە كۆز قاراشلارنىڭ تارىخىي رېئاللىق ئىچىدە ياراتقۇچى كۈچىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ۋە ئېنېرگىيەلىرى بىلەن بۇ تارىخىي رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىنى ئىزاھلايدۇ. بۇ خىلدىكى ئىدىيە يەنە بىر جەھەتتىن، ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ رولىنى، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشنىمۇ ئىزاھلاپ بېرىدۇ. يەنە تارىخىي قارارچىلىقنى (دېتېرمىنىزم) قانداق رەت قىلغان بولسا، رېئاللىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئاساسسىز ئىدىئالىزمنىمۇ ئوخشاشلا رەت قىلىدۇ. رېئاللىق بىلەن پىكىرلەرنىڭ، رېئاللىق بىلەن ئىنساننىڭ بۇ خىلدىكى ئانالىزدا مۇقىم ئورنى بولغان بولىدۇ.

# توققۇزىنچى باب: قانۇننىڭ ئىسلامىي ماھىيىتى

## قانۇننىڭ ئىككى ئاسلى

قانۇن ئەگەر ئومۇمىي تەرىپىگە بىنائەن، «ھەق ھوقۇق» قا ئوخشاش قوغدىلىدىغان مەنپەئەتلەر سىستېمىسى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا دىن ۋە سوتسىيالىزمنى قانۇن تەبىرى بويىچە تەرىپلەش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى دىن مەنپەئەتنى ۋە سوتسىيالىزم بولسا، «ھەق ھوقۇق»نى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

ھېچ بىر قانۇن نوقۇل مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلمايدۇ. شۇنىڭدەك، «دۆلەت مەنپەئەتى» ياكى ناچار نام ئاتىقى بولغان «دۆلەتنىڭ تەقەززاسى» ئۈستىگمۇ قۇرۇلمايدۇ. چۈنكى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەتئىي ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان كىشىلىك ھەق ھوقۇقى تەبىئىي ھالدا، بىر بىرى بىلەن پۈت تېپىشىپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئىنسان (سوتسىيالىزمنىڭ قارىشى بويىچە) شەخس ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىدىنلا ئىبارەت بولىدىكەن، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ھېچ بىر مۇتلەق ھەق ھوقۇقى، ياكى نىسپىي ھەق ھوقۇقى ۋەياكى تەبىئىي ھەق ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت دۆلەت بەرگەن ھەق ھوقۇقلا ئىگە بولالايدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق ھەق ھوقۇقى بولمايدۇ.

ئەگەر ھەق ھوقۇق تۇغما بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە قانداقتۇر ھۆكۈمدارلارنىڭ، پارلامېنتلارنىڭ ياكى باشقا سىنىپلارنىڭ ئىرادىسى بولمايدىغان بولسا، يەنى، ئىنسان ھەق ھوقۇقى بىلەن بىرگە تۇغۇلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھەق - ھوقۇقى ھەرگىز ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان بايلىقتۇر. ئۇ ئىنساننىڭ ئىنچىكە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ۋە ئاللاھىدىلىكى بولۇش بىلەن بىرگە زامان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماكانىنىڭ مۇھىت شارائىتلىرىدىن شۇنداقلا تارىختىن ھالقىغان ھالدا يارىتىلىشىغا بېرىپ چېتىلىدۇ.

ماركس (1844 يىلى) «يەھۇدىي مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق «droits de l›homme», «roits du cito - yen گىراژدانلىق ھەق ھوقۇقىدىن پەرقلىق شەكىلدە، بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئەزالىرىنىڭ، يەنى ئىنساندىن ۋە جەمئىيەتتىن ئايرىلغان كىشىنىڭ ۋە ئۆزىنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچىلەرنىڭ ھەق ھوقۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.»

يەنە بىر ماتېرىيالىست يازغۇچى جېرېمىي بېنتھام(1) كىشىلىك ھوقۇقتىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن ھالدا سۆز قىلىپ: «كىشىلىك ھوقۇق بىر ئەخمىقانىلىقتىن ئىبارەتتۇر. ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان تەبىئىي ھەق ھوقۇقلار بولسا، بۇ ئەخمىقانىلىقنىڭ تۆرەلمىسىدۇر» دەيدۇ. ئۇ بىر ماقالىسىدا، فىرانسىيەنىڭ ئاتاقلىق كىشىلىك ھوقۇق باياناممىسىغا قارىتا «بۇ بىر مېتافىزىك ئەسەردۇر» دەپ باھا بېرىدۇ. بۇنى بىر نۇقتىدىن توغرا دېيىشكە بولىدۇ. چېلىلىنىكمۇ ئەينى چاغدا «كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسى»غا قارىتا «بۇ ئىنقىلابنىڭ ئەمەس، بەلكى بىر ئىسلاھاتنىڭ ئەسىرىدۇر» دېگەن ئىدى.

ياۋروپادا «ئەركىنلىك - قېرىنداشلىق - باراۋەرلىك» نىڭ تەتقىق قىلىنىشى ج ج.روسسېيا ۋە 1776 - يىلدىكى ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىدىن باشلىنىدۇ. ماركسىزم بىلەن تەبىئىي ھەق - ھوقۇقلارنى كېلىشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان ئېرنىست بىلوك مۇنۇ خۇلاسىنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ: «ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشتىنلا ئەركىن ۋە باراۋەر ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. تۇغۇلغاندا ھېچقانداق ھەق - ھوقۇقى يوق. پۈتكۈل ھەق - ھوقۇقلارغا پەقەت كۈرەش ۋە تىرىشىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ»(2).

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، مەسىلىگە بۇ نۇقتىدىن قارالغىنىدا، تارىخ ھەق - ھوقۇقلارنىڭ توقۇنۇشى ئەمەس، مەنپەئەتلەرنىڭ توقۇنۇشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. «سىنىپ توقۇنۇشىنىڭ» مەنىسىمۇ ئەسلىدە مۇشۇ شەكىلدە بولىدۇ. بۇ توقۇنۇشتا

(1) jeremy Bentham
(2) Ernst Bloch, Prirodno Pravo i ljudsko dostojanstvo, Belgrad 1977, Ş. 178

غەلىبە قىلغانلار، مەنپەئەتىنى ۋە ئىرادىسىنى ھەق - ھوقۇق سۈپىتىدە ئېلان قىلىدۇ. شۇڭا ماركسىزمچىلار مۇنداق دەيدۇ: قانۇن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىدۇر. يەنى بۇ يەردە ھەقلىق ۋە ناھەقچىلىك، ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك، ئەخلاقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق دەپ بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ يەردە كۈچلۈكنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ[1].

تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى كىم كۈچلۈك بولسا شۇنىڭ ھەقلىق بولۇشى ئىدى. لېكىن ئەسلىدىكى ھەق - ھوقۇق بۇنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئاجىزلارنىڭ ھەق - ھوقۇقى. كۈچلۈكلەرنىڭ ھەر قانداق ھەق - ھوقۇققا ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. ئېتىقاد ۋە پىكىر ئەركىنلىكى، يەنى بىر ئىنسانىنىڭ ئۆزى خالىغان شەكىلدە پىكىر قىلىش ۋە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقى بولغىنىغا ئوخشاش، ھەق - ھوقۇقمۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاجىزلارنىڭ كۈچلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىش شەكلىدۇر. ھۆكۈمران سىنىپنى دائىم كۆككە كۆتۈرۈش ۋە مەدھىيەلەش ئۈچۈن پۇقرالىرىغا «ھەق - ھوقۇق» بېرىدىغان بىر قانۇننى قانۇن دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت مەسخىرىدىنلا ئىبارەت. ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ قانۇنلۇقىنىڭ ئۇل ئاساسى، ئىسيانكارلار ۋە ئاز سانلىقلارغا تۇتقان پوزىتسىيەدۇر. كۈچلۈكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەمەلىيەت بولسىمۇ بىراق ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ھەققى ھېسابلانمايدۇ. كۈچلۈكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى چەكلىنىشكە باشلىشى بىلەن قانۇن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ چەكلىمىلەر ئاجىزلارنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولۇشى كېرەك. «دىكتاتورلىق قانۇننىڭ ئۆلۈمى دېگەنلىكتۇر» (بىلوك). بۇ خۇسۇس پرولېتارىياتنىڭ دىكتاتورلىقىغا نىسبەتەنمۇ ئوخشاش. پرولېتارىياتنىڭ دىكتاتورلىقى «قانۇن بىلەن چەكلىنىپ بولالمىغان ۋە كۈچكە تايانغان ھۆكۈمرانلىق ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، پرولېتارىياتنىڭ دىكتاتورلىقى ھەر يەردە سېكرېتارىياتنىڭ دىكتاتورلىقىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن[2] . بۇ سەۋەبتىن، قانۇننىڭ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى ئى-

(1) «قانۇن» نىڭ بۇ خىلدىكى تەبىرى: «قانۇن، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلىدىغان ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى...، بۇ قائىدىلەرنى دۆلەت ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادە ۋە مەنپەئەتىگە ماس ھالدا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ھالەتلەرنىڭ ئەھمىيىتى، كۈچەيتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەجبۇرىي تەتبىقلايدۇ. بۇ تەبىر 1936 - يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان «تازىلاش ھەرىكىتى» جەريانىدا باش سوتچىلىق قىلغان بىرسىگە تەۋە.
(2) 1920 - يىلى ئېلان قىلىنغان «سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ بۈنگىدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە لېنىن مۇنداق دەيدۇ: سوۋېت ئورگانلىرى تەرىپىدىن تاللانغان ياكى تەيىنلەنگەن باشقۇرغۇچىلارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىزمەت ئەسناسىدا شەرتسىز بويسۇنمايدىغان ئەھۋاللار ھېلىھەم مەۋجۇت» لېنىن، سوچىنېنىيا، 4 - نەشرى ، موسكۋا 1955 - يىلى. 1979 - يىلى ئىيۇندا خىتاي بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق كۈندىلىك گېزىت جەسۇرلاچە بىر ئىشنى ئېتىراپ قىلىدۇ: «كېيىنكى ئون يىل ۋە بۈنگىدىن ئىلگىرىكى ئۇزۇن يىل پرولېتارىيات دىكتاتورلۇقى نامى ئاستىدا يىلىنىۋاتقان نەرسە، ئەمەلىيەتتە فېئودال «فاشىست» تۈزۈمدۇر. ئەگەر ماۋ زېدۇڭ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا ئۇ ھازىرمۇ ئەمگەكچى

www.uyghurkitap.com



كەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك قاراش، قانۇننى ئىنكار قىلىنىش دېگەنلىكتۇر. «قانۇن سىياسەتنىڭ تەدبىرىدۇر» (لېنىن) تەبىرى بىلەن «ھەر قانۇنىي ئاڭ سىياسىي ئاڭنىڭ بىر قىسمىدۇر» سۆزى (ۋىشىنسكى) ئوخشاش. قانۇننىڭ ئىنكار قىلىنىشى شۈبھىسىزكى دىنىنىڭ ئىنكارى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋىتى بار. يەنى بۇ ماتېرىيالىزملىق پەلسەپەنىڭ بىۋاستە چىقارغان خۇلاسىسىدۇر. چۈنكى كۈچلۈكلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى چەكلەش دىندىن باشقا يەنە نېمىدە تەشەببۇس قىلىنىدۇ؟ ياكى بولمىسا، بىر مىللەت مال - مۈلۈكىنى ئاسانلا بىر ئوچۇم ئاز سانلىقنىڭ قولىغا نېمە دەپ تۇتقۇزۇپ قويسۇن ياكى قانداقمۇ ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا سەۋر قىلالىسۇن؟

ئامېرىكىدا ئاق تەنلىك كۆچمەنلەر يەرلىك خەلقنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغاندا، ئەجەبا قايسى پىرىنسىپلارنى دەپسەندە قىلغان بولغىيتتى؟ ئەگەر قانۇن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى بولسا ئۇنداقتا ئۇلار بۇنى «قانۇن»نىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەم كۈچلۈك ھەمدە ئىلغار، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا «ھۆكۈمران سىنىپ» ئىدى. ماركس ، سەرمايىلەر بىرىككەن ۋاقىتنى تەرىپلىگەندە كاپىتالىستلار قايسى پىرىنسىپلارنى دەپسەندە قىلغان بولغىيتتى؟ ئەگەر قانۇن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى بولسا ئۇنداقتا كاپىتالىستلار (ھۆكۈمران سىنىپ بولغانلىقتىن ياكى ئەمگەك كۈچىنى سۈيىئىستېمال قىلىش ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بولغانلىقتىن) زۇلۇم قىلماستىن قانۇننىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرگەن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، سۈيىئىستېمالغا قارشى چىققان ئىشچىلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى «ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىگە» مۇخالىپ ئىش تۇتقان. بۇ رەزىل قىلمىش شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، قانۇن (مەۋجۇت بولغان يەردە) ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى بولماستىن، بەلكى بۇ ئىرادىنى چەكلىگەن پىرىنسىپ، يەنى مۇستەقىل بىر پىرىنسىپتۇر[1]. ھايات، سەنئەت ياكى ئەركىنلىك قاتارلىقلارنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا قانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەك مەزكۇر پىرىنسىپنى تەتقىق قىلغىنىمىزدىمۇ ئوخشاش قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىمىز. جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي قانۇنلار پۇقرالىرىنى جازالاندۇرۇش تەھدىتىدىن باشقا پۇقرالىرىنىڭ ۋىجدانلىرىنىمۇ بېسىم ئاستىدا تۇتىدىغان قانۇنلاردىن ئىبارەت بولغان بولىدۇ. ھەر قانداق قانۇن

خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى بولغان بولاتتى

(1) قۇل خوجايىنلىرىنىڭ قانۇنى بولغان رىم قانۇنىنىڭمۇ ئىنسان ئەركىنلىك پىرىنسىپىنى ئىنسان تۇغۇلغاندا ھۆر تۇغۇلىدۇ، دەپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى بۇنىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك ئىسپاتتۇر. بۇ بولماي تۇرۇپ، رىم قانۇنى پەقەت «سىياسەتنىڭ تەدبىرى» بولاتتى، خالاس.

سىستېمىسى يا مۇشۇنداق بولىدۇ ياكى مۇشۇنداق بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھاكىمىيەت ياكى قانۇن نەزەرىيەدە پۈتكۈل ئەخلاقىي ئۇنسۇرلاردىن مەھرۇم بولغان ھالەتتىمۇ تەتبىقلانغاندا ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئۆزىنى پەردازلاشلاشقا ئۇرۇنىدۇ. پىرولېتارىيات دىكتاتورىلۇقى ئۆزىنى دېموكراتىيە سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. «ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغان ئىرادىسى» نوقۇل «ئىرادە» بولۇشتىن چىقىپ ئۆزىنى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت، يەنى قانۇن سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ . بۇ تەرەققىيات مۇقەررەر بولۇپ، ھەر قانداق قانۇننىڭ تەبىئىي ، ھەقىقىي دۇئالىزمىنىڭ(1) ئىپادىسى ياكى تەقلىدى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ(2) .

قانۇننىڭ دۇئالىزملىقى يوق قىلىنسا قانۇن، قانۇنلۇق ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بىر تەرەپتىن مەنپەئەت، ھاكىمىيەت، سىياسەت، رىم تەدبىرى بويىچە ئىپتىقاندا «مەنپەئەتچى» سىياسەت سەۋىيەسىگە چۈشۈپ قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، نوقۇل ئابستىراكتلىق پىكىر ياكى ئەخلاقىي چاقىرىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەر ئىككى خىل ئەھۋال قانۇنلۇق ماھىيىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن خرىستىيانلىق بىلەن ماتېرىيالىزم قانۇن بەرپا قىلالمايدۇ. چۈنكى قانۇن نوقۇل بىرلا پىرىنسىپقا تايانمايدۇ. خرىستىيانلىق قانۇننى دۇنيانى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن پەقەت خىيالىي غەيرەت، مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغان پىرىنسىپ سۈپىتىدە كۆرۈشكە مەجبۇر. خرىستىيانلار ھەزرىتى ئىسانى تەۋراتنىڭ ئادالىتىنىڭ ئورنىغا سۆيگۈنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن زېمىنغا كەلگەن، دەپ قارايدۇ. سۆيگۈ دۇنياۋى بولماستىن، ئەڭ يۈكسەك بولغان ئۇ دۇنيالىق پەزىلەتتۇر. ھەزرىتى ئىسا سوتچىلىقنى رەت قىلىدۇ (لۇقا، 12، 13، 15). ھۇگو گىروتىيۇس، خۇتبىنىڭ مۇقەددەسلىكى سەۋەبىدىن تەبىئىي قانۇننى «تاغدىكى تەبلىغ» بىلەن بولغان

(1) ئىككى خىل دۇنيا قارىشىغا ئىگە بولۇش، پەلسەپە ۋە بىلىم نۇقتىسىدىن كورلۇق، ئوخشىمىغان ئىككى نەرسىگە قۇللۇق، ئوخشىمىغان ئىككى تەرەپ ئالدىدا بويۇن ئېگىش، ئىنساندىكى ۋە تەبىئەت بىلەن مېتافىزىكا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۇئالىزمدىن دېرەك بېرىدۇ.
ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەركەك - چىشى، ياخشى - يامان ياكى ئايدىڭلىق - قاراڭغۇلۇق بولغان بۇ زىت قۇتۇپلار خىتاي چۈشەنچىسىدە يىن - ياڭ، ھىند چۈشەنچىسىدە تامۇس - ساتۋا، ئىران چۈشەنچىسىدە ئاھۇرا مازدا – ئاگرا مەينيۇ قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئىلاھىيەت ئىلمىدە دۇئالىزم بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان - يارىتىلغانلار، بۇ دۇنيا – ئۇ دۇنيا، روھ – ماددا قاتارلىق زىت قۇتۇپلار بىلەن ئىزاھلايدىغان نۇقتىئىنەزەرنى كۆرسىتىدۇ. تەرجىماندىن
(2) ھەر قانداق قانۇن دەسلەپ ئۆرپ - ئادەت قانۇنى سۈپىتىدە باشلىنىدۇ. بۇ ھەر قايسى تىللارغا تەسىر كۆرسەتكەن. سوتچى ئۆرپ - ئادەتكە ئاساسەن ھۆكۈم بەرگەندە، ئەسلىدە ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنى تەتبىق قىلاتتى. بۇ ئەھۋال كېيىنچە ناھايىتى كۆپ جېدەلگە سەۋەب بولدى. مەقسىتى قانۇننىڭ ئەخلاقتىن ئايرىلىشىنى ئىسپات قىلىش ئىدى. كۆتىمىزدە بولسا، بۇنىڭ تامامەن زىتى بولغان بىر ئىدىيەنى، قانۇن بىلەن مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئىسپات قىلىدىغان ئىدىيە ياكى قاراش كېرەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇناسىۋىتىدىن ئايرىم تۇتىدۇ. ماتېرىيالىزم، قانۇندا ئىدېئالىستىك، تۇرغۇن، ھەتتا «قالاق» بىر نەرسە بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قانۇن بىر تەرەپتە ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاندىن سىرت، تامامەن بۇ دۇنياغا يۈزلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتە نوقۇل ئەخلاقىدۇر.

قانۇن دۇنيادىكى مۇناسىۋەتلەرگە ھەققانىيەت پرىنسىپىنى، ئەخلاقىي تۈزۈمنىڭ پرىنسىپىنى، يەنى «بۇ دۇنياغا تەۋە» بولمىغان بىر نەرسىنى ئېلىپ كىرىشكە ئۇرۇنىدۇ. مەسىلىگە مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، قانۇن ئىككى قۇتۇپلۇق بىر بىرلىك بولۇپ، خۇددى ئىنسان ۋە ئىسلامنىڭ بىرلىك بولغىنىغا ئوخشاش. شۇڭلاشقا، قانۇننى ساپ دىن ياكى ماتېرىيالىزمنى چىقىش قىلىپلا تونۇشقىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇلارغا قارشى ھالدا تونۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئىنسان شەرىپى، شەخسىيىتى، نىيەت، ھەققانىيەت، ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان كىشىلىك ھەق - ھوقۇقلىرىغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى بېكىتمەي تۇرۇپ، خىرىستىيانلىقنىڭ يەكۈنلىرى،تەجرىبە ساۋاقلىرى ۋە بەرپا قىلغان پرىنسىپلىرىنى ھېسابقا ئالماي تۇرۇپ قانۇن تونۇپ چىققىلى بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ دۇنيانىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تونۇماي تۇرۇپ، مەنپەئەت ۋە كۈچ بولماي تۇرۇپ، يەنى يەھۇدىيلىقنىڭ يەكۈنلىرى، تەجرىبە ساۋاقلىرى ۋە بەرپا قىلغان پرىنسىپلىرى بولماي تۇرۇپ يەنە قانۇن تونۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بولغاندا مەنىسىز بولۇپ قالىدۇ. قانۇن خىرىستىيان دۇنيا قارشى بولماستىن مۇمكىن بولمايدۇ. يەھۇدىيلىق دۇنيا قارشى بولماي تۇرۇپمۇ مەنىسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىككى دۇنيا قارىشىدىن روشەن چىقىپ تۇرىدىكى، ھەربىر قانۇن تەبىئىي نۇقتىسىدىن ئىسلامىيلىققا ئىگە. شۇڭلاشقا، خىرىستىيانلىق ۋە يەھۇدىيلىق ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قانۇننى تونۇپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان، مۇنداق بىر قانۇننى پەقەت ئىسلاملا بەرپا قىلالايدۇ.

قانۇنغا تارىخ نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، قانۇن كۈلتۈر ھاياتى ۋايىغا يەتكەندە مەيدانغا كېلىدىغان دەۋرى ھادىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا دىنى ۋە ئىجتىمائىي - سىياسىي ئەمەللىرى تەڭپۇڭ بولغان چاغدا شەكىللەنگەن. بۇ ئەھۋال، دىنى تەسەۋۋۇرلارنىڭ ھېلىھەم كۈچلۈك ۋە ئىنسانلارنىڭ قاراش ۋە ھەرىكەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەتلىك دەۋرنىڭ ئەقلىي ۋە مەنپەئەتچى قاراشلىرى بىلەن زور دەرىجىدە چەكلەنگەن مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. قىممىتىنى دىنىمۇ تەستىقلىغان

ئىنسان بىلەن بىرلىكتە، مۇستەقىل بىر بايلىق سۈپىتىدە جەمئىيەتمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ۋاقىتىدا بۇلار بىر - بىرىگە تەڭ ئىككى بايلىق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق تۈرتكىسىدە (ئىسلامىي تەڭپۇڭلۇق) قانۇن شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭغا تارىختىكى ئەڭ داڭلىق ئۈچ قانۇن سىستېمىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى شاھىت بولالايدۇ. بۇلار رىم، ئىسلام ۋە ياۋروپا قانۇن سىستېمىلىرىدۇر. تارىختا مەدەنىي قانۇن باسقۇچى سۈپىتىدە بىلىنىدىغان رىم قانۇنىنىڭ تۇنجى باسقۇچى (پادىشاھلىق مەزگىلى بىلەن جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئەسرى) قانۇن بىلەن دىن، ئىئۇس (قانۇن) بىلەن فاس (ئەخلاق) تولۇق بىر گەۋدە ياكى بىرلىكى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمەلىيەتتە، قانۇنىي پرىنسىپ بولغان «ئىئۇس»نىڭ ماھىيىتى دىنى پرىنسىپ بولغان «فاس»نىڭ ماھىيىتى ۋە تەتۈرىسى ھېسابلىنىدۇ... كېيىنچە مەزكۇر ئىككى پرىنسىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن. بىراق رىم مەدەنىيىتى ۋە رىم سىياسەت (دۆلەت) قارىشىنىڭ ستوئاجى ئەخلاقىي ۋە دىنى پەلسەپىنىڭ تەسىر ئاستىغا كىرىشى قانۇننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. رىمنىڭ تەتبىقچى پرىنسىپى بولغان «utilitas»، ستوئاجى ئىدېئالىستىك ئۇقۇم بولغان «lex uni - versalis» بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن[1] . نە رىم مەدەنىيىتىنىڭ نە ستئوجى پەلسەپىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا رىم قانۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيىتى يوقتى[2].

ئىسلامدا، قانۇن ۋە تېئولوگ تىلغا ئېلىنغاندا «شەخسىي بىرلىك» ئۇقۇمى ئالدىنقى پىلانغا چىقىدۇ. ئاساسەن دېگۈدەك پۈتكۈل چوڭ «دىنى» ھاكىمىيەتلەر قانۇن ئەسىرلىرىنى نەشر قىلدۇرغان[3] . بۇ ئەسەرلەردىكى قانۇن بىلەن تېئولوگىيەنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ چىقىش بىر ياۋروپالىققا نىسبەتەن مۇمكىن ئەمەس (بۇنداق تەپرىقىچىلىكنى ئىسلام قەتئىي رەت قىلىدۇ). قانۇن مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىسلامنىڭ تەبىئىي ئەسىرىدۇر. ئالفرېد ۋون كرېمېر مۇنداق دەيدۇ: ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قانۇن پىكىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ۋە ئىلمىي جەھەتتىن تەتقىق

(1) رىم قانۇنىنىڭ يۈكسەك پەللىگە ئېرىشكەن قىسىملىرى «ستوئا»نىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. مەسىلەن، «قانۇننىڭ قائىدە پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:سەمىمىي دورۇس بولۇش، باشقىلارغا ھاقارەت قىلماسلىق، ھەممە ئادەمگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، باشقىلارنىڭ ئۈلۈشنى بېرىش».

(2) رىم قانۇنچىلىرى مىلادىدىن ئىلگىرى 150 - يىلىدا ئەيىنى دەۋرنىڭ ئەڭ بۈيۈك ستوئاجىلاردىن بولغان پانېتىيۇسنىڭ رىمدا ياشاۋاتقان مەزگىلدە ستوئاجى تەبىئىي قانۇن بىلەن ئۇچراشقان ئىدى. بۇنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك نەتىجىسىنى كىكېرونىڭ ئەسەرلىرى تەشكىل قىلىدۇ. ستوئاجىلىقنىڭ رىم قانۇنىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە: P. Barth, Die Stoa, 1909, S. 120

(3) مەسىلەن، مەشھۇر ئىمام ئەبۇ يۇسۇف مالىيە ھەققىدە بىر ئەسەر (مالىيەشۇناسلىق) يازغان.
ئەش شەيبانى ئىسملىك يەنە بىر دىنى ئالىم بولسا ئۇرۇش قانۇنى توغرۇلۇق بىر ئەسەر (جەڭ ھەققىدە) كىتاب يېزىپ چىققان.

قىلىنىشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بىردىنبىر مىللەت ئەرەبلەردۇر. قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئالەمشۇمۇل قانۇن پىرىنسىپلىرى بولغان رىملىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە تۇرىدۇ».

ياۋروپا تارىخىدا قانۇننىڭ تەرەققىياتى، چېركاۋنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش بىلەن باشلىنىپ، سوتسىيالىزم تەلىماتلىرى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ سەھنىگە چىقىشىغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ بىر نەچچە ئەسىر داۋاملاشقان ۋە ئىچىدە ھەم ياۋروپا كۈلتۈرىنىڭ ھەمدە ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئامىللىرى بولغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋىردە ياۋروپادا بۈيۈك بايانامىلەر ۋە قانۇنامىلەر روياپقا چىققان. بۇ زىتلىق (ئەمەلىيەتتە ئىسلامىي ئىككى تەرەپلىك) ياۋروپا قانۇن پىكرىنىڭ پېشۋاسى بولغان ھۇگو گىروتىيۇسنىڭ(1) ئوپۇسىدا(2) ناھايىتى روشەن ھالدا گەۋدىلىنىدۇ. ئىسلاھات دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، گىروتىيۇس كاتولىك ۋە پىروتېستانت قانۇنچىلىرىنىڭ قاراشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قانۇننىڭ ئەخلاق ۋە دىنغا قارشى بېقىندىلىق دەرىجىسىنى ۋە ئۇلاردىن قانچىلىك مۇستەقىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. كېيىنچە بىر قىسىم يازغۇچىلار بۇ دۇئالىزمنى كۆزدە تۇتۇپ (مەسىلەن، ك. ۋۆېرنېر ۋە ئاھرېنس) قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلىشىنى گىروتىيۇسنىڭ چوڭ تۆھپىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ، باشقىلار بولسا بۇنىڭ ئەكسىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. (مەسىلەن، كىرچمان). قانۇننىڭ ئەسلىدىكى مەنبەسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكى قارىشى بويىچە، گىروتىيۇس ناھايىتى كەسكىن ھالدا ھەر قانۇننىڭ دىنغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەڭ ئاشقۇن (رادىكال) ماركسىزم دۆلەت ئەندىزىسىدىمۇ قانۇننىڭ مۇستەقىللىقىنى يوق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىي تەتبىقتە، ناھايىتى ئېنىق بولغان نەزەرىيەۋى پىرىنسىپلاردىمۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىرادىسى بىلەن قانۇن ئوخشاش شەكىلدە بولمايدۇ. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ھالقىپ ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان چوڭ ياكى كىچىك ھاڭ دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىزم بىلەن تەرەققىي تاپقان، مۇستەقىل ۋە ئەركىن بىر قانۇن سىستېمىسى بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ(3) . ھەر قانۇن ئۆلچەم

---

(1) Hugo Grotius (1583 - 1645): تەبىئىي قانۇن تەلىماتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان گوللاندىيەلىك مۇتەپەككۇردۇر. تەرجىماندىن

(2) ئەسەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تەرجىماندىن

(3) خىتاي 1978 - يىلىدا ،يەنە قۇرۇلغاندىن 30يىل كېيىنمۇ نە ھەق تەلەپ قانۇنىغا، نە جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى خىزمەتلەر ئۇزۇن مەزگىل «چەكلەنگەن ساھە» سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. بۇ مەلۇمات داگلىق خىتاي قانۇنچىسى خەن يىتۇڭنىڭ 1978 - يىلى چاقىرىلغان بىر يىغىندا سۆزلىگەن لېكسىيەدىن ئېلىندى

ۋە مۇساپە تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىزم بولسا ۋاستىسىز ھەرىكەتكە، ئوبيېكتىپلىققا، بىۋاستە ھەرىكەتكە مايىل كېلىدۇ. فىزىكا ۋە بىيولوگىيەنىڭ پرىنسىپلىرىنى، قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ئىدىيەلىرىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاشقا ئۇرۇنغان سوتسىيالىزمدا قانۇننىڭ قەتئىي ئېتىبارى بولمايدۇ. چۈنكى قانۇن فىزىكىغا زىت ھادىسىدۇر. فىزىكا «بولۇش كېرەك» دېگەن پرىنسىپنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەر خۇسۇستا قەتئىيلىك تەلەپ قىلىدۇ ۋە «بۇ مۇنداق ئىدى» دەيدۇ[1].

ئاتالمىش خەلق دېموكراتىيەلىرىدە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئېتىبارىنىڭ تۆۋەنلىكى قانۇن بىلەن بولغان ئىدېئولوگىيەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ نۇقتىدا قانۇن بارلىق بېسىملارنىڭ ئەكسىچە، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى سۈپىتىدە ئەمەس، تەبىئىي قانۇن سۈپىتىدە قالىدۇ. قانۇننىڭ ۋاستىسىز ئىجرائاتچىسى بولغان سوت مەھكىمىسىمۇ قانۇنغا ئوخشاش، ئوخشاش مۇئامىلىگە دۇچ كېلىدىغان بولۇپ، «نەزەردىن چۈشۈپ» كېتىدۇ. ئادۋوكاتلىق كەسپىمۇ ئۆز جەمئىيىتىدىكى ئېتىبارى نۇقتىسىدىن ئوخشاشتۇر. بۇ خىلدىكى ھاكىمىيەتلەر، قانۇننى سىياسەت دەرىجىسىگە، سوت مەھكىمىسىنى بولسا سېكرېتارلىق سەۋىيەسىگە چۈشۈرۈش قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن ھاكىمىيەتلەر بۇ خۇسۇستا ھېچقاچان مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقتىن، سوت مەھكىمىلىرىدىن قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ، زوراۋان تېپىلغاندا، ئامانلىقنى ساقلاش ئىدارىلىرى، ئىدارى مۇئەسسەسەلەر ۋە كوللېكتىپ يىغىلىش ئورۇنلىرى سايىسىدە، يەنى سوت مەھكىمىسىز ۋە قانۇنسىز ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ بىۋاستە تەتبىقلاشقا تىرىشىدۇ. دۆلەت بىلەن ھاكىمىيەت فىزىكىۋى (ماددىي) كۈچنىڭ ئىپادىسى بولغان بولسا، سوت مەھكىمىسى بىلەن قانۇن ئەخلاقىي كۈچنىڭ ئىپادىسىدۇر. سوت مەھكىمىسىنىڭ (قانۇننىڭ) مەنىۋى كۈچىنىڭ دۆلەتنىڭ ماددىي كۈچىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىش، پىكىرنىڭ ماددىدىن، روھنىڭمۇ ئەشيا ۋە نەرسىلەردىن ئۈستۈنلۈكىنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بۇنى باراۋەرلىك ياكى ھاكىمىيەتنىڭ ماددىي كۈچىنىڭ ئۈستۈنلۈكى دەپ چۈشەنگەن تەقدىردە، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى مەنتىقسىز بىر پرىنسىپ بولۇپ قالىدۇ. ھەر قانداق كۈلتۈر ۋە «ھەر دىنىدا مەۋجۇت بولغان مەزكۇر پرىنسىپ ئاتېئىست

(1) ئىككى دۇنيا ئۇرۇشى ئارىسىدىكى مەزگىلدە تونۇلغان سوۋېت قانۇن نەزەرىيەچىسى يېۋگېنىي پاسۇكانىس (ستالىننىڭ تازىلاش ھەرىكىتى ئەسناسىدا يوقاپ كەتكەن) ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پرولېتارىيات قانۇنى دەپ بىر نەرسە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭلاشقا سوتسىيالىزم قانۇنى بولمىسىمۇ بولىدۇ، يەنى ئېھتىياجىمىز چۈشمەيدۇ». بۇنى رۇدولف سوھمنىڭ بۇنىڭغا زىت لېكىن «ئوخشاش تۇردىن» بولغان خىرىستىيان قانۇننى ئىنكارى بىلەن سېلىشتۇرۇش كېرەك: «چېركاۋ قانۇنى چېركاۋنىڭ ئۆزى بىلەن زىتلىق ئىچىدە» (رۇدولف سوھىم، «چېركاۋ قانۇنى».

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



دۆلەت تۈزۈمىدىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. چۈنكى، بۇ تۈزۈم تايانغان پىرىنسىپقا زىتتۇر[1] . شەكىللۋازلىق ئۆز قانۇنلىرىغا رىئايەتسىزلىك ۋە ئىزچىل ھالدا «پىرىنسىپ» بەلگىلەش، يەنى پىرىنسىپ پاخاللىقىمۇ ئوخشاش يۈنىلىشتە بولىدۇ. بۇ ئەھۋال يەنى «بىۋاستە ھەرىكەتكە ئۆتۈش» بولسا سىياسىي ھەرىكەت ياكى رەھبەرلەرنىڭ سىياسىي قارار، مەكتۇپ، چاقىرىق، ھەتتا سۆزلىرىنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىش قىلمىشلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ (ماۋزېدۇڭنىڭ ئىدىيەلىرىنى ئەسلەپ باقايلى). بۇ خىلدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگانلار ناھايىتى پاسسىپ، تەسىر دائىرىسى ئاجىز، پەقەتلا شەكلى جەھەتتىنلا مەۋجۇت بولىدۇ، ئەمما ئىجرائىيە ئورگانلىرى بىلەن تەتبىق ئورگانلىرى سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئادۋوكاتلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى سوت مەھكىمىلىرىنى ئىتائەتكار بىر مۇئەسسەسە ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇ. بىراق بۇ ساھەدە تولۇق غەلىبە قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. بۇ ئىككى خۇسۇسنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئالدىغا قانۇننىڭ ماھىيىتىگە ۋە دىن - قانۇن - ئاتېئىزم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئىشارەت قىلىدۇ.

ئادالەتكە دائىر ھەر قانداق بىر ئىش ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئىنسانلار ئاساەن دېگۈدەك يەنى مۇستەسناسىز روھقا يۈزلىنىپ، بۇنىڭغا ئاساەن ھەرىكەت قىلىدۇ. بىر كىشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇنى ئۆزى خالاپ قىلمىغانلىقىنى ئېيتسا، ئۇنداقتا دەۋاگەر بۇ ئىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدۇ؟ جىنايەت سادىر قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، نەتىجىلىرىدىن باشقىلار خەۋەر تاپسا ۋە بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىختىلاپ چىقمىسا، ئۇنداقتا قارشى تەرەپتىكىلەر قانداق قىلىدۇ، بۇ ھەقتە نېمىلەرنى دېيىشىدۇ؟ بۇلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، پەقەت سىرتقى مەسىلىلەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ مەسىلە قەستەنلىك بىلەن تۇغدۇرۇلغان بولۇپ، سىرتقى دۇنيادا ئەمەس، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا جەريان قىلغان ھادىسىدۇر. ئەگەر ئىسپاتلىنىدىغان نەرسىلەر ھەقىقىي بولغان بولسا، بۇنداق ئەھۋالدىمۇ بۇلار پەقەت قەستەنلىكنى ئىسپاتلاشقا ياردەم قىلغان تەقدىردە

(1) بۇ مەملىكەتلەردە سوتچىلارنىڭ ئۆمۈرۋايەت سوتچى بولۇش پىرىنسىپى(بۇ سوتچىلارنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە پۇقرالارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنىڭ كاپالەتچىسىدۇر) بىر قارشى پىرىنسىپ ، يەنى قايتىدىن سايلىنىش پىرىنسىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. قايتىدىن سايلىنىش پىرىنسىپى سوتچىلارنى ھاكىمىيەتكە بىۋاستە بېقىندۇرىدۇ. سوتچىلار، ئۆزلىرىنى قايتىدىن سايلايدىغان «رەھبەرلەر»نىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى كۆزلەپ ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن سوتچىلارنىڭ ئېتىبارىنىڭ نە قەدەر تۆۋەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.).

ئاندىن جايىغا چۈشكەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق قانۇن ئىشلىرىدا ئالاقىدار شەخسلەرنىڭ ھەرقانداق قەستەنلىك، ئىستەك ۋە ئىرادىگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى بۇنداق چاغدا ئەسلىدىكى قىلمىش ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم دەپ قارايدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىپ بىلمەي ئوبيېكتىپلىق ۋە رېئاللىققا قارىغاندا ئىشنىڭ مەنىۋى قىسمىغا بەكرەك مەركەزلىشىدۇ. ۋەزىيىسگە سەل قاراپ چوڭ بىر پاجىئە ۋە يۈزگە يېقىن ئىشچىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان بىر كان ئىشچىسىنىڭ جازاسى بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ياشىنىپ قالغان بىر ئايالنى مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئۆلتۈرگۈچىگە قارىغاندا تېخىمۇ يېنىك بولىدۇ. «مەنتىقسىز» ۋە بىزگە ھەرۋاقىت ناھايىتى ئېغىر كېلىدىغان مۇنداق بىر ھۆكۈم، روھنىڭ مەۋجۇتلۇقنى ۋە ماددىي دۇنيادا جەريان قىلغان بىر ھادىسە ھەققىدە ئەمەس جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ روھىدا بولغان بىر نەرسە ھەققىدە قارار بەرگەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ؟...

ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈم ۋە ئادالىتى ئاللاھنىڭ ھۆكۈم ۋە ئادالىتىنى تەقلىد قىلىشقا مايىل بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئادالىتى نىيەت، مايىللىق، ئىستەك ۋە ئىرادە قاتارلىق نەرسىلەرنى قانچىلىك دىققەت ئېتىبارغا ئالسا، ئىلاھىي ئادالەتكە شۇنچىلىك يېقىن بولىدۇ. «سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (قۇرئان 33/5). نىيەتنى نەزەرگە ئېلىش، ئاز بولسىمۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ماتېرىيالىزمنى رەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئوخشاش مەنتىقنىڭ زىت بىر يەكۈن بىلەن ماتېرىيالىست پەلسەپىنى، مەسئۇلىيەت ئۇقۇمنى يەنى ئادالەت ۋە گۇناھ ئۇقۇملىرىنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئوبيېكتىپ بىر پرىنسىپنى يەنى ئىجتىمائىي ھىمايە پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا قانداق تۈرتكە بولىدىغانلىقنى ھازىرلا چۈشىنىپ يېتىمىز. بۇ ئەھۋال تامامەن پرىنسىپقا مۇۋاپىقتۇر.

## جازا ۋە ئىجتىمائىي ھىمايە

بۇ مەسىلە جىنايەتچىنى جازالاشنىڭ يوللۇق بىر تەدبىر ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ جىنايى قىلمىشنىڭ خالىغانچىمۇ، ياكى بەزى شارائىتلار (يا جىنايەتچىنىڭ روھىي كەيپىياتى، ياكى شارائىتى ۋە ياكى ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىككىلىسى)دا سادىر قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بىر تەرەپتە جازانى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەر ئىنسان ئىگە بولغان تاللاش ئەركىنلىكىگە مۇۋاپىق دەپ قارايدىغانلار، يەنە بىر تەرەپتە، جىنايەتچىنىڭ گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىدا «شارائىتتا باغلىق بولۇپ قالغان» ۋە جىنايى قىلمىش سادىر قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقتىن، جازانىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلار بار. ئىككىنچى ئەھۋال، جازا ئۇنۇمسىز (ناھەق) بولۇپ، بۇ خۇددى كېسەل كىشىنى جازالىغانغا ئوخشاش. بۇ قاراشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ قارىشىچە، جازا ئارتۇقچە بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ، لېكىن «ئىجتىمائىي ھىمايە» يەنى جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز جىنايەتچىدىن قوغداش مەقسىتىدە يولغا قويغان تەدبىرلەرنىڭ ئۇنۇمى بولىدۇ. دەسلەپكىلەر، ئەركىنلىك ياكى شەخسىيەتنى چىقىش قىلغان بولسا، كېيىنكىلەر زۆرۈرلۈك ياكى جەمئىيەتنى چىقىش قىلىدۇ.

جازا - ئىجتىمائىي ھىمايە دۇئالىزمى جازا قانۇنلىرىغا ئوخشاش قەدىمىي ھادىسە بولۇپ، بۇنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، كىتابىمىزدا قەيت قىلىنغان بەزى مەسىلىلەرگە پەرقلىق نۇقتىئىنەزەردىن قارىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

جىنايەت ۋە جازا ئۇقۇملىرى ناھايىتى قەدىمىي قانۇن كىتابى بولغان مەشھۇر ھامۇرابى قانۇننامىسىدە قەيت قىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ھىمايە قارىشى بولسا، ر. ۋان دېر مايدېنىڭ قارىشىچە قەدىمىي يۇناندىمۇ ئۇچرايدۇ[1].

ئىندىۋىدۇئالىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، جىنايەتكە ئىنسان سەۋەبچى بولىدۇ. يەنى باش جاۋابكارى ئىنساندۇر. پوزىتىۋىستلەر (دەلىلچىلەر) بولسا خاتالىق ياكى گۇناھنىڭ جەمئىيەت ۋە شەرت - شارائىتتا ئىكەنلىكىنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىنساندىن خالىي بولغان نەرسىلەردە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىرىنچى قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئىنسان باش جاۋابكار بولۇپ، ئەركىن ۋە مەسئۇلىيەت ئىگىسىدۇر. ئىككىنچى قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئىنسان شەيئى ۋە نەرسىلەر ئارىسىدىكى پەقەتلا بىرى بولۇپ، مۇقەررەر تەبىئەت قانۇنلىرىغا تەۋە ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قۇربى يەتمەيدىغان بىيولوگىيەلىك ھادىسىدۇر. بىرىنچى قاراش، ئىنسانغا ھەم ياخشى ھەمدە رەزىل بولۇشقا ئىمكانىيەت بېرىلگەنلىكى، بۇ ئىككى تاللاشتىن بىرىنىڭ مۇقەررەر بولىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىدىغان بولسا، ئىككىنچى قاراش، ئىنساننىڭ

(1) رۋان دي مايدي، 944 .50 - 1949 (Contribution a l›Etude de l›histoire de la defence sociale et de droit penal).

نە ياخشى ئەمەسلىكىنى نە رەزىل ئەمەسلىكىنى، گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا مۇۋاپىق ھالدا ياخشى ياكى ناچار دەپ باھالايمىز. پوزىتىۋىستلەر ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەركىن شەخسىيەتنىڭ ۋە مۇستەقىل مەسئۇلىيەت ئىگىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

ئەمەلىي تۇرمۇشتا كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، بۇ ئىككى قاراش ئىچىدە بىرىنىڭ يەنە بىرىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن، مۇۋاپىق ياكى تېخىمۇ توۋەن، مەنتىقسىز دەپ قاراشقا بولمايدۇ. كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا قەيت قىلىنغىنىغا ئوخشاش، بۇ كۆپلىگەن خۇسۇسلارغا باغلىق.

ئىجتىمائىي ھىمايە پرىنسىپىدىن ھەرىكەت قىلىپ جىنايەتچىگە قارشى ئېلىنىدىغان تەدبىر نۇقتىسىدىن ھەر خىل، ھەتتا بىر - بىرىگە زىت ھۆكۈملەرنىمۇ چىقىرىش مۇمكىن. دەرۋەقە، ئەگەر جىنايەت تۇرمۇش شارائىتلىرىنىڭ بىر ئىپادىسى بولىدىغان بولسا جازانى ئېغىر قىلىۋېتىش ناھەق بولۇپ قالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، جازانىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولماسلىقى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوبيېكتىپ خەتەر ياكى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئاساس قىلىنغان تەقدىردە، ناھەق تەدبىر ۋە ناھايىتى ئېغىر جازالار يولغا قويۇلۇش مۇمكىن.

ئوخشاش شەكىلدە، جازا قانۇنىنىڭ تارىخى شەخسنى ئەيىبلەش قارىشىنىڭ نەتىجىدە ناھايىتى ئېغىر جازالارغا سەۋەب بولغىنىغا ئوخشاش، ناھايىتى ئىنسانىي ئىدىيەلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەتتا ئۆلۈم جازاسىنىڭ ھەق ياكى ناھەق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىلەردە ئەڭ ئېغىر جازانى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنى ھەر ئىككى تەرەپتە ئۇچرىتىمىز[1].

ئۆلۈم جازاسى ھەر ئىككى تەرەپ نۇقتىسىدىن ھەم تەشەببۇس قىلىنىشى ھەمدە تەنقىد قىلىنىشى مۇمكىن. سەۋەبى، ئىندىۋىدۇئالىزمچىلارنىڭ قارىشىچە ئەركىن شەخسىيەتكە قارشى يولغا قويۇلغان جازادۇر. ئىجتىمائىي ھىمايە تەشەببۇسچىلىرىنىڭ قارىشىچە بولسا، ئىجتىمائىي مىخانىزمنىڭ بۇزۇلغان بىر قىسمىنىڭ چىقىرىپ تاشلىنىشىدۇر. بىرىنچى مىسالدا ئىنسانىي تەبىرنى، ئىككىنچى مىسالدا، غەيرى

(1) مەسىلەن: شىۋېتسىيەلىك قانۇن خادىمى ۋە ئىجتىمائىي ھىمايە ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن م. گىرىيۇن شىۋېتسىيەدە ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىنسانىي، مىخانىكچى ئىزاھىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئىزاھاتلاردا پەلسەپىۋى ياكى مېتافىزىكىلىق ئامىللار روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلار بىرىنچى مىسالدا «ئەزەللىك»نى، ئىككىنچىسىدە دارۋىن ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى ئەسلىتىدۇ. بىراق بىر خۇسۇس ناھايىتى قەتئىي بولۇپ، ئىندىۋىدۇئالىزمچىلار دائىم جازا مۇئەسسەسىلىرىنى ئىنتىقام سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. ماتېرىيالىزمچىلار بولسا ھەر ۋاقىت بەزى تەدبىرلەرنى ۋە بەلكى تېخىمۇ ئېغىرلىرىنى پىرىنسىپ جەھەتتە جازادىن خالىي سۈپىتىدە كۆرىدۇ. بۇ تەدبىرلەرنىڭ مەقسىتى (م.ئانكېنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش) جىنايەتچىنى بىر تەرەپ قىلىش، شاللاش ياكى داۋالاش ۋەياكى قايتىدىن تەربىيەلەش قاتارلىق تەدبىرلەر بىلەن «نىيتىرالاشتۇرىدۇ»(1) (فىزىكىدىن قوبۇل قىلىنغان بۇ تەدبىرگە دىققەت قىلىڭلار!).

جازا بىلەن قوغدىنىش تەدبىرى ئارىسىدىكى پەرق جازانىڭ ئادالەتنى ۋە شەخسىيەتنى، تەدبىرنىڭ بولسا مەنپەئەت ۋە جەمئىيەتنى چىقىش قىلىشىدىن ئىبارەت. جازانىڭ ئېغىرلىقى جىنايەتكە ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. قوغدىنىش تەدبىرىنىڭ بولسا جىنايەتچى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجتىمائىي خەۋپكە باغلىق. ھەم جازا ھەمدە قوغدىنىش تەدبىرى جىنايەتچىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ياكى چەكلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا قوغدىنىش تەدبىرىدە بىرسى جىنايەت سادىر قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ ھەق - ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىشى مۇمكىن. بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىدە ۋە جىنايەتچىلەرنى يامان يولدىن توسۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلىدىغان چارىلەردە بۇ تامامەن ناھەق ۋە يولسىز تۇسكە كىرىپ قالىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش تەدبىرلەر ناھايىتى كۆپ يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دائىم سۈيىئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن. ستالىننىڭ دەھشەتلىك «تازىلاش» ھەرىكىتى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بەزى زىيالىيلارنىڭ ئېيتىشىچە، تازىلاش ھەرىكىتى جەريانىدا، ئاز دېگەندە 10 مىليون كىشى جەمئىيەتتىن تازىلىۋېتىلگەن. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك خۇسۇس، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ جازالاندۇرۇش سۈپىتىدە ئەمەس، پەقەت جەمئىيەتنىڭ بەزى «خەتەرلىك» كىشلەر ياكى بىر ئىشقا توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ئۇنسۇرلاردىن تازىلىنىشى سۈپىتىدە كۆرۈلۈشى ئىدى. «نېيتراللاشتۇرۇش» مۇ «تازىلاش»قا ئوخشاش مېخانىك بىر ھەرىكەتتۇر. يەنە بىر تەرەپتە، جازا ئەخلاقى دەپ بىر ئۇقۇم بار بولۇپ، تۇنجى قېتىم ئاللاھنىڭ جازالىرىدىن سۆز قىلغان دىنى كىتابلاردا ئۇچرايدۇ.

(1) بۇ خۇسۇستا نەزەرىيە جەھەتتە پەقەتلا مۇستەسنا ئەھۋال يوق. ئىدېئالىست كانت (ۋە ھېگېل) «قانغا قان......» پىرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ماتېرىيالىست ھولباخ جازا قانۇنىدا قىساستى تامامەن رەت قىلىدۇ (ھولباخ).

بۇ خۇسۇس دىن بىلەن جازا نەزەرىيەسىگە تەۋە تېرمىن بولۇش بىرگە، تارىخىي مۇناسىۋەتكىمۇ ئىشارەت قىلىدۇ. جازانى كۆپ تەكىتلەيدىغان قانۇنلارنىڭ كەينىدە ئىدېئالىست پەلسەپە بولغان بولسا، ئىجتىمائىي ھىمايە پرىنسىپىنىڭ كەينىدە پوزىتىۋىزملىق پەلسەپە بار.

جىنايى ئىشلار قانۇنى بىلەن ئىجتىمائىي ھىمايە تەدبىرلىرى بولسا جىنايەتنىڭ قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشىغا باغلىق. مۇھاكىمە، ئەركىنلىك، مەسئۇلىيەت، ئادالەتكە ئوخشاش ھاياجان بېرىدىغان ۋە مۇقەددەس ئۇقۇملارنىڭ دائىرىسىدە بولىدىغان زېھنىي پائالىيەتتۇر. مۇھاكىمە ھەر ۋاقىت بىرگە دىراما ياكى مۇراسىمنى ئەسلىتىدىغان مۇئەييەن بىر مۇراسىمغا باغلىق[1]. ھىمايە تەدبىرى بولسا مەنپەئەت ۋە پايدىنى كۆزلەيدۇ. ئۇنى پسىخولوگ، جەمئىيەتشۇناس، دوختۇر ياكى ھاكىمىيەت بەلگىلەيدۇ. سوتچى ئەمەس. ئۇتوپىيەدە ھىمايە تەدبىرلىرى ئىنسان ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان سۇيىئىستېمالنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇتوپىيەدە سوت مەھكىمىسى ۋە مۇھاكىمە دەپ بىر نەرسە بولمايدۇ. دەرۋەقە، ئەخلاق ۋە قانۇنمۇ بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئەركىنلىك ۋە مەسئۇلىيەتمۇ يوقتۇر. شۇڭا بۇنىڭلىق بىلەن ئەركىن ئىنساننى جاۋابكار ئېلان قىلىش ئارقىلىق مەھكۇم قىلىپ قويىمىز. جەمئىيەت ئەزالىرىدىن ئۆزىمىزنى قوغدايمىز. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ نە جىنايىتى، نە مەسئۇلىيىتى يوق. ئۇ پەقەتلا زىيانلىق ياكى پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ تاللاش مەسىلىسىگە كىرمەيدۇ. گۇمانىزمنىڭ چوقۇم مېھرى - مۇھەببەتلىك ۋە شەپقەتلىك بولۇشى شەرت ئەمەس. «توكۇر ۋە كۆرلەرگە شەپقەت قىلىسەن. ئەسكىلەرگە نېمىشقا ئۇنداق قىلمايسەن؟ ئۇلار ئۆزى خالاپ ئۇنداق قىلمىغان تۇرسا....». ئېپىكتېتنىڭ بۇ سۆزىدە شەپقەت بار، لېكىن دىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن گۇمانىزممۇ بولمايدۇ. گۇمانىزم ئىنساننى ئەركىن ۋە مەسئۇلىيەت ئىگىسى دەپ قارايدۇ. ھېچقانداق نەرسە مەسئۇلىيەتسىزلىكچىلىك ئىنساننىڭ قىممىتىنى چۈشۈرەلمەيدۇ. ئىنسان قىلغان ئىشىغا مەسئۇل بولسا، ھايۋان ۋە «شەيئىلەر» ئۇنداق بولمايدۇ. ستوئا بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا پەرق دەل بۇ نۇقتىدا ياتىدۇ. ستوئاچىلىق مەرھەمەت ۋە ئەپۇچانلىقنى ئالدىنقى پىلانغا قويسا، دىن مەسئۇلىيەتنى ئالدىنقى قويىدۇ[2]. دىن ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتىنى ۋە قىممىتىنى ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ

(1) ئى.بىلوك دىرامىنىڭ مەنبەسىنىڭ ئىككى خىل، يەنى ئادىل ۋە سىرلىق ئىكەنلىكىنى، بېنجامىن بولسا دىرامىنىڭ ئۈچ تەركىبىنى، يەنى ماكان، زامان ۋە ھەرىكەتنىڭ تىراگېدىيەنىڭ ئادىل مەنبەسىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن
(2) قۇرئانى كەرىم: 75/36, 23/116

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بېرىدۇ. ئىجتىمائىي ھىمايە (Defence social) ئىنساننى قۇتقۇزغان ياكى يېنىك تەدبىرلەر يولغا قويغان تەقدىردىمۇ يەنىلا غەيرى ئىنسانىي نەزەرىيە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كىشىنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىدىن مەسئۇل ئەمەسلىكىنى جاكارلىغان. يەنە بىر تەرەپتە ئېغىر جازالار بېرىلسىمۇ، «جازا نەزەرىيەسى يەنىلا ئىنسانىي ھېسابلىنىدۇ. جازا جىنايەتچىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىدۇر. ئىنكارى بولسا باشقا ئىنساننىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ ئىنكارى دېگەنلىك بولىدۇ. گېگېل، جازانىڭ قىساس ئېلىش بولغان ئەھۋالدا، جىنايەتچىنىڭ ئىنسان ھۆرمىتى بىلەن ماس ئەھۋالدا بولىدىغانلىقىنى، باشقا ھەر قانداق بىر ئەمەلىي نىشانى (قورقۇتۇش ياكى يېڭىدىن تەربىيە بېرىش) نىڭ بولماسلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسئۇلىيەت ئىنسانىي قىممەت ۋە ھۆرمەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىپادىسى بولۇپ، ئەخلاقىي يەنى ئۇ دۇنيالىق مەنىسى بار. ئىنساننىڭ زېمىندا باشقا ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتىنىڭ بولۇشى پەقەت ئەبەدىيەتتە ئاللاھ ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا بولىدۇ. ئەركىن شەخسىيەت (كىشى) نىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىدىن ياكى تاللاش ئىرادىسى مەسىلىسىدىكى بۇ ئەبەدىي مەسئۇلىيىتى ئىنسانلار ئالدىدا مەسئۇل ياكى جاۋابكار ھېسابلىنىشى شەرتتۇر. پۈتكۈل سوتلار ۋە ھۆكۈملەر ئىلاھىي مەھكىمىنىڭ غۇۋا تەتبىقىي بولۇشتەك ماھىيەتكە ئىگە.

ماتېرىيالىزم ھەر ۋاقىت گۇناھكارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئورنىغا ئىجتىمائىي نۇقتىدىن پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولۇشتەك باشقا سەۋەبلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما يۇقىرىدا بىز قەيت قىلغان مەنتىقلىق ۋە ئەمەلىي قاراشلىرىمىزدا بۇنىڭغا ناھايىتى مۇۋاپىق جاۋابلار بار. مەسئۇلىيەت كاتېگورىيەسى، ھەتتا مۇھاكىمە ۋە جازاغا ماتېرىيالىزمدا قەتئىي ئورۇن يوق.

جازانىڭ مەقسىتى نە ئالدىنى ئېلىش، نە ھىمايەت قىلىش، نە كاپالەت ئەمەس. يەنى گۇناھكارنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىدىمۇ ئەمەلىي بىر نىشانى يوق. مەقسىتى بولسا چەكلەنگەن بىر قىلمىشنىڭ سادىر قىلىنىشى بىلەن ئەخلاقىي تۈزۈمدە بۇزۇلغان تەڭپۇڭلۇقنى قايتىدىن ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر.

بۇ تەبىر مۇجمەلدەك كۆرۈنسىمۇ ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. جازالاندۇرۇشنى باشقا كۆپلىگەن ئەمەلىيەت ۋە قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك بولغانلار بىلەن بىرلەشتۈرگەن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەكسىچە، جازا دائىم بۇ ئاساسلىق مەنىسىنى ساقلاپ قالىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قىساس غەيرى ئەخلاقىي بىر قىلمىشقا بېرىلگەن ئەخلاقىي

بىر ئىنكاستۇر. بۇ پايدىسىز، ھەتتا تەتبىقلاش نۇقتىسىدىن زىيانلىق دەپ قارالسىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ... يەنە بىر تەرەپتە بولسا، پايدىلىق تەرەپلەر كىچىكىنى پىدا قىلىپ چوڭ مەنپەئەتنى قوغداپ قېلىش، جەمئىيەت مەنپەئەتنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن تۇتۇش قاتارلىق قوغداش تەدبىرلىرى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلمەكتە.

دىنىي چۈشەنچىدە گۇناھ ياكى جىنايەت ئىلاھىي غەزەپنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. قىساس ۋە جازا قارىشى دەل مۇشۇ دىنى قاراشتىن كېلىدۇ. مەزكۇر قاراش، كېيىنكى مەزگىللەردىكى چەكلىمىلەر ۋە ئۆزگەرتىشلەرنىڭ ئەكسىچە، جازا ۋە ئادالەت چۈشەنچىلىرىدىن خالىي قالغان. بەزى جايلاردا سەۋەب سۈپىتىدە تەڭرى بىلەن ئىلاھىي غەزەپنىڭ ئورنىغا بۇزۇلغان ئەخلاقىي تۈزۈم كۆرسىتىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئۆزگىرىش ھېسابلانمايدۇ، پەقەت تېرمىن جەھەتتىكى پەرقتۇر. چۈنكى ئەخلاقىي تۈزۈمنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى تەڭرىدۇر.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانلار تەبىئىي نۇقتىسىدىن مەسىلىنىڭ نەزەرىيەۋى ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. كىتابىمىزنىڭ تېمىسى ئۈچۈن مۇنۇ ئىككى رېئاللىقنىڭ مۇئەييەن مەنىسى بار: بىرىنچىسى، ئەخلاقنىڭ جىنايەت پىرىنسىپىغا زىت ھالدا، ئىجتىمائىي ھىمايە نەزەرىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى. ئىككىنچىسى بولسا، قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى قانۇن تۈزۈشتە، ئىشنىڭ ماھىيىتى ۋە پەلسەپىسىنى نەزەرگە ئالماستىن، «ساپ» قانۇن تۈزمەسلىكى. ھەر قانداق ئەمەلىي قانۇندا نەزەرىيە جەھەتتىن رەت قىلىنغان پىرىنسىپ مەۋجۇدىيىتىنى تولۇق ھېس قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن، تەتبىقتە تامامەن جازالاندۇرۇش پىرىنسىپىغا تايانغان بىر جىنايى تۈزۈم بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئىجتىمائىي ھىمايە پىكىرلىرىنىڭمۇ مۇۋاپىق تەتبىق قىلىنىدىغان بىرەر قائىدە - تۈزۈمى يوق. بۇ يەردە پەقەت ئىككى پىرىنسىپنىڭ بىر - بىردىن ئارتۇق ياكى كەم تەرەپلىرى ھەققىدىلا گەپ قىلالايمىز[1] .

19 - ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان، دەسلەپ رادىكال قاراشلارنى تەشەببۇس قىلغان «ئىجتىمائىي ھىمايە» ھەرىكىتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مۇكەممەللىشىپ باردى. بۇ ھەرىكەتنىڭ تەشەببۇسكارلىرىدىن مارك ئانكېل مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى

(1) جىنايەت پىرىنسىپىنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشىگە مىسال سۈپىتىدە ئىتالىيە جىنايى ئىشلار قانۇنىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭغا زىت بولغىنى بولسا ئىسكاندىناۋ مەملىكەتلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى بىلەن ئىرلاندىيەنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چوڭ دۇنيا ئۇرۇشى ئارىسىدا قانۇن تۈزۈشتە ئاساس قىلىنىدىغان جىنايەت - قىساس بىلەن ئىجتىمائىي ھىمايە چۈشەنچىلىرى ئىچىدە مۆتىدىل دۇنيا قارىشى ئاخىرى غەلىبە قىلدى[1]. بىراق بۇنىڭدىن ئىجتىمائىي ھىمايە قارىشىنىڭ مۇقەررەر بىر سەلبىي تەرىپى ۋە جازانى تامامەن رەت قىلىشتەك خۇلاسە چىقامدۇ؟بۇ نۇقتىدا، جازا قانۇنىمۇ ياكى ھىمايىمۇ مۇھىم؟ ئىجتىمائىي ھىمايە قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى، جىنايى ئىشلار قانۇنى بىلەن ئىجتىمائىي ھىمايىنى يېڭى بىر نۇقتىئىنەزەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش، زۆرۈر دەپ قارىشىدۇ[2]». بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى ئىتتىپاقى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئۇتۇقلار ئىسپات بولالايدۇ. مەزكۇر ئىتتىپاق 1889 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىجتىمائىي ھىمايە قاراشلىرىنى تەرغىب قىلغۇچىلاردىن ئىدى. كېيىنچە ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەنىۋى مەسئۇلىيەت قارىشىنى پەيدىنپەي قوبۇل قىلغان مەزكۇر ئورگان، 1914 - يىلى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 25 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلدۇرغان رەسمىي دوكلاتتا «ھەر ئىككى چۈشەنچىنى تەڭ قوبۇل قىلغانلىقىنى» ئىپادە قىلغان. يەنى قانۇن نەزەرىيەسىدىكى نەتىجە «نىسپىي جازا نەزەرىيەسى» بولغان. ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولسا، «ھىمايە ئاستىدىكى جازا» ئۇسۇلى، يەنى ئەدلىيە ساھەسىدىكى «ئىككى قۇتۇپلۇق بىرلىكنىڭ بىر شەكلى ئوتتۇرىغا چىققان. قىسقىسى، ھاياتتا «ئۈچىنچى يول» ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن.

ئىسلام دىن بولۇش بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي ھىمايىنىڭ ئامىللىرىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خۇسۇس، دۇئانى نامازغا، سەدىقىنى زاكاتقا، نوقۇل مەنىۋى جامائەتنى مەنىۋى ۋە سىياسىي جامائەت بولغان ئۈممەتكە ئايلاندۇرغان ئوخشاش ھادىسىدىن ئىبارەت. ئىسلام جىنايى ئىشلار قانۇنى بالاغەتكە يەتمىگەنلەرنىڭ تەلىم - تەربىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە كۈنىمىزدىكى مەۋجۇت چۈشەنچىگە يېقىن سىستېمىنى ۋە دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلۈش پىرىنسىپىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مۇئەييەن مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جىنايەت ۋە جىنايى ئىشلار مەسىلىلىرىدە سوتسىئولوگىيەلىك بىر چۈشەنچە ياتىدۇ. مارك ئاكېل مۇنداق دەيدۇ: يەتتە ياشتىن كىچىك باللاردا مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلماڭ، يەتتە ياشتىن بالاغەتكە يەتكۈچە بولغانلارغا نىسبەتەن جازا ماھىيىتى

(1) M.Ancel, La Defense Soiale, 1954 ،پارىژ
(2) M.Ancel, La Defense Soiale, 1954 ،پارىژ

بولمىغان قايتىدىن تەربىيەلەش تەدبىرلىرىنى تەشەببۇس قىلغان 14 - ئەسىردىكى ئىسلام جىنايى ئىشلار قانۇنى، بالاغەتكە يەتكەن جىنايەتچىلەرگە نىسبەتەن ئىجتىمائىي ھىمايە سىستېمىسى تۇسىنى ئالغان تۈزۈم يولغا قويغان: قۇرئانى كەرىمدە قەيت قىلىنغان بەش چوڭ جىنايەتتىن باشقا جىنايەتلەرنىڭ بىر قىسمى سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلۈشكە بۇيرۇلغان. سوت مەھكىمىسىمۇ سادىر بولغان جىنايەتنى، جىنايەتكە سەۋەب بولغان شەرت - شارائىتلارنى ۋە گۇناھكارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنى نەزەردە تۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى»[1].

(1) سەئىد مۇستافا ئەل سەئىد ئەپەندى: «La notion de résponsibilité pérale», Travaux de la semaine internationale de droit musulman، پارىژ 1951, ve L. Milliot: «Introduction a l›étude du droit musulman»، پارىژ 1953.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب: نوقۇل دىن ۋە نوقۇل ماتېرىيالىزم مەۋجۇت ئەمەس

## پىكىرلەر ۋە ھەقىقەت

دىنمۇ، ئۇتوپىيەمۇ ئەمەلىي تۇرمۇشقا كىرگەندە ياكى تەتبىقلانغاندا چوقۇم بۇزۇلماي قالمايدۇ.ئۇلار كىتابلاردىلا ساپ ۋە باش - ئاخىرى ماسلاشقان بىر شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. دىن ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلىغاندا «تەبىئىي» بولىدۇ. يەنى ئىنساننىڭ ھايۋانىي تەبىئىتىدىن بىر نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ. ئۇتوپىيە بولسا «گۇمانىزمچە» بولىدۇ. يەنى بەزى ئەخلاقىي ئالاھىدىلىككە ئېرىشىدۇ. خىرىستىيانلىق ۋە ماتېرىيالىزمنىڭ بۇزۇلۇشمۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانغا، يەنى ئىنساننىڭ ھەم ھايۋانىي ھەمدە ئىنسانىي بولغان ئەسلىدىكى ماھىيىتىگە يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت، خالاس. بىرىنچىسىدە ئىلاھىي تەرىپىدىن بىر تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن بولسا، يەنە بىرىدە ھايۋانىي تەرىپىدىن بىر يۈكسىلىش كۆرۈلىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىلىسى ئىنسانىيەتكە قاراپ ئىلگىرىلەش ۋە ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

خىرىستىيانلىق تارىخىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر، دىننىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش بىلەن توقۇنۇشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن بۇزۇلۇشنىڭ ئوخشىمىغان ئىپادىسىدۇر. بۇنىڭغا دىننىڭ مۇئەسسەسەلىشىشى (چېركاۋنىڭ تەشكىل قىلىنىشى)، خىزمەتنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى (ئەزىز ئاگۇستىن)، مۈلۈك، ھاكىمىيەت، ئىلىم ۋە تەھسىل (ئىلمىي جەھەتتىن گادايلار نېمە دېگەن بەختلىك» دېگەن ئىنجىلنىڭ سۆزىگە زىت ھالدا) گە مۇناسىۋەتلىك قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى، قىيىنچىلىق ۋە زۇلۇمنىڭ قوبۇل قىلىنىشى قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ.

كېيىنكى مەزگىللەردە ماركسىزم بىلەن مۇرەسسەلىششىنى كۆزلەپ يۈرگەن يەنە بىر ئېقىم مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى قىسمىدا توختىلىمىز. بۇنىڭغا ئوخشاش ئېزىش ۋە ئازغۇنلۇقلارغا، بۇنىڭغا زىت بىر يۆنىلىشتە ماركسىزمنىڭ يەنى ماتېرىيالىزمنىڭ تەتبىقلىنىشىدىمۇ شاھىت بولۇۋاتىمىز. مەسىلەن، فىرانسىيە ئىنقىلابى تەشەببۇس قىلغان گۇمانىزملىق پىرىنسىپلار (نەزەرىيە جەھەتتە بولسىمۇ) ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ كۆلتۈر مىراسلىرىنى قوبۇل قىلىش (شەخس ئەركىنلىكى، مەتبۇئات، پىكىر ئەركىنلىكى، تۇرالغۇ جاينىڭ دەخلى - تەرۇزسىزلىكى)، ئەمگەكنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە «مەنىۋى» تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى (ئىنسانىنىڭ نوقۇل مەنپەئەتنى ئاساس قىلىپ ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قاراشقا زىت)، سىياسىي پارتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، رەھبەرگە چوقۇنۇش، مەھكىمە ۋە قانۇننىڭ «ئوبيېكتىپ»، ئادىل ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشى (قانۇن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىدۇر، دېگەن ئىبارىگە زىت)، نىكاھ، ئائىلە، مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ (كىلاسسىك ماركسىزمغا زىت) قوبۇل قىلىنىشى، قانۇندا جازا پىرىنسىپىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، قەھرىمانلارنى ئېلان قىلىش، قېرىنداشلىق ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى ئۇقۇملىرىغا ئەھمىيەت بېرىش (قېرىنداشلارچە ياردەم، قېرىنداش پارتىيەلەر، ۋەتەن يولىدا جەڭ قاتارلىقلار قېرىنداشلىقنى پەش قىلغان ۋەتەن بۇرژۇئازىيە تۇزىقى ئەمەسمۇ؟)، ئاممىۋى ئەخلاقنىڭ بەزى ئۆلچەملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش (شەھۋانى ئەسەرلەر، يېرىم يالىڭاچ كېيىنىش، ئىشرەتكارلىق قاتارلىقلارنى تەنقىد قىلىش)، «سوتسىيالىست ۋەتەن» نىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ياشاش ۋە ئىشلەش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان چاقىرىقلار، «قەھرىمانلىق» ئەدەبىياتىنى تەشۋىق قىلىش، ئىدېئولوگىيەلىك ۋە نەزەرىيەۋى دوگماتىزم قاتارلىقلار...

دىن نوقۇل ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ياشاشقا چاقىرسىمۇ، ئىنسانلار ھەر ۋاقىت ھەر كۈنكى ئۈمىد ۋە ئەمەللىرىنى دىنغا باغلايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق تەبىئىي ھالدا ئىسلامنى تەلەپ قىلىشىدۇ. خىرىستىيان دىنى تارقىلىپ دەسلەپكى مەزگىللەردە «agape» (مەرھەمەت) دەپ تەرىپلىنىدىغان ئورتاق تاماقلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. «گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى» ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئالارنىڭ ئورنىغا كۆپىنچە «قەرزلەرنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى» نى تەلەپ قىلىدىغان دۇئالار ئومۇملاشقان. ئوتتۇرا ئەسىردە كۆپىنچە ھەرىكەتنىڭ ھەم دىنى ھەمدە ئىجتىمائىي ماھىيىتى بار. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىر تەرەپتىنلا ئىزاھلاش تەسكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



توختايدۇ. كۈنىمىزدە بەزى سوتسىيالىست ھەرىكەتلەر كىتابى مۇقەددەسكە تايىنىدۇ. بۇ رېئاللىقلار ساپ دىن ۋە ساپ سىياسەتنىڭ پەقەت چۈشەنچىدىلا بولىدىغانلىقىنى، ھاياتتا بولسا بۇلارنىڭ ئارىلاشمىسى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىسلامنىڭ ئومۇمىي نۇقتىئىنەزەرىنى تەستىقلايدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا بۇ ئارىلاشمىنىڭ ئۇنسۇرلىرىنى بىر - بىردىن ئايرىش ئاساسەن دېگۈدەك مۇمكىن ئەمەس.

## ھەزرىتى ئىسا ۋە خىرىستىيانلىق

دۇنيادا ساپ دىن ئىشقا ئاشمايدۇ. بۇنىڭغا خىرىستىيانلىقنىڭ تارىخىي مەغلۇبىيىتى مىسال بولالايدۇ. تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، خىرىستىيانلىقتا ھەزرىتى ئىسا بىلەن خىرىستىيانلىق تارىخىنى چوقۇم ئايرىۋېتىش كېرەك. بىر تەرەپتە ھەزرىتى ئىسا، يەنە بىر تەرەپتە خىرىستىيانلىق ياتىدۇ. بۇ پەرق ئىنسان ئېڭىدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىلاھىي بىلەن ئىنسانىي پەرققە ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇشۇنداق. بۇ پەرق ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن دوگمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ۋە بۇ قاراشنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. تەگرى - ئىنسان ھەققىدىكى خىرىستىيان ئەپسانىسىدىن ساپ خىرىستىيانلىقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ئەڭ ئاخىرقى خىرىستىيانلىق كرېستتا ئۆلگەن» (نېتزى).

بەزى يازغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، سېرۋانتېسنىڭ مەشھۇر ئەسىرىنىڭ مەركىزى ئىدىيەسىنى خىرىستىيانلىقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىشقا ئاشماسلىقى تەشكىل قىلغان ئىكەن. دونكىخوت ھەزرىتى ئىسانىڭ ھەجۋىي رەسمى ئىكەنمىش. بەزىلەر بۇ كىتابنى «قارا ئىنجىل» دەپ تەرىپلىگەن. ھەزرىتى ئىسا، پېترۇسنى ئىلاھنى ئەمەس ئىنسانىي نەرسىلەرنى ئويلايدۇ، دەپ تەنقىد قىلغان. ھەزرىتى ئىسا، پېترۇس «چېركاۋنىڭ ئۇل تېشىدۇر» دېگەن سۆزى بىلەن، خىرىستىيانلىقنىڭ چېركاۋ سۇپىتىدىكى مەنىسىگە، يەنى ئۆزىدىن ئۇزاقلىشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان.

خىرىستىيانلىق ھەزرىتى ئىسانىڭ تەلىماتى ۋە ساپ دىنلىق خۇسۇسىيىتىدىن ئىدېئولوگىيەگە، چېركاۋغا، تەشكىلاتقا ئايلىنىپ كېتىش جەريانىدا، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە ئەڭ مۇھىم ھادىسىلەر مەيدانغا كەلگەن. تارىختا

دىن بىلەن دىنسىزلىق ئارىسىدا ئەڭ شىددەتلىك توقۇنۇشلار بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئۈچ ئەسىر داۋاملاشقان بېسىم ۋە زۇلۇمدىن كېيىن، يۇنان - رىم دۆلىتى يېڭى رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئۆزگىرىش دۆلەتنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. رىم ئىمپېرىيەسى ۋە سىياسىي ھاكىمىيەت مۇزەپپەر دىن ياماشقان ئوخشاش داۋاندىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈۋاتقان ئىدى. 311 - يىلى خرىستىيانلىققا يول قويۇش ھەققىدە بىر قارارنامە ئېلان قىلىنغان (ئىمپېراتور گالېرىيۇس). ئارقىدىن 313 - يىلى ئىمپېراتور كونستانتىن خرىستىيانلىقنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قارارنامە ئېلان قىلدۇرغان. كونستانتىن خرىستىيانلىق ئەسلىدىكى ماھىيىتىدىن يىراقلىشىۋاتقان بىر مەزگىلدە، مەنىۋى بىر جامائەتتىن كۈچلۈك بىر تەشكىلات، چېركاۋدىن سىياسىي كۈچ مەيدانىغا كەلتۈرگەن. 4 - ئەسىردە رىم مەجلىسىدە خرىستىيان دىنىنىڭ ئەقىدىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلاتتى، ئىبادەت قىسمى بولسا بۇتپەرەسلىكنىڭ مۇراسىم ۋە چوقۇنۇش شەكىللىرى بىلەن تېخىمۇ بېيىتىلغان ئىدى. ئەزىزلەر ۋە مۇناخلارغا چوقۇنۇش ئوتتۇرىغا چىقتى. 5 - ئەسىردە II -تېئودىيوس خرىستىيانلىقنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە ئېلان قىلدۇ. 435 - يىلى بۇتپەرەسلىك چەكلىنىدۇ. نەتىجىدە روھانىي سىنىپلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. «خرىستىيانلىق قەدىمىي جەمئىيەتلەردىكى ئىككى چوڭ راھىب تىپىنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئەلەن ۋە شەرق راھىب تىپلىرى بولۇپ، بىرسى تاللانغان ماگىستىرات ۋە تەڭرىلەرنىڭ خىزمەتكارى بولسا، يەنە بىرى دىنى سىرلارنى ياخشى بىلىدىغان ئوتتۇرىدىكى ۋاستىچى ئىدى» (لۇكپىين خېنرى، دىنىنىڭ مەنبەسى). ئىنجىلنىڭ كۆپ قىسمى 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلىدۇ. كرېست 325 - يىلى ئىزنىكتە دىنىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. دىنىنىڭ ۋە دىنى تېكىستلەرنىڭ ئەركىن ۋە خالىغانچە ئىزاھلىنىشىنىڭ ئورنىغا بىر تۇتاش قېلىپلاشقان ھالدا ئىزاھلاش ئومۇملىشىدۇ. پاپا مەنىۋى روللارنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ ئېلىپ دىنى مەسىلىلەردە مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. مائاشىنى چېركاۋدىن ئالاتتى. پاپا چېركاۋغا كىرگەندە يۇيۇندۇرۇش ۋە ھاراق - تاماق مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلەتتى. ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى پاپانىڭ رايونلۇق مەجلىسلىرىدە تەشكىل قىلىناتتى. بۇ مەجلىسلەر كۈنىمىزدىكى پارلامېنت كېڭىشىگە ئوخشايدۇ. چېركاۋ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان جەريانلاردىن كېيىن شەكىللەنگەن.

ھەقىقىي ۋە بۈيۈك خرىستىيانلار ھەر ۋاقىت ھەزرىتى ئىسانىڭ تەلىماتلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەقىقىي مەنىدە ئىلىم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى، خۇددى بىر دىرامىنىڭ ياكى بىر رەسىمنىڭ ئىلىم بولالمايدىغانلىقىغا ئوخشاش. «شەخسىي ئېتىقاد ھەيران قېلىش ۋە سۆيگۈدىن كەلسە، تېئولوگىيە ماتېماتىكىدىن كېلىدۇ... (رۇسسېل). چېركاۋمۇ خىرىستىيانلىقتىن ماتېماتىكا ياكى بىيولوگىيەگە ئوخشاش سىستېمىلاشتۇرۇلغان بىر ئەقىدە ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىدى. ھازىرقى زامان كاتولىك تېئولوگلىرىدىن بارىس («دوگماتىزم» ناملىق ئەسىرىدە) مۇنداق دەيدۇ: دوگماتىزم چېركاۋ ئىگە بولغان مەلۇمات ۋە بىلىم سەۋىيەسى ۋە تونۇش جەھەتتىن ئۆزىنىڭ تەكسۈرۈپ ئۈزۈك - ئۆزىگە ئىزاھلايدىغان ئىلىم تونىدۇر. تەنقىدىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر ئىلىم ساھەسىدۇر... ». خۇددى سۆيگۈ ياكى دۇنيا قېرىنداشلىق قارىشى، ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويماستىن ئىلمىي تەھلىلگە تېما بولالايدىغاندەك. خىرىستىيانلىق مەنىۋى جەھەتتىن ئېزىپ كېتىشى مۇشۇ شەكىلدە باشلانغان ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، دوگمالار بىلەن مۇقەددەس سىرلار ھەققىدىكى باش - ئاخىرى يوق بەس - مۇنازىرىلەر ھەزرىتى ئىسانىڭ تەلىماتىنىڭ ئەخلاقىي يادروسىدىن سكولاستىك (ئېتىقاد ۋە بىلىمنى چېركاۋ بىلەن، بولۇپمۇ ئارىستوتېلنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ماسلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى) تەرەپكە مەركەزلەشتۈرىدۇ. چېركاۋغا تەۋە تەشكىلاتلار تېئولوگىيەنى ئاساس قىلغان زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى، تۈرلۈك شەكىللىرى، دەرىجە پەرقى ۋە بايلىقلىرى، پۈتۈن تىراگېدىيەلىك خاتالىقلىرى بىلەن بىرلىكتە مەيدانغا چىقىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە بولسا، ھەقىقىي دىنى ئىلھامنىڭ بىر ئىپادىسى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن راھىبلىق ھەرىكىتى، چېركاۋ تەشكىلاتىدىن خالىي بولۇپ كەلگەن.

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان زىددىيەت، كۆز قاراش بىلەن ھەقىقەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن تېخىمۇ چوڭ بولۇپ. ئوخشىمىغان ئىپادىلىرى ماھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك. خىرىستىيانلىقنىڭ بېشى ھەزرىتى ئىسادۇر. چېركاۋنىڭ بېشى بولسا پاۋۇل (ياكى ئاگۇستىن)خىرىستىيان ئەخلاقى ئالدىنقىسىغا تەۋە بولسا، خىرىستىيان تېئولوگىيەسى كېيىنكىسىگە تەۋە. چېركاۋنىڭ ئەپلاتۇن بىلەن ئارىستوتېل ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ قېلىشىمۇ ( بۇ ئارىسالدىلىق ئوتتۇرا ئەسىر چېركاۋ ئىدىيەسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى) ئوخشاش زىددىيەتنىڭ نەتىجىسى خالاس. يەنە ھەزرىتى ئىسانىڭ تەلىماتى دىن سۆپىتىدە ئەپلاتۇنغا، خىرىستىيان تېئولوگىيەسى بولسا ئارىستوتېلغا تېخىمۇ يېقىن. جودىل «ئەخلاق ئىلمى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقىي خىرىستىيانلىق ئەقىدىسى، ئەمەلىي تۇرمۇش نۇقتىسىدىن ھەم كېيىنكى چېركاۋ

ئەقىدىسىدىن (پاۋلۇسنىڭ تېئولوگىيەسىدىن ئېتىبارەن) ھەمدە يەھۇدىي بولسۇن، بۇتپەرەس بولسۇن ئەتراپىدىكى ئەقىدىلەردىن ناھايىتى روشەن پەرقلىنەتتى. خىرىستىيانلىق پۈتكۈل دەۋرىدە ئەخلاقىي دىن سۈپىتىدە ئىنجىللاردا ئوتتۇرىغا چىقسا، سىر ۋە نىجادلىق دىنى سۈپىتىدە ھاۋارىلەرنىڭ قول يازمىلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقاتتى». چېركاۋ دائىم پاۋۇل ۋە مەكتۇپلىرىنى، دىن ۋە ئەخلاق بولسا دائىم ھەزرىتى ئىسا ۋە ئىنجىللارنى مەنبە سۈپىتىدە كۆرسىتەتتى. مەسىھقا مۇناسىۋەتلىك چىن ۋە مۇقەددەس تارىخ پاۋۇلنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. راھىبلىق دىنى ۋە چېركاۋنىڭ تارىخى پاۋۇل بىلەن باشلىنىدۇ. پاۋۇل ئىنجىللاردىن پەرقلىق ھالدا مۈلۈك، خىزمەت، ئولجا، پايدا - مەنپەئەت، سىنىپلار، نىكاھ، ھاكىمىيەتكە ئىتائەت، تەڭسىزلىك، ھەتتا قۇللۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بىر تەرەپكە ئىنجىل، مەسىھ ۋە ھەقىقەت ۋەكىللىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپكە تېئولوگىيە، چېركاۋ پىكىر - ئىدىيە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## ماركس ۋە ماركسىزم

ماركسىزم نەزەرىيە جەھەتتىن باشتىن - ئاخىرى بىردەكلىككە ئىگە. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ماركسىزم مۇنۇلارنى تەشەببۇس قىلىدۇ: ئىنسان ھەم بىيولوگىيەلىك ، ھەمدە ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئەتنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. ئاڭ ماددا تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ماددا، ئاڭ تەرىپىدىن ئەمەس... كۆز قاراشلىرىمىز، ئېتىقادلىرىمىز ۋە پسىخىكىلىق روھىي ھالەتلىرىمىز ئىجتىمائىي ئەھۋالىمىزنىڭ ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي ۋەقە ھادىسىلەر ئىدىيە ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا ھەرىكەت قىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن ئوبيېكتىپ، ئىنسان ئىرادىسىدىن خالىي ئامىللارنىڭ نەتىجىسىدۇر. تارىخىي ۋەقەلەر قارارچىلىقنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. قۇللۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ بىرەرسىنىڭ ئەخلاقىي ئېڭىغا ۋە ھەر قانداق بىر ئەخلاقىي پىرىنسىپلارغا يەنى ئاڭنىڭ ئىپادىلىرىگە ماسلىشالمىغانلىقتىن ئەمەس، ئىقتىسادىي ئېھتىياج ۋە مەنپەئەتلەرگە يېتەرلىك دەرىجىدە جاۋاب بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولغان. فېئودالىزم يىقىلدى، بىرەرسىنىڭ ئۇنى خالىمىغانلىقىدىن ئەمەس، ئىنساننىڭ كۈچى ۋە ئىرادىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خالىي بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنى، ماددىي، ئاڭدىن خالىي، ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە يوق بولۇپ كەتكەن. كاپىتالىزمۇ، ئۆزىگە قالتىس ئىشىنىدىغان پەيلاسوپ، ئىقتىسادچى، قانۇنشۇناس ۋە ئەخلاقشۇناسلارنىڭ كاپىتالىزم ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيەلىرىنىڭ تەسىرىدىن تامامەن خالىي ھالدا بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ئۆزگىرىش ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ روللىرىدىن ئىبارەت، خالاس. بۇ مەنتىق بويىچە بولغاندا سوتسىيالىست تۈزۈم، يەنى سوتسىيالىست ئىنقىلابىنىڭ ۋەدىلىرى ھەر قانداق بىر سىياسىي پارتىيەنىڭ، ئەدەبىياتنىڭ، ساقچىنىڭ، دۆلەت تەدبىرلىرىنىڭ تەسىرىگە تايانماستىن، پەقەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى سوتسىيالىست ئىنقىلاب، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سانائەتتىكى ئىشچى قوشۇنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىششى نەتىجىسىدە تەكپۈتلۈق مۇقەررەر ھالدا بۇزۇلىدىغان بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىدۇ. پۈتكۈل ماركسىزمغا دائىر دەرسلىكلەردە، يەنى نەزەرىيەدە بۇ مۇشۇ شەكىلدە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولسا (ئېتىقادلىقلار ئاللاھنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمىگىنىگە ئوخشاش) ئاتېئىستلارمۇ «ۋەقەلەرنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىشىگە» ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. «ئوبيېكتىپ نەرسىلەر» ئۈچۈن ھەممە نېمىسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئىنسانلارنى ۋە ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ يۆنىلىشىنى ئاڭلىق ھالدا تىزگىنلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئىدېئولوگىيەنىڭ ئۆزلۈكىدىن ۋە «ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماددىي شەرتلىرى»نىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. «ئۆزلۈكىدىن» ئوتتۇرىغا چىققان بۇ خىلدىكى ئىدېئولوگىيە يېتەرلىك ھېسابلانمايدىغان يەرلەردە ئىنقىلاب باشقا يەرلەردىن ئىمپورت قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىشچى سىنىپى يوق يەرلەردىمۇ كوممۇنىست ئىدېئولوگىيەنى تارقىتىدۇ، ھەتتا ھاكىمىيەت بېشىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇلار يەنە تارىخنىڭ شەخسلەر تەرىپىدىن يارىتىلمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ تۇرۇپمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا نامرات ھايات كەچۈرگەن ئادەتتىكى كىشىلەرنى خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان، باشقا ئىنسانلاردىن ئۈستۈن ۋە ھەممە نەرسىنى بىلىدىغان «مۇقەددەس» رەھبەر قىلىپ چىقىدۇ. ماركسىزمچە بولغاندا رەت تەرتىپى مۇنداق: تەرەققىي تاپقان سانائەت - ئىشچى سىنىپى - سىياسىي پارتىيە. ئەمەلىيەتتە، رەت تەرتىپى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ... تەرەققىي تاپمىغان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان

مەملىكەتلەردە كوممۇنىست ھۆكۈمەتلەرنىڭ قارارلىرى ئارىسىدا، سانائەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىشچى سىنىپىنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلارمۇ بار. بۇنداق بولغاندا ھەقىقەتلەر تەتۈرىدىن باشلىنىدۇ: ماددا ئاڭ تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ. پارتىيە بولسا بۇ خىل ئەھۋالدا ئىشچىلاردىن ئەمەس، ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئىتائەتكار بولمىسىمۇ، لېكىن ھاكىمىيەتكە ئىتائەت قىلىدىغان ئۇنسۇرلاردىن تەشكىل تاپىدۇ[1].

ماركسىزمدا تەرەققىيات تەدرىجىي ۋە مۇقەررەر بولۇپ، توسقىلى ۋە مەجبۇرلىغىلى بولمايدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ، ماركسىزمچىلار دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدە مەۋجۇت ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشىمىغان سەۋىيەلەردە بولۇشىنى قىلچىمۇ نەزەرگە ئالماي ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم ئۈچۈن داۋاملىق ئوخشاش رېتسېپنى تاڭىدۇ. ئامېرىكىدىكى كوممۇنىست پارتىيەنىڭ پروگراممىسى كوستارىكا ياكى ھىندونېزىيەدىكى كوممۇنىست پارتىيەلەردىن پىلان پروگراممىلاردىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. كۈنىمىزدە دۇنيادا 80 دىن ئارتۇق كوممۇنىست پارتىيە بار. بۇلار ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلار ئاستىدا ئافرىقىدىكى قەبىلە تۈزۈمىدىن باشلاپ، ياۋروپادىكى كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان شەكىللىرىگە ئىگە دۆلەتلەرگىچە بولۇپ، ھەر يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي - سىياسىي ئەندىزىنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. «بازىس(ئاستقۇرۇلما)» ۋە «ئۈست قۇرۇلما»غا مۇناسىۋەتلىك ئىدىيە توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا كوممۇنىست ئۈست قۇرۇلما، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدا جەمئىيەتنىڭ مۈلكى، يېزا - ئىگىلىكتە كوللېكتىپلىق، بىر پارتىيەلىك ھاكىمىيەت تۈزۈمى، ئىدىيە ۋە سىياسىي مونوپوللۇق قاتارلىقلار ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە ئوخشىمىغان «ئاستى قۇرۇلمىلار»غا قانداق مۇۋاپىق كېلىدۇ؟ سوتسىيالىزمنى ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا قانداق ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟، ئەلۋەتتە، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ تەۋسىيەلىرى ۋە

(1) ئاستى قۇرۇلما ۋە ئۈست قۇرۇلما ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە ماركسنىڭ مۇنداق مەشھۇر سۆزى بار: ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە مۇۋاپىق، مۇئەييەن ئىرادىلىرىدىن مۇستەقىل ھالدا زۆرۈر بولغان مۇناسىۋەتلەرگە كىرىدۇ. بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى، قانۇنى ۋە سىياسىي ئۈست قۇرۇلما تايىنىدىغان ۋە ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ مۇئەييەن شەكىللىرى مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەقىقىي ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ماددىي ھاياتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن مەنىۋى ھايات باسقۇچى ئۈچۈن شەرت. ئىنسانلارنىڭ ئېڭى ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلىمەيدۇ ، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ» (كارل ماركس، .(Zur Kritik der Politischen Ökonomiei

تەشەببۇسلىرى توغرا بولىدىغان بولسا!!!!

ھەر قانداق بىر تارىخىي دەۋرنى تەتقىقات تېمىسى قىلغاندا، ماتېرىيالىزمنىڭ تارىخىي ھادىسىلەرنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىزاھلاپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى روشەن ھالدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا كوممۇنىست ھەرىكەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەر، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نەزەرىيەلەرنىڭ تۇراقسىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كوممۇنىست ئىنقىلابلار ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كوممۇنىست ھاكىمىيەتلەر تارىخىي ماتېرىيالىزم بويىچە بولغانلىقى مەيدانغا كېلىشكە تېگىشلىك يەرلەردە ئىشقا ئاشمىدى. يەنى ھەر نەرسە دەل ئەكسىچە بولدى. كوممۇنىست ئىنقىلابلارنىڭ تارىخىي، تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن ئىزاھلاش مۇمكىن بولمايدىغان زىددىيەت ۋە قالايمىقانچىلىقلار بىلەن تولغان. كوممۇنىست ھەرىكەتلەر، سوتسىيالىست ئىنقىلابنىڭ ماددىي شارائىتلىرى ئىشقا ئاشقان يەرلەردە ئەمەس، كۈچلۈك سىياسىي پارتىيە ياكى سىرتقى كۈچ، يەنى ئاڭلىق بىر مۇداخىلىگە ئوخشاش سۇبيېكتىپ شارائىتلار شەكىللەنگەن مەملىكەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

ماركسىزم «نەزەرىيە» سۈپىتىدە تارىخىي قارارچىلىقنى قوبۇل قىلىشقا، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىدىيەنى رەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئىككى خىل پوزىتسىيە تەتقىقات تېمىسى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. بۇ ھادىسىنى پەقەت ئۇنىڭ مۇقەررەر بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالايدىغان بىرى چۈشەنەلىشى مۇمكىن.

ئېنگېلىس، كۆز - قاراش ۋە ئىدىيەلەرنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئىقتىسادىي تەرىپىگە باغلىق ئىكەنلىكىگە دائىر ماركسىزم نەزەرىيەسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەددىن زىيادە تەتبىقلىنىشى سەۋەبىدىن «بەزىدە كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدىغان بىمەنىلىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدۇ» دېگەن ئىدى. ئېنگېلىس پاۋۇل بارتنىڭ «ماركس ۋە ھارتمانغىچە ھېگېل ۋە ھېگېلچىلارنىڭ تارىخ پەلسەپىسى» دېگەن ئەسىرىگە بەرگەن رەددىيەسى ناھايىتى غەلىتە. پاۋۇل بارت، ماركسىزمنىڭ ئاڭنىڭ ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى رەت قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئېنگېلىس «ماركسىزم نەزەرىيەسىنى ھەددىن زىيادە تەتبىق قىلىنماسلىقنى» تەۋسىيە قىلىپ، «كۆز - قاراش ۋە ئىدىيەلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىغا تەسىرى» ۋە ئاتالمىش «ئەكس تەسىرى» ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئارقىدىنلا «پەقەت ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتلارغا

بولغان بىقىندىلىقىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە» دەپ ئىلاۋە قىلىپ قويىدۇ، ئەمما كېيىنچە، بۇ سۆزنىمۇ دېمەيدىغان بولىدۇ. نەتىجىدە، ئاڭنىڭ مەۋجۇدىيەتكە «تەسىرى»دىن ئەسىرمۇ قالمايدۇ، كەينىدە ئېشىپ قالغىنى پەقەت تۇرمۇشنىڭ رېئاللىقلىرى ئالدىدا ماتېرىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئارىسالدىلىقى ۋە ئېزىشلىرى، خالاس. ماركسىزم بۇ رېئاللىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئىچكى جەھەتتىكى (نەزەرىيە جەھەتتىكى) تۇراقلىقى سەۋەبىدىن قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. پوزىتىۋىزمچىلار ماركسىزمنى پىكرى، سىياسىي، ئەخلاقىي، ھەتتا ئەپسانىۋى ئۇنسۇرلار ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەپ قاراپ ماركسىزمنىڭ ئىلمىلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، پوزىتىۋىزم ئەدەبىيات ساھەسىگىلا قاپسىلىپ قالدى، ماركسىزم دۇنيانى تىزگىنلەش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ماركسىزم بۇنى قىلالىشى مۇمكىن، چۈنكى ھېچقاچان ساپ بىلىم بولۇپ باقمىغان.

كارل ماركسنىڭ دەسلەپكى ئىلمىي خىزمەتلىرىگە تەۋە ياتلىشىش ئىدىيەسى ئىدېئالىست بولۇپ، مەنبەسىنى گېگېل پەلسەپىسىنىڭ ماركسقا كۆرسەتكەن كۈچلۈك تەسىرىدىن ئىزدەش كېرەك. بۇيۈك ئېھتىمال، ھەم ماركس ھەمدە ئەگەشكۈچىلىرى ياتلىشىش نەزەرىيەسىنىڭ بۇ مەۋھۇم خاراكتېرىنى تونۇپ يەتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ توغرىسىدا كۆپ توختالمايدۇ. ماركسنىڭ 1844 - يىلى يازغان «ئىقتىسادىي پەلسەپىسى ماقالىلىرى» 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا (خىتابنامىدىن 80 يىل ۋە «كاپىتال»نىڭ بىرىنچى جىلتىدىن 60 يىل كېيىن) ئېلان قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى بۇ بولسا كېرەك. بۇنىڭغا ئوخشاش مەۋھۇملۇق ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن يەنە بىر ئەسەر«فېيرباخقا مۇناسىۋەتلىك قاراشلار» بولۇپ، ماركسنىڭ قول يازمىلىرى بىلەن ئوخشاش دەۋردىن قالغان. ھۇمانىستىك پۇراق كۈچلۈك بولغان مەزكۇر ئىككى ئەسەر ياش ماركسقا تەۋە. ھالبۇكى، «ماركسىزم» تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، پىشقان ماركسنىڭ ئەسەرلىرىنى ئايرىۋېلىش كېرەك. بۇلارنىڭ ئىچىدە «كاپىتال» بىلەن «سىياسىي ئىقتىسادنىڭ تەنقىدى ھەققىدە» ناملىق ئەسەرلىرىنى ۋە ئىككىنچى ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىنى بايان قىلىش كېرەك. كىرىش سۆزدە ماركس ماتېرىيالىست تارىخ چۈشەنچىسىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ.

ماتېرىيالىزمغا يات ئامىللارنى ماركسىزمغا ئېلىپ كىرىش باسقۇچى، ماركسىزمنىڭ نەزەرىيەدىن ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىشى نەتىجىسىدە مەجبۇرىي داۋاملاشتۇرۇلغان. ماركس كۈنىمىزدە بولغان بولسا نامى ئىشلىتىلگەن ئىجتىمائىي تۈزۈملەردە ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىدىيەسىنى تونۇشتا ناھايىتى قىينالغان بولاتتى. بۇ خۇسۇسقا مۇناسىۋەتلىك ئەھمىيەتلىك بىر رېئاللىق بار بولۇپ، ئىسلاھات تۈرتكىسىدە كاتولىك رومانتىزم ۋە مىستىپتىسىزمدىن قۇتۇلغان پىروتېستانت دۆلەتلەر، ماركسىزمغا سىلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۆپچەيدى. تەتۈرسىچە، سىگان مىللەتلىرى ئارىسىدا (ئۇلار ھەر ۋاقىت ئەقلىنىڭ ئورنىغا قەلبىنى قويىاتتى، 9 تەرەققىي تاپمىغان مەملىكەتلەردىكىگە ئوخشاش، كوممۇنىست ئىدىيەلەر ئاسانلا تارقىلىپ زەپەر قۇچتى. پىروتېستانتلار كاتولىك دىنى رەت قىلغىنىدەك ئوخشاش سەۋەبتىن كوممۇنىزمنىمۇ رەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن دىن بىلەن مىستىك چۈشەنچە ئىلھام ئالغان مەنبەلەردىن كوممۇنىزمنىڭمۇ ئوخشاش ئىلھامنى ۋە كۈچنى ئالدى، دېگەن زىددىيەتلىك بىر ھۆكۈمنى چىقىرالايمىز. دىن ئۈچۈن شارائىتلار مەۋجۇت بولمىسا، كوممۇنىزم ئۈچۈنمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن ئادىل ۋە ئادىل بولمىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئاساسەن تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئادىل ۋە ئادىل بولمىغان مۇناسىۋەتلەر يوق بولسىمۇ، لېكىن بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ۋە تارىخ نۇقتىسىدىن يوللۇق بولغان بىلەن بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ۋە تارىخى نۇقتىسىدىن يولسىز بولغىنى مەۋجۇت (بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، يوللۇق بولۇش ئەخلاقىي، چىدامچان بولۇش بولىدىغان بولسا بۇ فىزىكىلىق ۋە مېخانىك ئۇقۇم بولىدۇ). كاپىتالىست مۇناسىۋەتلەر تېخنىكىلىق كۈچ (ماركسىزمدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى) بىلەن ماسلىشالىغان تەقدىردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. مۇناسىۋەتلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ «ئۆلچىمىگە ئاساسەن» بولۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىپ قويغاندا، يەنى ئەخلاقىي مۇلاھىزىلەر بىلەن ئەمەس، ئەخلاق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق مۇئەييەن ئوبيېكتىپ ئۆلچەملەرگە زىت بولغاندا، ئاندىن ئادالەتسىز بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن شۇ ئايدىڭلىشىدۇكى، بۇ مۇناسىۋەتلەردىكى زۇلۇم بۇ باسقۇچقا كەلمەستىن ئىلگىرىمۇ زوروۇر بولۇپ، ئادالەتسىز ھېسابلانمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، ماركسىنىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشاش، «ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمى زورۇر بولسا، ئىنسانىنىڭ ئىنسان تەرىپىدىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشىمۇ زورۇر بولغان بولىدۇ».

مەنتىقلىق ئەمما جانسىز بولغان مەزكۇر تەدبىرگە ماركسىزمچىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئۇنچىۋالا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئىنسانىي ھەرىكەتنى

مەنىسىز ۋە ئەھمىيەتسىز قىلىپ قويىدۇ. پارلاق ۋە مەنتىقىلىق ئىبارە ۋە تەبىرلەرنىڭ ئورنى پەقەت كىتابلاردىلا بولىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولسا، دېگەندەك مەنتىقىلىق بولمىسىمۇ، ئىنسان ۋە تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىن بولغان ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەر ئۇچرايدۇ. كىلاسسىك ماركسىزمچىلار، سىياسەتچىلەر ۋە دۆلەت ئەربابلىرى سەھنىگە چىققاندا ئېكسپىلاتاتسىيە تەدبىرىنى نوقۇل ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي مەنىدە ئىشلىتىدۇ. ئېكسپىلاتسىيەنى يالغۇز باشقىلارنىڭ ئىشنى تارتىۋېلىش دەپ چۈشەنگەندە، ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىدا ئىقتىسادىي - تېخنىكىلىق رەسمىيەت ياكى جەريان بولۇشتىن تامامەن چىقىپ كېتىدۇ. ماركسىنىڭ ئەسەرلىرىدە (مەسىلەن «كاپىتال»، «خىزمەت كۈنى» ناملىق ئەسەرلىرىدە) ئېكسپىلاتاتسىيەنىڭ ئىنسانىي تەرىپى بارلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يالغۇز تېخنىكىلىق (نوقۇل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت) نۇقتىدىن بولماستىن، ياخشىلىق يامانلىق ئارىسىدىكىمۇ مۇناسىۋەتتۇر. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار نوقۇل ئەسكى، قۇربانلىرى بولسا نوقۇل ياخشى ۋە ئادالەتلىك. (ماركسىنىڭ «كوممۇنىستلار ئىتتىپاقى» ئۈچۈن «دۇرۇس كىشىلەر ئىتتىپاقى» دېگەن تەرىپىنى ئويلاپ باقايلى). ئىشچىلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن ماركس، بۇنى ناھايىتى ئوچۇق شەكىلدە لەنەتلەيدۇ، خۇددى تەۋراتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ رەزىللىك ۋە ناھەقچىلىكنى لەنەتلىگەنلىكلىرىگە ئوخشاش. دىنى ئىسلاھاتچىلار بىلەن ئەخلاق ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ مۇشۇ خىل پوزىتسىيەسىدە بولۇشى ناھايىتى نورمال كۆرۈلىدىغان بولدى. دەرۋەقە، دىن نۇقتىسىدىن رەزىللىك مۇقەررەر ئەمەس. ئۇنىڭ لەنەتلىنىشى ئۈچۈن رەزىللىكنىڭ چوقۇم ئىنساننىڭ بىر تاللاش مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش شەرتتۇر. بولمىسا، بىر گۈلدۈرماما ياكى يۇقۇملۇق كېسەللىكنى لەنەتلەنگەن ئىش دەپ قوبۇل قىلغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. «زۆرۈرىي» بىر ئېكسپىلاتاتسىيەنى لەنەتلەش بولسا ئەمەلىيەتتە زىددىيەتلىك ئەھۋالدۇر. بىراق، ئېكسپىلاتاتسىيەنى لەنەتلىشىمىز، بولۇپمۇ ماركسىنىڭمۇ ئۇنى لەنەتلىنىشى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ماركسىزم ئىلگىرى سۈرگەندەك نوقۇل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلمايدۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئەخلاقىي تەرىپى ئۆز ئالدىغا ئايرىم سەۋەب ۋە ھەقىقەت بولالايدۇ[1] . ماركسىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەنى لەنەتلىشى، ئىدىيەسىنىڭ

(1) «كاپىتالنى» چۈشىنىشتە ناھايىتى قىيىنلىپ قالغانلىقنى ئېيتقان دوستى كۈگېلمەننىڭ ئايالىغا ماركس، ئالدى بىلەن ئەسىرىنىڭ «خىزمەت كۈنى» ماۋزۇلۇق سەككىزىنچى بابىنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ باب كۆپىلگەن مەملىكەتتە ئايرىم نەشر قىلىنغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



زىددىيەتلىك تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسلىدە بۇ لەنەتلەش توغرا بولغان، لېكىن ئۆزىنىڭ ئىدىيە قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن مەنتىقسىز ۋە تۇترۇقسىز بولۇپ قالغان.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەڭ داڭلىق ماتېرىيالىزمچى مۇتەپەككۇر ئۇنچىۋالا تۇترۇقلۇق بىر ماتېرىيالىزمچى ئەمەس. بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق نۇقتىسى دەل مۇشۇ. لېنىننىڭ ماتېرىيالىزمى ياكى ئاتېئىزمىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ساپ ۋە چىن ئىكەنلىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ باقساق بولىدۇ. چۈنكى لېنىن ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى (ئۆزى ئېتىراپ قىلغان) تولستوي ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ماركسىزمنىڭ ھايات كۈچى كۆپىنچە بۇ خىلدىكى تۇترۇقسىزلىقلاردىن، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ماركس قەتئىي ۋاز كېچەلمىگەن ئەخلاقىي ۋە ئىدېئالىستىك ئامىللارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا باغلىق. چۈنكى ماركسىزم پەن بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن بەكرەك مەسىھلىك (تەۋراتقا مۇۋاپىق) چاقىرىقى ئۈمىد، تارىخىي ئادالەت، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانپەرۋەرلىك پۈرىقى كۈچلۈك يول سىزىپ چىقتى. ماركسقا نىسبەتەن، كاپىتالىست ۋە ئىشچى (ئارزۇ ئىستەك ۋە نىيەتلەرگە زىت ھالدا) نوقۇل فۇنكسىيە بولماستىن، ئەخلاقىي روللار، رەزىللىك بىلەن ياخشىلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يەنى ئىختىلاپنى ئىپادە قىلىدۇ. بىرسى ئەزگۈچى، يەنە بىرى ئېزىلگۈچىدۇر. بۇ خىلدىكى كاتېگورىيە ئىنسانلارنى ئەخلاققا باغلايدۇ. ئىشچى بىلەن كاپىتالىست ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەتتە، ياۋروپالىقلار يوللۇق بىلەن يولسىز ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىلگىرىكى يەھۇدىي زىددىيىتىنى قايتىدىن باشتىن كەچۈرىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادنى مەنپەئەت پىرىنسىپى ئۈستىگە قۇرماقچى بولغان ئىقتىسادچىلىقنى رەت قىلىشى ھەقىقەتەن غەلىتە بىر ئىشتۇر. سوتسىيالىزمدا ئىقتىسادچىلىققا زىت ھالدا كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھازىرقى ئەۋلادلاردىن پىداكارلىق كۆرسىتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ماركسىزمنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلىغاندا مۇئەييەن ئەخلاق پىرىنسىپىغا ئورۇن بېرىدۇ (كىلاسسىك ماركسىزمچىلار بۇ مەسىلىدە ئەخلاقىي پىرىنسىپلارغا قەتئىي ئورۇن بەرمەيدۇ). بۇ ھەقىقەتەن ماتېرىيالىزمنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاشتا تۇراقلىق ۋە مەنتىقلىق بولۇشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

چۈنكى تارىخىي ۋە ئوبيېكت بولماستىن، يالغۇز ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ۋەقە - ھادىسىلەرگە ئەخلاقىي جەھەتتىن قارىماسلىق ئىنسان ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. پىرىنسىپ نۇقتىسىدىن، ھەر قانداق بىر دىراما بىر ماتېماتىكىلىق چىگىشلىكتىن تېخىمۇ مۇرەككەپتۇر. بىراق بۇنى ھەرقانداق بىر كىشى فىزىكا ياكى خىمىيە قانۇنىيەتلىرىدىن تېخىمۇ ئاساس «چۈشىنىدۇ». «خىزمەت كۈنى»گە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالمۇ دەل مۇشۇنداق

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونال، ئەخلاقنىڭ ئىنكارى ئۈچۈن قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن قايتىدىن ئېزىپ، ھەققىيانىيەت پىرىنسىپىنى «غايە ۋاستىنى يوللۇق قىلىدۇ» دېگەن پىرىنسىپقا زىت ھالدا تەستىقلايدۇ. كېيىنچە، پارتىيەنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتكە قۇربان قىلىشقا چاقىرىق قىلىنىدۇ. خىتايدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»مەزگىلىدە، «ھەر كىم ئۆز - ئۆزىگە مۇھىم» دېگەن لىيۇشاۋچىغا ھەممە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خىتايدا ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى ماددىي جەھەتتىن مۇكاپاتلاشتىن باشقا، مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلايدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى، بۇ ماتېرىيالىست پەلسەپە ئۈستىگە قۇرۇلغان كوممۇنىست بىر دۆلەتكە نىسبەتەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلىك ئەھۋالدۇر. دېمەككى، ھەقىقىي ئاتېئىست ۋە ماتېرىيالىست بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

## نىكاھ

بۇ قېتىم ئىنسانىيەتكە ئوخشاش قەدىمىي بولغان تېمىنى تاللىدۇق. چۈنكى، ساپ پىكىرلەر بىلەن تۇرمۇش رېئاللىقى ياكى ساپ پىكىرلەر بىلەن ئىسلام ئارىسىدىكى ئىختىلاپ، نىكاھتا پەۋقۇلئاددە دەرىجىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ساپ دىن ئىپپەت تەلەپ قىلىدۇ، ماتېرىيالىزم بولسا جىنسىي مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن پىرىنسىپنىڭ تەقەززاسى بويىچە تولۇق ئەركىنلىككە يول قويىدۇ. لېكىن ھەر ئىككىلىسى نەزەرىيەنىڭ يۈكسەك پەللىسىدىن چۈشۈپ تەتبىقلاشتا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئائىلىنى مۆتىدىل ھەل قىلىش يولى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ھەقىقىي خرىستىيان تەلىماتىدا ئائىلىگە نىسبەتەن ھەر قانداق بىر تايانچ نۇقتىسى يوق. مەسىھ ئىپپەتنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. «زىنا قىلماسلىققا بۇيرۇلدۇڭلار. مەن سىلەرگە مۇنداق دەيمەن: ھەر كىم بىر ئايالغا شەھۋەت بىلەن قارىسا كۆڭلىدە زىنا قىلغان بولىدۇ» (مەتتا، 28 - 27 V). تولستوي بۇ سۆز ھەققىدە توختىلىپ، «بۇ سۆز (مەسىھنىڭ تەلىماتى بويىچە بولغاندا) تولۇق مەنىدىكى ئىپپەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ» دەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن مۇنۇ خۇلاسىنى چىقىرىدۇ: «تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىپپەت دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ساقلىنالايدىغانلىقلىرىنى ئىلگىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۇرگۈچىلەر خاتالاشقان بولىدۇ». ئەزىز پاۋۇل بىر مەكتۇپىدا مۇنداق دەيدۇ: «بويتاق بىرى تەڭرىنى قانداق رازى قىلىدىغانلىقىنى ئويلىسا، ئۆيلەنگەن كىشىمۇ دۇنيانى ۋە ئايالىنى قانداق رازى قىلىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ» (كورىنتلىقلەرگە مەكتۇپ 38 ,VII). ئومۇمەن، توي قىلىش رەزىللىك، لېكىن مۇكەممەللىكنىڭ مۇقەررەر تۆۋەنلىشى دەپ قارالغان. يەنى «ھەممىدىن ياخشىسى ئەرنىڭ ئايالدىن ئۇزاق تۇرۇشىدۇر. لېكىن زىنادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر ئەرنىڭ ئايالى، ھەر ئايالنىڭ ئېرى بولۇشى كېرەك». پاۋۇلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەكتۇپىدا قەيت قىلىنغانلاردىن خىرىستىيانلىقنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپىنىڭ روھىدىن ئۇزاقلىشۋاتقانلىقنى، چەتنەپ كېتىۋاتقانلىقنى، دەسلەپكى خىرىستىيانلىقتىن بارغانچە يىراقلىشۋاتقانلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خىرىستىيانلىق نۇقتىسىدىن توي قىلىش پىرىنسىپ جەھەتتە ھەل قىلىش يولى بولماستىن، ئەمەلىي تەتبىق تەقەززا قىلغان ھەل قىلىش يولىدۇر (زىنداندىن قېچىش ئۈچۈن» - ئەزىز پاۋۇل).

يەنە بىر قۇتۇپتا نىكاھ پۈتۈنلەي رەت قىلىنىدۇ. لېكىن سەۋەبلىرى پۈتۈنلەي پەرقلىق. «نىكاھ بىر جىنسنىڭ يەنە بىر جىنسنى بېسىم ئاستىغا ئېلىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ...»، «تۇنجى سىنىپ توقۇنۇشى نىكاھتا ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئوخشىماسلىقىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ... ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈككە ئۆتۈشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ... ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈككە ئۆتۈشى بىلەن بىرلىكتە ئائىلىمۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئىقتىسادىي بىرلىكى بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن چىقىدۇ. خۇسۇسىي ئۆي ئىدارىسى ئىجتىمائىي سانائەتكە ئايلىنىدۇ... جەمئىيەت بارلىق باللارغا مەيلى نىكاھ ئارقىلىق تۇغۇلغان بولسۇن، مەيلى غەيرى نىكاھ ئارقىلىق تۇغۇلغان بولسۇن ھەممىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. بۇنداق بولغاندا «نەتىجىلەر»دىن غەم قىلىشقا ھاجەت قالمايدۇ. بۇ «نەتىجىلەر» كۈنىمىزدە بىر قىزنىڭ ھېچنېمىگە قارىماستىن ناھايىتى ياخشى كۆرگەن ئوغۇل دوستىغا ئۆزىنى ئاتىۋېتىشكە توسالغۇ بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە ئىقتىسادىي ئامىلنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەركىن جىنسىي تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، قىزلىق ھۆرمىتى ۋە ئايالىق ئەيىبى مەسىلىسىنى تېخىمۇ توغرا چۈشىنىدىغان جامائەت پىكرى تەشكىل قىلىش ئۈچۈن بۇ يېتەرلىك سەۋەب بولالامدۇ؟(يۇقىرىقى ئۈزۈندىلەر ف. ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ مەنبەسى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغان).

خرىستىيان دۇنيا قارىشى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەتتىن ساقلىنىش تەلىپى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك مۇناسىۋەت مەۋجۇت(1).غەربتە ماتېرىيالىزم ئىدىيەسى كۈچلۈك بەزى يازغۇچىلار بۇ مۇناسىۋەتنى جىنسىيەتنىڭ بېسىقتۇرۇلۇشى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي تۈزۈم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، دەپ قارايدۇ. ۋ.ۋىلخېم رېيچ(2)، تىروتزكىي(3) ۋە «فىرانكفورد ئىدىيەسى» سۈپىتىدە بىلىنىدىغان گۇرۇپپىنىڭ نەزەرىيەلىرىمۇ بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. ھېربېرت ماركىيۇس (4) كاپىتالىزمنىڭ جىنسى ئېنېرگىيەنى باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىش غەرىزىدە جىنسى ئەركىنلىكنى بوغقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. (5)

بويتاقلىق زاكىتى نە ئىلاھىي بىر بۇيرۇق نە چېركاۋنىڭ كونا ئادەتلىرىگە تايانغان ئەمەس (1139 - يىلى چېركاۋ ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن چىقىرىلغان). تولىمۇ ئەپسۇسكى، بويتاقلىق زاكىتى خرىستىيان دىنىنىڭ روھىدا بار. خۇددى جىنسى مۇناسىۋەت ئەركىنلىكىنىڭ ماتېرىيالىزمنىڭ تەبىئىي بىر تەلىپى بولغىنىغا ئوخشاش. ئەڭ ئاخىرقى ۋاتىكان مەجلىسىدە بويتاقلىق زاكىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەقسىتىدە بەزى خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان ئىدى. تەتبىقتە بۇ پرىنسىپلارنىڭ ھېچقاندىقىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا ئىشقا ئاشماسلىقى ۋە ئۆزگىنىڭ ئورنىنى باسالماسلىقى باشقا بىر مەسىلىدۇر. بويتاقلىق زاكىتىنى ناھايىتى ئاز سانلىق ئۈستۈن تەبىقىلىق كىشىلەرلا ئىشقا ئاشۇرىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنقىلابتىن كېيىن ۋە «ئەركىنلىك»نى پەش قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان بەزى ئىسلاھاتلاردىن كېيىن نىكاھ قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. نىكاھنىڭ بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا نە قويۇق دىنى نە قويۇق ماتېرىيالىست قاراشتا

(1) بۇ تەلەپ بەزى ئەھۋاللاردا تېخىمۇ رادىكال تۈسكە كىرەتتى. خرىستىيانلىقتا ئەرلەرنى پىچىۋېتىشكە بولغان مايىللىق ئاساسەن ئومۇملاشقان ئىدى. ئورىگېن ۋۇجۇدىنىڭ «زۇلمى»دىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى پىچىۋەتكەن. ئەرەبىستاندا خرىستىيان ۋالېرىيانلار مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنى پىچىۋېتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان. ھەتتا يۇرتلىرىدىن ئۆتكەن يولۇچىلارنىمۇ شۇنىڭغا زورلىغان ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چېركاۋ بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي چەكلىۋەتتى.

(2) Wilhem Reich

(3) Trotzky

(4) Herbert Marcuse

(5) فىرانكفورد ئىدىيەسى گېرمانىيەدە 1923 - يىلى قۇرۇلغان ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق، سىياسەت ئىلمي، پسىخىك - ئانالىز، تارىخ، ئېستېتىكا، پەلسەپە، مۇزىكولوگىيە قاتارلىق ئوخشىمىغان پەنلەردىن ئىلىم ئەھلىلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلغان ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئىدىيە ئېقىمىنى كۆرسىتىدۇ. فىرانكفورد ئىدىيەسىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرى تەنقىدى نەزەرىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
فىرانكفورد ئىدىيەسىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ماركسىزمنىڭ تەنقىدى نۇقتىئىنەزەرىگە يۈزلىنىپ بىر يېڭى تەنقىدى نۇقتىئىنەزەرگە تايانغان ئىجتىمائىي نەزەرىيە بەرپا قىلىشقا كۈچىگەن. رۇس ئىنقىلابىنىڭ ستالىنىزمغا ئايلىنىپ ماھىيىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى، ياۋروپادا سولچىل ھەرىكەتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى ياكى چۆكۈشى، كۈندىن - كۈندىن يۈكسىلىۋاتقان فاشىزم ۋە ناتسىزم ھادىسىلىرى، كاپىتالىست تۈزۈمدە باش كۆتۈرگەن يېڭى ئىقتىسادى ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەر فىرانكفورد ئىدىيەسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شارائىت ھازىرلىغان. ھەم كاپىتالىزمنىڭ ھەمدە سوۋېت سوتسىيالىزمنىڭ تەنقىدى فىرانكفورد ئىدىيەسىنىڭ ئاساسلىق شوئارى ئىدى. تەرجىماندىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاساسىي يوق. نىكاھ تۇرمۇشى نە خىرىستىيانلىقتا نە كوممۇنىزمغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. بىراق «ئەبەدىيەت»تە تۇرۇپ «تەبىئ»لىنىشقا ئىنتىلگەن ۋە ھەقىقىي ئىنسان بىلەن ئۇچراشقان ھەر ئىككى ئەقىدىمۇ نىكاھ تۇرمۇشىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. لېكىن، ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ، خىرىستىيانلىق جىنسىي مۇناسىۋەتتىن تامامەن ساقلىنىش تەلىپىدىن بولغان بولسا، كوممۇنىزم قارشى قۇتۇپتىن، يەنى پاسسىلىسىز جىنسىي ئەركىنلىكتىن ھەرىكەت قىلىدۇ.

خىرىستىيانلىق بۇ نۇقتىدا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا نىكاھ تۇرمۇشىغا ئىبادەت مەنىسى بېرىدۇ. ماتېرىيالىزم بولسا نىكاھ تۇرمۇشىنى كېلىشىم ، ھەتتا تەكەللۇپلۇق بىر كېلىشىم سۈپىتىدە كۆرىدۇ. سوۋېت نىكاھ قانۇنىغا بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا تامامەن زىددىيەتلىك تەرەپلەرگە ئىگە. كاتولىك بىلەن مەدەنىي نىكاھ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى، ئاجرىشىشنى ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن ئېلىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. مۇقەددەس نىكاھلىق تۇرمۇشنى بۇزۇش مۇمكىن ئەمەس. بولمىسا بۇ ئادەتتىكى بىر كېلىشىم بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە، قەتئىي گۇمران بولمىغان نىكاھ تۇرمۇشى، كېلىشىم ماھىيىتىنى يوقىتىپ چوقۇنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئىش پوزىتىۋىزم تەرىپىدىن قەتئىي رەت قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان نىكاھ تۇرمۇشى ئىسلامدا بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. ياۋروپا نۇقتىسىدىن ئىسلامىي نىكاھ، ھەم دىنىي ھەمدە «مەدەنىي»دۇر. ئۇنىڭ كېلىشىم ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، تەكەللۇپلۇق دىنىي ئىبادەت ئىكەنلىكىنى دەلىل سۈپىتىدە كۆرسىتىدىغانلارنىڭمۇ ئاساسىي بار. ئىسلامىي نىكاھ بىر «مۇسۇلمان دىنىي زات» بىلەن بىر دۆلەت كادىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىجرا قىلىنىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ بىرلا كىشى بولۇپ، نىكاھ ئىشى ھەم «تىزىملىتىش» ھەمدە دىنىي مۇراسىمدۇر. لېكىن ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا بىرلا ئىش سۈپىتىدە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئىسلامىي نىكاھ تۇرمۇشى بۇزۇلسا بولىدۇ. چۈنكى كېلىشىمگە ئاساسەن بولغان. لېكىن بۇنداق بىر قىلمىش ھالال بولغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ناچىرىدۇر (ھەدىس). بۇ دىنىي ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئىپادىسىدۇر. نىكاھ تۇرمۇشى ماھىيەت نۇقتىسىدىن تېپىك بىر ئىسلامىي مۇئەسسەسە ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ پۈتكۈل مۇئەسسەسەلىرىگە ئوخشاش نىكاھ تۇرمۇشىمۇ مەنىۋى ئەمەللەر بىلەن جىسمانىي ئېھتىياجلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىك ۋە گارمونىك مۇناسىۋەت يارىتىشنى

مەقسەت قىلىدۇ. سۆيگۈنى رەت قىلماستىن ئىپپەتنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسان بولالىغان لېكىن پەرىشتە بولالمىغان ئىنسان جىنسى تۇرمۇشنى قۇرۇپ چىقالايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە دەل ئىسلامىيدۇر.

نىكاھ تۇرمۇشى ئادەتلەر بىلەن ئوخشاش قاتاردىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇلارنىڭ تەركىبىي ئۇنچىۋالا ساپ نەرسىلەردىن تەشكىل تاپمايدۇ. لېكىن بۇ دۇنيادا خىرىستىيانلىقنىڭ تەڭداش مەنىسى بولغان ئىپپەت ۋە سۆيگۈگە سىڭىشتۇرغاندا دۇرۇسلۇققا ۋە ياخشىلىققا خىزمەت قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەۋھۇملۇقىدىن بولغان.

تولستوي بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى ئوبدان تونۇپ يېتىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرالمايدۇ: «نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ خىرىستىيان ئەقىدىسىدە ھېچقانداق تايانچ مەنبەسى بولمىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن، لېكىن ھۆكۈمران ئەقىدە تەرىپىدىن مەخپىي تۇتۇلۇشى سەۋەبىدىن مەسىھنىڭ غايىسىنى (يەنى جىنسى پاكىزلىق) ئاڭقىرالمىغان ئىنسانلار، نىكاھ تۇرمۇشى ھەققىدە قانداق ھەرىكەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. خىرىستىيانلىقتىن تېخىمۇ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان دىنى ئەقىدىلەرنى تونۇيدىغان، لېكىن جىنسى چۈشەنچىلىرى ناھايىتى ئوچۇق بولغان مىللەتلەردە ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلارنىڭ ۋە ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپانىڭ، ئاتالمىش خىرىستىيانلىقتا بولغاندىن تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇشى(قارىماققا غەلىتىدەك بىلىنىدۇ) دەل بۇ سەۋەبتىن بولغان. ئەقىدىلىرى خىرىستىيان ئەقىدىسىدىن تېخىمۇ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەتلەردە بىر قاتار تەھدىتلەر بىلەن چەكلەنگەن زىنا، كۆپ خوتۇنلۇق ۋە كۆپ ئەرلىك تۈزۈمى مەۋجۇت. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە، خىرىستىيان دۇنياسىدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىر خوتۇنلۇقتەك كۆرۈنگەن زىنا ھادىسىسى ۋە جىنسى مەستانىلىك، كۆپ خوتۇنلۇق ۋە كۆپ ئەرلىك تۈزۈمىنى قوبۇل قىلغان مىللەتلەردە كۆرۈلمەيدۇ» (لېۋ تولستوي).

## ئىككى خىل خۇراپاتلىق

يۇقىرىدىكى ئانالىزلىرىمىز توغرا بولسا ئۇنداقتا ئىككى خىل «خۇراپاتلىق» مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. بىرسى بىلىمنىڭ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، يەنە بىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىنىنىڭ تەبىئىي ھادىسىلەرنى ئىزاھلاشقا ھەرىكەت قىلىشىدۇر. مەنىۋى دۇنيانى ئىزاھلىغاندا، پەن ئۇنى ئوبيېكت نەرسە سۈپىتىدە كۆرىدۇ. دىن بولسا تەبىئەتنى ئىزاھلىغاندا ئۇنى ھەمىشە (hep teşahhus ettiriyor). يەنى ئۇنىڭغا تەبىئەتتىن خالىي باشقىچە مەنا بېرىدۇ. ئىپتىدائىي دىنلار سېھىرگەرلىك، مەبۇد، مۇئەييەن نەرسە ۋە ھەرىكەتنىڭ كۈچىنى ئاساس قىلغانلىقتىن خۇراپىيلىققا تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ دىنلار ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ئىنساننىڭ ئىچكى رىتىمسىزلىقى ۋە تۇراقسىزلىقىنى، ئۇنىڭ زىددىيىتىنى ئىپادە قىلىدۇ. بۇ دىنلار قەدىمىي ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى ئاساسلىق مەشغۇلىيىتىدىن مەيدانغا كەلگەن. بىرى مەنىۋى ماھىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنسان «سۈرگۈن قىلىنغان تەبىئەتتىن» تامامەن پەرقلىق بولغان بىر مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. يەنە بىرى فىزىكىلىق يەنى جىسمىي بولۇپ، خەتەر بىلەن تولغان دۈشمەنلىك ھەممە ياقنى قاپلىغان بىر دۇنيادا ھايات - مامات كۈرىشىنى تەقەززا قىلىدىغان ھەرىكەتتۇر. ئىپتىدائىي دىنلار جانلىق ۋە كۈچلۈك لېكىن بىر - بىرىگە زىت بولغان بۇ ئىككى يۈزلىنىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. دىنى ئاڭ، ئېھتىياجلارنىڭ (ياشاش ئېھتىياجى) بېسىمى ئاستىدا دۇنياغا يۈزلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە غايە تەبىئىي ۋە دۇنيالىقتۇر (ئوۋچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەت، مول ھوسۇل، تەبىئەت كۈچلىرى ۋە كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش). بۇ يەردىكى مېتود باشقىچە بولسىمۇ، لېكىن دىنى ماھىيىتىنى قوغداشتۇر. سېھىرگەرلىك، دىنى مۇراسىملار، ئويۇنلار، روھانىي ناخشىلار، سىمۋوللار، رەسىملەر.... ئىپتىدائىي دىن، خاتا دىنى ئاڭ (خاتا يېتەكلەنگەن): ئىچكى دۇنيا (روھىي دۇنيا) ۋە ئىنسانغا يۈزلىنىشنىڭ ئورنىغا تاشقى دۇنياغا يۈزلەنگەن. ئىپتىدائىي دىن تەبىئىي دۇنيادا ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، تەنقىدچى ئەقىل ئىنسان ئاجىز ياكى خارلىق ئىچىدە، دېگەن تەسىرنى پەيدا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ مۇشۇنداق.

ئەقىلنىڭ، پەننىڭ ۋە پائالىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسەشكە ئۇرۇنغان دىن، ھەقىقەتەن ئەقىل بىلەن توقۇنۇش ئىچىدە. بۇ توقۇنۇش مۇقەررەردۇر. ئەگەر دىن دوگمىلىرى ئارقىلىق ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى، مىستىتېزىم ئارقىلىق ئەركىن چۈشەنچىنى، مۇراسىملىرى ئارقىلىق شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن ۋاقتىدا نەتىجىسى يۇقىرىدا قەيت قىلغاندەك بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە ھەقىقىي دىن پەن بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ (كوپېرنىك ئاسترونوم، ماتېماتىكچى ۋە فىزىكىچىنىڭ دىندارلىقى) ئۇنىڭ ئۈستىگە

پەن ئىنسانلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ياكى دىنىنىڭ ئەتراپىدا كۆرۈلگەن خۇراپىيلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق دىنغا ياردەمدە بولىدۇ. بىر - بىرىدىن ئايرىلغان تەقدىردە، دىن ئىنسانلارنى دۆتلۈككە، پەن بولسا ئاتېئىستلىققا ئىتتىرىدۇ.

پەندىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش خۇراپاتلىقلار ئۇچرايدۇ. مۇبادا پەن ئۆزىگە ئائىت تەبىئەت دۇنياسىدىن ھالقىپ كەتكەندە ئىلمىي خۇراپىيلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. ئانئورگانىك دۇنيادا (فىزىكا، ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيەدە)قەتئىي خاتالاشمايدىغان پەن، ھايات ساھەسىدە (مەسىلەن بىيولوگىيە ۋە پسىخولوگىيەدە) ئارىسالدىلىق ۋە قابىلىيەتسىزلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ھايات پەلسەپىسى دېيىلىدىغان نەرسىنى تەرىپلەشتە ئۆزىنى تامامەن قابىلىيەتسىز كۆرسىتىدۇ. پەن ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسلاردا ئۆزىنىڭ ئانالىز ۋە كاتېگورىيەگە ئايرىش مېتودلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق دائىرىسىدىن ھالقىپ، ھاياتنىڭ بەزى مۇھىم مەنىۋى ھادىسىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، تاشقى شەكىللىرىنىلا بىر تەرەپ قىلىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالماقتا. دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى دىنىنىڭ ئۆزىنى، بىيولوگىيە ھاياتنى، پسىخولوگىيە روھنى، تارىخ بولسا ئىچكى ۋە ئىنسانىي مەنىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقتىن ئېتىبارسىز قارىماقتا(1). پەن دۇنيانى ۋە ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەنلەرنى ئىزاھلاشقا چاقىرىلغان تەقدىردە، ھەر ۋاقىت تامامەن مېخانىكچى بىر قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

دىيالېكتىك ۋە تارىخىي تۈسى قويۇق بولغان ماتېرىيالىزمنىڭ ھەر ئىككى تۈرى ھايات ۋە تارىخنى ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە ئىزاھلاشتا ناھايىتى ئاجىز قالىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، «دىن خەلققە نىسبەتەن ئەپيۇندۇر»، «قانۇن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىدۇر»، «قۇللۇق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش تەرەققىي قىلىۋاتقان كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىدۇر» دېگەنگە ئوخشاش. كانت ۋە گېئوت كاپىتالىست تۈزۈمنىڭ كۈچلۈك «ھىمايە قىلغۇچىلىرى» ئىدى. ئۇلارنىڭ بىمەنە پەلسەپىسى «كاپىتالىست تۈزۈمنىڭ ئىچكى كىرىزىسى ۋە چارىسىزلىكى» نىڭ ئىپادىسىدۇر. مەلۇم بىر ماركسىزمچى يازغۇچى، سارتېرنىڭ پەلسەپىسىنىڭ قورقۇنۇچلۇق ۋە ئۆلۈم مەسىلىلىرىنى، كاپىتالىزمنىڭ كىرىزىسىنى ،

(1) پسىخولوگىيەنىڭ تەرەققىي قىلىشى بۇ نۇقتىدىن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسىنى تەشكىل قىلىدىغان behaviorizm«روھنىڭ بىيولوگىيەدىن سىقىپ چىقىرىلىشىنى، يەنى «روھسىز پسىخولوگىيە»نى ئېلان قىلىدۇ. ئىنسانىنىڭ «ئەركىنلىك ۋە شان - شەرىپى»دىن ئايرىم مۇئامىلە قىلىنىشى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك نەتىجىسىدۇر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



دىنىنىڭ تەبىئىي ھادىسىلەرنى ئىزاھلاشقا ھەرىكەت قىلىشىدۇر. مەنىۋى دۇنيانى ئىزاھلىغاندا، پەن ئۇنى ئوبيېكت نەرسە سۈپىتىدە كۆرىدۇ. دىن بولسا تەبىئەتنى ئىزاھلىغاندا ئۇنى ھەمىشە (hep teşahhus ettiriyor). يەنى ئۇنىڭغا تەبىئەتتىن خالىي باشقىچە مەنا بېرىدۇ. ئىپتىدائىي دىنلار سېھىرگەرلىك، مەبۇد، مۇئەييەن نەرسە ۋە ھەرىكەتنىڭ كۈچىنى ئاساس قىلغانلىقتىن خۇراپىيلىققا تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ دىنلار ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ئىنساننىڭ ئىچكى رىتىمسىزلىقى ۋە تۇراقسىزلىقىنى، ئۇنىڭ زىددىيىتىنى ئىپادە قىلىدۇ. بۇ دىنلار قەدىمىي ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى ئاساسلىق مەشغۇلىيىتىدىن مەيدانغا كەلگەن. بىرى مەنىۋى ماھىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنسان «سۈرگۈن قىلىنغان تەبىئەتتىن» تامامەن پەرقلىق بولغان بىر مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. يەنە بىرى فىزىكىلىق يەنى جىسمى بولۇپ، خەتەر بىلەن تولغان دۈشمەنلىك ھەممە ياقنى قاپلىغان بىر دۇنيادا ھايات - مامات كۈرىشىنى تەقەززا قىلىدىغان ھەرىكەتتۇر. ئىپتىدائىي دىنلار جانلىق ۋە كۈچلۈك لېكىن بىر - بىرىگە زىت بولغان بۇ ئىككى يۈزلىنىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. دىنى ئاڭ، ئېھتىياجلارنىڭ (ياشاش ئېھتىياجى) بېسىمى ئاستىدا دۇنياغا يۈزلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە غايە تەبىئىي ۋە دۇنيالىقتۇر (ئوۋچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەت، مول ھوسۇل، تەبىئەت كۈچلىرى ۋە كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش). بۇ يەردىكى مېتود باشقىچە بولسىمۇ، لېكىن دىنى ماھىيىتىنى قوغداشتۇر. سېھىرگەرلىك، دىنى مۇراسىملار، ئويۇنلار، روھانىي ناخشىلار، سىمۋوللار، رەسىملەر.... ئىپتىدائىي دىن، خاتا دىنى ئاڭ (خاتا يېتەكلەنگەن): ئىچكى دۇنيا (روھىي دۇنيا) ۋە ئىنسانغا يۈزلىنىشنىڭ ئورنىغا تاشقى دۇنياغا يۈزلەنگەن. ئىپتىدائىي دىن تەبىئىي دۇنيادا ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، تەنقىدچى ئەقىل ئىنسان ئاجىز ياكى خارلىق ئىچىدە، دېگەن تەسىرنى پەيدا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ مۇشۇنداق.

ئەقىلنىڭ، پەننىڭ ۋە پائالىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسەشكە ئۇرۇنغان دىن، ھەقىقەتەن ئەقىل بىلەن توقۇنۇش ئىچىدە. بۇ توقۇنۇش مۇقەررەردۇر. ئەگەر دىن دوگمىلىرى ئارقىلىق ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى، مىستىتىزىم ئارقىلىق ئەركىن چۈشەنچىنى، مۇراسىملىرى ئارقىلىق شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن ۋاقتىدا نەتىجىسى يۇقىرىدا قەيت قىلغاندەك بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە ھەقىقىي دىن پەن بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ (كوپلىگەن ئاسترونوم، ماتېماتىكچى ۋە فىزىكچىنىڭ دىندارلىقى) ئۇنىڭ ئۈستىگە

پەن ئىنسانلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ياكى دىنىنىڭ ئەتراپىدا كۆرۈلگەن خۇراپىيلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق دىنغا ياردەمدە بولىدۇ. بىر - بىرىدىن ئايرىلغان تەقدىردە، دىن ئىنسانلارنى دۆتلۈككە، پەن بولسا ئاتېئىستلىققا ئىتتىرىدۇ.

پەندىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش خۇراپاتلىقلار ئۇچرايدۇ. مۇبادا پەن ئۆزىگە ئائىت تەبىئەت دۇنياسىدىن ھالقىپ كەتكەندە ئىلمىي خۇراپىيلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. ئانئورگانىك دۇنيادا (فىزىكا، ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيەدە)قەتئىي خاتالاشمايدىغان پەن، ھايات ساھەسىدە (مەسىلەن بىيولوگىيە ۋە پسىخولوگىيەدە) ئارىسالدىلىق ۋە قابىلىيەتسىزلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ھايات پەلسەپىسى دېيىلىدىغان نەرسىنى تەرىپلەشتە ئۆزىنى تامامەن قابىلىيەتسىز كۆرسىتىدۇ. پەن ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسلاردا ئۆزىنىڭ ئانالىز ۋە كاتېگورىيەگە ئايرىش مېتودلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق دائىرىسىدىن ھالقىپ، ھاياتنىڭ بەزى مۇھىم مەنىۋى ھادىسىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، تاشقى شەكىللىرىنىلا بىر تەرەپ قىلىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالماقتا. دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى دىنىنىڭ ئۆزىنى، بىيولوگىيە ھاياتنى، پسىخولوگىيە روھنى، تارىخ بولسا ئىچكى ۋە ئىنسانىي مەنىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقتىن ئېتىبارسىز قارىماقتا[1]. پەن دۇنيانى ۋە ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەنلەرنى ئىزاھلاشقا چاقىرىلغان تەقدىردە، ھەر ۋاقىت تامامەن مېخانىكچى بىر قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

دىيالېكتىك ۋە تارىخىي تۈسى قويۇق بولغان ماتېرىيالىزمنىڭ ھەر ئىككى تۈرى ھايات ۋە تارىخنى ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە ئىزاھلاشتا ناھايىتى ئاجىز قالىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، «دىن خەلققە نىسبەتەن ئەپيۇندۇر»، «قانۇن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىدۇر»، «قۇللۇق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش تەرەققىي قىلىۋاتقان كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىدۇر» دېگەنگە ئوخشاش. كانت ۋە گېئوت كاپىتالىست تۈزۈمنىڭ كۈچلۈك «ھىمايە قىلغۇچىلىرى» ئىدى. ئۇلارنىڭ بىمەنە پەلسەپىسى «كاپىتالىست تۈزۈمنىڭ ئىچكى كرىزىسى ۋە چارىسىزلىكى» نىڭ ئىپادىسىدۇر. مەلۇم بىر ماركسىزمچى يازغۇچى، سارتېرنىڭ پەلسەپىسىنىڭ قورقۇنۇچلۇق ۋە ئۆلۈم مەسىلىلىرىنى، كاپىتالىزمنىڭ كرىزىسىنى ،

---

(1) پسىخولوگىيەنىڭ تەرەققىي قىلىشى بۇ نۇقتىدىن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسىنى تەشكىل قىلىدىغان behaviorizm«روھنىڭ بىيولوگىيەدىن سىقىپ چىقىرىلىشىنى، يەنى «روھسىز پسىخولوگىيە»نى ئېلان قىلىدۇ. ئىنساننىڭ «ئەركىنلىك ۋە شان - شەرىپى»دىن ئايرىم مۇئامىلە قىلىنىشى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك نەتىجىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەلۇم بىر ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ كىرىزىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى دەيدۇ. ماركسىزمچىلار سوتسىيالىست ھەقىقەتنىڭ سەنئەتتە يېگانە توغرا مېتود ئىكەنلىكىنى بىلجىرلىشىدۇ. خۇددى بىر زامانلاردا چېركاۋ مەجلىسىدە يەر شارىنىڭ كائىناتنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكى «كەشىپ» قىلىنغىنىغا ئوخشاش.

مەشھۇر فىرانسۇز يازغۇچى بالزاك مەشھۇر رومانلىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە ئىنساننىڭ شان - شەرەپ ۋە غۇرۇرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئىلمىي ۋە پوزىتىۋىست مېتودلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ. بالزاك بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بۇ خۇسۇستىكى خاتالىقلارغا «ھەسسە» قوشىدۇ. بالزاكنىڭ كىرىش سۆزى، بۇ خۇسۇستا ئىنسانىي ساھەدە ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ روشەن مىسالىدۇر. «ئىنسانىي كومېدىيە» نىڭ يازغۇچىسى، رومانلىرىدا ئىنسانلار ھەققىدىكى ھەقىقەتلەرنى ناھايىتى جانلىق ئىزاھلايدۇ. لېكىن كىرىش سۆزىدە ئىشلەتكەن ئىلمىي ئۇسۇل تامامەن رومانىنىڭ مەزمۇنىغا داغ چۈشۈرگەن.

يەن بىر سەنئەت ئەسىرىنى ئىزاھلىغاندا، ئۇنى «پسىخىكىلىق ھادىسە» سۈپىتىدە كۆرىدۇ. بۇ يەردە سەنئەتكار پسىخىكىلىق تۇراقسىزلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. پسىخىكا ئانالىزچىلىرى بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلىپ، شائىر بىلەن نېرۋا كېسىلى ئارىسىدا ھېچقانداق بىر پەرقنىڭ يوقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. يەن نۇقتىسىدىن سەنئەت ھادىسىسىنى يەنە بىر يەن ساھەسى (پسىخىكا ئانالىزى) ئەڭ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشى مۇمكىن. بۇ تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى، ئىجادىيەت بىلەن نېرۋا كېسەللىكى ئارىسىدا مۇناسىۋەت بار، دەيدىغان بىر زىددىيەتلىك خۇلاسە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

سۈنئىي بەرپا قىلىنغان شەھەرلەرنى نوقۇل ئەقىل بىلەن ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ھەقىقىي بىناكارنىڭ سەنئەت قابىلىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان بولىمىز. فۇنكسىيونالىزمنىڭ ئىدېئولوگى مېيس ۋان دېر روھېي«بىنانى پۇختا سالساق، بۇ بىنا بىلەن چېركاۋ ئارىسىدا ھېچ قانداق پەرق بولمايدۇ» دېگەن ھۆكۈمى مەنتىقلىق لېكىن بىمەنىدۇر.

بىيولوگىيە ساھەسىدە يەن ئىنساننىڭ ئىنسان ئەمەس، ھايۋان ئىكەنلىكىنى، ھاياتنىڭ مېخانىك يەنى جانسىز ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەخلاق ئىلمىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش تەتۈر يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ئەقىل، ئەخلاقنىڭ پەقەت

«يورۇقلۇققا چىققان» بىر شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەخلاق ئەخلاقنىڭ ئىنكارىدۇر. پىسخىكا ئانالىزچىلىرى ئىجادىيەت بىلەن كېسەللىكنىڭ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانىي (تەبىئەتتىن خالىي) ساھەدە پەننىڭ پائالىيىتى بىر قاتار ئىنكارچىلىق بىلەن تەتقىق قىلىنغان. ئالدى بىلەن زېھىن ئاللاھنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەننى ئاساس قىلغان دەرىجىگە ئايرىش سىستېمىسىغا مۇناسىپ ھالدا ئىنسانىي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتنىمۇ رەت قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھەر نەرسىنىڭ مېخانىزم، ئويۇن ۋە مولېكۇلالىق كۈچلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلەپ چىقىدۇ.... زېھىن دۇنيادا ئۆزىدىن (يەنى مېخانىزم ۋە سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن) باشقا ھېچقانداق نەرسە كەشىپ قىلىپ باقمىغان.

# ئون بىرىنچى باب: ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى «ئۈچىنچى يول»

## ئانگېلو - ساكسون دۇنياسى

ياۋروپا ئۆزىنىڭ ئاساسلىق تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىپتىدائىي مەكتەپلىرىدە شەكىللەندۈرگەن ئىدى، بۇلار سەبى بىر مەزگىلنىڭ تەجرىبىسى سۈپىتىدە، ياۋروپانىڭ زېھنىدىن يوقاپ كەتمىگەن هالدا، تەپەككۇر شەكلىنى شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋروپا دىندار بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ھەر دائىم خىرىستىيانلىقنىڭ كاتېگورىيەلىرى دائىرىسىدە تەپەككۇر قىلىدۇ:مەسىلەن روھ ياكى دۇنيا، تەڭرى ئالىمى ياكى دۇنياۋى ھاكىمىيەت. ياۋروپا يا شىددەتلىك ۋە تەرسا بىر شەكىلدە پەننى ياكى ئوخشاشلا شىددەتلىك ۋە تەرسا بىر شەكىلدە دىنى رەت قىلىدۇ. ياۋروپا ھېچقانداق بىر دىنى ھەرىكەتكە ۋە ئىجتىمائىي پىلان لايىھەگە ئىگە بولالمايدۇ. ياۋروپالىقلارنىڭ دىنىمۇ، ئاتېئىزمىمۇ رادىكال ۋە مونوپوللۇق بىر ماھىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانلاردىن باشقا يەنە، غەرب دۇنياسىنىڭ بىر رايونى ئۆز جۇغراپىيەسى ۋە تارىخىغا سادىق بولۇش بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا ئەسىر خىرىستىيانلىقىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدىن، ھەتتا بۇ كۈچلۈك دەۋرنىڭ ھىيلە نەيرەڭلىرىدىن خالىي قالغان ئىدى. دۇنيانىڭ بۇ قىسمى، يەرشارىنىڭ نەزەر سالغىنىمىزدا، ئىسلامىي يەنى ئۈچىنچى يولنى ئەسلىتىدىغان بىر مۆتىدىل يول تېپىۋالغان ئىدى. بۇ يەردە، ئەنگلىيە ۋە ئانگلو - ساكسون كۆزدە تۇتۇلىدۇ(1). ،ئەنگلىيە ياۋروپا تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقتىن، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەتقىق قىلىنىشقا ئەرزىيدۇ. ئەنگلىيەنى

(1) بۇ ھادىسىنىڭ مۆتىدىل شەكىللىرىگە ئىسلاھات قىلىنغان خىرىستىيانلىق ھۆكۈم سۈرگەن بەزى مەملىكەتلەردىمۇ ئۇچرايدىغانلىقىنى بىر ئازدىن كېيىن ئۆگىنىپ چىقىمىز.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قوشمىساق، ياۋروپانىڭ پەقەت ئىككى دەۋرىلا بار بولۇپ، ئۇلار چېركاۋ دەۋرى بىلەن دۆلەت دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياۋروپا تارىخىدا ئوتتۇرا يول ئىزنالىرى ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن دەۋر پەقەت «ئەنگلىيە دەۋرى» دۇر. ياۋروپادا ئىنگلىزلار پانىيەتچىل ۋە مېتافىزىكىلىق پىرىنسىپلارنىڭ بىرىكمىسى بولغان دېموكراتىيەنى ئىجاد قىلدى. بۇ سەۋەبتىن ئەنگلىيە تارىخى ياۋروپادا دېموكراتىيەنىڭ تارىخى ھېسابلىنىدۇ. نېتزى (ئۇنىڭغا ئوخشاش ياۋروپالىق ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ) ئىنگلىز ۋە ياۋروپا ئىدىيەلىرى ئارىسىدىكى پەرقنى روشەن تونۇپ يەتكەن ئىدى. نېتزىنىڭ «ياۋروپانى ئەنگلىيەدىن،ئەنگلىيەنى دېموكراتىيەدىن كىم قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر.

تارىخ پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن غەرب تارىخىدا ئەنگلىيەنىڭ ۋە ئومۇمەن ئانگىلو - ئامېرىكا ئىدىيەسىنىڭ سەھنىگە چىقىشى، شەرق تارىخىدا ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئوخشايدۇ. سپېنگلېر ئىپادە قىلغان ھەزرىتى مۇھەممەد - كىرومۋېل پاراللېللىقىنىڭ مەنىسى دەل مۇشۇدۇر. («غەربنىڭ يىقىلىشى»). كىرومۋېل بىلەن بىرلىكتە بىرلەشكەن ئىنگلىز چېركاۋى ۋە دۆلىتىنىڭ تارىخى ۋە ئىنگلىز ئىمپېرىيەسى باشلىغان بولسا، ھەزرىتى مۇھەممەد بىلەن بىرلەشكەن ئىسلام دىنى بىلەن دۆلىتى ۋە ئىسلامنىڭ دۇنيا ھاكىمىيىتى باشلىغان. ئىسلام ۋە ئانگىلو - ساكسون ئىدىيەلىرىگە نىسبەتەن بۇ تەبىئىي بىر ئەھۋالدۇر. ياۋروپا قىتئەسىگە نىسبەتەن بۇ مۇمكىن ئەمەس.

«دىندار» لۇدۋىگ، پەرەڭ دۆلىتىنى يىقىتىپ تاشلىغان ئىدى، ئىسلامدا بولسا ھەربىر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات دىنى ئىلگىرىلەش بىلەن باشلانغان. ياۋروپا دۆلىتى قۇدرەت تېپىپلا، چېركاۋنىڭ بىر نەچچە ئەسىر ئۈستۈنلۈك تەلەپ قىلىنغىنىغا ئوخشاش، ئۈستۈنلۈك تەلەپ قىلدى. ياۋروپادا بۇ ئەھۋال ئىككىنچى كانوسساي ئىدى (بىرىنچى كانوسسا 1077 - يىلى IV - ھېنرىكنىڭ باش پوپ VI - گىرېگورنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈشى ئىدى). ياۋروپادا رەھىمسىزلەرچە ھۆكۈم سۈرگەن چېركاۋ سوتى ئەنگلىيەگە ھېچقاچان سىڭىپ كىرەلمىگەن. ئەنگلىيە نە كانوسسانى نە چېركاۋ سوتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئىسلاممۇ شۇنداق. ئىنگلىزلارنىڭ ئىسلاھاتى ئارقىلىق (ئىچكى مەنتىقىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسلانغاندا) ئىككى ئاشقۇنلۇق (رادىكاللىق) بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى باش پوپنىڭ ئۈستۈنلۈكى، يەنە بىرى ھۆكۈمدارنىڭ ئۈستۈنلۈكى. 15 - ۋە 16 - ئەسىر ياۋروپاسىغا نىسبەتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە بۈيۈك ئىنقىلابچى ھېسابلىناتتى. ھازىرقى ياۋروپاغا نىسبەتەن بولسا ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنگلىيەدىكى كونسېرۋاتىپلىقنىڭ ياۋروپادىن پەرقلىق ھالدا ئىجابىي ۋە مۇسبەت مەنىسى بار. بۇ يەردە مەزكۇر تەبىر ھەققىي ئىنگلىز ئىدىيەسىنى مۇھاپىزەت قىلىشتەك خاراكتېرگە ئىگە. بۇ ئىدىيە بولسا، ئوتتۇرا يول دېگەنلىكتۇر. كىتابى مۇقەددەسنىڭ تۇنجى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە كىرىش سۆز مۇنداق باشلىنىدۇ: «ئانگلىكان چېركاۋىنىڭ ھېكمىتى، رەسمىي مۇراسىملاردا باشلانغۇچتىن ئېتىبارەن ئىككى ئاشقۇنلۇق (رادىكاللىق) ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتۇشى ئىدى». قارىغاندا، بۇ خۇسۇس ئىنگلىزلارنىڭ ئىككىنچى تەبىئىتى بولۇپ قالغان.

ئەنگلىيەدە كېيىنكى مەزگىللەردىكى پىكرى جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشلەرنىڭ پېشىۋاسىنىڭ روگېر بېكون ئىكەنلىكىنى ئەقلىمىزگە كەلتۈرسەك، ئىنگلىز تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئىككى تەرەپلىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىمىز. كېيىنكى مەزگىللەردە پەقەتلا بەزى ئىلاۋىلەر بىلەن تولۇقلانغان ئىنگلىز تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى بېكون ئوخشىمىغان ئىككى ئاساس ئۈستىدە قۇرۇپ چىققان بولۇپ، بىرىنچىسى، مىستىك ئارىپلىقتا ياكى دىنغا ئاپىرىدىغان ئىچكى تەجرىبە، ئىككىنچىسى ھەققىي ئىلىمگە يەتكۈزىدىغان كۆزىتىشتۇر. بېكون دىن ئامىلىنى، ئىسلامدا بولغىنىغا ئوخشاش، تەكىتلەش بىلەن بىرگە مۆتىدىللىقنى ئاساس قىلىدۇ. بېكون ھېچقاچان پەننىي ۋە دىنى كۆزىتىش ئۇسۇلىنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتمىگەن. بىراق ئۇلارنى تەگپۇگلۇق ئىچىدە تۇتۇشقا تىرىشقان. بۇ ئىدىيە ۋە بېكون ئىنگلىزلارنىڭ كۆپىنچىسى تەرىپىدىن ئىنگلىز ئىدىيەسى ۋە ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ تىپىك ۋە ھەقىقىي ئىپادىسى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە ئىنگلىزلارمۇ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىنگلىز پەلسەپىسىنى بېكونىنىڭ تەپەككۇر پىرىنسىپلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشى سۈپىتىدە كۆرىدۇ. بېكونىنىڭ ئىنگلىز پەلسەپىسى ۋە پەننىڭ تەرەققىي قىلىش يوللىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى، دەسلەپتە بەس - مۇنازىرىگە تايانغان بىر نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئىزاھلىغىلى بولۇشى مۇمكىن. بېكونغا مۇناسىۋەتلىك ئازغىنە كىشى بىلىدىغان مۇنداق بىر ھەقىقەت بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئىنگلىز پەلسەپىسى ۋە پەننىڭ پېشىۋاسىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكى ئىدى. ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئىبنى سىنا، بېكونغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بېكون ئىبنى سىنانى ئارىستوتىلدىن كېيىنكى

ئەڭ چوڭ پەلسەپىچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلاتتى[1] .

يالغۇز بىكوننىڭ تەپەككۇر شەكلىنىلا ئەمەس، بەلكى بۇ يولدا ئومۇمەن ئىنگلىز تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان «ئىككى تەرەپلىك»نىڭ مەنبەسىنى ئىزاھلىغىلى بولۇش مۇمكىن[2]. بۇ خۇسۇستا پەقەت ناھايىتى ئاز نەرسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئۆز تەپەككۇر شەكلىگە ساداقەتمەن ئىكەنلىكىگە دەلىل سۈپىتىدە بېرنارد شاۋنىڭ كىشىلىكىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. شاۋ شائىر ۋە سىياسەت ئەربابى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ھەم سوتسىيالىست ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكىنى ھەمدە ئىندىۋىدۇئال پىكىرلەرنى تەرغىب قىلاتتى. بىرسى ئۇنى «تەكرارلانمايدىغان زىددىيەتلەر بىرلىكى» دەپ تەرىپلىگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ئارقىلىق، ھەر ھالدا شاۋنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ساتىرىك ۋە مىستىك، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئوبزورچىسى ۋە ئىسلام قوبۇل قىلمايدىغان ئىدېئالىستلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ياكى ياۋروپادا ھەر قانداق بىر ئامپىرىسىت (ئاشقۇن تەجرىبىچى) ئاساسەن دېگۈدەك ئاتېئىست بولۇپ كەتكەن بولاتتى. ئەنگلىيەدە بولسا، ئامپىرىزم (تەجرىبىچىلىك) نىڭ ئىدېئولوگى ھېسابلىنىدىغان جون لوك، تەڭرى ئۇقۇمىنى ئەخلاق نەزەرىيەسىنىڭ مەركىزى نۇقتىسى قىلىپ، ئەخلاق پرىنسىپىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ دۇنيالىق مۇكاپات ۋە جازانىڭ ئەھمىيىتىنى روھانىي ئۇسۇل بىلەن مۇداپىئە قىلغان. «ئىنساننىڭ ئۈمىدى پەقەت بۇ دۇنيادىكى ھاياتقىلا باغلىنىپ قالسا، ئەگەر ھايات پەقەت بۇ دۇنيادىلا مەۋجۇت بولسا، ئۇنداقتا خۇشاللىقنى رەزىل ۋە ناچار نەرسىلەردىن ساقلانماي ئىزدەش ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان پۈتكۈل نەرسىلەرگە ئىنتىلىش ئارقىلىق ئىزدەش ناھايىتى تەبىئىي ئىش ھېسابلىنىدۇ. مازارنىڭ قارشى تەرىپىدە ھېچقانداق نەرسە يوق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا يەپ - ئىچىپ، بىزگە ياقىدىغان نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىنىپ يۈرسەك بولىدۇ. چۈنكى ئەتە ئۆلۈكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىمىز ئەمەسمۇ»

(1) ب. رۇسسېل: «غەرب پەلسەپىسىنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسەرگە قاراڭ. 4520 - ۋە 453 - بەتكە قاراڭ. ئەڭ چوڭ مەنتىق تارىخچىسى بولغان كارى پىرانتالمۇ ئوخشاش قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: «روگېر بېكون تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە ئۇنىڭغا تەۋە پۈتكۈل ئىلمىي نەتىجىلەرنى ئەرەبلەردىن ئالغان» (K.P. Geschichte der Logik, III, S. 121, Leipzig, 1972

(2) رۇسسېل بۇ ھادىسىنى غەلىتىلا ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭچە ئىنگلىزلارنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيەلەرگە نىسبەتەن سەلبىي قاراشتا بولۇشىغا ئىچكى ئۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرى سەۋەب بولغان: «ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا پادىشاھ بىلەن پارلامېنت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ، ئىنگلىزلاردا مەڭگۈ يول قويۇش ۋە مۆتىدىللىق سۆيگۈسىنى ۋە ھەر قانداق نەزەرىيەنى مەنتىقلىق خۇلاسىگە باغلاش ئارقىلىق ئەندىشە ۋە قورقۇش پىسخىكىسىنى سىڭدۈرۈش بولۇپ، بۇ ئەندىشە ۋە قورقۇش ھېلىھەم ھۆكۈم سۈرمەكتە»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېگەن قارىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق[1].

بۇ مەشھۇر ئامپىرىست (تەجرىبىچى) ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن دەلىللىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويغان.[2] (تونۇلغان پوزىتىۋىست (ئەمەلىيەتچى) ۋە ماتېرىيالىزمچى هوببېس تەبىئىي قانۇن ئۇقۇمىنىڭ كىتابى مۇقەددەس (ئىنجىل) بىلەن بىرلىك ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. بۇ دەل تىپىك ئىنگلىز تەپەككۇر شەكلىدۇر. كېيىنچە ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرى بىر يەرگە كېلىپ ناھايىتى مەنتىقلىق هالدا «لوكنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن يەكۈننى چىقىرىشتى. شۇنىسى ھەقىقەتكى، پەقەت لوكنىڭلا ئەمەس، بېكون ۋە هوببېسنىڭمۇ تالاش - تارتىشلىق پەلسەپىسى ئەنگلىيەدە نوقۇل تەپەككۇر تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئەمەس، پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈنمۇ ھەرىكەت ۋە چىقىش نۇقتىسى بولغان.

خىرىستىيان ئىدىيەسى تەبىئىي ۋە ئەخلاقىي خۇسۇسلارنى بىر - بىرىدىن قەتئىي ئايرىۋېتىدۇ. لېكىن ئىنگلىز مۇتەپەككۇرلار بۇلارنى يېقىنلاشتۇرۇشنى، ھەتتا ئىككىسى ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شەفتېسبۇرىنىڭ قارىشىچە ئەخلاقلىق بولۇش شەخسىيەتچىلىك بىلەن پىداكارلىق ھېسلىرى ئارىسىدا تەڭپۇڭ بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ تەڭپۇڭلۇق شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى بىلەنلا ئەمەس، پىداكارلىق ھېسلىرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى بىلەنمۇ بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن (بۇ قاراش ئارىستوتېلنىڭ «مۇۋاپىق ئەخلاق نەزەرىيەسى» بىلەن قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ). ئىنگلىزلار «ئورتاق ھېس» (common sense) پەلسەپىسى دەپ تەرىپلەيدىغان مەنتىقلىق پەلسەپە بىلەن ج.س. مىللىنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەت ئارىسىدىكى بىردەكلىك ئەندىزىسىمۇ بۇنىڭغا داخىل قىلىنىدۇ.

مەشھۇر كامبرىج ئىدىيەسىنىڭ مەقسىتىمۇ «تېئولوگىيەنى ئەقىلگە ماسلاشتۇرۇش» ئىدى. ف.جودل بۇ ئىدىيەنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بولغان ر. كۇدۋورست ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كامبرىج ئىدىيەسىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى پەلسەپە بىلەن دىن، گۇمان بىلەن ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكىتلەش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ، پەيلاسوپ سۈپىتىدە ئەخلاقنىڭ

(1) «ئىنسان تەپەككۇرى ئۈستىدە مۇلاھىزە» 28 - باب
(2) ئوخشاش ئەسەر، 5 - باب

تامامەن ئەقلىي ماھىيىتىنى كۈچەپ تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ۋائىز سۆپىتىدە دىنى مۇقەددەسلىكىنىڭ زورۇر ئىكەنلىكىنى ئوخشاش شەكىلدە تەكىتلىشى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. يەنى بىر تەرەپتە دىنى ئېھتىياجنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە ۋاستە تەمىنلىگەن پەلسەپە، يەنە بىر تەرەپتە ئەقىل بىلەن ماس ھالەتتە تۇرىدىغان، مەرىپەتنى جانلاندۇرغان ھېسسىياتنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان دىن بار. بۇ خۇسۇستا كامبىرىجتىكىلەر پىكىر بىرلىكىگە ئىگە» (ف ج «ئەخلاق تارىخى»، 145).

ئىنگلىز روھى، 18 - ئەسىردە تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان مەنپەئەتچىلىك ئەخلاقىي نەزەرىيەسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى. ئىنگلىز روھى بۇ ھادىسىلەرنى تۆت نۇقتىدىن ئىزاھلاشنى مۇۋاپىق كۆرگەن. ئەدەبىياتتا بۇنىڭغا «ئىنگلىز مەنپەئەتچىلىك ئەخلاقى» دېيىلىدۇ . مەزكۇر نەزەرىيەنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تېئولوگىيەلىك تۈسكە كىرىپ قېلىشى كىشىنىڭ ھەقىقەتەن دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇ يۈزلىنىش «تېئولوگىيەلىك مەنپەئەتچىلىك» دەپ ئىزاھلانغان. «ۋىجدان، شەخسىيەتچىلىك، خۇشاللىقىمىزنى توغرا چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، ئوخشاش يول بىلەن مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بۇتلېر، ماتېرىيالىزملىق پىسخىكا بىلەن تەڭرى ئۇقۇمىنى ۋە ئۆلۈمسىزلىككە بولغان ئېتىقادنى بىر يەردە تۇتالىغان ھارتلېي، ۋوربارتون، پالى ۋە رىچارد پرايسنىمۇ توغرا چۈشىنەلەيمىز.

پال، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنىڭ مەخلۇقلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەرىيەسى تەبىئەتنى كۆزىتىش ئاساسىغا تايىناتتى. ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيەسى تامامەن ئىسلامىي بولۇپ، قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەرنى ئەسلىتىدۇ.

«مۆتىدىل» مۇتەپەككۇرلار ئارىسىدا ئادەم سىمىتنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار. ئادەم سىمىت تەرىپىدىن يېزىلغان مەزمۇنى كۆرۈنۈشتە بىر - بىرىگە زىتتەك، ئەمما ماھىيەت جەھەتتىن ئاساسەن بىر - بىرىگە يېقىن بولغان ئىككى كىتابىدا، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان يۈزلىنىشنى ناھايىتى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ ئىسمى مۇنداق: «ئەخلاق قارشى نەزەرىيەسى» (The Theory of Moral Sentiments) ۋە «تەبىئەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە مىللەت بايلىقىنىڭ سەۋەبلىرى» (An Inquiry Into The Nature and Causes Of The Wealth of Nations). كېيىنكى ئەسەر، 18 - ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەخلاق ئىلمىنىڭ ئاساسلىرى ئۈستىدە توختالغان بىرىنچى ئەسەر ھېسداشلىق پرىنسىپىدىن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك ئىككىنچى ئەسەرنىڭ مەركىزى ئىدىيەسى شەخسىيەتچىلىك پرىنسىپىدۇر. بۇ ئىككى ئەسەر بىر - بىرگە زىتتەك كۆرۈنىدۇ . ئەمما سمىت، گىلاسگوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەخلاق ئىلمىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسەت ئىلىملىرىنى ئەمەلىيەتچان پەلسەپە بۆلۈمىدە ئوقۇتاتتى. بۇنىڭدىن باشقا سمىت، مەزكۇر كىتابلاردا قەيت قىلىنغىنىغا ئوخشاش، باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ ناھايىتى روشەن ھالدا ئەخلاق ئىلمىي بىلەن مىللەتلەرنىڭ پاراۋانلىقى ئوتتۇرىسىدا يېقىندىن مۇناسىۋەت بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ. «ئەخلاق قارشى نەزەرىيەسى» ئەسىرىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «شەخسىيەتچىلىك قانداق ھەقىقەت بولسا ئەخلاقىي ھېسسىياتلارمۇ ئوخشاشلا ھەقىقەتتۇر. ئىلاھىي پىلانىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىقتىسادىدا ئۇلارمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنسان بىرلىكتىن ئىبارەت. ئۇ قانداق بولغان بولسا ئىقتىسادىي تۇرمۇشقىمۇ ئوخشاش ئەكس ئېتىدۇ». توتامىك، سمىتنىڭ ئەسەرلىرىدىكى زىددىيەتلەرنى مەنتىقلىق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ياۋروپالىقلارنىڭمۇ قۇرئان ۋە ئىسلامغا مۇشۇنداق نەزەردە (زىددىيەتلىك) قارايدۇ. سمىتنىڭ روھانىيەتچىلىككە، پوپلارنىڭ دىنىغا ۋە چېركاۋ تەشكىلاتىغا بولغان نەپرىتى (ھۇمەندىكىگە ئوخشاش) ئىسلامدىكى بۇنىڭغا ئوخشاش ئىپادىلەرنى ئەسلىتىدۇ.

سىپېنسېرنىڭ «تەربىيە» گە مۇناسىۋەتلىك ئەسىرىنى بىر مۇسۇلمان يازسىمۇ بولاتتى. ئەخلاقنىڭ شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئىكەنلىكى، تەرەققىياتنىڭ بولسا ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ بارغانچە مۇكەممەللىشىشى، بىر - بىرىگە بېقىندىلىقنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا دائىر قاراش (توغرا ياكى خاتا بولسۇن) يەنە ئىنگلىزلارغا تەۋە.

كاتولىك فىرانسىيەدە روھانىيەتچىلىك ئىدىيە بىلەن پوزىتىۋىست (رادىكال ئەمەلىيەتچانلىق) ئىدىيە ئارىسىدا ئىختىلاپ كەسكىنلىشىۋاتقاندا، ئىنگلىز ئەخلاق ئىلمىدە پاراۋانلىق پرىنسىپى بىلەن ۋىجدان پرىنسىپىنىڭ تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە بولىدىغانلىقىغا دائىر قاراش ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. ج.س.مىللنىڭ ئىقتىسادىي قاراشلىرىدا، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي پرىنسىپلارنىڭ بىردەكلىكى ۋە بايلىقنىڭ ئەخلاقىي تەرىپىنىڭ كۈچەپ تەكىتلىنىشى مەلۇم نۇقتىدىن زاكات ۋە قۇرئانغا

مەخسۇس نەرسىلەردۇر. ئامپىرىزمنىڭ سەلتەنىتىدىن كېيىن، 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە ئىنگلىز يېڭىچە ئىدېئالىزمى نامى ئاستىدا بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىلەرمۇ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان يۈزلىنىشنىڭ داۋامى ئىدى.(ج. مارتىن، ف،ھ. برەيدلېي، پ.ھ)(1).

سوتسىيالىزملىق قاراشقا ئىگە ھازىرقى زامان ئىنگلىز يازغۇچىلىرىدىن ر.ھ.س كىروسمەن ئىنگلىز سىياسىي ھاياتى ھەققىدە ماقالە يازىدۇ. كىروسمەن ئىنگلىز سىياسىي ھاياتى ھەققىدە يۈزەكى خۇلاسە چىقىرىپ قويۇشنىڭ ئېغىر خاتالىق بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «خانىش ۋىكتورىيە دەۋرىدە كارخانىچىلار سىياسىتىنى مەنپەئەتچىلىك نەزەرىيەسىگە ئاساسەن ئەمەس، دىنى ئاساسلارنى چىقىش قىلىپ بېكىتتى. ئۇلىگارخىيەدىن نەپرەتلىنەتتى. سەۋەبى، ئۇلگارخىيە تۈزۈمىنىڭ زېمىن خوجايىنلىرىنى ھىمايە قىلىشى سەۋەبىدىن ئەمەس، ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلماسلىقى سەۋەبىدىن ئىدى.... يەنى سانائەتنى جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ۋاستە سۈپىتىدە كۆرگەن كارخانىچىلار ، ئىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلاھىي ۋەزىپە سۈپىتىدە كۆرەتتى... كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ ئىدىئولوگىيەلىك شەكىلدە سەھنىگە چىقىشى، ئىنگلىزلارنىڭ ھاياتىغا كۈچ قاتقان ئىدى... ۋىكتورىيە دەۋرىنىڭ ئىلمىي كۈچى مەنپەئەتچى ئىقتىسادنىڭ تەنقىدىگە ئەمەس، ئىدىئولوگىيەلىك ئېتىملارغا ئېھتىياج ھېس قىلاتتى. گىلادستونمۇ سىياسەتچى بولۇش روھانىي شەخس بولۇش، دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەن ئىدى. 19 - ئەسىردە ئىنگلىزلارنىڭ ئەخلاققا بۇنچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن، دىنى نۇقتىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئىنجىلغا تايانغان غەيرەتنىڭ پۈتكۈل كۈچى تامامەن ياخشى ئەمەللەرنى تەشۋىق قىلىشقا يۈزلەنگەن ئىدى. رەھىمسىز كاپىتالىزملىق ئىقتىساد، خىرىستىيانلىقتىكى سۆيگۈ ۋە مەرھەمەتنىڭ ئۆز ئالدىغا كاپىتالىزمنى تەگرىلىق خۇسۇسىيەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان يېڭى، ئىنسانپەرۋەر پەلسەپە بىلەن يۇمشاتقان ئىدى. قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى، مىسسىئونېرلىق پائالىيەتلىرىنىڭ جانلاندۇرۇلۇشى، باللارنى ئەمگەككە سېلىشنىڭ

(1) «مۆتىدىل» ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ «مۆتىدىل» نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىغا ئەنگلىيەنى مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئەنگلىيە، «ئىنسان ھەققىدە ھەر نەرسىنى بىلىدىغان» شېكسپىرنى ۋە كائىناتتىكى مەۋجۇت قانۇنىيەتنى ئىزاھلىغان نيۇتوننى دۇنياغا ئاتا قىلالىغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورنىغا تەلىم - تەربىيە بېرىش ۋە كۆپلىگەن ئىشلار سىياسىي چۈشەنچىدىن بەكرەك، خىرىستىيانلىقنىڭ باراۋەرلىك چۈشەنچىسىنى ئاساس قىلغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئىسلاھاتچى ھەرىكەتلىرىدىن كۆپىنچىسى بۇ مەنبەدىن ئىلھام ئالدۇ، بىراق بۇ مىللەتلەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرگەندىن كېيىن، سىياسەتچىلەرنىڭ پىلان لايىھەلىرىگە كىرگۈزۈلدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئىككى تەرەپتىن قايسىسىنىڭ ئۇلارنى تەتبىقلايدىغانلىقى پۈرسەت مەسىلىسى ئىدى... لېكىن بۇ خىلدىكى دىنى نۇقتىئىنەزەرلەر ئىچىدە ئىنگلىز سىياسىي پىكىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، ئىنگلىز دېموكراتىيەسى دىنى ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىدى... بۇنداق بولغاندا، دىنى چۈشەنچىلەر ئىپتىدائىي خىرىستىيانلىق شەكلى بىلەن دېموكراتىيىدە ئىشلىتىلەتتى. لىبېرالىزمنىڭ غەلىبىسى، ۋىكتورىيە دەۋرىدە دىنى ئىسلاھاتقا سەۋەب بولغان. بۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسە ئامېرىكىدىن باشقا ھېچقانداق بىر يەردە مۇمكىن بولمىغان ئىدى... بىراق نېمىس ۋە ئىتالىيەلىك لىبېراللارغا نىسبەتەن ئېلگىرىلەش، مىللەت ۋە دېموكراتىيە قاتارلىقلار دۇنياۋى كۈلتۈرنىڭ تېمىسى ھېسابلىناتتى... ئىخلاسمەن كاتولىك، مەسىھكە ئىشىنىش بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئىشىنىش ئارىسىدا، سەمىمىي لىبېرال كىشى بولسا، روھ ئۈستىدىكى روھانىي سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئارىسىدا غايەت زور بىر بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى پەرق قىلالايدۇ»[1].

ئىنگلىز سوتسىيالىزمى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىر فرانسۇز ژورنالىستى ئىنگلىز سوتسىيالىزمى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ياۋروپا قىتئەسىدە سوتسىيالىزم ماتېرىيالىزم ياكى ئاتېئىست پەلسەپە بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيەدە ئىنجىل پەقەت چېركاۋلار مۇنبەرلىرىدىلا ئوقۇلماستىن، ئىشچى ۋە مەمۇر ئۇيۇشمىلىرىدىمۇ ئوقۇلىدۇ». بېرتراند رۇسسېل بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە تەرتىپ مەسىلىسى، پەقەت رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەھكەملىكى بىلەن ئاۋگۇست ئوتتۇرىغا قويغان تەڭرى دۆلىتىنىڭ ئىدېئالىزمىنى بىرلەشتۈرگەندە، ئاندىن ھەل بولىدۇ»[2] ياكى «مەنچە ھەقىقەت بۇ ئىككى ئاشقۇنلۇق (رادىكاللىق) نىڭ ئوتتۇرىسىدا. پىكىرلەر بىلەن ئەمەلىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەر ساھەسىدە مەۋجۇت بولغىنىغا ئوخشاش، ئۆز - ئارا تەسىر كۆرسىتىشىدۇ»

(1) R.H.S. Crossman, «The Government and Governed»

(2) ب.رۇسسېل، غەرب پەلسەپىسىنىڭ تارىخى، 473

دېگەن سۆزلىرى ھەقىقىي ئىنگلىز تەپەككۇرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ[1] بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش چۈشەنچىلەردە ئامېرىكا پراگماتىزمىنىڭ مەنىۋى مەنبەلىرىنى تېپىش ئۇنچىۋالا تەس بولمىسا كېرەك. پراگماتىزم، ھەم دىنىي ھەمدە بىلىمنى (ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۆزىنى ئىسپاتلىيالىسا) قوبۇل قىلىش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىنى ھەقىقەت ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئېلىشنى تەلەپ قىلىش نۇقتىسىدىن، تېپىك ئانگلو - ساكسون ۋە ياۋروپاغا تەۋە بولمىغان پەلسەپىدۇر. ۋىلىيام جېيمس بۇ جەرياننىڭ ئاساسلىرىنى «پىراگماتىزم» ناملىق ئەڭ داڭلىق ئەسىرىدە ئىزاھلايدۇ. بۇ يەردە مەزكۇر مەشھۇر ئەسەردىن ھېچ بولمىغاندا ئازراق ئۆزۈندە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق: «كۆپىنچىمىز سىزىقنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىن ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمىز. ھەقىقەتلەر ھەقىقەتەن ياخشى نەرسىلەردۇر، شۇڭا بىزگە كۆپرەك ھەقىقەت ئاتا قىلىڭ. پىرىنسىپلارمۇ ياخشى، شۇڭا بۇنىڭدىن كۆپرەك نىسقىمىزنى ئالايلى. دۇنياغا مۇئەييەن بىر نۇقتىدىن نەزەر سېلىنغىنىدا، شۈبھىسىزكى بىردۇر. بىراق، باشقا بىر نۇقتىدىن نەزەر سېلىنغىنىدا، كۆپلۈكتۇر. يەنى دۇنيا ھەم بىرلىك ھەمدە كۆپلۈكتۇر. شۇڭا دۇنيا «كۆپلۈكنى ئاساس قىلغان بىرلىك» سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئەجىلى كېلىدۇ. بىراق، ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئىرادىمىز تەبىئىي ھالدا ئەركىنىدۇر. يەنى ئەركىن ئىرادىنىڭ قاراقچىلىقى ئەڭ توغرا پەلسەپە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۆلۈنمە ۋە پارچىلارنىڭ رەزىللىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، لېكىن پۈتۈن ھەرگىزمۇ رەزىل بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئەمەلىي رەزىللىك مېتافىزىكىلىق ياخشىلىق بىلەن بىرلەشسە بولىدۇ»[2] (11 - ئىزاھات:

جېيمس بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ئىككى خىل تەرىپىگە، يەنى فىترى ئىسلامنىڭ شەكلىگە بولغان مايىللىقىنى ناھايىتى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پەلسەپە يولىنى «پىراگماتىزم» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا «بەزى كونىچە تەپەككۇر شەكىللىرى ئۈچۈن يېڭى ئىسىم» دەپ تەرىپلەيدۇ. جېيمس مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «مۇشكىلاتلىرىمىزنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن بىزگە ناھايىتى كۆپ پەلسەپىلەر تەقدىم قىلىنماقتا، بۇلارنىڭ سايىسىدا قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان نەرسىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە دىنىي بولمىغان ئامپىرىك پەلسەپىنى ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە ئامپىرىك بولمىغان دىنىي

(1) (10 - ئىزاھات: ب.رۇسسېل، غەرب پەلسەپىسىنىڭ تارىخى، 574

(2) William James, «Pragmatism» 16

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەلسەپىنى تاپالايسىز»(1) ۋە «بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا مۇنداق بىر ئارىسالدىلىقىمىز بار: بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىككى تۈزۈمنى بىر - بىرىدىن ئۈمىدسىز ھالدا ئايرىلغانلىقىنى كۆرىسىز. ئامپىرىزمنى تاپىسىز، ئەمما ئىنسانىيەتسىز ۋە دىنسىز ياكى ئۆزىنى «دىنى»دەپ تەرىپلىيەلەيدىغان ئەقلىيەتچى پەلسەپىنى تاپىسىز. لېكىن، ئۇمۇ ئەمەلىي ھەقىقەتلەر، سۆيگۈ ۋە دەردلىرى بىلەن ھەر قانداق بىر كونكرېت ئالاقىدىن مەھرۇم(2) .

بېرتراند رۇسسېل، پىراگماتىزمنى چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن، پىراگراماتىزمنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ ئىككى ئاساسلىق پەلسەپىۋى چۈشەنچىسگە ئىشارەت قىلىپ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئەندىزە تەقدىم قىلىدۇ: «ۋىليام جېيمىسنىڭ پەلسەپىۋى چۈشەنچىسى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئىلمىي، يەنى بىرى دىنى ئىدى. ئىلمىي تەرەپتە، مېدىتسىنانى ئاساس قىلغان چۈشەنچىلىرىدە ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر قويۇق ئىدى. بىراق، بۇ تەرەققىيات دىنى ھېسسىياتى تەرىپىدىن تورمۇزلىناتتى»(3). مۇنۇ ئىشنى ئېسىمىزگە ئالايلى، ئىنگلىز (بۇ يەردە بۇ تەبىر ئامېرىكا دېگەنلىكمۇ بولىدۇ) تەپەككۇرى 7 ئەسىر ئىلگىرى روگېر بېكون ئوخشاش ئىككى تەكلىپ بىلەن باشلانغان. بۇ مەزگىلدە ياۋروپا ئاكنولۇق توماستىن لېنىنغچە پۈتكۈل باسقۇچلاردىن ئۆتكەن.

پىراگماتىزم ياۋروپالىقنىڭ روھىي ھالىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز. بىراق، نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا قىلغانلىقىدىن ھېچ گۇمانلانمايمىز. ياۋروپالىقلارغا نىسبەتەن پىراگماتىزم مەنتىقسىز، غەيرى تۈرداش ، تۇترۇقسىز (يەنى داۋاملىق ئىسلامغا چاپلانغان سۈپەتلەر) ھېسابلىنىدۇ. لېكىن پىراگماتىزم ئامېرىكىلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان ئەڭ بۈيۈك تۇنجى پەلسەپە ھېسابلىنىدۇ. بۇ سىستېمىدا ياۋروپانىڭ تۇنجى قېتىملىق قابىلىيىتى يوق. پىراگراماتىك پەلسەپە ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇش قابىلىيىتى ۋە پائالىيەتلىرى ئۈچۈن يا تەشۋىق ئاملى، يا ئىپادىسى ۋەياكى ھەر ئىككىلىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنگلىز ۋە ئىسلامىي چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىسىدا بۇ خىلدىكى «پاراللېللىقلار» كۆپلىگەن ھەقىقەتلەردە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن، بىراق بۇلارنىڭ ئۈستىدە ئايرىم

(1) William James, «Pragmatism» 17
(2) William James, «Pragmatism» 19
(3) B.Russel, 774

- ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىنگلىز ئىنقىلابى (1688 - يىلى) ئۇنچىۋالا ئاشقۇن (رادىكال) ھېسابلانمايتتى (ئىنقىلابلار ئىچىدە ئەڭ مۆتىدىل ۋە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ - رۇسسېل)، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىز سىياسىي تارىخىدا كۆپلىگەن خۇسۇستا ئاخىرغىچە داۋاملاشماي يېرىم يولدا توختاپ قالغان ئىدى. ئەنگلىيەدە پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى مەيدانغا كەلگەن ئىسيانلار پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمىغان. ئاقسۆڭەكلەر دېموكراتىك مۇئەسسەسەلەرنىڭ سايىسىدا جەمئىيەتنىڭ باشقا تەبىقىلىرى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولالىغان. ئەنگلىيەدە «minister» سۆزى «روھانىي» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇقۇملار دۇئالىزمغا (زىددىيەتلىك) ئىسلامىي تېرمىنلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەنگلىيەدە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، نامراتلارنىڭ مەنپەئەتى كۆزلەنگەن زاكاتقا ئوخشاش كېتىدىغان بىر خىل باج تۈزۈمىمۇ بار. بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان چۈشەنچىلەر ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلىغاندا، بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان ھەل قىلىش يوللىرى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

كەلگۈسىدە ياۋروپا بەلكىم غەيرى ئىنسانىي قاتارلىق ئىلىمنىڭ پۈتكۈل تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا بولسا، بۇ خۇسۇستا پىراگماتىزمنىڭ تەقەززاسى بويىچە مۆتىدىل ھەرىكەت قىلىدۇ. چۈنكى ياۋروپادا دىن دىندۇر، ئىلىم ئىلىمدۇر (بۇ خىرىستىيان نۇقتىئىنەزەرىگە مۇۋاپىق). ئەنگلىيەدە بولسا بۇ خۇسۇستا ئەڭ چوڭ سوتچى ئەمەلىيەت ياكى ھايات بولىدۇ.

## تارىخىي يارىشىش ۋە ئىجتىمائىي دېموكراتىيە

دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ «ئوتتۇرا يول»غا بولغان قىزىقىش ۋە يۈزلىنىشلەرنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەمما ياۋروپادا ئەنگلىيەدىن پەرقلىق ھالدا تەتبىق ساھەسى ۋە قانائەت مەسىلىسى بولماستىن، زۆرۈرىيە مەسىلىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەنگلىيەدە نەزەرىيە جەھەتتىلا يەنى ھېسسىيات ۋە چۈشەنچىدىلا مەۋجۇت. بۇ خۇسۇستا كاتولىك بىلەن پىروتېستانت مەملىكەتلەر ئارىسىدىمۇ روشەن پەرق بار. ئۆتمۈشتە كاتولىك دىنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان مەملىكەتلەردە ئىدېئولوگىيەلىك قۇتۇپلىشىش ناھايىتى روشەن نامايان بولاتتى. ئوتتۇرھال ھەل قىلىش يولى مۈشكۈل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



، ئىراگېدىيەلىك ۋە گۇمانلىق سۈپىتىدە قارىلاتتى. ئەسلىدە بۇ مەملىكەتلەر بۇ نۇقتىدىن ئوتتۇرھال يولنى تۇتۇشتىن ئاجىز كېلەتتى. فىرانسىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تىپىك قۇتۇپلاشقان دۆلەتلەرنىڭ مىسالى ئىدى، بۇ دۆلەتلەر ھېلىھەم مۇشۇنداق. كۈنىمىزدە خەلق خىرىستىيان (ئوڭچىل) بىلەن ماركسىزملىق(سولچىل) پارتىيە ۋە ھەرىكەتلەر دەپ ئىككىگە ئايرىلدى. مەركەز بولسا ناھايىتى چەكلىك ياكى تامامەن يوق قىلىندى. تارىخنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئىككى دوگماتىزم(كاتولىك ۋە كوممۇنىست) بىر - بىرىگە جەڭ ئېلان قىلدى. ئەمما ماھىيىتى نۇقتىسىدىن غەلىبە قىلالماسلىقتەك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقتىن شىددەتلىك رىقابەت ۋە جەڭدىن ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. ئىسپانىيەمۇ ئىچكى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى مۇشۇنداق چىگىش ۋەزىيەتتە ئىدى. 1936 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمىي سايلاملاردا سولچىل پارتىيەلەر %51.9 ئاۋازغا، ئوڭچىللار بولسا %43.24 ئاۋازغا، مەركەز يەنى ئوتتۇرھال يولنى تۇتقانلار %4.86 ئاۋازغا ئېرىشكەن ئىدى[1]. ھازىرقى ئىتالىيە %50 ئاۋاز بىلەن قۇتۇپلىشىش ئەۋجىگە چىققان ئىسپانىيەگە ئاساسەن تەڭلىشىپ قالدى. فىرانسىيەدىكى ئەھۋالمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى دوگماتىزمدا ئىچكى جەھەتتىن يىمىرىلىش مەيدانغا كەلدى. كۆپلىگەن خۇسۇس بۇنىڭدىن بېشارەت بەرمەكتە. ماركسىزمچىلار بىلەن كاتولىكلار ئارىسىدا 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان دىيالوگ بۇلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ دىيالوگلار ياۋروپادىكى روھىي ھالەت نۇقتىسىدىن ۋە ماركسىزم بىلەن دىن ئارىسىدا بىر ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان توقۇنۇش فىرونتىدىكى مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئەھۋال، ئىنسان ھاياتىنىڭ بىرلا پىرىنسىپقا ۋە قۇۋۋەتسىزلىككە ئاساسەن تەرتىپكە سېلىنىش يولىدا كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ بېشارىتىدۇر. ماركسىزمچىلار دىنىنىڭ «خەلققە نىسبەتەن ئەپيۇن» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن كىلاسسىك ئەندىزىلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇشتى. كاتولىكلار بولسا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى كۆچەيتىشتە تېخىمۇ ئادىل بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تەشەببۇس قىلغان ماركسىزمچىلارنى تەستىقلاشتى.

(1) مەزكۇر كىتابنى يېزىۋاتقاندا ئىتالىيە ئىككى خىل سايلامغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بەزى تەخمىنلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىسپانىيەلىكلەر بۇ قېتىم – تارىختا تۇنجى قېتىم - مەركەز پارتىيەلەرگە ئوي بېرىدىكەن. مۇبادا نەتىجىسى مۇشۇنداق بولغان تەقدىردە، ھەم ئوڭچىللار ھەمدە سولچىللار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك.

«پاۋلۇس گېسېللىسكافت» جەمئىيىتى تەرىپىدىن ماركسىزمچىلار بىلەن كاتولىكلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر بەس - مۇنازىرىدە «خىرىستىيانلىقتا ئىنسان سۆيگۈسى ۋە ماركسىزمچى كوممۇنىزم» تېمىسى ئاستىدا لېكسىيە سۆزلەنگەن ئىدى. سالزبۇرگدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىندا تونۇلغان ماركسىزمچى يازغۇچى روگېر گرادي[1] مۇنداق دېگەن: «خىرىستىيانلىق مەيدانىغا كېلىشى بىلەن تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم پۈتۈن ئىجتىمائىي گەۋدە ۋە بىرلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان بىر بىرلىك (پۈتۈنلۈك) ۋە پاسىلسىز بىر جەمئىيەت ئۈچۈن چاقىرىق قىلىندى.... بۇنىڭدا سۆيگۈ پىكرى مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئىنسان پەقەت ۋە پەقەت باشقىلارنىڭ سايىسىدىلا ئۆزىنى نامايان قىلالايدۇ ۋە ئىدراك قىلىدۇ. بۇ پىكىر ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە ھاياتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئەڭ مەنىلىك تەسۋىردۇر». ئىتالىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبىرى پالمىرو توگلىياتتىمۇ ئۆلۈپ كېتىش ئىلگىرى ئېلان قىلغان خىتابنامىسىدا، ماركسىزمنىڭ دىنغا تۇتقان پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتىشنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى تەكىتلەپ، ماركسىزمچىلارنى بۇ ھەقتە تېزراق باش قاتۇرۇشقا چاقىرغان ئىدى. پوپنىڭ «Pacem in Terr» ۋە «Populorum progressio»[2] دېگەن تەبىرلىرىدە كاتولىك چېركاۋغا مۇناسىۋەتلىك يېڭىچە ئىدىيەلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. جەمئىيەتكە تەۋە ماللارنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكتىن ئۈستۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىش، رەسمىي ئورگانلارنىڭ ئىقتىسادىي ساھەگە ئارىلىششى، يېزا - ئىگىلىك ئىسلاھاتى، مىللىيلەشتۈرۈشنىڭ قانۇنلۇقى، كارخانىلارنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشچىلارنى قاتناشتۇرۇش قاتارلىقلار(18 - ئىزاھات II - پوپ پول ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولغاندا (1979)، «كىشىلىك ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشىنىڭ ماددىي بايلىقلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى» قەيت قىلغان ئىدى. بۇنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى پەقەت خىرىستىيانلىقنى ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىدىغان بىرسى ئىدراك قىلالايدۇ».

كاتولىك چېركاۋىنىڭ 16 - ئەسىردىكى مەجلىسىدە (II - ۋاتىكان مەجلىسى) مۇھاپىزىكارلار ماركسىزمنىڭ لەنەتلىنىشى تەلەپ قىلغاندا رەت قىلىنغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئالاقىدار مەسئۇللارنىڭ بىلدۈرىشىچە، بۇ مەجلىس، خىرىستىيانلىقنىڭ ئاشقۇن روھانىيلىقنى مۇداپىئە قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەن.

(1) بۇ كىشى كېيىن مۇسۇلمان بولغان
(2) خەلقلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ياكى تەرەققىياتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باش پوپ كاردىن مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر خىرىستىيانلىق تەلەپنىڭ ئۆمىدلىرىگە ماسلىشالىسا، دۇنيامۇ خىرىستىيانلىقنىڭ ئۆمىدلىرىگە ماسلىشالىغان بولاتتى. بۇلارنى پەقەت بۇ ئارقىلىقلا مۇقەددەسلەشتۈرگىلى بولىدۇ».

فىرانسىيەدە ئەھۋال ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، نېمىنىڭ قايسى ساھەگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئىنتايىن تەس. 1977 - يىلى فىرانسىيە پوپلار مەجلىسى «ماركسىزم، ئىنسان ۋە خىرىستىيان ئېتىقادى» سەرلەۋھىسى ئاستىدا خىتابنامە ئېلان قىلدى. خىتابنامىدە پوپلار «لىبېرالىزم ئىجتىمائىي سىياسەتنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ماركسىزم رېئاللىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىز بۇنى نەزەردىن ساقىت قىلالايمىز» دەيدۇ.

بىر يىل ئىلگىرى فىرانسىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبىرى گېئور - گېس مارچېيس، مەشھۇر «لىيون چاقىرىقى»دا مۇنداق دەيدۇ: «كوممۇنىستلار بىلەن خىرىستىيانلار بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، بىر - بىرىنىڭ تەلىمات ۋە پىرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىي بىر جەمئىيەت يارىتىپ چىقىش ئۈچۈن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىش بىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق غايىمىز ھېسابلىنىدۇ».

بۇ ئەھۋال ئىتالىيە كوممۇنىستلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. نەچچە يىل داۋاملاشقان ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن، ئىتالىيە كوممۇنىست پارتىيەسى خىرىستىيانلار بىلەن «يارىشىش»نىڭ توغرا ئۇسۇل ئىكەنلىكىگە قارار بېرىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈنلا بۇنداق قارارغا كەلگەن ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ يولنى تاللىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئىدى. ئىتالىيەنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە خىرىستىيان دېموكراتىيەسى بىلەن كوممۇنىزم . جەمئىيەت تۇرمۇشىدا دىن بىلەن ماتېرىيالىزم ھۆكۈمران بولغان ئىدى.

«ياۋرو - كوممۇنىزم» ىمۇ قۇتۇپلاشقان جەمئىيەتلەرنىڭ ياكى ياۋروپادىكى كاتولىك مەملىكەتلەردىن ئىتالىيە، فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان ئوخشاش يۈزلىنىشنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ ئەھۋال ناھايىتى يېڭى ھېسابلىنىدۇ. بىراق بۇ ئەھۋال كېيىنچە كوممۇنىزم (پىرولېتارىيات دېكتاتورلىقى) دېموكراتىيەسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ دوگمىلىقلار بىلەن قورشالغان سولچىل رادىكاللىق

ئىچىدىن مەركەزگە قاراپ ھەرىكەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ[1] . ھەقىقەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا كوممۇنىزم دوگماتىزملىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، ئەركىنلىك ۋە كۆپ سانلىق پىكىرنى ( ئاساسەن ئىدېئالىستىك پىكىرلەر) قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال، ياۋروپا - كوممۇنىزمنىڭ پەرقلىق چۈشەنچىلەر بىلەن يارىشىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ. ، بىرىنچىسى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن كوممۇنىزم ، ئىككىنچىسىدە كوممۇنىزم بىلەن خىرىستىيانلىقنىڭ ئىككى چوڭ ئوخشاش كۈچ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى ياۋرو كوممۇنىزم بىلەن «تارىخىي يارىشىش» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھېسابلىنىدۇ[2] .

كۆپ سانلىقلار بىلەن پىروتېستانت (كاتولىك بولمىغان) مەملىكەتلەردە «ئوتتۇرھال يول»غا بولغان يۈزلىنىش، مەركەز پارتىيەلەرنىڭ ياكى مەركەزگە يېقىن بولغانلارنىڭ سىياسىي سەھنىدىكى كۈنسايىن ئېشىۋاتقان نوپۇزىدا ناھايىتى روشەن نامايان بولماقتا. ياۋروپانىڭ بىر قىسمى نوقۇل خىرىستىيان ۋە نوقۇل كوممۇنىزم تۈزۈملىرىنى رەت قىلىپ، ئوتتۇرھال ھەل قىلىش يولىغا مايىل بولماقتا. بۇ ئەھۋالنى ئىجتىمائىي دېموكراتىيەنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلىنىشىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كاتولىك جەمئىيەتلەر «تارىخىي يارىشىش» ئىچىدە تېپىشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان چارىنى، پىروتېستانت مەملىكەتلەر ئىجتىمائىي دېموكراتىيىدە تاپتى. ياۋروپادا ئەركىنلىك بىلەن ئىجتىمائىي كۈرەش، خىرىستىيان ئېتىقادى بىلەن ماركسىزمنى ياراشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇ ھەرىكەت، ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. يەنى، بۇ يەردە مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان ۋە پۈتكۈل دۇنيادىكى ئومۇمىي جەريانىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان بىر يۈزلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ[3] .

ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن سايلاملارنىڭ نەتىجىلىرى، 25 يىل ياكى 30 يىل كېيىنكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا، ئەركىن سايلاملار ئېلىپ بېرىلغان پۈتكۈل مەملىكەتلەردە، ئىجتىمائىي دېموكراتىك پارتىيەلەرنىڭ ئاۋازلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك

(1) ماۋ زېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن چەتنەپ كېتىشنىڭمۇ مەنىسى ئوخشاش. ئۇتوپىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان بارلىق تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي، «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش تۇتۇش» پىرىنسىپىغا، ئەسلىدە رادىكال سولچىل ھەرىكەتتىگە، ئاران ئون يىل بەرداشلىق بېرەلىگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشىمۇ ناتايىن ئىدى. ئوڭچىل ۋە سولچىل تېرمىنلىرىدىن پايدىلىنىپ مەسىلىنى ئانالىز قىلساق، خىتايدا سولچىللىقتىن مەركەزگە قاراپ ھەرىكەت قىلىنغان
(2) ياۋروپادا بىر نەچچە كوممۇنىست پارتىيە «پىرولېتارىيات دىكتاتورلىق» تەبىرىنى ھۆججەت ۋە ماتېرىياللاردىن چىقىرىپ تاشلىغان ئىدى.
(3) دۇنيانىڭ ئىدېئولوگىيەلىك نۇقتىسىدىن ناھايىتى رادىكال بولغان قىسمى، بولۇپ ئۆتكەنلەرنى بۇنداق كۆرمەيدۇ. موسكۋادا نەشر قىلىنغان «كوممۇنىست» ژۇرنىلى (1978 - يىلى) «ئۈچىنچى يۈنىلىشتە» بىرەر ئۆزگىرىش ۋە يۈزلىنىشنىڭ ئوبيېكتىپ بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ژۇرنال بويىچە بولغاندا، «ئۈچىنچى دۇنيا» دەپ ئۈچىنچى بىر تاللاش يولى يوق. ئەمەلىيەتتە پەقەت، بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى خىللا ئىجتىمائىي - سىياسىي تۈزۈم بار. قۇتۇپلىشىش باسقۇچى ئاجىزلاشمايۋاتىدۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ. شۇڭا پۈتكۈل مەملىكەتلەر ھامان بىر كۈنى كاپىتالىست ياكى سوتسىيالىست تۈزۈمگە ئەگىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئېشىش كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: شىۋېتسىيەدە 22%، گوللاندىيەدە 54%، نورۋېگىيەدە 27%، فېدېراتىپ گېرمانىيەدە 100%دىن ئارتۇق، مالتادا 348%، ئەنگلىيەدە بولسا ئاران 5% بولغان. بۇ يەردە ئەنگلىيەدە بۇ يۈزلىنىشنىڭ تېخىمۇ بۇرۇن باشلىغانلىقىنى، مەزكۇر دۆلەتنىڭ پۈتكۈل ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن تېخىمۇ بۇرۇن تەڭپۇڭلۇق نۇقتىسىغا كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئىجتىمائىي دېموكراتىيە ياۋروپادا «ئىزچىللىقىغا ئىگە يارىشىش»، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەڭپۇڭلۇقتۇر.

مېكسىكا بىلەن ۋېنېسۇئېلا ئومۇمەن ناھايىتى مۇقىمسىز ۋە قالايمىقان ھېسابلىنىدىغان لاتىن ئامېرىكا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئەڭ مۇقىم مەملىكەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئىجتىمائىي دېموكراتىيەگە ئەڭ يېقىن بولغان بۇ ئىككى دۆلەتتۇر. ياپونىيەدىمۇ تەرەققىيات قۇتۇپلىشىشقا قاراپ ئەمەس، مەركەزنىڭ كۈچىيىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا بولماقتا[1]. مېكسىكا ۋە ياپونىيەدىمۇ سىياسىي بەس - مۇنازىرىلەردە «ئۈچىنچى يول» تەبىرى بارغانچە كۆپ ئاڭلىنىشقا باشلىماقتا. 1976 - يىلى كاراكاستا چاقىرىلغان ئىجتىمائىي دېموكراتلار يىغىنى، ئېلىنغان قارارلارنىڭ ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن ۋە يېڭى بىر ئىدىيەنى بېكىتىش يولىدا تۈنجى قەدەم بولۇش نۇقتىسىدىن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ تەرىپلەنگەن ئىدى. بۇ يېڭى ئىدىيەنىڭ قانداق بولۇشى مېكسىكا ۋەكىلى گونزالېس سوسىنىڭ سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ: «كاپىتالىزم، كوممۇنىزم ۋە ئىجتىمائىي دېموكراتىيە ھازىرقى كۈندە دۇنيادا ئەڭ چوڭ ئۈچ سىياسىي يۈزلىنىشتۇر، شۇڭا مېكسىكا بۇ ئۈچىدىن بىرىنى تاللىشى كېرەك».

سوتسىيالىست دۆلەتلەردە مەيدانغا كەلگەن ئىچكى توقۇنۇشلار، ئىقتىسادىي تۈزۈم نۇقتىسىدىن سوتسىيالىزم بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭا، خۇسۇسىي كاپىتالىست كارخانىلارنىڭ قايتىدىن تەشكىللىشىنى تەقەززا قىلمايدۇ. بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەر بىۋاسىتە كىشىلىك ھەق - ھوقۇقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلار ھەر يەردە خۇددى ئىجتىمائىي پىروگراممىلىق خىرىستىيانلىق ياكى ئاتېئىزم ۋە دېكتاتورىسىز سوتسىيالىزم (ئىنسانىي بىر سوتسىيالىزم) ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلماقتا[2]. مەسىلەن، خىتايدا، ماۋ زېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، پەيدىنپەي بېتخوۋېن ۋە

(1) 1976 - يىلى دېكابىردا ئۆتكۈزۈلگەن سايلاملارنىڭ نەتىجىلىرى ۋە ياپونىيە سوتسىيالىست پارتىيەسىنىڭ ئاجىزلىشىشى، مەركەزنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
(2) ماۋرايس دۇۋېرگېر بۇ يۈزلىنىش ئۈستىدە توختىلىپ «شەرقتە ئەركىنلىك، غەربتە ئىجتىمائىيلىشىش باسقۇچى» دەپ تەرىپلەيدۇ. شۇنىسى ھەقىقەتكى، غەربنىڭ تۇرمۇش ئەندىزىسى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىجتىمائىي ئەمەس، غەربنىڭ بولسا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەركىن ئەمەس.

شېكسپىرنىڭ چەكلەنگەن ئەسەرلىرى بازارغا سېلىنىشقا باشلايدۇ. خۇددى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇنىڭدىن ئىلگىرى دوستويېۋىسكى، شاگال ۋە كافكانىڭ ئەسەرلىرى چەكلىنىپ، كېيىنچە ئەركىن قويۇۋېتىلگىنىگە ئوخشاش. ئەركىنلىك تەلەپلىرى ياۋروپانىڭ شەرقىدە بارغانچە ياڭراشقا باشلايدۇ. تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتى ھەر قانچە ئاستا بولسىمۇ، يۈزلىنىش قەتئىي بولۇپ ئۆزگەرمەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتە، كاپىتالىست مەملىكەتلەردىكى بوھرانلار، جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ مۇداخىلە قىلىشىنى نىشان قىلغان ئارزۇ - تەلەپلەرنى يوق قىلماقتا. بۇ ئەھۋال مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەركىنلىكلەرنىڭ چەكلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمەلىيەت، ئامېرىكا كارخانىلىرىنى تېخىمۇ بەكرەك ئىجتىمائىيلىششقا، سوۋېت كارخانىلىرىنى بولسا ئاشقۇن (رادىكال) مەركەزچىلىكتىن ئاپتونوملىششقا قاراپ ئىتتىرمەكتە. پروفېسسور دوكتور م ل. ۋېيدېنباۋۇم كۆنىمزدىكى ئامېرىكا ئورگانلىرىنىڭ دۆلەتكە بولغان بېقىندىلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، «يېرىم دۆلەتلەشكەن» دەپ تەرىپلەيدۇ. 1975 - يىلى كىيوتودا ئامېرىكا، ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە ياپونىيە ۋەكىللىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى نەتىجىسىدە چاقىرىلغان يىغىندا «ئۈچ تەرەپ كومىتېتى» تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە «رادىكال دېموكراتىيە» تېمىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارىدۇ. يىغىن ھەققىدە «دېموكراتىيە بوھرانى» سەرلەۋھىسى ئاستىدا ئېلان قىلغان دوكلاتتا، «دېموكراتىيىدە مۆتىدىللىق» ۋە رادىكال ۋە كونترول قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆزگەرتىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. دوكلاتتا يەنە ئىقتىسادىي پىلان - لايىھەمۇ تەكىتلەنگەن. مەلۇم بىر نوپۇزلۇق ئامېرىكا گېزىتى مەزكۇر دوكلات ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بېرىپ، دوكلاتتا دۆلەت سىياسىتىگە يول خەرىتىسى بېكىتىش بولماستىن، يېڭى بىر ئىدېئولوگىيەدىن بېشارەت بېرىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دېمەككى، زامانىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئوخشاش دەرىجىدە بولمىسىمۇ، ئوخشاش نۇقتىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. نىشان بولسا ئىسلامغا ئوخشايدىغان ئوتتۇرھال بىر يولدۇر.

بۇ يۈزلىنىشلەر قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر يەنىلا ئىسلام ھېسابلانمايدۇ ۋە ئىسلامغا ئېلىپ بارمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مەجبۇرىي مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، تۇترۇقسىز ۋە قۇسۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام بولسا نوقۇل دىنى ياكى نوقۇل ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەلەپنىڭ ئاڭلىق شەكىلدە رەت قىلىنىشى، «ئىككى قۇتۇپلۇق پىرىنسىپ» نىڭ ئاڭلىق شەكىلدە قوبۇل قىلىنىشى ۋە تەستىقلىنىشى دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەۋجۇت ئارسالدىلىقلار، ئازغۇنلۇقلار ۋە ئىرادىسىزلىكلەر ھاياتى ۋە ئىنسانىي ھەقىقەتلەرنىڭ بىر تەرەپلىك ۋە ھاكىمموتلەق ئىدېئولوگىيەلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن غەلىبىسىگە ۋە ئىسلامىي ئاڭنىڭ زەپىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## تەسلىمىيەت

تەبىئەتنىڭ دېتېرمىنىزمى (قارارچىلىقى)، ئىنساننىڭ بولسا تەقدىرى بار. تەقدىرنى قوبۇل قىلىش ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىقىدۇر.

تەقدىر دېگەن نەرسە زادى مەۋجۇتمۇ ۋە قانداق مەۋجۇت بولىدۇ؟ ھاياتىمىزغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقايلى ۋە ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىمىزدىن، پىلانلىرىمىزدىن ۋە ياشلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزدىن نېمىلەرنىڭ قالغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ باقايلى. بۇ دۇنياغا كېلىشىمىز ئىرادىمىزنىڭ سىرتىدا بولغانىكەن ئەمەسمۇ؟ كىشىلىكىمىز، يۇقىرى ياكى ئاجىز زېھنىمىز، قىسقا ياكى ئۇزۇن بويىمىز، پادىشاھ سارىيىدا ياكى نامراتنىڭ غېرىب كەپىسىدە، شاۋقۇن سۈرەنلەردە ياكى جىمجىت ۋاقىتلاردا، بىر زالىمنىڭ ياكى مەرھەمەتلىك بىر زاتنىڭ ھۆكۈمى ئاستىدا ۋە ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ھېچقانداق تەسىرىمىز بولمىغان سىياسىي، جۇغراپىيەۋى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلار ئاستىدا دۇنياغا كەلمىدۇقمۇ؟ ئىرادىمىز بىلەن شەكىللەنگەن نەرسىلەر نېمە دېگەن چەكلىك، لېكىن تەقدىرىمىز بولغانلار ھەددى - ھېسابسىز ۋە نېمە دېگەن كۆپ!

ئىنسان «دۇنيانىڭ ئىچىگە ئېتىلغان» بولۇپ، ھاياتى ئۆزلىرى ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرگە باغلىق. ئەكسىچە، بۇ ھەقىقەتلەر ئىنسانغا مەيلى ئۇزاق بولسۇن ياكى يېقىن بولسۇن، ئىنسانغا چوقۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ. 1944 - يىلى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ياۋروپانى ئىستېلا قىلىش جەريانىدا، رادىيو ئاڭلىغۇچىلار ئىشلىرى تۈگۈمىسىزلا ئۆزۈلۈپ كېتىپ ئىستېلا قىلىشتىن ئىبارەت كەڭ كۆلەملىك بىر ھەرىكەت خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىلى تاسلا قالىدۇ. كېيىنچە بىزدىن بىر قانچە مىليون نۇر يىلى ئۇزاقلىقتىكى ئاندرومېدا سامان يولىدا مەيدانغا

كەلگەن غايەت زور بىر پارتلاشنىڭ بۇنىڭغا سەۋەب بولغانلىقى ئېنقلاپ چىقىلىدۇ. يەر شارىدا ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بەزى گۈلدۈرمامىلار قۇياشنىڭ يۈزىدە مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. دۇنيا ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىمىزنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، تەقدىرىمىزگە ھېچقانداق بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمران بولالمايدىغانلىقىمىزغا دائىر ئېڭىمىزمۇ ئېشىپ بارىدۇ. بىلىمنىڭ مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ چوڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلەشلىرىنى پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، كونترولىمىز ئاستىدىكى خۇسۇسلار، تېخى كونترولىمىز ئاستىدا بولمىغان ۋە ھېچقانداق بىر ۋاقىتتا بولالمايدىغان خۇسۇسلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەھمىيەتسىز ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان بىلەن دۇنيا بىر - بىرىگە نىسبەتەن مۇئەييەن نىسبەت ئىچىدە ئەمەس. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھايات باسقۇچى، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ھادىسىلەر ئۈچۈن بىر ئۆلچەم بولالمايدۇ. شۇڭا ئىنسان دائىم ئۆزىنى بەختەر ھېس قىلالمايدۇ. بۇ ھېس - تۇيغۇ پىسخىكىلىق جەھەتتىن ئۈمىدسىزلىك، بىپەرۋالىق، ئىسيان شەكلىدە ئەكس ئېتىدۇ ياكى تەقدىرگە، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە تەسلىم بولۇشتا ئەكس ئېتىدۇ.

تەلىم - تەربىيە ۋە قانۇنلار سايىسىدە دۇنيانى ئۆزگەرتىش تىرىشچانلىقى سۈپىتىدە كۆرۈلىدىغان ئىسلام ۋە ئاللاھقا تەسلىمىيەت، ناھايىتى ئەتراپلىق ھەل قىلىش پىلانى ھېسابلىنىدۇ. شەخسىي ئادالەت مەۋجۇدىيەتنىڭ شەرتلىرى ئىچىدە ھېچقانداق ۋاقىتتا قانائەت ھاسىل قىلالمايدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىسلامنىڭ پىرتكول ئەمرلىرىنى ئورۇندىيالىشىمىز، بۇنىڭدىن باشقا مېدىتسىنا، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي قائىدە - پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلالىشىمىز مۇمكىن. بىراق بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىرادىمىزنىڭ سىرتىدا جەريان قىلغان ۋەقە ھادىسىلەر بىلەن تەقدىرىمىز بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنلىكتىن، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئازابلىنىشىمىز تۇرغانلا گەپ. يېگانە بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئانا نېمىدىن تەسەللىي تاپىدۇ؟ كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسىدە مېيىپ بولۇپ قالغان بىرىچۇ؟ ئۆزىمىزگە ئوبدان نەزەر سېلىپ باقايلى. بىز ھەر ۋاقىت مۇئەييەن ھالەتتە تۇرىمىز. ئۆزۈمىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىپ بېقىشىم مۇمكىن. لېكىن، بەزى ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار باشقىچە كۆرۈنۈپ، قەھر قۇۋۋىتى يوشۇرۇنغان تەقدىردىمۇ، ئۆلۈشكە، ئازابلىنىشقا ۋە ئاداققىچە كۆرەش قىلىشقا مەجبۇرمىز. تاسادىپىي ئىشلاردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا مۇقەررەر ھالدا جىنايەت سادىر قىلىشىمىزمۇ مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەۋجۇدىيەتچىلەرنىڭ بۇ ھالەتلەرگە «پاسسىل ھاللار» دەيمىز (ك. جەيسپېرس، «پەلسەپىگە كىرىش»).«ئىنسان دۇنيادا ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك بولغان ھەر قانداق نەرسىنى ئىسلاھ قىلىشى كېرەك. بىراق بۇنىڭدىن كېيىن پەرزەنتلىرىمىز «ناھەق» ئۆلۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مۇكەممەل بىر جەمئىيەت بولغان تەقدىردىمۇ... ئىنسان قاتتىق غەيرەت قىلىپ، دۇنيانىڭ قايغۇسىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىگە ۋەزىپە بېرىشى مۇمكىن. ئادالەتسىزلىك ۋە قايغۇ - ئازاب ھەر قانچە ئازايتىلغان بولسىمۇ، يەنىلا رەزىللىك بولۇپ كېتىۋېرىدۇ (ئالبېرت كامۇس). ئاللاھقا تەسلىمىيەت ۋە ئىسيان، ئوخشاش ئەھۋالغا قايتۇرۇلغان بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل ئىنكاستۇر!

تەسلىمىيەتتە بىرلا مۇستەسنادىن باشقا ھەر ئىنسانىي ھېكمەتنىڭ ئىزلىرى ئۇچرايدۇ. ئۇ بولسىمۇ يۈزەكى ئۈمىدۋارلىقتىن ئىبارەت. تەسلىمىيەت ئىنسان تەقدىرىنىڭ ھېكايىسى بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى يارىتىدۇ. چۈنكى «ئەگەر ھەر تەقدىر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئۇنىڭ تىراگېدىيەلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز» (گاسسېت). تەقدىرگە تەسلىمىيەت، مۇقەررەر كېلىدىغان ئەڭ چوڭ قايغۇ - ئازابقا بېرىلگەن ئەڭ ئۈنۈملۈك جاۋابتۇر. ئۇ ھايات قانداق بولغان بولسا شۇ شەكىلدە ئىدراك قىلىش ۋە ھەر نەرسىگە سەۋر - تاقەت قىلىش ۋە بەرداشلىق بېرىشكە ئائىتلىق ھالدا قارار بېرىش دېگەنلىكتۇر. بۇ نۇقتىدا ئىسلام، ياۋروپا پەلسەپىسىنىڭ يۈزەكى ئۈمىدۋارلىقىدىن ۋە دۇنيانى پۈتكۈل دۇنيالار ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى» سۈپىتىدە كۆرسىتىدىغان سەبى ھېكايىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تەسلىمىيەت ئۈمىدسىزلىكنىڭ قارشى تەرىپىدىن كەلگەن نۇردۇر.

ئاجىزلىق ۋە خاۋاتىرسىزلىك تۇيغۇلىرىدىن ھاسىل بولغان تەسلىمىيەت، يېڭى بىر قۇۋۋەت ۋە يېڭى بىر بەختەرلىك مەنبەسى بولىدۇ. ئاللاھقا ۋە تەقدىرىگە ئىشىنىش بىزگە شۇنچىلىك كۈچلۈك بەختەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇكى، باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئېمېرسون «پۈتكۈل قەھرىمان ئىرقلار تەقدىرگە ئىشىنىدۇ» دەيدۇ. دەرۋەقە، تەسلىمىيەت نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئويلىغاندەك پاسسىپلىق دېگەنلىك بولمايدۇ. بۇ يەردە «تەقدىرگە ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن تەسلىم بولۇشىمىز» كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. چۈنكى تەقدىر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزنىڭ پەقەت ئەخلاقىي مەنىسى بولىدۇ. تەسلىمىيەت ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ھالدا دۇنياغا ۋە پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدۇر. ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە

تەسلىمىيەت ئىنسانلارنىڭ ئىرادىلىرىگە قارشى مۇستەقىل بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت ئىنسانغا ئىتائەت قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. بۇ ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا ۋە ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا يېڭى بىر مۇناسىۋەت تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا تەقدىرگە بويسۇنۇش ئۆزىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئەركىن ھېس قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ خىلدىكى ئەركىنلىككە، تەقدىرىمىزگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەپ ئۆتەلىگەن ئەھۋالدا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھەر نەرسىنىڭ بىزنىڭ ئىرادىمىز بويىچە بولماسلىق چۈشەنچىسى كۈرەش ۋە تىرىشچانلىقلىرىمىزنى ئىنسانىي ۋە مەنىلىك قىلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىمىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن غەيرەت قىلىشتىن ئىبارەت. نەتىجىسىنى ئاللاھ بېرىدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشىنىش دېگەنلىك، ھەر نەرسىگە ئىگە بولۇش ۋە ھەر نەرسىگە ھۆكۈمران بولۇش ئىشتىياقىغا بېرىلىپ كەتمەستىن تىرىشىش ۋە تۇغۇلغان يەر ۋە ۋاقتىنى، يەنى تەقدىرىمىزنى ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولغان يەر ۋە ۋاقتىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. تەسلىمىيەت ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكى ۋە چېكىنىشلىكىدىن قۇتۇلۇپ چىققىلى بولىدىغان بىردىنبىر چىقىش يولىدۇر. ئىسيانىسىزلىق، نىھىلىزمسىزلىق يېگانە چارە..... تەسلىمىيەت ھاياتتا مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان بوران - چاپقۇنلىرى ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئىچىدە ئىنساننىڭ ئۆزىنى قەھرىماندەك ھېس قىلىشى ياكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالىغان ۋە تەقدىرىگە رازى بولغان ئىنساننىڭ چۈشەنچىسىدۇر.

ئىسلام، قانۇنلىرىغا، بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە بەدەن ۋە روھتىن تەلەپ قىلىنغان شەكىلدە ئەمەس، بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ھالقىغان مۇقەددەس بىر نەرسىگە ئاساسەن، روھنىڭ ۋاقىت بىلەن بەيگىلىشىش قۇۋۋىتىگە، مەۋجۇتلۇق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەر قانداق نەرسىگە سەۋر قىلىشقا، رازى بولۇشقا، يەنى ئاللاھقا تەسلىمىيەت ھەقىقىتىگە ئاساسەن تەرىپلىنىدۇ.

ئەي تەسلىمىيەت، سېنىڭ ئىسمىڭ دەل ئىسلامدۇر!!!!